مۆمىن مۆھەممەدى

# شاۋقۇن

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئاپتور مۆمىن مۇھەممەدى



يالقۇنلۇق شائىر لۇتپۇللانىڭ ياشلىق
دەۋرى، 1936-يىل، غۇلجا.



لۇتپۇللا ئىلى (غۇلجا)
سانايىنەپىسە خادىملىرى
بىلەن بىللە،1939-يىلى.

# نەشرىياتتىن

پېشقەدەم يازغۇچى مۆمىن مۇھەممەدى 1931-يىلى مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك ھاياتى نىلقا ناھىيىسىدە ئۆتكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1950-يىلى شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1951-يىلدىن 1988-يىلغىچە ئىتتىپاق كومىتېتىدا ئىتتىپاق كادىرى، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، «ئىلى ياشلىرى» ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئاپتور 1956-يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، گېزىت-ژۇرناللاردا بىرمۇنچە ئوچېرك، ھېكايە، فېلىيەتون، ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ۋەسۋەسە»، «تۇنجى قەدەم» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئاپتور يەنە رەسىم ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بەلگىلىك ئۇتۇق قازانغان.

ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، رەسساملار جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى شۇنىڭدەك ئىلى ئوبلاستلىق يۇقىرىقى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىدە خەتتاتلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. يازغۇچى مۆمىن

غەيرىتىنى بۇيانمۇ چىققاندىن پېنسىيىگە يىلى-1988 مۇھەممەدى
بۇشاشتۇرماي ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. بىز ئاپتور-
نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمىز.

## ئاپتوردىن سۆز

مەزكۇر رومانىنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز يېزىشنى لايىق كۆردۈم.

ئۆزۈندىن بېرى مېنىڭ ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئىزدىنىپ يېزىپ كەلگەن ئوچېرك، ئەسلىمە، پوۋېست، ئوبزورلىرىمنىڭ يىغىندىسى مۇشۇ رومانغا مۇجەسسەملەندى. بۇ، ئۆزەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشىنىپ قالغان چېغىمدىكى چوڭ ئەمگەك ۋە چوڭ خۇشاللىق بولسا، ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن لۇتپۇللانىڭ تاتار مەكتىپى ۋە رۇس مەكتىپىدىكى بالىلىق ئۆسمۈرلۈك ھاياتىدىن باشلاپ شېئىرىيەت قورغىنىغا بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغان تالانتىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

لۇتپۇللا ھەممىگە تونۇلغان ئوت يۈرەك شائىر. ئۇنىڭ تولىمۇ قىسقا ھاياتىنىڭ ئىلىدا ئۆتكەن سەبىي چاغلىرىدىكى ئىجادىيەتلىرى ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇھىتتىكى رېئال تۇرمۇش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئۇ گۆدەكلىكىگە قارىماي جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئەل ئىچىدىكى قىزىقچى، گەپدانلارنىڭ قىزىقارلىق لەتىپە، ھېكايەتلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن جاپاكەش خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقتىن تىل

ئۆگىنىپ، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ بارغان. يەنە
شۇ دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار
بىلەن پىكىرلىشىپ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،
خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان.
مانا بۇ ئوت يۈرەك شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا جەڭگىۋارلىقنىڭ جۇش-
قۇنلىنىپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شۇڭا رومان‌دا
لۇتپۇللانىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرى ئالاھىدە ئو-
رۇن تۇتىدۇ.

مەن بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدا، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ئور-
غۇن تەرەپلەرگە، ماتېرىياللارغا ۋە ئادەملەرگە چېتىلىدىغانلىقى
ئۈچۈن بىر كۆچەپلا يېزىۋېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، باش
قەھرىمان ئوبرازىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىپادىلەشنىڭ بەك مۇشكۈل
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما، نىلقا ناھىيىلىك پارتكومدىكى
نۇرجان، ئىمىنجان شۇجىلار، مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى ئەمەت
جۇيجاڭ، غۇلجا رۇس مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىليار غابىتوف
قاتارلىق يولداشلار تېگىشلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.
مەن بۇ يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.
شائىرىمىز لۇتپۇللانىڭ ھاياتىنى، ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش،
ئۆگىنىش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر. بۇ جەھەتتە يەنە ئىزدەنگۈچى،
تەتقىق قىلغۇچى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يېڭى بايقالما ۋە تېپىلمىلارنى
ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، لۇتپۇللانىڭ بالىلىق ھاياتىنى يورۇتۇپ بې-
رىشتە مەن ھېس قىلىپ كېتەلمىگەن تەرەپلەرنى تولۇقلايدىغان
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلى-
مەن.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم
مەرىپەت گۈلشەنىدە .................................. (1)

ئىككىنچى قىسىم
قورغانغا يامىشىش .................................. (166)

ئۈچىنچى قىسىم
ئۈۋىسىدىن ئۈچقان قۇش .................................. (314)

# بىرىنچى قىسىم

# مەرىپەت گۈلشەنىدە

ئىشەنچ نەزەرىيە يولى بىلەن،
پەزىلەت نەمۇنە كۆرسىتىش بىلەن.
--گىبرىتسىن

## 1

تۇيۇقسىز چىققان بوران قاپقانغا چۈشكەن يولۋاستەك
دەھشەتلىك ھۆركىرىگىنىچە ھەممە نەرسىگە ئۆرۈلەتتى.
خىلىدىن بىرى ياغمىغان ياغمىغاچقا دالىدىكى توپىلار بوران
بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. سەھەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى
بىردەمدىلا لاي سۇنىڭ رەڭگىگە ئۆزگىرىپ، غۇلجا شە-
ھىرىنى بەدرەڭ غۇۋالىق ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى. غاداي-
غان سۇۋادانلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى بىمەزگىل تۆكمەكتە
ئىدى. مىدىرلاۋاتقان جانلار مۇنۇ بوراندىن بىزار بولۇپ،
بىردەم بولسىمۇ پىنھان ئىزدەيتتى. تىرىكچىلىك ئۈچۈن
ئىلاجىسىز كېتىۋاتقان ئادەملەر بىردە توختاپ، بىردە مې-

گىپ بوران بىلەن تىركىشەتتى. شۇتاپتا ئۆي-ئۆيدىن
چىققان بىر توپ بالا مەكتەپكە كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى باش كىيىملىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالسا، بەزىلى-
رى قوللىرىغا ئىلىۋېلىشقانىدى. ئۇلار تېخى قاتتىق بو-
ران پەيدا قىلغان قىزىق ئىشلارنى كۆرۈپ مېڭىشاتتى؛
تۇيۇقسىز ئېچىلىپ-يېپىلغان دەرۋازىلار، قارسىلداپ سۇ-
نۇپ چۈشكەن دەرەخ شاخلىرى، قۇيۇندەك پىرقىراپ كەل-
گەن ئەخلەت-چاۋارلار ھېلى ئالدىدىن توسسا، ھېلى يېنى-
دا پەيدا بولاتتى، بالىلار قالايمىقان چۇرقىرىشاتتى.
—بالىلار!—دېدى ئارىدىن بىرسى،—بوراننىڭ ئارى-
سىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قارلىغاچلارنى قاراڭلار!
بالىلار ئالقانلىرى بىلەن كۆزلىرىنى دالدا قىلىپ،
ئاسماندىكى قارلىغاچلارغا قارايتتى. قارلىغاچلار بولسا
بىردە ئېگىز، بىردە پەس، بەزەن بوران يۆنۈلۈشى بويى-
چە، بەزەن بورانغا قارشى پەرۋاز قىلىشاتتى.
—ئۇلار قانداق قارلىغاچتۇ؟
—قارلىغاچنىڭ قاندىقى بولماقچىدى؟
—قاغا دېسە بولاتتىمۇ؟
—ھاھاھا!
غۇلجىلىقلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن لەقەملىك چاق-
چاقلار يەر-جاھاننى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقان بوراندا
مەكتەپكە كېتىۋاتقان بۇ بالىلارنىڭمۇ ئاغزىدىن چۈشمەي-
تى. گەپلەر ئايلىنىپ يەنە شۇ قارلىغاچ توغرىسىدا بولۇ-
ۋاتقاندا ئارىدىن بىرسى:
—مەيلى نېمىلا بولسۇن بوراندا ئۇچالايدىكەن،—



— ھە، ئۇلار مۇشۇنداق بوراندا ئۇچالايدىغان قارلىغاچلار!



[illegible]

دېدى.

— توغرا دېدىڭ، ئۇ دېگەن بوراندا ئۇچىدىغان تاغ قارلىغىچى، — دېدى ئاق يۈزلۈك كەلگەن جەبدەس بىر بالا. بۇ — ھېلىغىچە گەپكە ئارىلاشماي كېلىۋاتقان لۇتۇن[1] ئىدى.

— بۇ گەپچە ئۇ، بوران بىلەن تاغدىن كەپتۇ — دە!؟ — دېدى بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى.

— ياقەي، — دېدى لۇتۇن، — ئۇنىڭ نامى شۇنداق. يەنە "قارا قارلىغاچ" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاغدىكىسى يارلاردا، شەھەردىكىسى ئېگىز ئىمارەتلەردە ئۇۋا ياسايدۇ. مۇنداق قاتتىق بورانلاردا خۇددى ماھارەت كۆرسەتكەندەك يايراپ ئۇچىدۇ. گوركىينىڭ "بوران قۇشى" دېگىنى شۇ دە!

بالىلار باشقىدىنلا قارلىغاچلارغا قارىدى.

لۇتۇن كۆرەڭلىگەندەك بالىلارغا بىر قاراۋەتتى.

— سىنىڭ دەۋاتقىنىڭ گوركىينىڭ ھېكايىسىغۇ؟ مەن ئۇنىڭدىكى ئۇچار قۇشلارنى دېڭىز ياقىسىدىلا دەپتىكەن-مەن. بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن-دە؟ دېدى بالىلاردىن بىرسى.

— دىققەت قىلماپتىمىز-دە، — دېدى يەنە بىرسى.

— گوركىينىڭ ئەسىرىدە پەقەت مۇشۇ قارلىغاچنىلا دېگەن بولۇشى ناتايىن، — دېدى لۇتۇن ئىزاھلاپ، — لېكىن ئۇ بىر تۈرلۈك باتۇر قۇش. ئۇنىڭ قالتىسلىقى مۇشۇنداق بوراندا ئۇۋىسىدا يېتىۋالماي ئۇچقانلىقىدا. قارىماسىلەر، بۇنىڭدىن باشقا، قايسىبىر ئۇچار قانات ئاسماندا

---

① لۇتۇن — لۇتېيۇلانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ئۇچۇپ يۈرەلەيدۇ؟ بۇ، ئادەتتىكى قارلىغاچتىن چوڭ ھەم
قاپقارا بولىدۇ. پۇتى بەك قىسقا، يەردە ماڭالمايدۇ، ئىلقى-
نىڭ تاغلىرىدا تولا. يەنە مۇشۇ يەردىكى تۆڭگان مەسچىد-
تى، بەيتۇللا ۋە بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرىدىمۇ بار.
مانا شۇنداق قىزىقارلىق پاراڭلار بىلەن بالىلار مەك-
تەپنىڭ ھەر ۋاقىت ئوچۇق تۇرىدىغان دەرۋازىسىدىن كى-
رىپ كېتىشتى.

تۈنۈگۈنكى بوران توغرىسىدا ئۆي-ئۆيلەردە، كوچا-
كويلاردا، دەرەخ ئۆرۈلۈپتۇ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىكى
قاڭالتىرلار ئېچىلىپ قاپتۇ، بىر يەرلەرگە ئوت كېتىپتۇ،
دېگەندەك گەپلەر چىقتى. ئۇلارنىڭ قانچىلىكى راست،
قانچىلىكى يالغان بولۇشى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇ مەكتەپ-
نىڭ مەيدانىدىكى ئەخلەت-چاۋار، شاخ-شۇمبا، تۇپا-تو-
زاڭ ھەققىدە ھېچكىم شۆبھىلەنمەيتى.
ئوت تەرىپى كوچا بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئەينەك دې-
رىزىلىك دەرسخانىلار بىزەپلىشىپ كەتكەندى. رەتلىك
تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن مەكتەپ كوللېكتىپى ئەتىگەندىلا
ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىقنى باشلىۋەتتى. چۈشتىن كېيىن كى-
يىملىرىنى ئالماشتۇرغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار سى-
نىپلارغا جەم بولۇشتى.
تىل-ئەدەبىيات دەرسى ئۆتىدىغان ئىلمى مۇدىر زەي-
نەپ ئاپپاي[1]قولتۇقىغا كىتاب-دەپتەرلىرىنى قىسقان ھالدا

① تاتارچە مۇئاللىم، مەدە، خانىم مەنىسىدىكى ھۆرمەت سۆزى.

سىنىپقا كىرىشى بىلەن تەڭ:

— سالام ئاپپاي! ، — دېدى ئوقۇغۇچىلار.

— سالام ساۋاقداشلار! — دېدى زەينەپ ئاپپاي ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن دەرسنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى تولىمۇ چۈشىنىشلىك بولسىمۇ بەزى ئاتالغۇلارنى، نەرسە ۋە ئادەم ئىسىملىرىنى دوسكىغا يېزىپ كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈۋېلىشنى جېكلەيتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى سىڭايان قىلىپ مودا بويىچە كىيىۋالغان توق يېشىل باشىنىكى قىسقا چېچىنى قامالاپ تۇرغان بولسىمۇ، ھېسسىياتلىق ۋە يېنىك ھەرىكەتلىرى بىلەن دەرس سۆزلىگەچكە، چېچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سېكىلىكى پات-پات چۈشۈۋېلىپ كۆزىنى توساپ تۇراتتى. لېكىن بىر يۇقى قولى بىلەن قايرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي بېشىنى لىككىدە بىر سىلكىپ قوياتتى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇنىڭ سېرىق چاچلىرى تالالىرىدا ئالتۇن رەڭ جۇلالىناتتى.

— . . . يۇقىرىدا ئۆتكىنىم مۇھاكىمە تېمىسىدىكى دەرس. بۇنىڭغا ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرىنى مىسال كەلتۈردۈم، ئەمدى ئۆزەڭلەر تەدبىق مەشقلىرىنى ئىشلەپ بېرىڭلار. . . چۈشەندىڭلارمۇ؟ — دېدى زەينەپ ئاپپاي تامدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ.

— چۈشەندۇق ! — دېدى ئوقۇغۇچىلار.

— باشقا سوئال سورىسام بولامدۇ؟ مەسىلەن، «بوران قۇش قوشىقى» نى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز، — دېدى لۇتۇن.

— گوركىينىڭ بۇ ئەسىرى بۇگۈنكى دەرسكە مۇنا-
سىۋەتلىك، — دېدى زەينەپ ئاپپاي، — ئەسەرنىڭ ژانىر-
نى پىروزا بىلەن يېزىلغان شېئىر دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ
قوش بىلەن بوران ئوتتۇرىسىدىكى سىمۋوللۇق زىدىيەت.
. . لېكىن ئۇ نوقۇل ھالدىكى تەبىئەت تەسۋىرى ئەمەس،
مانا بۇ، ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى. . .

— ئەگەر بۇ كىشىلىك تۇرمۇشقا تەدبىقلانسا، قايسى
قاتلامنى كۆزدە تۇتىدۇ؟ دەپ سورىدى لۇتپۇللا.

— ئۇ، — دېدى زەينەپ ئاپپاي، — مەلۇم دائىرە
بىلەنلا چەكلەنسە تەقلىتچىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئەدەبى-
ياتنىڭ تۈپ تەلىپىمۇ ئەمەس، «بوران قوش قوشىقى» ھەق
بىلەن ناھەق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى
ئىجتىمائىي ھالەتنى تۈپ مەزمۇن قىلىدۇ. . سىلەر ئاۋ-
ۋال ئۇنى ئوقۇپ چىقىڭلار. . .

تەنەپپۇسقا قوڭغۇراق چېلىندى.

لۇتپۇللا گوركىينىڭ «بوران قوش قوشىقى» ناملىق
ھېكايىسىگە بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالدى. چۈشەنمىگەن
يەرلىرىنى ھېلىقى بوراندا تىنىمسىز ئۇچىدىغان تاغ قارلى-
غىچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە چۈشەنگەندەك قىلاتتى.
ئۇ قارلىغاچنىڭ ئۇچۇشىنى ئىلگىرى بىر قىزىقچىلىق
تېرىقىسىدە كۆزەتكەن بولسا، ئەمدى نۇرغۇن نەرسىلەر-
گە تەدبىقلاپ بىلگۈسى كېلەتتى، ئەمما نېمىلەرگە، قان-
داق سېلىشتۇرۇشنى بىلمەيتتى: ”ر. . . ئەدەبىياتنىڭ
سېھرىي كۈچى، قانداق بولىدىغاندۇ؟“دەپ ئويلايتتى ئۇ،
ئۇ، ئۆزى قويغان سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىشكە چامى

يەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گايلا تېرىكىپ قالىدىغان مىجەزى بىلەن ئۇستەل ئۈستىدىكى كىتابلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، بەزى كىتابلار پول ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ يەنە دەرس تەكرارلاۋەردى. دەل شۇ چاغدا كىرىپ قالغان ھەدىسى:
— بۇ نېمە قالايمىقانچىلىق؟، — دەپ سورىدى ھاڭ-تاڭ بولۇپ.
— كىتابلارنى جازالىدىم !، — دېدى لۇتپۇللا.
—ئەمدى بۇ ئىشنى تاپتىڭمۇ؟، — دېدى ھەدىسى،
— ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلىرىڭغا "جازا" بېرىپ نېمە تاپىسەن؟
— ئىزدىگىنىمنى تېپىپ بەرمىدى، شۇ.
— ھە، "ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇرتوقۇمنى" قىپسەن-دە! ئۇكام، ئۇنى ئۆزەڭدىن كۆرگىن. چامىڭ يەتمىگەن كىتابلارنى نېمىشقا يىغىۋالدىڭ. ھەي، ھەممىنىلا بىلىپ كەتكەن بولساڭ يەنە ئوقۇپ نېمە ئاۋارە بولاتتىڭ؟ ھازىر جازا بېرىپ كېيىن مۇكاپات بېرىشقا ئۈلگىرەلمىسىز قالمىغىن! — ھە! ھي ھي ھي . . .
— ھا ھا ھا، ھەدە، مۇئەللىم بولساڭ خېلى قامالاشتۇرىدىكەنسەن جۇمۇ! نېمە تاماق ئېتىۋاتىسەن؟
— ئۆزەڭنىڭ بۆيرۈتقىنىڭنى ئېتىۋاتىمەن.
سەلدىن كېيىن لۇتپۇللا ئاشخانىغا چىقىپ ئائىلىدىكىلىرى بىلەن بىللە تاماققا ئولتۇردى.
— ھەي لۇتۇن، ئۆزەڭغۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، قىلىقلىرىڭ تېخىچىلا كىچىك بالىنىغۇ؟ — دېدى ھەدىسى-

نىڭ ئېرى نۇرجان كۆلكىسىنى توختىتىپ، — قاچانغىچە چۆچۈرىنى چوكىغا ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپنەك يەپ ئولتۇرارسەن؟

— ئۆكىلىرىڭنىڭ تاماق يېيىشىگە قارىغىنا، — دېدى ھەدىسى.

— ھە! مېنىڭ ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقىنىمنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن. ئۇلار بىر تال يېگۈچە مەن ئۈچ تال سىرىيمەن، — دېدى لۇتپۇللا باللارغا قاراپ، — ھەي پۇۋلەپ جاپا تارتقۇچە، مەندەك يېيىشسەڭ بولمامدۇ!؟

— دېمىسەڭمۇ قىلىقلىرىڭ بۇلارغىمۇ يۇقۇۋاتىدۇ، "چېنىقمىز" دەپ موللاق ئېتىپ يۈرگىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، — دېدى ھەدىسى.

— ئەكە چىنەڭنى، دېدى نۇرجان، — كاۋاپ چۆچۈرە قىلىپ بېرەي.

نۇرجان بىلەن ھەلىمىنىڭ لۇتۇن بىلەن باللارنىڭ شۇنچىلىك ئىناقلىقىغا ھەۋىسى كېلەتتى.

ھەلىمە لۇتپۇللانىڭ ئىككىنچى ھەدىسى ئىدى. ئۇ، تولىمۇ مېھرىبان، ياۋاشلىقى بىلەن ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى نۇرجان سودىگەرلىك قىلاتتى. ئۇ خۇش پېئىل، ئادىل ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا تىلغا ئېلىناتتى. نۇرجان ئۆزى ئولتۇرغان قورۇدا، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلارنى كۆزدە تۇتۇپ ياساتقان ئۆيلەرنىڭ بىرسىدە لۇتپۇللا ئۆز ئۆيىدەك يېتىپ-قوپۇپ مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئۇ، ھەر جەھەتتىن بىھاجەت ئىدى.

ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن دادىسى بىلەن ئاپىسىغا: ”لوتۇندىن ئەنسىرىمەڭلار، تومشۇقلىققا چوقۇتمايمىز، قاناتلىققا قاقتۇرمايمىز،“ دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، ئىزچىل كۆيىنىپ كەلدى. ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بەردى، قىسقىسى، لۇتپۇللا خوددى مايىنىڭ ئىچىدىكى بورەكتەك تۇرۇۋاتاتتى.

## 2

بۇگۈن مەكتەپتە بولۇۋاتقان ئالدىراشلىقلارنىڭ ئۆزىلا بىر پائالىيەت ئىدى. بۇ، ئادەتتىكى ئاتا-ئانىلار يىغىنى بولسىمۇ، بۇنىڭغا تاتار ئۇيۇشمىسى سانايىنەپىسەنىڭ ئويۇنلىرى قوشۇلغانلىقى ۋە مەكتەپ مەمۇرىيىتىمۇ قاتنىشىدىغانلىقى ئۇچۇن داغ-دۇغىسى چوڭراق بولدى. مەكتەپنىڭ مەيدانىدىكى پەيتون، كالاسكا، خادىكلاردىن قارىغاندا، مەرتىۋىلىك ئادەملەرمۇ كەلگەندەك قىلاتتى.

كۇلۇبنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئالدىنقى رەتتە سۆلەتلىك كيىنگەن كىشىلەر ئولتۇراتتى.

تاتار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى يىغىن مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىپ، ئۆلكە ئوتتۇرىغا قويغان ئاممىۋى چاقىرىققا قانداق ئاۋاز قوشۇش لازىملىقىنى شەرھلىدى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقي شىمالنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى ۋەھشىلىكى، خەلقنى ئۇرۇش ئاپىتى ئىچىگە ئىتتىرىش ... 

نە توپلاپ ياردەم قىلىش مەسىلىسى تەكىتلەندى. ۋەكىل-
لەرنىڭ سەھنىگە چىقىپ سۆزلىشىنى رەسمىيەت قىلما-
دى، پەقەت رەئىسنىڭ سۆزى تۈگىگەندە ئۈزۈن چېلىن-
غان چاۋاك ساداسى ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق ئىپادىسىنى
ئەكس ئەتتۈردى. كۈنتەرتىپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ
سەنئەت نومۇرلىرى قويۇلۇشقا باشلىدى.

— نۆۋەتتىكى نومۇرىمىزدا ئوقۇغۇچى لۇتپۇللا «خە-
لىقىمگە» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ! —
رىياسەتچى ئېلان قىلىپ بولۇپ، سەھنە ئىچكىرىسىگە
قول بىلەن ئىشارەت قىلدى.

ئارقىدىنلا سەھنىدە تاتارچە كانۋا كۆڭلەك كىيگەن
يالاڭباش، ئەتلىك بىر بالا پەيدا بولدى. ئۇ، شوخ ھەرى-
كىتى بىلەن شېئىرنىڭ نامىنى ئۈنلۈك ئېلان قىلىپ دېكلا-
ماتسىيىنى باشلىدى:

ئەي شىنجاڭ خەلقى، خىزمەتكە دائىم تەييار بول،
ئۈستۈنلۈكلەرنى جانلاندۇرۇشتا ھوشيار بول.
نېمىلەر چۆرگىلىمەكتە جۇڭگو بېشىدا،
خەلقىم، پۇرسەت يەتتى، ھەممىگە تەييار بول.
جەڭ مەيدانىدا غالىب بولماقتىمىز،
قەھرىمانلارغا ياردەم توپلاش كويىدا بول.
ئاخىرقى جەڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئېلىپ چىقىشتا،
جاھانگىرلارغا توسالغۇ ئۆڭكۈر-غار بول.

كۇلۇب ئىچى ھەر تەبىقە ئادەملىرى بىلەن تولغان

بولىسىمۇ دېكلاماتسىيە دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ خىلدىكى كىشىلەر يالغۇز شېئىر ئوقۇۋاتقان لۇتپۇللانى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقا باشلىدى. لۇتپۇللانىڭ قول، باش ھەرىكىتى بىلەن جاراڭلىق ئاۋازى تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، ھەممە كىشىنى قايىل قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ دېكلاماتسىيىسى خۇددى دۈشمەنگە قارشى ئاتاكىغا ئاتلىنىشقا بېرىلگەن بۇيرۇقتەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. كۆلۈپ جىمجىتلىقتا چۆكتى. تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئوقۇغۇچى بالا ئەمەس، كامالەتلىك بىر ئوغـلان تـۇراتتى.

تىرىشقىن، خەلقىم، كېچە-كۈندۈز ئىش يولىدا،
ئاداققى دەمدە سائادەتلىك باھار بول.
ياخشى چۈشىنىپ سوۋېت بىلەن دوستلۇقنى،
كۆرەشتە سەن قەھرىمان، جەسۇر بول.
قەدەم چىقماستىن ئازادلىقنىڭ يولىدىن،
مەھكەم بۇزۇلماس سەپنىڭ قوينىدا بول.
ماڭغىن سائادەت دۇنياسىغا كەڭ ئاتلاپ،
ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن قايتماس پىداكار بول.

دېكلاماتسىيە ئاخىرلاشقاندا لۇتپۇللا ئېگىلىپ سالام بەردى-دە، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كىرىپ كەتتى. لېكىن چاۋاكلار توختىمىدى.

— كىمنىڭ بالىسىدۇ؟ تاتار ئىكەن-دە!

— تاتار ئەمەس، ئۇيغۇر ئىكەن.

— ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدىن بولسا كېرەك.

چاۋاك توختىماي چېلىنىۋەرگەندىن كېيىن رىياسەتچى لۇتپۇللانى باشلاپ چىقىپ:

— ھادى تاقتاشتىن دېكلاماتسىيە، — دېدى.

لۇتپۇللا يەنىلا شۇنداق شوخ ھەرىكەتتى بىلەن تاتار شائىرى ھادى تاقتاشنىڭ «ئەۋخەدى» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

تەلۋە شامال كۆكرەك كېرىپ،
ئۇشقىتىپ، يوچۇق ئىزدىگەندەك.
ئۆيمۇ-ئۆي تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ.
ئەۋخەدىنىڭ ئۆيى تېخى يېپىلمىغان.
ئۇ،
ئۆي لازىم،
قىش كېلەر، دەپ ئويلىمىغان.
تەلۋە بوران
يىراقلارغا بارار،
قادە-قادە بۇلۇتلار ئەركىلەر،
يوچۇقلارغا ئۇستۇرۇپ،
توپا،
ئەخلەت بىلەن كۆمەر.
پەش ئۇستىدە
ھامان ئەۋخەدى يۆگىنىپ ياتار.
يىگىتلەرگە ئۇ:
— پاھ، ھاۋا سوغ، — دەپ ئېيتار.

ئەۋخەدىگە ئېيتىڭلار!
تورۇسقا قاراپ ياتمىسۇن،
ئەتىگىچە ئۆگزىسىنى قاپلىسۇن!.

كۈلۈپ ئىچىنى قىزغىن چاۋاكلار ۋە كۈلكە ساداسى قاپلىدى. لۇتپۇللا شائىر هادى تاقتاشنىڭ شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن كىشىلەر تۇرمۇشتا، ئەتراپلىرىدا ئەنە شۇنداق "ئەۋخەدى"لەرنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئېلىشتى. دېكلاماتسىيىدىن كېيىنلا پەردە ئېچىلىپ بويلىرى قىرقىپ قويغاندەك تەپمۇتەڭ بىر توپ ئوغۇل-قىزلار سەھنىدە پەيدا بولدى، ئۇلار ئومۇمىي خور ئورۇندىدى. خور تېكستىنى بىردەم ئوغۇللار ئېيتسا، بىردەم قىزلار ئېيتتى، بەزى قىسمىنى ئوغۇل-قىزلار بىرلىشىپ هەممىسى تەڭ ئېيتاتتى.

شۇنداق قىلىپ سەھنىدە سانايىنەپىسە ۋە مەكتەپنىڭ خىلمۇخىل نومۇرلىرى يېرىم كۈن قويۇلۇپ تاماشىبىنلارنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

تاتار مەكتىپىنىڭ كۈلۈبىدا ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەت نەتىجىلىك بولدى. لۇتپۇللانىڭ نام شۆھرىتى قاتناشقۇچىلار ئارقىلىق هەممە كىشىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. مەكتەپمۇ لۇتپۇللادەك زېهنى ئۆتكۈر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. ئەمما مەكتەپتە يەنە لۇتپۇللانىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىدىن هەسەت قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىمۇ بايقالدى.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ

كەتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، چەتتىكى بىر بۆلۈمدە ئىككى كىشىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى. بۇلار تۆھ- پەتۇللىن بىلەن رىپقەت ئىدى.

— ھەر ئىككىمىزلا ئوقۇتقۇچى، — دېدى تۆھپە- تۇللىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئوقۇغۇ- چى تەربىيىلەش. لېكىن سەن ئالدى بىلەن تاتار مەكتىپى- نىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىڭنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭ! سەن شۇنچىۋالا ئېتىبار قىلىۋاتقىنىڭ كىم؟ تاتار ئەمەس!

— ھە، گېپىڭ ئەمدى ئېنىق بولدى! ، — دېدى رىپقەت، — دۇنيادا ئوقۇتقۇچى ئۆز مىللىتىنىلا تەربىيە- لىسۇن دېگەن قائىدە يوق. ئەجەبا سەنمۇ بىر چاغلاردا رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغاندا ئاشۇ پىكرىڭنى دېمىگەن ئى- كەنسەنا؟ شۇنى بىلىۋالغىنكى، بىز قەيەردە، قايسى مىل- لەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاۋاتىمىز؟

— ماڭا دەرس ئۆتمە! دېدى تۆھپەتۇللىن.

— تاتاردىن باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى مېنىڭلا ئەمەس، سېنىڭ سىنىپىڭدىمۇ بارغۇ. مېنىڭ سىنىپىمدى- كى لۇتپۇللامۇ شۇنداق باللارنىڭ بىرسى. ھېچكىم ئۇنى سىنىپتىن ئايرىۋېلىپ تەربىيىلىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ، تى- رىشچانلىقى بىلەن يېتىلىۋاتىدۇ، بۇ، ئىككىمىزنىڭمۇ، مەكتەپنىڭمۇ شەرىپى!، — دېدى رىپقەت.

— ھەممىنى تەڭ تەربىيىلەش كېرەك، — دېدى تۆھپە- تۇللىن.

— ئەمىسە سەن نېمىشقا تەربىيىلىمىدىڭ؟ —

سورىدى رىپقەت.

— سىنىپىمدىكى راۋىل لۈتپۇللادىن قېلىشمايدۇ، نې-
مىشقا ئۇنى سەھنىگە لۈتپۇللادىن كېيىن چىقىرىسىلەر،
بۇ، ئۆز تاتارىڭغا زەربە ئەمەسمۇ؟! — دەپ يەنە قاينىدى
تۆھپەتۇللىن.

— سەھنىگە چىقىدىغان نومۇرلارنىڭ رەت تەرتىپىنى
سەنمۇ بىلەتتىڭ، لۈتپۇللا مەكتىپىمىزنىڭ نام-شۆھرىتى-
نى نامايەن قىلدى. — دېدى رىپقەت كەسكىن ھالدا، —
سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئە-
مەس!

مەكتەپنىڭ كۆزەتچىسى تايىقىنى توكۇلدىتىپ بۆ-
لۈمگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئىككىيلەننىڭ تالاش-تارتىشى
توختىدى.

مەكتەپ مۇدىرى غەينۇللا ئەۋزى ئۆز بۆلۈمىدە زەي-
نەپ ئاپپاي بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

— مېنىڭچە بۇ ئىككىلا ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دە-
تالاش ئىكەن. چۈشەندۈرۈپ قويسىلا بولار، — دېدى
غەينۇللا ئەۋزى، — ئەزەلدىن مەكتىپىمىزدە ”مىللەت“
تىلغا ئېلىنغان ئەمەس، ئېھتىمال مەكتەپ سىرتىدىن كىر-
گەن ئىنكاس بولسا كېرەك.

— بۇ ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، — دەپ سالماق-
لىق تەھلىل قىلدى زەينەپ ئاپپاي، — تۆھپەتۇللىندەك
ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇنى تىلغا ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك! لۈت-
پۇللا تىل-ئەدەبىياتتىلا ئەمەس، مەكتەپنىڭ ھەممە پائالى-
يەتلىرىدە ھەممىسىگە تونۇش. بۇ قېتىم سەھنىگە لۈتپۇل-

لانىڭ ئاۋۋال چىقىرىلىشى ئەمەلىيەتتىمۇ نەتىجىلىك بول-
دىغۇ. ئۆزىڭىزنىڭ تۆھپەتوللىن بىلەن سۆزلىشىپ بېقى-
شىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى غەينۇللا ئەۋزى، —
مەيلى كىملا دېگەن بولمىسۇن، لۈپتۈللادەك تالانت ئىگى-
سىنىڭ مەكتىپىمىزدە تەربىيىلىنىشى تاتار مەكتىپىنىڭ
شۆھرىتى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇشنىڭ تىپىك مىسالى-دە.

زەينەپ ئاپپاي ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن بول-
سىمۇ، ئارىلاپ تۆھپەتوللىننىڭ گەپلىرى ئېسىگە كې-
لىپ قالاتتى: ”. . . ھەي تۆھپەتوللىن، شۆھرەتپەرەسلى-
كىڭ قاچانمۇ ئۆزگىرەر؟ . . .“

زەينەپ ئاپپاي مەكتەپتىلا ئىناۋەتلىك، بىلىملىك ئا-
يال ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالماي، جەمئىيەتكىمۇ تونۇشلۇق
ئىدى.

زەينەپ ئاپپاي ئوتتۇراھال كۆن ئۆتكۈزىدىغان قول
ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. ئاتىسى شام-
چىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان بىلەن ئاڭلىق كىشى
ئىدى. ئائىلىدىكى سۇرۇشتىسى يوق شام زەينەپنىڭ كې-
چىلەردە كىتاب ئوقۇشىغا كەڭ شارائىت ھازىرلاپ بەرگە-
نىدى. كۆنسېرى زېھنى ئېچىلىپ، بالاغەتكە يېتىۋاتقان
زەينەپ ئەۋجىگە چىققان فېئوداللىق ئىدىيىسىنىڭ ئاسارى-
تىدىن مۇستەسنا ئىدى. كېيىن زەينەپنىڭ ھاياتىدا يېڭى
بىر ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ ئاڭلىق سودىگەر ئائىلىسىدىن
كېلىپ چىققان غابىتوف بىلەن توي قىلدى.

زەينەپنىڭ ئېرى غابىتوف بولسا، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان يىگىت ئىدى.

يىللار ئۆتۈۋاتاتتى. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر كۈنى زەينەپنىڭ قېيىن ئاتىسى قازاندىكى تۇغقانلىرىنىڭ خېتىگە ئاساسەن، ئوغلىنى تۇغقانلىرىنى يوقلىغاچ، كارخانا ماتېرىياللىرىنىڭ بار-يوقلىقىنى ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن قازانغا ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن زەينەپ ئېرى بىلەن بىللە بېرىشنى قولغا كەلتۈردى.

قازان شەھىرى يىراق يۇرتتىن كەلگەن زەينەپ بىلەن غابىتوفنى ئۆز قوينىدىكى تەرەققىياتلار بىلەن ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ بىلىم ئىگىلەش قىزغىنلىقى بۇ ئىككى ئەر-خوتۇندا يېڭىچە ھېسسىيات پەيدا قىلدى. غابىتوف بىلەن زەينەپنىڭ كۆڭلىدىكىنى مۆلچەرلىگەن تۇغقانلىرى:

— ئاتاڭلار بۇيرىغان ئىشنى ھەل قىلدۇق، خەت ئارقىلىق خەۋەر قىلىپ قويىمىز، سىلەر ئەمدى بىر مەزگىل ئوقۇپ قايتىڭلار، — دېدى.

— ھەل بولارمۇ؟، — دېدى زەينەپ بىلەن غابىتوف ھاياجانلىنىپ. — بىز ئوقۇيمىز!

شۇنداق قىلىپ زەينەپ بىلەن غابىتوف «يەشىن» پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا كىردى. ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئاتا-بوۋىسىنىڭ يۇرتى ئاق ئىدىلنى زىيارەت قىلدى. كەڭ دالا، تاختىلانغان ئېتىزلار، زامانىۋى مەھەللىلەر، تاتار ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يوقاتمىغان لېكىن مەدەنىي-

ـلەشكەن ھايات بۇلارنىڭ زوقىنى قوزغاپ يىراقلا ئىنتىلـ
ـدۈردى.
زەينەپ بىلەن غابىتوف ئىككى يىللىق ئوقۇش ھەم
چەت ئەلنىڭ تۇرمۇش شارائىتى تەسىرىدىنمۇ، غۇلجىغا
قايتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە غەلىتە
تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئەل-يۇرت ئىچىدە بۇلارنىڭ چەت
ئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى پاراڭلار تارقالـ
ـدى. ئۇزاق ئۆتمەي غابىتوف «يونىچ» مەتبەئەسىگە ئو-
رۇنلاشتى. زەينەپ بولسا، فېئوداللىق-خۇراپاتلىقنىڭ توسالـ
ـغۇلىرىغا پىسەنت قىلماي، قىزلار ھۆنەر مەكتىپىنى ئې-
ـچىشقا مۇيەسسەر بولالىدى.
تاتار ئۆيۈشمىسىنىڭ مۇتىۋەرلىرى زەينەپنىڭ ئىش-
ئىزلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى تاتار مەكتىپىگە
يۆتكىدى. شۇندىن باشلاپ زەينەپ ئاپپاي شۇ مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىۋەردى.

3

مەكتەپ جۈمە كۈنى دەم ئېلىش قىلاتتى. بۇ، لۇتپۇلـ
ـلا ئۈچۈن ئىزدىگەن ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىۋېلىشـ
ـنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.
مانا ھازىر لۇتپۇللا ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئوڭ قول
تەرىپى بىلەن توغرا كۆۋرۈك بازىرىغا كەلدى. ئۇ يەردە

ماموت ھاجى نومىرى[①] دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا سارايىنىڭ كوچىغا قارىتىلغان بىرىنچى قەۋىتى ئاشپۇزۇل، چەرچىن مال، ساتراشخانا قاتارلىق دۇكانلار بىلەن ئاۋات ئىدى. شۇ قاتاردا ئوندەك نىمكار ئىشلىتىدىغان ئەختەر ئىسىم-لىك موزدوزنىڭ دۇكىنى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخمەت دېگەن بالىسى لۇتپۇللانىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى. لۇت-پۇللا ئەخمەتنى ئىزدەپ شۇ يەرگە باردى.

— سەللا كەلمىگەن بولساڭ مەن سېنى ئىزدەپ باراتتىم، — دېدى سالاملاشقاندىن كېيىن ئەخمەت قولىنى پەرتۇقىغا سۈرتۈپ.

— ئاغىنىلەرگە ئاۋارىچىلىق سالمايدىغىنىمنى بىل-سەڭغۇ ئاداش، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئاۋارىچىلىق؟ — تەكرارلىدى ئەخمەت، — سېغىنىش دېگىنە!

دۇكاندا دەم ئېلىش قىلىنىغان بىرنەچچىلا كىشى ئىشلەۋاتقاچقا ئازادە ئىدى.

— ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە؟، — ئەخمەت بېشىنى كۆتۈرمەيلا بېخى سالغاچ سورىدى.

— مەندە دەرستىن باشقا نېمە بولاتتى، — دېدى لۇت-پۇللا چوتكا بىلەن ئايغىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — نېمە يېڭىلىقلىرىڭ بار؟ — ھى ھى، ماڭىمۇ سەن بىلەن كۆ-رۈشكەندە ئۇنىڭ- بۇنىڭ پارڭىنى قىلىپ بېرىدىغان ئا-دەت بوپقاپتۇ، — دېدى ئەخمەت بىگىزىنى چېكىسىدىكى

① شەخسي ساراي

چاچ ئارىسىغا سۇركەپ قويۇپ.

—ھەي، — دېدى لۇتپۇللا چاقچاق قىلىپ، — بېگىزنى بېشىڭغا سۇركەپ يۇرۇپ تولۇك ئىچىۋالمىغىن يەنە.

— ھوھ-ھوي، — دېدى ئەخمەتمۇ بوش كەلمەي، — ئەگەر شۇنداقلا بولسا ياخشى بولاتتى دېگىنە. سەندەك قابىلىيىتىم بولمىغاندىن كېيىن شۇ تولۇكتىن بىلىم قاچىلىغان بولاتتىم-دە!

— كەمتەرلىكىڭنى قانداق قىلاي، سېنىڭ بىلىدىغىنىڭ مېنىڭدىن ئارتۇق! ئۇنى-بۇنى قوي، تاماق يېدىڭمۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— بىللە يەرمىز، ئەمدى چۈش بولۇۋاتىدىغۇ. ئىمەممەت ئاكىنىڭ داڭلىق سامىسىدىن بەشتىن يەيلى.

— كەتتۇق.

بۇلار قاتارلىشىپ دەك دەرۋازىدىكى تۆت كوچىنىڭ سول دوقمۇشىدىكى ئىممەممەت، يارمەممەت دېگەنلەرنىڭ سامسىخانىسىغا يۇرۇپ كەتتى. بۇ بازار تاشلەيلى بازىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەچكىمۇ خېلىلا ئاۋات ئىدى. كوچىدا ئات ھارۋىلار گىرەلىشىپ تۇرۇشاتتى. بولۇپمۇ شەرقىلىقلەرگە ئەتىنە بولۇپ كەتكەن ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىپ ماللىرىنى ماختاش، سودا بولمىسىمۇ خېرىدار چاقىرىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشتا ئۇستۇنلۇكنى تالىشىدىغان تىجارەتچىلەر قىزىتاتتى. بولۇپمۇ مانتىپەز، سامسىپەزلەر، تېخى قوشاقلا قاتقاندەك ۋارقىرىشاتتى.

— ياغ يەيسەن، ياغ يەيسەن! شېكەر يەيسەن ياغ

يەيسەن!

— يا! جەلىلى جاپپار، قاسقاندا بىر گەپ بار! ئاتنى باغلاڭلار، ئاغزىنى مايلاڭلار!

— ھە. . . ي ياراتقان خۇدا، تەييار بولدى پەرمۇدا، ھىندىستاننىڭ قارىمۇچى بار، تىلدىن كەتمەس لەززىتى بار. بۇغدىيىڭنى چاپسان سات، تويغۇپلىپ سۇدا يات!

— كېلىڭ يۇرىكى ئوت باللار، تەييار دوغاپ، ما-روژنا! مۇز داۋاندىن مۇزلاپ كەلگەن، مايماق تۇگگە ئارتىپ كەلگەن.

— سىركە، لازا، ئاشلەڭپۇڭ!

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

قىسقىسى، سېتىلىدىغانلىكى نەرسىلەر ئەنە شۇنداق سۇپەتلىنىپ خېرىدار چاقىرىلىپ، بازار رىقابىتىنىڭ ناخ-شىسىدەك شاۋقۇن ھاسىل بولاتتى.

— مۇشۇنداق ئاۋاتچىلىقلار ئىچىدە سىنىڭ سوداڭمۇ قىزىپ كېتىدۇ-ھە لۇتۇن، — دېدى ئەخمەت لۇتپۇللانىڭ بايىقى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋارقىراشلارنى خاتىرىلەۋاتقىنىغا قا-راپ.

لۇتپۇللا ئۈندىمىدى. بۇ ئىككىسى ئۆتۈپ كېتىۋې-تىپ، سامان سېلىنغان تۇخۇم چىلىكىنى تۇتۇپ ئولتۇر-غان تۇخۇمچى ئايالغا كۆزى چۈشتى:

— ھەدە، نېمىشقا توخۇمىڭىزغا خېرىدار چاقىرماي-سىز؟

— ۋىييەي، مەن سېتىقچىمىدىم، — دېدى ئۇ ئايال تارتىنىپ يەرگە قارىغىنىچە.

— قانداقلا بولمىسۇن خېرىدارغا موھتاجسىز، بۇ دې-
گەن بازار، ۋارقىراپ تۇرمىسىڭىز مازار، — دېدى لۇت-
پۇللا. ھېلىقى ئايال كۈلۈپ كەتتى.
— كۆردۈڭمۇ، — دېدى لۇتپۇللا كېتىۋېتىپ،— ئۇ
ئايال نېمىدېگەن ساددا، ساددىلىقمۇ چېكىدىن ئېشىپ
كەتسە دۆتلىككە ئېلىپ بارىدۇ-دە!
— ئۇنىڭغا نېمە قايناپسەن، ئۇ دېگەن دېھقان. ئوقەت-
چىلىك دېگەن ئۇ باشقا كەسىپ، — دېدى ئەخمەت.
ئۇلار پاراڭ قىلغاچ ئىزدىگەن سامسىخانىغا كىرىپ
ئۈستەل يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلارنى كۆرگەن تاڭجاڭ:
— يىگىتلەر، ھەر-بىرلىرىگە بەشتىن سامسا ئەكىلە-
مەنغۇ دەيمەن؟، لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتنىڭ ئۆزىگە قاراپ
كۈلگەنلىكىنى كۆرگەن تاڭجاڭ يەنە، — ھەرقايسىلىرى
ئادەم شاڭخو قىلمايدىغان قىزىقچىلارغۇ دەيمەن، —
دېدى.
— ياق، بىز ئۇنىڭدىن يىراق، — دېدى ئەخمەت،
— بىزنىڭ بەشتىن سامسا يەيدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالغىنى-
ڭىز ئۈچۈن كۈلدۇق.
مۇئامىلىدىن مەمنۇن بولغان تاڭجاڭ بىر ھېجىر تەخ-
سىگە ئون سامسىنى سېلىپ كىردى ھەم: — يېڭى چاي
دەملەپ كىرەي-ھە!، — دەپ نېرى كەتتى.
چۈشلۈك بازارنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان پەيتى بولغاچ-
قىمۇ، سامسىخانىدا خېرىدارلار ئانچە باس-باس ئەمەس
ئىدى. تاڭجاڭ چەينەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۈستەلنىڭ
بىر چېتىدە ئولتۇردى-دە، ئۆزىگە ئېلىپ كەلگەن سامسى-

نى يېگەچ پاراڭغا چۈشتى.

— ئۆزىڭىزمۇ ئويۇنچىدەك كۆرۈنىسىز، — دېدى ئەخمەت ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— "ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا" دەيدىغانلىردىن دە-ڭە، — دېدى تاڭجاڭ.

— ناخشا، سازدا قانداغراق؟

— ئۇنداق پۇرسەت يار بولمىدى. ھەرقايسىلىرى تى-جارەتچىلەردىنمۇ يا، ھەي تاڭ، بايۋەتچىلەردىنغۇ دەي-مەن، — دېدى ئۇ.

— مەن موزدوز، بۇ ئاغىنەم ئوقۇغۇچى.

— دوكىنىمىزغا خىلمۇخىل ئادەملەر كېلىپ تۇرى-دۇ، يەنىلا ئوقۇغان ئادەملەر باشقىچە بىلىنىپ تۇرىدى-كەن! — تاڭجاڭ لۇتپۇللاغا يېنىپ بىر قارىۋالدى-دە، — سامىسىدىن يەنە ئەكىلەيمۇ، — دېدى.

— يېگەن سامسىلارنى سىڭدۈرۈۋالساق بولدى، — دېدى لۇتپۇللا، — بىزگە ئىشتىھا پاراڭلىرىدىن قىلىپ بەرمەمسىز. بۇ كەسپىڭىزدە ئۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار-غا يولۇققان بولغىيتىڭىز؟

— "ئوغۇل بالىغا قىرىق ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ" دەيدى-كەن. بۇنىڭ ئازلىق قىلىدىغىنىنى بىلمەيمەن، مېنىڭچە بىر ھۈنەرنى بىلىش ئۈچۈن راستىنلا قىرىق يەرگە دوقۇ-رۇشقا توغرا كېلىدىكەن، — دېدى تاڭجاڭ ئۇستام، — مەن شۇنداق بولدۇم، قىزىق ئىشلارغىمۇ يولۇقتۇم، بىراق ماڭا قىزىق تۇيۇلغىنى ھەر قايسىلىرىنى قىزىقتۇرۇشى ناتايىن. لېكىن سىلەر قىزىقىدىغاندەك كۆرۈنىسىلەر،

ئىمەمەمەت ئۇستامنىڭ بۇ دۇكىنىغا يېڭى كەلگەن كۈز-
لىرىمنىڭ بىرىدە بىر توپ بايۋەتچىلەر كىرىپ كەلدى-
دە:
— ئاخۇن ئەكە، بىرىسىمىزگە بىتتەدەن سامسا كەل-
تۈرۈڭ! چاي بىلەن. ھە!، — دېدى. مەن ھەيران بولدۇم:
”بىر تالدىن سامسا يېگىنى نېمىسى ئىكەن-ھە؟“ ئۇلار
دەسلەپتە بەكمۇ خۇش پېئىل ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ
تەلىپى بويىچە بەش كىشىگە بەشلا سامسا ئەكەلدىم. سەل-
دىن كېيىن:
— ئاخۇن ئەكە! بۇ ياققا كېلىڭە! — دەپ چاقىرغان-
دى، مەن كەلسەم ئۇلار ئۇستامنى ئىملىدى. دەرھال
ئۇستام ئىمەمەمەت كەلگەندى، بايۋەچچىلەرنىڭ ئىچى-
دىكى چاقچاقچىسى:
— كۆرۈۋاتامسىز، سامسىڭىزدىن ماتا چىقتى، ماتا!
— دېۋىدى، ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ
كۆرسەتكىنى سامسىنىڭ جىلتىغا ئارىلىشىپ قالغان خال-
تىنىڭ بىر يىپى ئىدى.
— شۇ گەپمىدى بايۋەچچىلەر، رەۋەندىنىڭ بۇ سە-
ۋەنلىكىنى ئەپۇ قىلغايسىلەر، ئەسلىدە مۇنۇ سۆلىتىڭلار-
غا لايىق بىر پارچە تاۋار چىقسا ياخشى بولاتتىكەن-دە! —
دېدى ئۇستام. ئۇستامنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولغان
بايۋەچچىلەر بۇ گەپتىن كېيىن دۇكاندىن غىپپىدە كېتىش-
تى، — سىلەرگە ئۇنداق نەرسىلەر چىقمىغاندۇ؟
— بىزگە ماي بىلەن تۆش چىقتى، — دېيىشتى لۈت-
پۇللا بىلەن ئەخمەت كۈلۈشكىنىچە.

بۇ ئىككىسى بىر ئاز پاراڭلاردىن كېيىن بازار ئايلە-
نىپ يەنە ئەخمەتنىڭ موزدۇزخانىسىغا باردى. بۇ چاغدا
لۇتپۇللا بىلەن باش لىڭشىتىپلا كۆرۈشۈپ قويىدىغان بىر-
سى ئەخمەتكە:

— بۇ ئاغىنەڭنى تونۇشتۇرۇپمۇ قويمىدىڭ، —
دېدى.

— سايىمكا، — دېدى ئەخمەت، — ھېلىلا قەغەز
رومكىدا ئىچىۋالغاندەك گەپ قىلىسەنا! بۇ لۇتۇن ئەمەس-
مۇ.

— مەنغۇ "قەغەز رومكا" دا ئىچىۋالىدىغان سايىم،
سوراپ باقە، ئىچمەيدىغان ئاغىنەڭ مېنى بىلەمدىكىن؟—
دېدى ئۇ.

ئۇستامىنىڭ قىزىق گەپلىرىگە كۈلگەن لۇتپۇللا:

— سايىمكامىنىڭ دېگىنى توغرا، تولۇق ئىسمىم لۇت-
پۇللا، — دېدى.

— ھەببەللى، ئىشىنىڭ يولى مۇشۇ ئەمەسمۇ، سېنى
ئەخمەت دەيمۇ، ئەخمەق دەيمۇ، — دەپ كۈلۈشۈۋالغاندىن
كېيىن لۇتپۇللاغا قاراپ، — ئەسلى سايىماخۇن ئىكەن-
مەن، — دېدى سايىم.

— بىز دۇكاندىكىلەر، — دەپ چېقىشتى ئەخمەت،
— "سايىمكام گەپچى" دەيمىز. ئۆزى دۇكاندا بولغىنى
بىلەن دۇنيانىڭ گېپىنى قىلىدۇ.

— مانا، مانا، "تەلۋە كۈلسە تېلىقىدۇ" دېگەندەك،
ئەمدى ئاشۇرۇۋەتكىلى تۇردۇڭ، دېدى سايىم — سەنمۇ
ئاڭلىغاننى دېمەي قويمايسەن. دە!

ھەممەيلەننىڭ كۆلكىسى بېسىلماي تۇرۇپلا سايىم يەنە بىر چۆچەكنى باشلىدى:

— سەپەرگە چىققان شاھزادە بىر يولۇچى بىلەن ئۈچ كۈن بىللە يۈرۈپ ئايرىلىشقاندا، يولۇچى شاھزادىغا: ”ئەي گۆدەك شاھزادە، مۇنۇ ئۈچ نەرسىنى ئېسىڭدە تۇت: بىرىنچى، يەتتە قەدەم ھەمراھ بولغان كىشىنىڭ ئىسمى-جىسمىنى سورىۋال، ئىككىنچى، ھەر قانداق سورۇندا ساھىبخان كۆرسەتكەن ئورۇننى باشقىلارغا بەرمە، ئۈچىنچى، زىياپەتتە، سورۇنلاردا ئالدىراپ پىچىقىڭنى ئېلىپ ئىشلەتمە“ دەپتۇ.

ئەلقىسسە، شاھزادە يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، شەھىرىي مەنزىلگە بارغاندا، كىشىلەرنىڭ ئولىشۋېلىپ بىر ئىلان (پەرمان) نى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەرگە مېھمانغا چاقىرىلغان شاھزادە زىياپەت سورۇنىغا بارغاندا ساھىبخان كۆرسەتكەن ئورۇننى كېيىن كېلىشكەن مەرتىۋىلىكلەرگە بېرىپ، ئۆزى پەگاھقا چۈشۈپ قاپتۇ. تاماق ۋاقتىدا بولسا، ئالدىراپ يېنىدىن پىچاقنى ئالغاندا ئالماس كۆزلۈك پىچاقتا قىزىققان ۋەزىر:

— داد پادىشاھى ئالەم! يوقالغان خەنجىرىمنى تاپتىم، ئوغرىنى جازالىغايلا، — دەپ شاھزادىنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

ئەلقىسسە، شاھزادا بۇ ئوڭۇمۇ، چۈشۇمۇ؟ دەپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئەتىگىنى دەرۋىش سۈپەت بىرسى، قوينىغا بىر مۇشۇكنى سالغىنىچە شاھزادىگە ئاگلىتىپ: ”ھەي ئەخمەق مۇشۇك، ئۈچ كۈن ،غاۋسلىئەزەم

بىلەن بىللە يۈرۈپ پادىشاھنىڭ غاۋسىلئەزەمنى كۆرگەن-
لەر بولسا، ئىنئام بېرىمەن، دېگەن شاپائىتىدىن مەھرۇم
قالغان مۇشۈك، ساھىبخان كۆرسەتكەن ئورۇننى خۇشا-
مەت قىلىپ مەرتىۋىلىكلەرگە بېرىپ ئۆزى پەگاھقا چۈ-
شۈپ قالغان مۈشۈك، كۆرەڭلەپ پىچاقنى ۋەزىرگە تۇت-
قۇزۇپ زىندانغا چۈشۈپ قالغان مۈشۈك !“ دېگەندە:

— ھوي دەرۋىش مەنمۇ شۇنداق بولدۇم، — دەپتۇ
شاھزادە.

دەرۋىش شاھزادىگە يەنە:

— ئەمدى ۋەزىر سىېنى ئېلىپ چىقىپ دارغا ئېسىشى-
مۇ، زىنداندا ياتقۇزۇۋېرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا پادىشاھقا
ئەرز قىلىپ: ”پادىشاھى ئالەم، مەن شەرق ئېلى پادىشاھى-
نىڭ ئوغلى ئىدىم، دادام شىكارغا چىقىپ قايتىپ كەلمە-
دى، ئىزدەپ چىقسام كۆكسىگە ھېلىقى خەنجەر سانجى-
لىپ قەتلى قىلىنىپتۇ. سىلەرگە دادلىغىلى كەلگەنىدىم“
دەيسەن. بۇ چاغدا ۋەزىر دېگەن سۆزىدىن ھەرگىز يېنىۋا-
لالماي ”قارا نىيەتچى بولىدۇ“ — دەپتۇ. ئاخىرى بۇ ماجى-
را شۇ بويىچە بىر تەرەپ بولۇپ ۋەزىر زىندانغا تاشلى-
نىپ، شاھزادە ئوردىغا چىقىپتۇ، — سايىماخۇن بۇ چۆ-
چەكنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى جەلپ قىلغىنى
ئۈچۈن كۆرەڭلىگەندەك:

— ئەمەلىيەتتە شاھزادىدەك ھاماقەت، ۋەزىردەك شۇم
نىيەتلىك ئادەملەر ھېلىمۇ يوق ئەمەس، — دەپ قوشۇپ
قويدى.

— ۋاھاي، — دېدى لۇتپۇللا، — بىر تۇرمۇش دەر-

سى بەردىڭىزغۇ سايىمكا!، سەنغۇ ئاڭلىغان بولغىيتىڭ ئەخمەت. لېكىن بۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

— لۇتپۇللا! — دېدى سايىم دەرھال، — ئەخمەتنىڭ ئاڭلاشتىن زېرىككىنىنى تېخى ھېچكىم ئۇقمىدى!

— ھا ھا ھا! ئەخمەتنىڭ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى. سايىمنىڭ بۇ گېپى ئەخمەتكە زورلاپ تىڭىلغان "پاك" دېگەن لەقەمگە قارىتىلغان مەسخىرە ئىدى.

ئەسلىدە ئەخمەتنىڭ دادىسى ئەختەم راستىنىلا پاك ئىدى. موزدۇزلۇقتا داڭ چىقارغان ئەختەمنى كىشىلەر ئۇنىڭ "پاك"لىقى بىلەن قوشۇپ ئاتاش ئومۇملىشىپ قالغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئەخمەتكە "يۇققان" ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇكاندا يەنە بىر ئەخمەت بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بەزىدە شۇنداق ئاتىلاتتى. بۇنىڭغا ئەخمەت رەنجىمەيتتى، نېمىشقا دېگەندە، ئۇ لەقەم دادىسىدىن قېلىشۋاتقان تەۋەررۇكتەك بىلىنەتتى. بۇنىڭدىن ئەخمەت ئۆزىگە پايدىسىز بولغان بەزى گەپلەرنى "ئاڭلىماپتىمەن" دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ لەقەم ئەخمەتكىمۇ يات تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى.

غۇلجىلىقلاردا چاقچاق ھەرقاچان ئىسمى بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ ئادەم ۋە شۇ مەقسەتنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان لەقەملەرنى ئاتاش ئارقىلىق قىلىناتتى: "ھە، بۇلارنىڭ ئامالى تولا" دېيىلگەندە ئۇنىڭ لەقىمى تۇلكە ئىكەنلىكى، "ناماز شامدا شەھەر سورايدۇ" دېيىلگەندە شەپەرەڭ ئىكەنلىكى، "قۇملۇقتا سەككىز پۇتلۇق بولار" دېيىلگەندە تۇگە ئىكەنلىكى، قىسقىسى، مىجەز-خۇلقىغا يارىشا "خى-

ـزىر قويغان» لەقەملەر بىلەن لىپاپا ئىچىدىرەك كۆلكىلىك پاراڭلار بولىدۇ. لېكىن تەبئىي ئەيىبى ياكى شەخسىيتىدىگە تېگىدىغان ھەرقانچە قىزىق گەپلەر بولسىمۇ، چاقچاق ئورنىدا دېيىلمەيدۇ، ئۇ "شاڭخو" دەپ ئاتىلىدۇ. چاقچاقتا ياشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭلاشقا سايىم ئەخمەتتىن چوڭ بولسىمۇ چاقچاقتا تەڭ بولىۋېرەتتى.

— توغرا دەيدۇ سايىمكام، بالدۇر كۆرۈۋالغاچقا ئاڭلاشتىن زېرىكىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى يىراقتىن كۆرەلەيدۇدە، — دېدى ئەخمەت.

— سايىمكا ئەخمەتمۇ يېتىلىپ قاپتۇ. ھە! — دېدى لۇتپۇللا.

— ھەرقانچە بولسىمۇ بىزدىكى بوي بۇلاردا يوق، — دېدى سايىم ئۆزىنى كەلتۈرۈپ. بۇنىڭغا ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى، چۈنكى سايىمنىڭ لەقىمى "قاقىر" ئىدى.

ناخشا-ساز، قوشاق ۋە چاقچاقلارغا ھەۋەس قىلىدىغان غۇلجىلىقلار ساتىراشخانا، چايخانا، موزدۇزخانىلارغا يىغىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قولايلىقى موزدۇزخانىلار ئىدى. ئۇ ئىشقا دەخلى قىلمايتتى. شۇنداق دۇكانلارنىڭ بىرسى مانا مۇشۇ ئەختەم پاڭنىڭ دۇكىنى ئىدى.

ئەختەم پاڭ ناخشا-چاقچاقتا ئەمەس بەلكى ھۈنىرى بىلەن نام چىقارغان بولۇپ، ئۇ، قاتلىما كافكازچە ئۆتۈك، غاچ-غاچ شىبلىت تىكىپ ئەلگە تونۇلغان كاسىپ ئىدى. توغرا كوۋرۇكتىكى دۇكىنىنىڭ يۇقىرىقى قەۋىتىدە ئۆزى، تۆۋىنىدە نىمكارلار بىلەن ئەخمەت ئىشلەيتتى.

## 4

—ئۆكام، دالادا، سەپەردە گۆش ناندىن ياخشىسى بولمايدۇ، بازاردىكى سامسىسىنىڭ قىيمىسى توڭلاپ، جىلتىسى رىزىنكىدەك بولۇپ قالىدۇ. — دېدى ھەلىمە.

— ساۋاقداشلىرىڭ تالىشىپ كېتەمدۇ تېخى، — دېدى نۇرجان.

— دېمىسەڭمۇ تالىشىپ يەيمىز — دېدى لۇتپۇللا.

— ۋايىەي، — دېدى ھەلىمە، — نوغايلىرىڭنىڭ بەلىش، پىرەنىك دېگەنلىرىنى كۆرگەن، تالىشىپ يېگۈدەك قانچىلىك نېمىلەرتى.

شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ئاخشام خېلى ۋاقىتقىچە قىزىق پاراڭلار بولدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاسما سومكىسىنى مۈرىسىگە سالغان لۇتپۇللا ھەدىسىنىڭ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتى.

مەكتەپ ئالدىدا بىرنەچچە خادىك، بىرىچكا تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈنكى زايومكا سەيلىسىگە[1] چىقىدىغان ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەنىدى.

قاتار تىزىلىپ ماڭغان ھارۋىلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىدىن

---

① زايومكا سەيلىسى — دالا سەيلىسى.

چىقىغان ئاۋازلار ھارۋىلارنىڭ تاراقلىشى بىلەن قوشۇلۇپ
ساپايىدەك ياڭرايتتى. يول تالىشىپ ئاتلىرىنى قامچىلىغان
باللار كەينىدىكىلەرنى توپىغا كۆمۈپ باراتتى. بىراق با-
للار يەنىلا بۇ ھەرىكەتلەرنى جانلىق مەنزىرە دەپ ھۇزۇر-
لىناتتى. شۇڭلاشقىمۇ ھاياجانلانغان ئوغۇل-قىزلار ئاۋاز-
لىرىنىڭ يېتىشىچە ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى.

مانا، ئىلى دەرياسىنىڭ يېشىل مەخمەل دېلىنىسى.
قىرغاقتا ئەۋرىشىم تاللار، تىكەنلىك چېقانلار دەريا شامى-
لىدا ئىغاڭلاپ، يېشىل چوپلەر يەلپۈنۈپ، بېلىق ئالغۇ-
چىلارنىڭ چىرقىراشلىرى بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى ئاشۇ-
رىدىغان مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. باللار توپ-توپ
بولۇپ بۇ مەنزىرە قوينىغا غەرق بولۇپ كېتىشتى.

— لۇتپۇللا، — دېدى بىر چاغدا راۋىل، — مۇشۇنداق
تەبىئەت دۇنياسىدا ئىلھاملىرىڭ تېپچەكلەۋاتامدۇ، نېمە؟

— ئابدۇللا توقاينىڭ: "يەر كۆكەرمەس، گۈل ئې-
چىلماس، تامىمىسا سۇ تامچىسى. شائىر سۆزىنى نەدىن
ئالسۇن، بولمىسا ئىلھا مچىسى." دەپ يازغىنىنى بىلە-
سەنغۇ، سەن شېئىر يېزىۋەرگىن، مەن رەسىم سىزاي،
— دېدى لۇتپۇللا.

باللارنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى كەڭ دالانى ئوي-
غىتىۋەتكەنىدى. يېشىللىق ئۈستىدە چېلىشىپ، قوغلى-
شىپ، سەكرىشىپ، پوكزەك ئېتىپ، گارمۇن چېلىپ،
ناخشا ئېيتىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى
بۈگۈن ساياھەتكە چىققان ئاشۇ باللار ئىدى.

راۋىل چىغىتماقلىق ئىچىدە يېتىۋېلىپ، ئەتراپتىكى

مەنزىرىلەرگە نەزەر سېلىپ ئىلھام قاناتلىرىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ نېمىلەرنىدۇ يازاتتى.

باياتتىن بىرى يىراقتىن قاراپ تۇرغان تۇھپەتۇللىن ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ:

— ھە، راۋىل، ئىلھاملىرىڭنى چېچىپ قويمىغاندۇ. مەن، مۇشۇنداق پۈرسەتلەرنى قولدىن بەرمىگىنىڭگە قايىلمەن. — دېدى يىراقلارغا قارىغىنىچە، — چۈنكى جاراڭلىق مىسرالىرىڭ مارجان كەبى تىزىلىدۇ. چاي ۋاقتىدا دېكلاماتسىيە قىلىسەن ھە!، بەلكىم ئۇمۇ. . .

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى راۋىل.

تۇھپەتۇللىن دەريا بويىغا كېلىپ دۈۋىلەپ قويۇلغان قارىغايلار ئۈستىدە ئولتۇرغان زەينەپ ئاپپاي ۋە رىپقەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇلارنىڭ ئەتراپىدا بالىلار خىلمۇخىل ئويۇنلارنى ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توپ قىزلارنىڭ ”غازلارىم“ دېگەن ئويۇنى مۇئەللىملەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىدى. بۇ ئەسلىدە كىچىك بالىلار ئويۇنى بولسىمۇ، ھازىر چوڭىيىپ قالغان قىزلارنىڭ ئوينىغىنى ئۇچۇنمۇ ياكى مۇئەللىملەر بالىلىق ھاياتىنى ئەسلەشتىمۇ، ئىپتاۋۇر ئويۇننى قىزىقسىنىپ كۆرۈشتى. قارىغاي ياغىچى ئۈستىدە ئولتۇرغان مۇئەللىملەر ئىچىدىكى زەينەپ ئاپپاي:

— ھەي بالىلىق چاغلار ھە، ”غازلارىم“ نى بىزمۇ ئوينىغاندۇق، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىر مۇئەللىم، — ”ئالا-ئالا قۇشلارىم“ دېگەنمۇ بار ئىدى.

بالىلىق ئەسلىملىرى بولۇۋاتقاندا سىۋىستىك چې-
لىندى. ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە يىغىلىشتى. بۇ، چاي
ۋاقتى ئىدى.

كۆكۆلمەيدان ئۈستىگە گىلەم-پالازلار سېلىنىپ، داستىخانلار يېيىلغانىدى. بالىلار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلىرىنى ئالدىلىرىغا قويۇشتى. ھەركىم قولى يەتكەن يەردىكى خالىغان يېمەكلىكنى يېيىشتى. بالىلارنىڭ كۆلكە-چاقچاق، ۋاراڭ-چۇرۇڭى دەرەخ ئارىسىدىكى بىر توپ قارلىغاچلارنىڭ سايرىغىنىدەك دالا بوشلۇقىدا ياڭرايتتى. سەلدىن كېيىن تويۇنغان بالىلار زورلاپ يەيدىغان تەرىپىگە ئۆتكەندە، كېكىردىكىنى قىرىپ، ھەممىنى ئۆزىگە قاراتقان تۆھپەتوللىن:

— باياتىن تارقىلىپ ئوينىدۇق، ئەمدى جەم بولۇپتۇق، شۇنىڭغا لايىق قىزىقچىلىق كۆلكە-چاقچاقلارنى قىلساق قانداق؟، — دېدى. ھەممەيلەن ئۇنى قوللاپ چۇرقىراشتى.

— تىنچلىنىڭلار، دىققەت!، — دېدى بىر بالا سۆز باشلاپ، — بىر دېھقان دەريادىكى مۇزنى تېشىپ خېلى كۆپ بېلىق تۇتۇپتۇ. بېلىقلارنى چانىسىغا بېسىپ قايتىۋاتسا، يول ئۈستىدە ئۆلۈپ قالغان تۈلكىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىمۇ چانىسىغا بېسىپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۆيگە كەلگەندە قارىسا بېلىقمۇ، تۈلكىمۇ يېنىدا كۆرۈنمەپتۇ. دېھقان ئارقىسىغا يېنىپ ئىزدەپتۇ، — ئۇنىڭ لەتىپىسىنى ئاڭلاۋاتقان بالىلار "ئەمدى نېمە بولار؟" دېگەننى ئويلاپ، سۆزلەۋاتقان بالىنىڭ بېشىدىكى يوغان

شەپكىسىگە، سەپكىن باسقان يۈزىگە، چىمچىقلاتقان تىنچسىز، كۆپكۆك كۆزىگە، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان قول، باشلىرىغا قىزىقىپ قارىشاتتى. سۆزلىگۈچىمۇ "يالغان دېسەڭ قەسەم قىلىمەن!" دەيدىغاندەكلا جىددىي ھالەتتە ئىدى، — ھېلىگەر تۈلكە جانىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن بېلىقلارنى تاشلاۋېرىپتۇ-دە، ئاخىرىسىدا سەكرەپ چۈشۈپ، دېيىشىگە:

— توختاپ تۇر ئىليار! ، — دېدى بالىلاردىن بىرسى، — ئۆلۈك تۈلكە قانداق سەكرەپ چۈشىدۇ؟

— ھا ھا ھا! ، — بالىلار بىراقلا كۈلدى.

— ئاڭلا ھە! ، — دېدى ئىليار قىزىقچى ھېلىقى بالىغا قاراپ، — بۇرۇنقىلاردا: "بىر تۈلكىنى ئىككى قېتىم سويغىلى بولماس" دېگەن تەمسىلنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟ ، بۇ تۈلكىنىڭ ئاسان قاپقانغا دەسسىمەيدىغان ھېلىگەرلىكىگە قارىتىلغان! ، — بالىلار يەنە پاراققىدە كۈلدى، — شۇنىڭ بىلەن سەكرەپ چۈشكەن تۈلكە بېلىقلارنى يىغىپ يەۋاتسا بىر ئاچ بۆرە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ، قانداق تۇتقانلىقىنى سوراپتۇ، تۈلكە بۆرىگە: دەريادىكى مۇزدا تېشىلگەن بىر كاچكۆل بار. قۇيرۇقۇڭنى چىلاپ ئولتۇرساڭ بېلىقلار كېلىپ چىشلەيدۇ، تارتىپ ئېلىۋېرىسەن. مەن شۇنداق تۇتتۇم، دەپتۇ. بۆرە ھېلىقى دېھقان ئاچقان كاچكۆلغا قۇيرۇقىنى چىلاپ كەچقۇرۇنىڭ سوغۇقىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان ئىزدەپ ھېلىقى كاچكۆلغا كەلسە بۆرە ئولتۇرغۇدەك. ئۇ پالتىسىنى دېۋەيلەپ يېقىنلاشقاندا بۆرىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ توڭلاپ

قالغىنى بىلىپتۇ-دە، ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. مەھەللىگە كەلگەندە خوشنىلىرى:

— سەن بېلىق تۇتۇشقا كەتكەنىدىڭغۇ، — دەپ سورىغاندا، دېھقان:

— ھەئە، بېلىقنى تۈلكىگە، تۈلكىنى بۆرىگە تېگىشتىم، — دەپتۇ.

كۆپچىلىك چاۋاك چېلىپ قايىل بولۇشتى. تۆھپە تولىمۇ بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. بەلكىم ئىليار قىزىقچى ئۆزىنىڭ سىنىپىدا بولغاچقا شۇنداق بولغاندۇ. ئاندىن يەنە ئىنچىكە، ئېگىز كەلگەن بىر بالا توشقاننىڭ ئاۋازىنى دوراپ بەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا راۋىل شېئىر ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى:

شاۋقۇنلۇق سۇ بويلىرىدا،
بالىق ئالغىچ ئېركىن ئۇچار.
كۈمۈچ رەڭلىك قاناتىدىن،
ئېلگە شادلىق كۈيلەر چىقار.
يەشىل گىلەم گۈللۈك چۆپتە،
بىز تۇرارمىز تاماشالاپ.
بالاسىنداي ساندۇغاچنىڭ
جىرلاپ-كۈلدىك ئېركىن ياىراپ.
بالىق ئالغىچ كەۋدە قاقما.
مېنى خەم ئۇچام شېئىرىم بىلەن،
قانات قاغىپ تۇنىق كۆكتە،
ئابروي قۇچام زېھنىم بىلەن.

— يارايسەن! ، — دېدى قاتتىق ئاۋازدا سىنىپ تەربىيىچىسى تۆھپەتوللىن. باللار چاۋاك چالدى. سورۇندا غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى. تۆھپەتوللىن باللارنى دىققەتكە چاقىرىپ داۋامىنى كۈتتى.

— لۇتپۇللا ئەمدى سەن ئوقۇ! ، — دېدى. ئارىدىن كىمدۇر بىرسى. لۇتپۇللا شېئىر يازماي رەسىم سىزغانلىقىنى ئېيتىپ دەپتىرىنى كۆرسەتتى. ئەتراپتىكىلەر قولدىن-قولغا ئېلىشىپ، رەسىمنى كۆرگىلى باشلىدى، ئۇنىڭدا دەريادا كېلىۋاتقان سال، ئۈستىدە سالچىلار، دولقۇنلارنىڭ سالغا شىددەتلىك ئۇرۇلغان كۆرۈنۈشى سىزىلغانىدى.

— رەسىمنىڭ تېمىسى «دولقۇنلار ئارىسىدا» ئىكەن، — دېدى بىرسى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— بۇ رەسىم ئاددىي، لېكىن مەزمۇنلۇق بوپتۇ، — دېدى بىر ئوقۇتقۇچى.

— بۇ بىر مەشىق سىزمام، — دېدى لۇتپۇللا.

— مېنىڭچە بۇ بىر ئىجادىيەت، — دېدى قايسىدۇر بىرسى، — چۈنكى مەشىق ھامان ئىجادىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى.

تۆھپەتوللىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ: "راۋىلىنىڭ شېئىرى روشەن پىكىرگە ئىگە، شۇنداقلا ھامان رەسىمدىن يۇقىرى تۇرىدۇ" دېگەن خىياللارغا بەنت ئىدى.

— مەندىن تەلەپ، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — لۇتپۇللانىڭ سىزغان رەسىمنى كۆردۇق،



— ئېھ! دولقۇنلار، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ئاشۇ تىنىمسىز- لىقىڭدا ئىكەن-دە!



ئۇمۇ ياخشى بوپتۇ. بىرەر شېئىر ئوقۇپ بەرمىسە ئارد-
مىزدا ئۇ يوقتەكلا تۇرىدىكەن!
— توغرا، توغرا!، — ھەممىسى لۇتپۇللاغا قاراش-
تى. ئاخىرى ئورنىدىن تۇرغان لۇتپۇللا:

قۇش قانتى ھەرقانچە بولسا كامىل،
ئۇچالماس يۈلەنچۈك ھاۋاسىز ئۇ.
ئايرىلسا توپىدىن ئەگەر يالغۇز قاقىر،
ئادىشار نىشانىدىن، خەتەرلىك ئۇ.

دەپلا ئورنىدا ئولتۇردى. سورۇندىكىلەر دائىم ئاڭ-
لاپ تۇرىدىغان مۇنداق شېئىرغا ئانچە بەك ھاياجانلىنىپ
كەتمىسىمۇ تەلەپنىڭ ئورۇندالغىنى ئۈچۈن لۇتپۇللادىن
رازى بولدى. دە، پىچىرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ
كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۆھپەتوللىن بىلەن رىيقەتنىڭ
كۆزلىرى مەنىلىك ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى سەزمىدى.
كۈن نامازدىگەرگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، دالا
يورۇق ئىدى. يېيىلىپ ئاققان ئىلى دەرياسىنىڭ ئۈستىدە
كۈننىڭ ئەكس نۇرى ئەينەكتەك يالتىرايتتى.
ئۆيلىرىگە قايتىشقان ساياھەتچىلەر قانداق خۇشال-
خۇرام كەلگەن بولسا، شۇنداق خۇشال قايتىشتى. قارماق
ئېلىۋالغانلار تۇتقان بېلىقلىرى توغرىسىدا سۆزلىسە،
باشقىلار بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك سەيلە توغرىسىدا سۆزلەش-
تى. مەھەللىگە كەتكەندىن كېيىن، بىر-بىرلەپ ئۆيلىرى-
گە قايتىشتى.

— سەن ئۆيگە كېتىۋەر، — دېدى لۇتپۇللا ئەگەشتۇ. رىۋلغان ئۇكىسىغا، — كۈن تېخى ئەتىگەن، مەن غابىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىمەن.

لۇتپۇللا بىلەن غابىت قاتارلىشىپ دەرۋازىدىن كىر. گەندە ھويلىدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن يۈرگەن قاۋى ئاغا ئۇچرىشىپ قالدى-دە، ئوچۇق-يورۇق سالاملاشتى. قاۋى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، غابىتنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ، مۇسابايىفلارنىڭ زاۋۇتىدا پىريومچىك بولۇپ ئىشلەيتتى.

چىرايىڭلاردىن قارىغاندا بۈگۈنكى زايومكا سەيلىسى ياراشقاندەك تۇرىدىغۇ، — دېدى چېقىشىپ، —ئاپتاپ خېلىلا رەڭ بېرىپتۇ.

— كۆڭۈللۈك بولدى. — دېدى غابىت. شۇنىڭ بە. لەن ئۇلار تۇپىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز-قوللىرىنى يۇ. يۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كەچكى تاماقتىن كېيىن بۇ ئۇچەيلەن پاراڭغا چۈشتى. غابىتنىڭ ئانىسى بىر چەينەك چاي دەملەپ، تاتلىق-تۈرۈملىرى بىلەن ئۈستەلگە قويۇپ قويدى. پاراڭلار ھەر جەھەتتىن باشلىنىپ ھەر تەرەپكە شاخلىناتتى. ئاخىرىسى ئايلىنىپ يېقىندا كۆلۈبتا ئۆتكۈ. زۈلگەن ئويۇنلارغا يۆتكەلدى.

— قاۋى ئەۋزى، — دېدى لۇتپۇللا ئالاھىدە تەكىت. لەپ، — سىز ئىجاد قىلىپ، ئورۇندىغان كومېدىيىلىك ئېپزوتلىرىڭىزغا مەن بەك قىزىقىمەن.

— بۇ بىر ھەۋەس دېگىنە، بولمىسا، قېرىغاندا سەھ. نىگە چىقىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ؟، — دېدى ئۇ سەل ئويلانغان ھالدا، — سېنىڭ «ئەپەندى بولماق» دېگەن شې.

ئىرىگىنى بىرىنەچچىمىز كومېدىيە قىلىپ تەييارلىماقچى بولۇۋاتىمىز. دېمەكچى بولغىنىم مەسخىرىلىك سۆز ۋە ھەرىكەتلەر قوشۇلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا سېنىڭدىن پىكىر ئالماقچىمىز. بىز " ئەپەندى بولماق" نىڭ ئىچىگە كىر-گەنسېرى بىزگە ئارىلىشىپ يۈرگەن "ئەپەندى" لەرنىڭ بارلىقىنى بىلىۋاتىمىز.

— مېنىڭچە نېمىلەرنى قوشۇپ، نېمىلەرنى ئېلىۋې-تىش ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس، مۇھىمى سەھنىدە قانداق ئىپادىلەش، دېدى لۇتپۇللا.

— ئۇ تەرەپتىن بىزگە ئېغىرچىلىق يوق، بىز قانچى-كى ھەجۋىيلەشتۈرسەك، جەمئىيەتتە تەسىرى شۇنچە تېز تارقىلىدۇ.

— «ئەپەندى بولماق»نىڭمۇ مەيدانغا چىقىشى ئارى-مىزدىكى شۇنداق ئادەملەرنىڭ سۈرىتى-دە. ئۇلار شۇنداق ئەخمىقانە يول تاللىدى. لېكىن ئۇ شېئىر بىلەن شۇنداقلار ئويغىنىپ كېتىشى ناتايىن، پەقەت يېڭى "ئەپەندى" لەر چىقمىسىلا بولدى...

قاۋى بۇ مۆلچەرگە راسا كۈلۈۋالدى ھەم ئۆزى ئىش-نىڭ سىرتىدا ھەۋەس قىلىدىغان بۇ ئىزدىنىشكە لۇتپۇللا-نىڭ يېڭى-يېڭى ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق تەكلىپى ئادەتتىكى بىر ئېيتىلغان گەپ ئەمەس ئىدى. تاتار سانايىنەپىسە ئىشتى-راكچىلىرى ئىچىدە كۈلكىلىك كومېدىيەلەرنى ئورۇنلاپ چىقىشتا قاۋى راستىنلا كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. ئۆزى يا-زالمىغىنى بىلەن رول ئېلىشتا ئىجادىي ھەسسە قوشاتتى.

لۈتپۇللانىڭ بۇگۈن كېلىشىمۇ دەل باياتىن قىلىشقان پاراڭلارنىڭ كىشىلەر ئاغزىدىكى تەرەپلىرىدىن ئىدى.

خېلى ئۇزۇن پاراڭلاردىن كېيىن لۈتپۇللا ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ سارايىنىڭ بورۇق تورغانلىقىنى كۆرۈپ "مېھمان بار ئىكەن-دە" دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ياتىقىدىن چىقىپ ئاشخانىغا كىرىپ، ھەدىسىنىڭ بالىلىرىدىن دادىسى ھېزىم ئاخۇن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى- دە، سارايى ئىشىكىنى چەكتى.

— ھە، كىرىۋېرىڭ! — دېدى نۇرجان ۋە ئىشىكنى ئېچىپلا لۈتپۇللانى كۆردى.

— ۋاي شەيتان سەنمىتىڭ!،

— ۋاھ، دادام كەپتىكەنغۇ! ئاپامنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ، ئۇكىلىرىمچۇ، ئاپام ماڭا نېمىلەرنى ئەۋەتتى؟

—ھەممىسى ياخشى، — دېدى ھېزىم ئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاپاڭنىڭ نېمىلەرنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سورامسەن؟

— ماڭا قارىغىنا ئۇكام، — دېدى ھەدىسى، — ئەمدى سەن لۈتۈن ئەمەس، لۈتپۇللا بولدۇڭ! يەنىلا "ئاپام نېمە ئەۋەتتى؟" دەۋېرەمسەن؟ ئىككى كۈن سەپەردە بولۇپ جاپا تارتقان دادامنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قويمايسەنغۇ؟

— مەن سىلەرگە لۈتپۇللا بولغىنىم بىلەن ئاپامغا يەنىلا "لۈتۈن"، دادامنى شۇنداق تولۇق كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا سورايتتىم.

ئۆيدىكىلەر لۈتپۇللانىڭ گەپلىرىگە كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ھېزىم ئاخۇن بۇلار بىلەن قىزغىن

پاراڭلىشىشقا باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا ھەلىمە چاي ئىچە-لمىۋاتقان شىرە ئۈستىگە پىشۇرۇلغان غاز گۆشى، سۈت قۇيۇپ ياققان توقاچلارنى قويدى.

— ھە، مانا ئەمەسمۇ، — دېدى لۇتپۇللا خۇشاللىق بىلەن، — ئەكەلگىنە دادا بەكەڭنى.

— ھېلىمۇ بۇگۈن كونىبويى مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتكىنى، — دەپ چېقىشتى ھەدىسى ئۇنىڭغا ئامراقلىقى تۇتۇپ.

— ئاپامنىڭ قولى تەككەن تاماقنىڭ تەمى باشقىچىدە! — دېدى لۇتپۇللا نۇرجان بىلەن ھەدىسىگە قاراپ، — سىلەر مەندىن بۇرۇنراق ئېغىز تەگكەندەك تۇرىسىلەر، ھەدە، قارىغىنا مۇنۇ توقاچنى، ئاپامنىڭ سۈرىتى كۆرۈن-گەندەك كۆلۈپلا تۇرىدۇ!

لۇتپۇللانىڭ چۈچۈك، يېقىملىق گەپلىرىدىن ھۇزۇر ئالغان ھېزىم ئاخۇن ئىللىق چېھرى بىلەن لۇتپۇللاغا قارى-غىنىچە چاي ئىچىپ ئولتۇردى. ھەلىمە لۇتپۇللانىڭ گەپ-لىرىدىن نېمىلەرنى خىيالىغا كەلتۈردىكىن كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتتى. بۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن لۇتپۇللا:

— ھەدە، ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن غاز گۆشىدىن كې-سىپ بەرمىگىنىمگە رەنجىۋاتامسەن، يا بولمىسا، مەن توغرىلىق دادامغا ھال ئېيتماقچى بولغىنىڭدىن يېنىۋال-دىڭمۇ؟ — دېدى چېقىشىپ.

— يېنىۋالدىغان نېمىتى؟ ئۈچ دەرۋازىدىكى گۈلسۇم ھەدەملەرنىڭ، ھەرەمباغدىكى ھەجەربۇۋى ھەدەملەرنىڭ،

قۇدۇق مەھەللىدىكى خان ھەدەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىتىپ ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ كىلىسەن، بۇ يالغانمۇ؟ گەپ قىلسام "مەنزىرە ئالماشتۇردۇم" دەيسەنغۇ! — دىدى ھەدىسى.

— "مەنزىرە ئالماشتۇردۇم" دىگىنى نىمىسى؟، — قىزىقىپ سورىدى ھىزىم ئاخۇن.

—دادا، ئۇ بىر باھانە دىگىنە، —دىدى ھەدىسى، — ئاغىنە ئالماشتۇرىدۇ، شۇ.

—ھى ھى ھى، "تەڭگەڭ يۈزگە يەتكۈچە ئۈڭگەڭ مىڭغا يەتسۇن" دىگەندەك قىلىدىكەنسەن-دە! دىدى ھىزىم ئاخۇن.

— ۋايىەي، لۇتپۇللا ئۇ مۇقامغا يەتكۇدەك بولمىدى دادا. ھىلىمۇ "ئەخمەقنىڭ دوستى تولا" دىگەندەك ئىشلار بىتىپ ئاشىدۇ. — دىدى ھەلىمە.

— ھەدەمنىڭ رايى بويىچە بولغاندا ئۆيدىن ھىچياققا چىقمىسام بولىدۇ. — دىدى لۇتپۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەتە ئاسمغا دەپ قوي، كىچىك داداڭلارنىڭ خالتىسىنى ئىلىۋالسۇن. — دىدى ھىزىم ئاخۇن.

— ماقۇل، — دىدى لۇتپۇللا، — شەھەردە قانچە ۋاقىت تۇرىسەن ؟

— ھەببەللى، — دىدى نۇرجان دادىسى ھىزىم ئاخۇن چاينى يۇتىۋىتىپ جاۋاب بەرگۈچە، — ئەمدى لۇتپۇللادەك گەپ قىلدىڭ.

بۇ گەپكە ھەممىدىن بۇرۇن لۇتپۇللا قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— ئاز-تولا سودا-سېتىقىم بار، ئاندىن ۋاقىت يار بەر-سە جاغىستايغىمۇ بىر چىقىپ تۇغقانلارنى كۆرۈپ كېتەي-مىكىن دەيمەن.
— خېلى بولىدىغان ئوخشايسەن، ئىلقىدا نېمە يېڭى-لىقلار بار؟ — سورىدى چوڭ ئادەملەرچە.
— ھە راست بۇلاردىن خەۋىرىڭ يوق، — دېدى ھېزىم ئاخۇن ھەۋەسلىنىپ، — بىر كاتتا كۆلۈب سېلىنىۋاتىدۇ. سادىق ھاجىنىڭ قورۇقىنىڭ تۆۋىنىگە كۆۋرۈك ياسىلىۋا-تىدۇ. خۇدا بۇيرىسا كانىكۆلدا كۆرىسەن.
— پاھ، بۇ ياخشى خەۋەر ئىكەن. بۇ يىل چوڭ كانى-كۆل قىلىمەن.
- چوڭ كانىكۆل قىلىمەن دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟ — سورىدى ھېزىم ئاخۇن.
— ھە، بۇ كانىكۆلنى تولۇق ئىلقىدا ئۆتكۈزىمەن دېگەنىغۇ، — دەپ چۈشەندۈردى لۇتپۇللا، — ئىلاجى بول-سا، جاغىستايىنىمۇ بىر كۆرسەم بولاتتى.
— ئەمىسە دادام بىلەنلا كەتمەمسەن؟ — دېدى ھەلىمە تەنە قىلىپ.
— بىراق دەرسىم بار-دە.
— ئۇ يەرمۇ ئىلقىغا ئوخشاش تاغ باغرىدا، — دېدى ھېزىم ئاخۇن.
— لېكىن ئۇنىڭ بىرلا پەرقى جاغىستايدىن پۈتۈن ئىلى ئالىمىنى كۆرەلەيسەن، — دەپ قىزىقتۇردى نۇرجان ھەم ئاخىرىسىدا، — خاتىرجەم بول، ئۆزەم خادىك بىلەن ئاپىرىپ كېلىمەن، — دېدى.

## 5

شەھەرنىڭ قىلۋى تەرىپىدە "ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى" دې-
گەن بۇ ئوچۇقچىلىقنىڭ يا "پاھ!" دېگۇدەك مېۋىزارلى-
قى، يا "بەللى" دەيدىغان سەيلىگاھى يوق ئىدى. بۇ،
ئەسلىدە ئىپتىزلىق بولۇپ ، ۋاڭ قادىر دېگەن توڭگان
بەلكىم ئۇزاق مەنزىلنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، قو-
رۇقتام سوقتۇرۇپ، دەل-دەرەخلەر تىكىپ باغ مۇقەددىمە-
سىنى شەكىللەندۇرگەنىدى. لېكىن بۇ ئورۇن نوغايگورتى-
نىڭ غەربى، دۇڭ مەھەللىنىڭ شىمالى، ئۇچ دەرۋازا،
ھەم پۇشمان مەھەللىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرىلىق ئىدى.
ئوتتۇرىدا بىر ئۆستەڭنىڭ سۇيى ئاقاتتى، ئەتراپتىكى با-
لىلار ھەتتا خېلى چوڭلارمۇ ئۇ يەردىكى تاغنىڭ تاقىرلىقى
بىلەن ھېسابلاشماي، سەيلە قىلىدىغان، جاڭزا، گەرەت-
كە، پوڭزەك ئوينايدىغان سورۇن قىلىشىۋالغانىدى. بەزى
چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ يەر ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى.
قىزىقچىلىق كۆرىدىغان تاماشىچىلار مۇ كۆپىيىپ كېتەت-
تى. ھەرەمباغ، شەھەر ئىچى، چىلەنخاڭزا، يېڭى ھا-
يات، قارا دۆڭلەردىن يېشى چوڭلارمۇ كېلىپ گەرەتكە
ئوينىشاتتى، بۇنداق ئويۇنلار بارغانسېرى بەسلىشىش دە-
رىجىسىگە يېتەتتى. شۇنداق قىلىپ "ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى"
خۇددى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى
سورۇنغا ئوخشاپ قالغانىدى. بەزىدە مەھەللە بىلەن مە-
ھەللە ئوتتۇرىسىدا گەرەتكە، پوڭزەك، جاڭزا ئويناش بو-

ىچە ئۈستۈنلۈك تالىشىش داۋامىدا، ئويۇنلارنىڭ ئاخىرى-
سى تەرەپبازلىق جېدەلگە ئايلىنىپمۇ قالاتتى. چۈنكى
مەھەللىدە جەڭگى-جېدەللەر بىلەن ئۆزلىرىنى "نوچى"
دەپ ئاتىۋالغانلار بولاتتى. قەستەن بىر باھانە بىلەن
قارس-قۇرس قىلىپ بىر مەيدان مۇشت ئېتىشىۋېلىش ئۇ-
لار ئۈچۈن ھۇزۇرلۇق ئىش ھېسابلىناتتى.

بۈگۈن "ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى" دا تاماشا خېلى قىزى-
دى. مانا ھازىر ئارىلاپلا كېلىپ قالىدىغان توپادەك مەھەل-
لىدىكى ئەرلى توڭگان دەم ئالماي نەچچە ياڭزا جاڭزا
تېپىپ ئەتراپىقا ئادەم ئولاشتۇرغانىدى. بۇنىڭ ئارقىسى-
دىن قولىغا ماندالىنىنى ئېلىپ، تاتارچە جىرلاپ ئۆستەڭ
بويىدا كىچىك بىر سورۇن پەيدا قىلدى.

بېرىقى تاقىرچىلىقتا نوغايگورت باللىرى بىلەن
پۈشمان مەھەللىنىڭ باللىرى گەرەتكە ئويناۋاتاتتى. ئو-
يۇن راسا قىزىغاندا يېشى چوڭراق ئۈچ-تۆت بالا كېلىپ،
نوغايگورتلۇقلارنىڭ ئۇرۇش نۆۋىتىدە:

"سىزىقتىن مۇنداق چىقارمامسەن!" دەپ گەرەتكە-
لەرنى تېپىپ، قالايمىقان قىلىۋەتتى.

— نېمىشقا ئويۇننى بۇزۇسىلەر؟ — دېدى باللار-
دىن بىرسى.

— ياردەم قىلغىنىم، — دېدى گەرەتكىلەرنى تەپكەن
بالا مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن، — سىلەر نوغايگورتلۇق
ئىكەنسىلەرغۇ؟ ئاچچىقىڭلار كەلگەن بولسا، يالغۇت مو-

---

① ئادەتتە نوغايلار "موزاي" دەپ ئاڭخو قىلىناتتى.

زاي[1]نى چاقىرىپ كېلەرسىلەر.

نوغايگورتلۇقلار جېدەل چىقىرىش شەپىسىنى بايقى-
دى. ئۇنىڭ يالۇت دېگىنى شۇمەھەللىنىڭ نوچىسى ئى-
دى. بىراق، نوغايگورتلۇق باللارنىڭ كۆپچىلىكى ئوقۇ-
غۇچى بولۇپ جېدەل-ماجىرادىن يىراق ئىدى. شۇڭا ئۇلار-
دىن بىرسى:

— بىز يالۇت ئەمەس، —دېدى.

— ھوي، يالۇت ئەمەسلىكىڭلارنى بىلىمەن. ئۇ مو-
زايغا مەن تۇرسۇن دوقىنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي باشلاپ
كېلىڭلار دېمەكچىمەن، — دېدى كۆرەڭلەپ، — مېنى
بىلىپ قالسا، سايغاقلاپ قېچىپ كېتىدۇ، ھا ھا ھا.

پۇشمان مەھەللىنىڭ باللىرى بىتەرەپ تۇرغىنى بى-
لەن تۇرسۇن دوقىنى بىلەتتى. ئۆزى ئېيتقاندەك تۇرسۇن
دوقى توغرا تامغا ئۈسۈيدىغانلاردىن ئىدى.

لۇتپۇللا "ئويۇننى باشلاۋەرسەك جېدەل بېسىلىپ قا-
لىدۇ" دېگەن خىيالدا گەرەتكىلەرنى تىزىشقا كىرىشكەنى-
دى، تۇرسۇن دوقى:

— ئۇكا، خوزىكىڭ خېلى چوڭغۇ؟ نېمىشقا گېپىمى-
گە قۇلاق سالمايسەن؟، — دەپ كۆتىگە بىرنى تېپىپ
غادىيىپ تۇردى.

— ھەي، نېمانچە خۇلىگەنلىك قىلىسەن؟، — دەپ
يىراقتىن قولىنى شىلتىدى غابىت، —نېمىشقا تېپىسەن؟

— ۋۇي مەيەردىن بىر موزاي چىقتىغۇ! پۇتۇمنى مى-
دىرلىتىپ قويسام تەپتى دېسەك، مەن تۇرسۇن دوقىغا
ھاقارەت بولمامدۇ؟ ھۇي كاپوسكا باش! — دېۋىدى، يېنى-

ىدىكى جورىلىرى كۆلۈپ كېتىشتى ۋە بىرسى تۇرسۇن دوقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ سويماقوڭلارغا ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلمىغىنا، — دېدى. بىراق تۇرسۇن دوقى بۇ بالىلارغا پەشۋانىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئىنتىلگەنىدى، باياتىن كۆرۈپ تۇرغان ئەرلى:

— بولدى قىل ئاداش، ئاغىنىلىرىڭنىڭ سۆزى دۇرۇس. ئىچىڭ پۇشقان بولسا ئىككىمىز جاڭزا ئوينايلى. مانا بۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى، — دېدى.

تۇرسۇن دوقى ئارىدىن مۇنداق توغرىدىن توغرا گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىققىنىغا خۇشال بولدىمۇ ياكى خاپا بولدىمۇ تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئەتراپتا تۇرسۇن دوقىنى كۆرگەنلەر، ئاڭلىغانلار خېلى بار ئىدى. ھازىرلا جېدەل چىقىش ئېھتىمالى ئېنىق بولغاچقا، باشقا ئويۇنلارنى كۆرۈۋاتقان تاماشىچىلار بۇ يەرگە ئولاشتى.

— پاھ!، — دېدى تۇرسۇن دوقى ئاۋازىنى تاڭشىرىدەك سوزۇپ، — ماۋۇ لازىقوڭ نېمە دەيدىغاندۇ ؟ جاڭزاڭنى ھەدەڭ بىلەن ئوينا، ئوغۇل بالا بولساڭ چاپان سال!

دەل شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئارىسىدىن:

— ئەرلى، ئارىلاشما!، — دېگەن ئاۋاز چىقتى. بۇ سالغىنىڭ تېشىدەكلا پەيدا بولغان يالۇت ئىدى.

ئەمدى بولسا، بىردىنلا پەيدا بولغان مۇشتلىشىش مەيدانى ئۆزلۈكىدىن كېڭىيىپ، مۇشت، پەشۋا ئاۋازلىرى گۇپۇرلەپ يېقىلىپ ـقوپقان يىقىمىسىز ئاۋازلار ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. بۇ يەردە تۇرسۇن دوقى بىلەن

يالۇت مۇشتلىشۋاتاتتى. كۆپچىلىك بىردە ئاجرىتىپ قويغاندەك ئىككى تەرەپتە تۇراتتى، بىردە كاللەك بولۇشاتتى، بىردە دومىلاقلىشىپ قالاتتى. .

— ئاجرىتىۋېتىڭلار!

—قويۇپ بېرەيلى.

ئەتراپتىكىلەر شۇنداق دېيىشكەن بىلەن ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. نوچىلار بارغانسېرى ھېرىشتى. نوچىلارنىڭ دەسلەپكى چەبدەسلىكى يوقىلىپ، سەندۇرۇلغان ھالدا ئىككى تەرەپكە كېتىشەتتى-دە، چاشقان مارىلاۋاتقان مۈشۈكتەك بىر-بىرسىگە قارشىۋېلىپ، يەنە ئالچاڭلاپ كېلىپ قوچقاردەك كاللا ئۇرۇشاتتى. شۇئان بىر-بىرىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ قالاتتى. تۇرسۇن دوقى كاللا ئۇرۇشتا ماھارەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ "دوقى" دېگەن لەقىممۇ شۇنىڭدىن چىققانىدى.

يالۇت بولسا، ئەسقەر كىرەڭ دېگەن مەشچىنىڭ ئوغلى ئىدى. مەھەللىدىكى بالىلار ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق تالاش-تارتىش بولسا يالۇتتىن باشقا ھېچكىم ھەل قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، نوچىلىقتا ئەمەس، بەلكى خالىس-ئادىللىقتا نامى بار ئىدى. ھازىر بولسا، جىسمانىي جەھەتتىن پەرقلەنمەيدىغان يالۇت دادىسى بىلەن مەشچىلىك قىلغاندا بولقا تۇتۇپ چېنىققان قولىنىڭ بېگىسسىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

بۇ نوچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى بارغانسېرى بىر-بىرلىرىگە ئايان بولۇپ قالدى. تۇرسۇن دوقى بىردىنلا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، يالۇت ئۇرنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەتراپىنىكىلەر كىم كىمنى يەڭگەنلىكىنى ئاڭقىرىيالمى-
دى. ئەنە شۇ چاغدا تۇرسۇن دوقى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇ-
ۋىدى بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى ئۇنى ئۈستەلك تەرەپكە
ئىلىپ كەتتى، كۆپچىلىك تارقىلىشتى.
نوغايگورتلۇق باللار يالۇت بىلەن بىللە ئۆز مەھەللى-
سىگە قايتتى. ئۇلار يالۇتنى ئاشكارا ماختىدى.
—بۇ ئانچە ياخشى بولمىدى، — دېدى لۇتپۇللا.
— بۇ نېمىدېگىنىڭ ؟ يالۇتنىڭ نوچىلىقى مەھەللى-
مىزنىڭ باللىرى ئۈچۈن بىر شۆھرەت! ، — دېدى ئارى-
دىن بىرسى.
— ياق، — دېدى لۇپتۇللا يەنىلا ئېتىراز بىلدۈرۈپ
بىز باشقا مەھەللىلەرگە بارمايمىزمۇ؟ شۇ چاغدا بۇ ئاكى-
مىز يالۇت بىللىلا بولامدۇ؟
ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى. يالۇت لۇتپۇل-
لاغا قارىغىنىچە:
— بۇ ئىنىمىزنىڭ گېپى توغرا. ”ئوتنى كىم تۇتسا
شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ.“ ئېتىڭ نېمە ئۇكا؟ — دېدى.
— ئوقۇغۇچىمەن. مۇشۇ مەھەللىلىك، — دېدى لۇت-
پۇللا.
— ئەسلى نىلقىلىق، — دەپ قوشۇپ قويدى غابىت.
— جىڭ گەپنى قىلساق ئۇرۇش-جېدەل ياخشى يولغا
باشلىمايدۇ، سېنىڭچە قانداق ئۇكام؟— دېدى ئەرلى لۇت-
پۇللاغا قاراپ.
—مېنىڭچە ئۇرۇش مەيلى مىلتىق بىلەن بولسۇن،
مەيلى بوگۇنكىدەك مۇشت بىلەن بولسۇن ئوخشاشلا خاتا،

— دېدى لۈتپۇللا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — تۇرسۇن دوقمىنىڭ بىزنى بۆزەك قىلىشى ھوررەكلىك، ئەرلىكام بىلەن يالۇتكاملارنىڭ بىزنى قوغدىشىنى باتورلۇق دېمە-گەن تەقدىردىمۇ مەردانىلىق. بىز ياخشى ئىشلىرىمىز بىلەن نام چىقىرىشىمىز كېرەك.

ئۆيلىرىگە تارقاشقان نوغايگورتلۇق باللار ئورۇنلۇق سۆزلەنى قىلغان لۈتپۇللانىڭ بىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئې-سىل پەزىلىتىگە قايىل بولۇشتى.

6

تاتار ئۇيۇشمىسى سانايىنەپسەنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئىشى خەلق ئىچىدىكى ھەۋەسكارلارغا موھتاج ئىدى. بۇ ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقانلارنىڭ بىلىدىغانلىرى چەكلىك ئىدى. بۇ ئېھتىياجنى پەقەت تاتار مەكتىپىدىكى ياشانغان ھەم ئوتتۇرا ياشلىق تەلەپكە لايىق ئىلمىي كۆچ قوشقۇچىلارغا تايىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى.

"12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭ تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مەدەنىيەت ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. ئۆتمۈشنىڭ جاھا-لىتى ئىچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىنتىزارلىقىدا ئويغانغان خەلقىمىز يېڭى مەرىپەتچىلىكنىڭ باشلانغانلىقىدىن ئىبا-رەت تارىخى ۋەقەدىن تولىمۇ شادلاندى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي-شىمالنى بېسىۋې-لىپ خەلققە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەنلىكى پۈتۈن مەملى-كەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئويغاتتى، پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-شى تەشۋىق-تەرغىباتنى قانات يايدۇرغانلىقى ئىلى دىيارى-غىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىلى خەلقىنىڭ سىياسىي شوئارىغا ئايلاندى.

تاتار ئۇيۇشمىسىمۇ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلى-نىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلى-رىگە ھەسسە قوشۇشقا ئىزدىنەتتى. بۇ خىل ئېھتىياجدا تاتار مەكتىپى بىلىم ئىگىلىرى توپلانغان ئورۇن بولغاچقى-مۇ ئەمەلىي رول ئوينىيالايتتى. مەكتەپ كوللېكتىپى ئا-جادىي ھالدا كومېدىيە، كونسېرت، خور، كۆلدۈرگە، دېكلاماتسىيەلەرنى تەييارلاپ تاتار ئۇيۇشمىسى ۋە سانايى-نەپىسە بىلەن بىرلىكتە كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولدى.

— بۇ پائالىيىتىمىزگە، — دېدى مۇدىر غەينۇللا ئەۋ-زى، — ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىنمۇ ۋەكىل تەكلىپ قىلى-ساق، بۇ ئۆزئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا پاي-دىلىق بولاتتى.

—مېنىڭچە — دەپ قوللىدى سانايىنەپىسە مەسئۇلى،

— ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك سانايىنەپىسەلىرىدىنمۇ تەك-لىپ قىلساق.

— لېكىن دائىرىسىنى بەك كېڭەيتىۋېتىپ ئوقۇغۇچى-لارنىڭ دادىللىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويمىغىنىمىز ياخ-شى، — دېدى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرسى.

تاتار كۆلۆبىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە نەچچە كۈن ئىلگىرى زەپسكە[1]تارقىتىلدى.

ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە كۆلۈپ كىشىلەر قايىنىمىغا ئايلاندى. بۇ قېتىم باشقا سانا-يىنەپىسەلەرمۇ نومۇر كۆرسەتكەچكە سەھنە رەڭگا رەڭ گۈلزارلىققا ئايلاندى؛ لەپەر[2]ئېيتىشتا ئۇيغۇر، ئۆسسۇل-دا ئۆزبېك، تېرمە ئېيتىشتا قازاق، پىرامىدە، خور ئېي-تىشتا تاتار سانايىنەپىسەلىرى ئۆزگىچە تەسىر قوزغىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئورۇندىغان نومۇرلار ئىچىدە لۇتپۇللا-نىڭ "قولۇڭنى تارت!" دېگەن دېكلاماتسىيسى ئۇسلۇبى-نىڭ ئۆزگىچە، مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن كۆپچىلىك-نىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئۇ، ياپون جاھانگىرلىكى-نىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئورۇشىنى قوزغاپ، خەلقىنىڭ غەزى-پىنى كەلتۈرگەنلىكىنى، ئارقا سەپتىكى ئىلى خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىۋاتقان-لىقىنى كۈچلۈك تەلەپپۇز، بەدىئىي ئىبارىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. بەزىلەر ئۇنى "شېئىر" دېسە، بەزىلەر "نوتۇق" دېيىشتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن جەڭگىۋار زوق ئېلىشتى.

— مەيلى قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭ ھامان ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكى ئېنىق. قۇرۇلمىسى ھەم شېئىري ھەم نەسرىي شەكىلدە بولۇپتۇ، پىكىرلىرى مارجاندەك تىزىلىپتۇ، — دېدى كېيىنكى پاراڭلاردا "موللا توقماق"

---

① باغاق

② ۋەقەلىك قوشاق.

تەخەللۇسلۇق ئۆزبېك شائىرى نەسرۇللا قارى.

— سىز ئۇ لۇتپۇللا دېگەن شائىرنى ئىلگىرى كۆر-گەنمىدىڭىز؟ — سورىدى قىزىقچى شائەزىم.

— كۆرمىگەن. شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، — دېدى نەسرۇللا قارى ھاياجانلىنىپ، — خىيالىمدا يېشىنى چوڭ مۆلچەرلىسەم، تېخى بىر بالا ئىكەن ئەمەسمۇ.

—مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، پاھ! چوڭ بولسا كاتتا شائىر بولۇپ چىققۇدەك ئۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا مەن يېزىپ يۈرگەن شېئىرلىرىمنى تىلغا ئالمىسام بولغۇدەك، — دېدى قاراقاش قاڭشالىق بىر يىگىت.

— بۇ نېمىدېگىنىڭ تاجىدىن، ئۇنى دېسەڭ مەن ھەم ئۆزەمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرالمايمەن، — دېدى نەسرۇللا قارى، — بىراق ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ھەر خىل بولىدۇ-دە، سەن بىزنىڭ شېئىر يېزىشىمىز لۇتپۇللا بولۇش ئۈچۈن ئەمەس. تېخى سەنمۇ بىر ئوقۇغۇچى، بەلكىم كېلەچەكتە ياخشى يازىدىغان بولۇپ قالارسەن؟!

شۇنداق قىلىپ تاتار كۇلۇبىدا ئۇتكۇزۇلگەن پائالىيەت-نىڭ تەرىپى ئىلى گىمنازىيە، ھۆسەينىيە، تائالىيە مەكتەپ-لىرى ھەم سانايىنەپىسە ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قاتناشچىلى-رى تەرىپىدىن مەھەللىلەرگىچە سۆزلىنىپ يۈردى.

تاتار مەكتىپىنىڭ، ئىلمى بۆلۈمدە لۇپتۇللانىڭ «قولۇڭنى تارت!» ناملىق دېكلاماتسىيىسى ھەققىدە بىر ئاز تالاش-تارتىش بولدى. لېكىن ھېچكىم قايىل بولمىغان نۇقتىدا بىرنېمە دېيىلمىدى، شۇ چاغدا غەينۇللا ئەۋزى بىلەن زەينەپ ئاپپاي كىرىپ قىلىۋېدى ھەممەيلەن جىم

بولۇپ قالدى.

— هوي، — دېدى غەينۇللا ئەۋزى، — بىزنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدىڭلارمۇ ياكى گېپىڭلار تۈگىگەنمىدۇ؟

— تۈگەپمۇ كەتمىگەن، — دېدى تۆھپەتوللىن، — بىراق ئاخىرى چىقمايدىغان پاراڭ.

— پاراڭ بولغانىكەن ئاخىرى چىقىدۇ، يەنە كېلىپ سىلەر ئاخىرىنى چىقىرا المايدىغان ئادەملەردىن ئەمەسقۇ!

— دەپ كۈلدى زەينەپ ئاپپاي.

— باشقا گەپ ئەمەس، — دېدى رەپقەت، — لۇتپۇللانىڭ «قولۇڭنى تارت!» ناملىق دېكلاماتسىيىسىگە ھەممىمىز قىزىقتۇق. لېكىن ئۇ شېئىرمۇ، نەسىرمۇ دې-گەن مەسىلىدە ئويلىنىپ قالدۇق.

— ئۇنداقتا گېپىڭلاردا يېڭىلىق بار ئىكەن، — دېدى غەينۇللا ئەۋزى — لۇتپۇللا نېمە دېدى؟

— نەسرىي شېئىر دېدى.

— دۇرۇس جاۋاب بەرگەندەك قىلىدۇ. سىزچە قانداق زەينەپ ؟ — دېدى غەينۇللا ئەۋزى.

ھەممىڭلارغا ئايان، گوركىينىڭ: «بوران قۇش قو-شىقى» شۇنداق يېزىلغان. ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئۇنى ”نە-سرىي شېئىر“ دەيدۇ، بۇ تۈر بىزگىمۇ ئورتاق بولسا بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ لۇتپۇللانىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس ئى-كەن-دە!، — دېدى تۆھپەتوللىن غەيرىي ئاھاڭ بىلەن.

سورۇندىكىلەر دەرھال ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراشتى.

— بەك تېز يەكۈن چىقىرىۋەتمىگەنسەن؟، — دەپ

كۆلۈپ قويدى زەينەپ ئاپپاي.

— خاتا بولدىما؟، — دېدى تۆھپەتوللىن.

— ئۇنداقمۇ دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن سەن يەنە كېلىپ تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى-دە!

—بەلكىم تۆھپەتوللىن بىلمىگەن بولسا بىلىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەندۇ، —دەپ سۆز قوشتى غەينۇللا ئەۋزى، —مېنىڭچە ئىجادىيەت دېگەننىڭ ئۆزى نۇقۇل ھال-دا يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈشكىلا قارىتىلغان بولمىسا كې-رەك. ئۇ، تەكرارلاش، ئۆزلەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇ-رۇش، تونۇتۇش جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغۇ دەي-مەن. بۇنىڭغا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىلار (خەلپەتلەر) ئۈچۈن بېرەتتى، ئو-قۇغۇچىلار (تالىپلار-قارىلار) يادلايتتى. كېيىنرەك قوۋ-زاقتا، تېرىگە، يازىدىغان بولدى. ئاندىن قەغەز، قەلەم ئىشلىتىدىغان بولدى. كەلگۈسىدە نېمە بولىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرلىرىنى ئىجادىيەتنىڭ، ئىختىرا-نىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. خوش، مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، لۇتپۇللانىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ باشلىغان نەسرىي شېئىرىنى ئىجادىيەت دېيىشكە، ئۇ ئۆزىنىڭ تالا-نتىنى ھەرقايسىڭىزلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن نامايەن قىل-غان دېيىشكە بولىدۇ...

بۆلۈم ئىچى ئىمتاسلىقتا چۆكۈپ، ئولتۇرغانلار ئو-قۇغۇچىلاردەك، غەينۇللا ئەۋزى ئوقۇتقۇچىدەك تۇيۇلدى. دەرۋەقە، غەينۇللا ئەۋزى ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق كې-شى ئالدىدا ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك، توغرا سۆزلۈك تەسە-

ری بىلەن تونۇلغان ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۇ-
چۇنمۇ لۇتپۇللادەك تالانت ئىگىسىگە ئۇمىدۋارلىق بىلەن
مۇئامىلە قىلاتتى.

دەرۋەقە، غەينۇللا ئەۋزى لۇتپۇللانىڭ زاۋاللىق قاراڭ-
غۇسىدا كىشىلەر كۆزىگە شامدەك چىلىقىۋاتقىنىدىن
مەمنۇن ئىدى. چۇنكى ئۇ، ئەجرى قىلىۋاتقان ئەقىدىسى-
نىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تەقەززا ئىدى.

غەينۇللا ئەۋزى بايلىقتا داڭقى چىققان ئائىلىنىڭ
ھېچقانداق دەپى-دۇنياسىنىڭ مىراسخورى ئەمەس ئىدى.
پەقەت پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئىمكانىيەتنى بىلىم ئېلىش-
قىلا سەرپ قىلغانىدى. ئۇ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتى، قاھى-
رەدىكى "ئەزھەر" ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغانىدى: بىراق ئا-
ئىلىسىنىڭ بايلىقىغا مىراسخور بولمىقىنى بىلەن سوۋېت
ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كولاك[1] بولۇپ سىبىرغا
ھەيدىلىپ غايىب بولۇشتىن ئىنىراز قىلدىمۇ ياكى شۇنداق
كۆنلەرنىڭ بىر ۋاقتىدا ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشتىن ئەن-
دىشە قىلدىمۇ قازاندىكى «يەشىن» گېزىتى رېداكسىيىسى-
دىكى ئىشىنى تاشلاپ، 1920-يىللىرى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. لېكىن تۇرمۇش پاناھ-
لىقىغا ئېرىشكەن غەينۇللا ئەۋزى ئىلمىي دۇنيا قاراشقا
ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇمىدۋارلىقنىڭ چىغىر يوللىرى ئا-
خىرى ئۇنى مەدەنىي-مائارىپنىڭ يولۇچىسى قىلدى...

تاتار مەكتىپىنىڭ بۇگۈنكى ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ،

---

① كولاك — رۇسچە باي دېھقان دېگەن سۆز.

قوينىدا يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ تەشنا قەلبىنى ئىلىم چىد-
-رىغى بىلەن يورۇتۇشقا تۆھپە قوشقان باشلامچىنىڭ بىر-
سى مۇشۇ غەينۇللا ئەۋزى ئىدى. ئەمدى بولسا، تاتار
ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتى غەي-
نۇللا ئەۋزىگە يۈلىنىپ تەمتىرىمەيدىغان بولدى.

## 7

— لۇتپۇللا! ، — دېدى چۈشلۈك دەم ئېلىشقا پاراڭ-
لىشىپ تۇرغان بىرنەچچە مۇئەللىم ئىچىدىكى رىيقەت
چاقىرىپ، — سەن توغرىلىق "لەتىپە"لەر چىقىپتۇغۇ؟
— نېمىدەپ؟ ، — لۇتپۇللا دەرھال ئېسىغا كەلتۈرۈپ
دېدى، — ھە شۇنداق، ئۈكۈنچلۈك يېرى شام ئېلىۋالماپ-
تىمەن-دە!
— بىر كېچەك ئىسراپ بولۇپتۇ-دە، — دېدى زەينەپ
ئاپپاي گەپكە ئارىلىشىپ، — كىتاب-ژۇرناللارنى كۆتۈل
قويۇپ ئوقۇغانسەن؟ !
— شۇنداق بولغاچقا دېرىزىنى چىقىپ كەتمەي تاڭ
ئاتقۇزدى-دە — دېدى رىيقەت.
— دېرىزىنى ئويلىمىدى دېمىسلەر، — دېدى لۇتپۇللا
كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئويلىدىم، بىراق ئۇ چاغدا "قىرائەت-
خانىغا ئوغرىلىققا كىردى" دېگەن ئاتاققا قالار ئىدىم.
ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق
بولغانىدى.
پەيشەنبە كۈنىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى ئىدى.

مەكتەپنىڭ قىرائەتخانىسىغا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بولمىسۇن كىرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئارىيەتكە كىتاب-ژۇرنال، گېزىت ئالاتتى، بەزىلەر شۇ يەردە ئەپلىك ئورۇن تېپىپ ئوقۇيتتى. لۇتپۇللا ئىككى بۇلۇڭلۇك لېكىن جازىلار بىلەن توسۇلۇپ ھەرنىڭ كۈنكىدەك بولۇپ كەتكەن بۇلۇڭنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىۋېلىپ قازاندا نەشىر قىلىنىغان ژۇرناللارنى قىزىقىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى ھەم خاتىرىسىگە خاتىرىلىدى. قىرائەتخانىنىڭ ئىچى خۇددى ئادەم يوقتەك جىمجىت بولاتتى. لۇتپۇللا ئىلگىرى ئىسمىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ كۆرمىگەن، لېكىن ھەمىشە يولۇقۇۋەرمەيدىغان بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئاشۇ گېزىت-ژۇرناللار دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر-بىرسىدىن رەڭدار، شېرىن مەي باغلىغان ”مېۋىزار“ باغ تۇراتتى. ”. . . توختا، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، مەن ئالدى بىلەن بۇ گېزىت-ژۇرناللارنى ھەم ئۇلارنىڭ باش تەھرىرلىرىنى خاتىرىلىۋالاي. ئاندىن ئوقۇپ يېزىۋالاي، چۈشەنمىگەنلىرىمنى ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىسام ئىدىتىلىق بولمامدۇ؟ . . .“

لۇتپۇللا «زامان كالىندارى» ژۇرنىلىدىكى تونۇشتۇرۇش بويىچە: ئاتا ئىللا ئاخۇند بايىزىپ «نۇر گېزىتى»، مۇھەممەت شاكىر رامىيوف «ۋاقىت گېزىتى»، رىزايىدىن ئەپەندى بىننى پەخىردىن «شۇرا ژۇرنىلى»، ئەسقەر كامال «يەشىن ژۇرنىلى»، ياقۇپ خېلىلى «سۆيۈمبىكە ژۇرنىلى»، مەھمۇت مىرجانى «قارماق ژۇرنىلى» . . . قاتارلىقلارنى خاتىرىلىگەندە، ئاشۇ مۇھەررىرلەر خۇددى كۆز

ئالدىدا تۇرغاندەكلا سېزىلەتتى. "... مەتبەئە-مەتبەئە! سەن جاراڭلىق قوڭغۇرىقىڭنى چېلىپ، غەپلەت ئۇيقۇ-سىدا ياتقانلارنى ئويغىتالايسەن..." لۇتپۇللا چوڭقۇر خىياللار ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. "... نېمىشقا مۇشۇنداق گېزىت-ژۇرناللار بىزدە ئۆز تىلىمىزدا يوق-ھە؟!" ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قوياتتى-يۇ، جاۋاب بېرەل-مەيتتى، ھېچكىمنىڭ ئاسان جاۋاب بېرەلمەيدىغان-لىقىنىمۇ بىلەتتى، بۇ چاغدا ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتى. ئاخىرىسىدا ئۇ: "ياق، بۇ خىيال ئەمەس" دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

لۇتپۇللا بىر چاغدا «زامان كالېندارى» ژۇرنىلىنى ۋاراقلاۋېتىپ تاتار ئالىمى مېرجانى توغرىسىدىكى ماقالىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدا:"... ئىلىمنى ئىنكار قىلىش ساۋاتسىزلىقنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر ئىلىم تىلسىم ئىكەن ئۇنى ئېچىش كېرەك، —مىرجانى" دېگەن بۇئېپ-پىگراف باياتىن خىيالىدىن ئۆتكەن ئارزۇلىرىنىڭ جاۋابى-دەك ئۇنى ئۆزىگە تارتتى.

لۇتپۇللا مەنىلىك جۈملىلەرنى چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈ-رۈۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ، ئەستە ساقلاشقا تىرى-شاتتى. ھازىر بۇ ئادىتى يەنە تەكرارلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان گېزىت-ژۇرناللاردا پەن-تېخنى-كا، ئاسترونومىيە، سانائەت، جەمئىيەت ئۈچۈرلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى قاتارلىشىپ تۇراتتى...

قىزىق ئىش، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن-تاڭ، ئۇ كۆزىنى ئېچىۋىدى، بېشىنى كىتاب جازىسىغا تىرىگىنىد-

چە ئولتۇرغانلىقىنى بىلدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى، سىرتىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى، ھېچنەرسىنى كۆرگىلىمۇ بولمايتتى. دېمەك ئۇ قىرائەت-خانىغا سولىنىپ قالغانىدى. ”دېرىزىنى چېقىپ چىقىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ بۇ، ئەيىبلىك ئىش. ئەمىسە جازىلارغا يۆلىنىپ ياكى ئۈستەلدە كىتاب- ژۇرنالنى باشقا قويۇپ ئۇخلاپ تاڭ ئاتقۇزۇش كېرەكمۇ؟ باشقۇرغۇچى نېمىشقا ”ئىشكنى تاقايمەن!“ دېمىگەندۇ؟ ياق، ئۇ دېگەن بولسا-مۇ، مەن دىققەت قىلمىغاندىمەن... بۇمۇ بىر تۇرمۇش سىنىقى“.

شۇنداق قىلىپ لۇتپۇللا بۈگۈن ئوقۇغان، كۆرگەنلە-رىنى ئويلىغىنىچە كۆزىنى يۇمدى...

— لۇتپۇللا، قاراڭغۇ قىرائەتخانىدا قورقمىدىڭمۇ؟

— دەپ سوراشتى ساۋاقداشلىرى.

— ئۇ يەرنىڭ قاراڭغۇسى باشقىچىلا ئىكەن. كى-تاب-ژۇرناللاردىن يورۇق چىقىپ تۇرىدىكەن، — دەپ چاقچاقلا ئايلاندۇراتتى لۇتپۇللا.

— شەيتان كۆرمىگەنسەن؟

— كۆردۈم.

— سەن ئىشەنمەيتتىڭغۇ؟

— كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قولۇم بىلەن تۇتقان تۇر-سام، ئىشەنمەي نېمە چارە.

— ساڭا تەھدىت سالمىدىمۇ؟

— ئۇنىڭغا ۋاقتى يوق، ھەممىسى ئۆگىنىش بىلەن بولىدىكەن.

ئاستا-ئاستا بۇ پاراڭلار لەتىپگە ئايلىنىپ ھەممىگە تارالدى.

لۇتپۇللا ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا بىر كىچىلىك سەر-گۈزەشتىسىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا دەرسكە قوڭغۇراق چېلىندى.

— زەينەپ ئاپپاي، — دېدى لۇتپۇللا، — مېرجانى دېگەن ئالىم توغرىسىدا ئاز-تولا خەۋەردار بولۇپ قالدىم. بۇ ھەقتە كەڭرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

— ياخشى تىلەك، — دېدى زەينەپ ئاپپاي كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا، - ئەڭ ياخشىسى غەينۇللا ئەۋزى ئېھتىيا-جىڭنى تەمىنلىسۇن، مەن ئېيتاي؟

كەچقۇرۇندا غەينۇللا ئەۋزىنىڭ ئۆيىگە يول ئالغان لۇپتۇللاغا:

— قونۇپ قالمايدىغانسەن؟، — دېدى ھەدىسى.

— ياق، — دېدى لۇتپۇللا، — بۈگۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. بەك كەچ قالمايمەن. غەينۇللا ئەۋزىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان لۇتپۇللا ئۇستازىنىڭ ئۆزىگە نېمىلەر توغرىسىدا پاراڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. مۇنداق-چە ئېيتقاندا ئۇ ئۇستازىدىن تەلىم ئالاتتى.

غەينۇللا ئەۋزىنىڭ ئۆيى نوغايگورت مەھەللىسى ئىككىنچى كوچا ئۈچىنچى ئايلىنىشتا ئىدى. قوش دەرۋا-زىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىۋاستە ئۆدۈللا پېشايۋانغا چىقى-دىغان كارىدورلۇق ئىشىكتىن كىرىۋىدى، كۆتكۈچى غەي-نۇللا ئەۋزىنىڭ خانىسىنىڭ ئىشىكنى كۆرسەتتى. لۇت-پۇللا قائىدە بويىچە ئىشىكنى چەكتى:

— كەل، كەل، — غەينۇللا ئەۋزىنىڭ ئاۋازى چىقتى. لۇتپۇللا بوسۇغىدىن ئاتلاپلا سالام قىلغىنىچە ئۆرە تۇردى. ئاندىن غەينۇللا ئەۋزى كۆرسەتكەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ئۆينىڭ تېگى قىزىل سىردا سىرلانغان تاختايلىق بولسىمۇ، گىلەملەر سېلىنغانىدى. تۆردىكى تامغا تارتىلغان گىلەمنىڭ تۆۋىنى ئۆزۈن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىدە چوڭ گەرنىسلەر بولۇپ قوش پەردە تارتىلغانىدى. دېرىزىنىڭ يېنىغا تۆرلۈك نەقىش ئويۇلغان چىلان رەڭلىك ئەينەكلىك ئىشكاپ قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ تېمىدا تۆركچە قىزىل پاپاق كىيگەن بۇرۇتلۇق بىر ئادەمنىڭ رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتى ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ بوينىدا فرانسۇزچە گالستۇك بار ئىدى. قارىغاندا ئۇ بىر ئۇقۇمۇشلۇق ياكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن ئەجدادلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك. ئىشكىنىڭ سول تەرىپىدىكى تامدا چوڭ بىر مەنزىرىلىك رەسىم بولۇپ ئۇنىڭدا بىر ئېيىقنىڭ بىر نەچچە بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن ھالىتى سىزىلغانىدى. لۇتپۇللا ئۇنى كۆرۈپلا شىشكىننىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئېلىك مۈڭگۈزى، ئوۋ مىلتىقى زىننەت ئۈچۈن تامغا ئېسىلغانىدى. كىتاب ئىشكاپلىرى دالان ئۆيدە تۇراتتى.

كۆتكۈچى بىر پەتنۇستا چىنە-چەينەك، تاتلىق تۈرۈملەرنى ئەكىرىپ بېرىپ قايتقاندا، غەينۇللا ئەۋزى كوچا تەرەپتىكى دېرىزە قاپقىقىنى يېپىۋېتىشنى جېكىلىدى. ئۇلار ئەركىن ئازادە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى.

— قىرائەتخانىغا بىر كىچە سولىنىپ قالغىنىڭنى ئاڭلىدىم، — دېدى غەينۇللا ئەۋزى ئادەتتىكىدەك سۆز باشلاپ، — روھىي جەھەتتىن بىئارام بولمىغانسەن؟

— نېمە بولغىنىمنى بىلەلمىسەممۇ ئۆزەم غۇلجىدا، روھىم قازاندا ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى، — دېدى ھاياجانلىنىپ.

— ھى ھى ھى. . . مۇنداق دېگىن. ياخشى پۇرسەت بوپتۇ-دە! — دېدى غەينۇللا ئەۋزى كولۇمسىرەپ.

— شۇ پۇرسەت ماڭا بىر مەدەنىيەت بېغىنىڭ ئاچقۇچىنى كۆرسەتكەندەك بولدى. ئۇ ئاچقۇچقۇ مەندىن يىراق، لېكىن دېرىزىدىن كۆرگەندەك تەسىراتقا ئېرىشتىم! — دېدى لۇتپۇللا روھلىنىپ، — بەلكى سىز، ساڭا مۇناسىۋىتى يوق چوڭ يەرگە نېمىشقا ئېسىلىسەن؟ دەرسىز، مېنىڭچە بۇ بىر تەسادىپىي بولسىمۇ، بىلىپ قويغىنىم ياخشى.

— زەينەپ ئاپپايدىن ئارزۇيۇڭنى ئۇقتۇم. مىرجانى تۇغرىلىق قىزىقىشىڭ دەرۋەقە سېنىڭ يېشىڭغا نىسبەتەن بەك ئەتىگەن. بىراق سەندەك يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچىلەرگە تېپىلماس ئۇلگە. دۇنيادا مەشھۇر شەخسلەر ئاز ئەمەس، ھالبۇكى شۇلارنىڭ بىرسى بولغان ئالىم مىرجانى ئۆزگىچە، — غەينۇللا ئەۋزى سەل توختىۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مىرجانىنى شەرھلىشىم ئۇنىڭ تاتار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. ئۇ، گەرچە ئىسلام دىنى مەرتىۋىسىدە ئەۋلىيا سۈپەت زات ھېسابلانسىمۇ، ئىلمىي جەھەتتىن ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئالىم . . . شۇنىڭ ئۈچۈن

مىرجانىنىڭ ئەسەرلىرى ئىنگلىز، ئەرەب، پارس، رۇس.
. . تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تەتقىقات دەستۇرى بول-
ماقتا.

غەينۇللا ئەۋزى ئۇستەل ئۇستىدىكى قارامتول يېشىل
مۇقاۋىلىق قېلىن بىر كىتابنى ئالدىغا تارتىپ:

— مانا بۇ شاھابىدىن ئەلمىرجانى ھەزرەتلىرىنىڭ يۈز
ياشلىق مەرىكىسىگە بېغىشلاپ 1915-يىلى قازان «مائا-
رىپ» مەتبەئەسىدە سالىخ بىننى سابىت ئابدۇللىن تەييار-
لىغان كىتاب، — دېدى.

لۇتپۇللا كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىگە ئىتتىكلا كۆز
تاشلىغاندى 639-بەتنى كۆردى.

— مىرجانى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى غەينۇللا
ئەۋزى، — ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ،
بالا چاغلىرىدىن تارتىپلا ھەممە نەرسىگە قىزىقاتتى. شەي-
ئىلەرنىڭ تاشقى ھالىتىنى ئەمەس، تەكتىنى بىلىشكە ئۇ-
رۇناتتى، كىشىلەردىن سورايتتى، ئىزدىنەتتى. . . مەسى-
لەن، ئۇنىڭ بالىلىق تۇرمۇش ھاياتىدىن مىسال كەلتۈر-
گەن تەتقىقاتچىلار مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ:

"مىرجانى بوۋىسىدىن:

— قۇرئاننى تەرەتسىز تۇتۇشقا بولمايدىكەن، نېمە
ئۈچۈن تەرەتسىز ئوقۇشقا بولىدۇ؟ — دەپ سورىغاندا،
بوۋىسى:

— چۈنكى ئادەم قول بىلەن پاسكىنا نەرسىلەرنى تۇ-
تۇپ، بېزەپلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى تە-
رەتسىز تۇتۇشقا بولمايدۇ. ئەمدى ئېغىز بولسا، ھەرۋا-

قىت پاكىز تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇشقا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن...“
دېمەك، مىرجانى شۇنداق ئەستايىدىل بولغاچقا پەن-نى، دىنىي يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئەرەب، پارس، تۈرك، رۇس تىل-يېزىقلىرىنى ئىگەللەپ كىتابلار يازغان ھەم شۇ ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان.
19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاتار ئۆلىمالىرى شەرق-نىڭ كۆلەڭگۈسىدەك ياشاپ، ئالدىغىمۇ ماڭالمايدىغان، كەينىگىمۇ يانالمايدىغان ھالەتتە تۇرۇپ قېلىپ ياۋروپا مە-دەنىيىتىدىن قاچقاندا، مىرجانى يۈلتۇزدەك ئوتتۇرىغا چى-قىپ، ئىلىم-پەن ھەققىدە ئىلىم نەقلىيە، ئىلىم ئەقلىيە دېگەننى تەكىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يونان، پارس، ئەرەب ئىلىملىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەرىپلىدى. غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى.
مىرجانىنىڭ: «غلالته الزمان خى تاريخ بلغارو قزان» دېگەن ئەسىرىنى رادىلوف رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ: ”مىرجانى بۇ تۇنجى ئىلمىي ئەسىرى بىلەن ياۋروپاغا مەلۇم بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس تارىخلارنى روشەن بايان قىلىپ بېرەلىگەن“ دەپ يازغانىدى.
”...مىرجانىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى توغرىسىدا كاتانىف بىلەن مالوفنىڭ يازغانلىرى خاراكتېرلىكتۇر“.
”... بۇ كىتاب قازان مولليسى مىرجانىنىڭ ئەسىرى-دۇر. ئۇ، تارىخ ھەم ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن مۇھىم بولغاچقا، رۇس ۋە ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. .. ئۇنىڭدا روسىيىدە ساياھەت قىلىپ، بۇلغاردا بولغان

ئەرەب ئالىم-ساياھەتچىلەردىن: ئىبنى فەزلان، ئىبنى بە-تۇتە، مەسئۇدى، شەمشىدىن دەمەشقى. . . قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالغان. ئۇ بۇلغار، قازان خەلقلىرى، ئۇستى-دە ئىزدىنىپ، خاراكتېرى، ئەخلاقى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى شەرھلەپ، ئۇلارنىڭ تۈرك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى مۇ-ئەييەنلەشتۈرگەن. ھەرئىككى خەلق بىر تىلدا سۆزلىشى-دۇ. دىنى، ئېڭى، ھېسسىياتلىرى ئوخشاش. شۇبھىسىز-كى قازان خەلقى بۇلغارلارنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. . . »

مانا بۇلار كىتاب-ژۇرناللارنىڭ بايانى بولۇپ، مەن ساڭا ئۇزۇندىلەر كەلتۈردۈم. مەن سېنىڭ كۆپرەك ئاڭلى-ۋېلىشىڭ ئۈچۈن كۆپرەك سۆزلىدىم، زېرىكىپ قالمىغان-سەن؟ .

— غەينۇللا مۇئەللىم، بارغانسېرى دىلىم يورۇپ مىرجانىدەك ئالىمنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايەن بو-لۇۋاتىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا قولىدىكى قېرىندىشىنى پىر-قىرىتىپ قويۇپ.

— ئەمىسە ياخشى. مەن ساڭا ئۇنىڭ كىتابلىرىنى، ھەتتا پارس، تۈرك، ئۆزبېك كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلى-رىنى بېرىپ تۇرىمەن. رۇسچىنى بىلگىنىڭدە، كۆرۈپ-بىلىش دائىرەڭ تېخىمۇ كېڭەيگەن بولاتتى. — دېدى غەي-نۇللا ئەۋزى بىر تۈرلۈك سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن، — بۇ يىل تاتار مەكتىپى بىلەن خوشلىشىدىغان يىلىڭ. ئان-دىن رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇيسەن، بۇنىڭغا توسالغۇ يوقتۇ؟

— توسالغۇ يوق، ئۆزەممۇ قىزىقىمەن.

— ئۆز قىزغىنلىقىڭنىڭ بولۇشى ھەر قانداق داۋانغا
يارمىشىپ چىقىشىڭنىڭ كاپالىتى، — دېدى غەينۇللا ئەۋ-
زى ئالدىدىكى ژۇرناللارنى ۋاراقلاۋېتىپ، — سەن ئالد-
لەگدە ساۋاتلىق بولۇپ ئانا تىلنى پىششىقلىدىڭ، بۇ
بىرىنچى قەدەم، تاتار مەكتىپىدە بىلىم پونتامىنتىغا ئاساس
سالدىڭ، بۇ ئىككىنچى قەدەم، رۇس گىمنازىيىسىگە كى-
رىپ ئوقۇشۇڭ ئۈچىنچى قەدەم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە
تۆتىنچى، بەشىنچى قەدەملەر بولىدۇ، — ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ بىر پەس جىم بولۇپ قېلىپ، يەنە سۆزىنى داۋام-
لاشتۇردى، — ئۆزەڭ ئېيتقانىدەك تويۇقسىزلا قىزىقىپ
قالغان مىرجانىنى تەرپىلىشىم ھازىردىن باشلاپلا ئۇنى تەت-
قىق قىلىشىڭنى تەكلىپ قىلغىنىم ئەمەس، بۇ ھەفتە يۇ-
قىرىدا تەكتلەپ ئۆتتۈم. ئىلىمگە قىزىققۇچىلار ئۈچۈن
تونۇلغان ئالىملارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، مىللەت، دىنىي
ئوخشىماسلىقى كاشىلا قىلمايدۇ. مىرجانى شۇنداق ئۇل-
گىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ مەسىلەكلىرىنى دىنمۇ، پەنمۇ
ئىنكار قىمايدۇ.

مىرجانى مۇتەئەسسىپ دىن تەرغىباتچىلىرىغا:"...
رۇسچىنى بىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، مەملىكەتنى ئىدارە
قىلىنۇاتقان تىل-يېزىق شۇ رۇسچە ئەمەسمو! بىز ئارىلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىماملىرىمىز ئاز-تولا ھۆكۈمەت
ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل. گېزىت-ژۇرنال، ئاخبارات،
پەرمانلار شۇ تىل-يېزىقتا ئەمەسمۇ؟... بۇلارنى بىلىۋې-
لىش قانۇن-پەرمانلارنى ئىجرا ئۈچۈن پايدىلىق تۇرسا،
ئۇنىڭ نېمىسى خاتا؟ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ پەرزدۇر"

دېگەندى. سېنىڭ باشقا مىللەت تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىڭنى تۆۋەن كۆرگەنلىك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟...

پاراڭلار ئاخىرلىشىپمۇ قالدى. لۇتپۇللانىڭ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىنى مۆلچەرلىگەن غەينۇللا ئەۋزى:

— تاماق يېيۋېلىپ ماڭ. بۇ بىر قائىدە ئىكەنلىكىنى بىلىسەنغۇ، — دېدى.

لۇتپۇللا ئىبغىز ئىچىپ بىر نەرسە دېگۈچە تاماقمۇ كەلتۈرۈلدى. بۇ، ياغيۇنى پىشۇرۇۋېلىپ، پىياز ۋە قوي يېغى مىجىپ مايغا دۇملەنگەن تاتارچە سامسا ئىدى. كىچىك تەخسىگە ئېلىپ، ئۈرۈش سىركىسى بىلەن قارىمۇچقا مىلەپ ۋىلكا بىلەن يېيىلەتتى. ئۈستەل ئۈستىدە يەنە توغرالمىغان ئاش كۆكى بار ئىدى. ئۇنى بىرنەچچە تالدىن ئېلىپ، تۇزغا ئارىلاشتۇرۇپ خام پېتى يەيتتى.

— بۇ تائاملارنى تاتار ئاغىنىلىرىڭنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن بولغىيتىڭ؟. — دېدى غەينۇللا ئەۋزى.

— بىراق سامسا بىلەن خام ئاش كۆكنى يېگەننى كۆرمىگەنىكەنمەن. — دېدى لۇپتۇللا.

مۇنۇ مېۋە شىرنىسىدىنمۇ ئىچكىن.

لۇتپۇللا قايتقاندا دالاندىكى سائەت ئون قېتىم كاككۇك دەپ سىگنال بەرگەندى.

تۈن قاراڭغۇسىدا يول يۈرۈش قولايلىق بولمىسىمۇ، تونۇش كوچىلار لۇتپۇللاغا ھېچقانچە دەخلى قىلمىدى. بىراق ئۇ كەلگىنىدە پەيدەك يېنىك قەدەم تاشلىغان بولسا، ئەمدى ئۆزىنى ئاران كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك بىلىندى؛ "ئىبە-

تىمال، — دېدى ئۇ، — بۇ ئۇستازدىن ئالغان تەلىمىمنىڭ بىشارىتى بولسا كېرەك».

ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. بەزىلىرى يېقىندەك، بەزىلىرى تولىمۇ يىراقتەك ئىدى. ئارىلاپ تىنىك ياكى توغرىسىغا كۆچكەنلىرىنىڭ، ئىزىدا ئۇزۇن يورۇق سىزىق پەيدا بولۇپ يەنە يوقىلاتتى.

8

بۇ گۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىغىنى بولغاچقا، چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بەردى. لۇتپۇللا مۇنداق پۇرسەتلەرنى بىكار ئۆتكۈزمەيتتى. شۇڭا بىرقىسىم يېڭى شېئىرلىرى يېزىلغان خاتىرە دەپتىرىنى يانچۇقىغا سالغىنىچە گېزىتخانىغا يولۇقۇپ، ئاندىن باشقا ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

كېلىپ تۇرىدىغان گېزىتخانىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ سول قول پېشايۋاندىن تۆت بۆلۈملۈك كارىدۇردىكى "تەھرىر بۆلۈم" دېگەن ئىشخانىغا سالام بىلەن كىرگەندە تەھرىرلەر بىلەن بەتچىك ئۇستەل ئۈستىدىكى گېزىت نۇسخىسى توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي بەتچىك نابوربۆلۈم تەرەپكە گېزىت نۇسخىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. لۇتپۇللا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى بىلمىسىمۇ، بۇيەردىكى خادىملارنىڭ ئالدىراش ھەم ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئالدىراش بولمايدىغان كۈنۈڭلار يوقكەن-دە. ئەن-

ۋەر ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا.

— ھەي، ھەرقانچە ئالدىرىساقمۇ يەنىلا ئالدىرىمىغان-لارنىڭ كەينىدە يۈرىدىكەنمىز، -دېدى ئەنۋەر ناسىرى. بۇلۇمدىكىلەر كۈلۈشتى.

— ئەنۋەر ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا، — سىز دېگەن ئالدىرىماي ئالدىغلارغا ئۇتتۇۋالغانلارنىڭ نېمە ئېتىۋارى بولسۇن؟ سىلەرنىڭ باسقان قەدىمىڭلار ئىز سېلىپ ماڭ-دۇ-دە!

— بۇ نېمىدېگىنىڭ؟، — سورىدى ئەنۋەر ناسىرى.

— مانىغۇ پاكىت! -دېدى لۇتپۇللا ئىلى گېزىتىنى كۆرسىتىپ. بۇلۇمدىكىلەر بۇ مەنىلىك سۆزگە كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر پەس ھەرخىل پاراڭلار بولدى.

— بۇ گەپچە بۇگۈن خېلى ۋاقىتىڭ بار ئىكەن. ئەمە-سە مەنمۇ بىللە بولاي، مەرۇپ ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويايلى، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى، — ئۇ سەن بىلەن تونۇشۇپ، سىرداشماقچى ئىدى.

—قانداق قىياپەتتە تۇرۇشۇم كېرەك؟—دېدى لۇتپۇل-لا.

— ھەي! ، — دېدى يېشى چوڭراق كەلگەن، تونۇش بىر تەھرىر، — ئۇ سەندىن ئىمتىھان ئالمايدۇ!

— ئۇنىڭغا ھەيران قالما، —دېدى يەنە بىرسى تەھ-رىرگە قاراپ، — لۇتپۇللا مەكتەپتە تولا ئىمتىھان بېرىپ ئادەت بولۇپ كەتكەچكە شۇنداق دەۋاتىدۇ!

— توغرا سۆز، — دېدى لۇتپۇللا، — بىز ياشلار ھەرقاچان چوڭلار ئالدىدا ئۆزىمىزنى ئىمتىھان بەرگۈچى

دەپ بىلمىز، سىلەرمۇ ئۇز دائىرىڭلەردە ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەسقۇ دەيمەن؟

بۇلۇم ئىچىدە باياتىن قىستاپ كىلىۋاتقان كۇلكىلەر بىردىنلا كۇتۇرۇلدى. لۇتپۇللا ھەردائىم كەلگەندە بولۇپ تۇرىدىغان مۇنداق قىزغىن كەيپىيات خۇددى تىنجىق ئۇيىگە دىرىزىنى ئىچىپ ھاۋا ئالماشتۇرغاندەك روھىي تېتىكلىك ئاتا قىلدى. ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا شۇ ھالدا كوچىغا چىقىپ ئۇدۇللا كەتتى.

بۇلارنىمىدىگەن بىلەن مەرۇپ سەئىدىنىڭ بۇلۇمدىكى چىغىدا كۇرۇشۇشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار قول ئىلىشىپ كۇرۇشۇپ، ئولتۇرغاندىن كىيىن مەرۇپ سەئىدى لۇتپۇللاغا تىكىلىپ قارىغىنىچە:

— ئىسمىڭ جىسمىڭغا لايىق، چاغالمايدەك[1] يىگىت ئىكەنسەن، — دىدى. لۇتپۇللا كۇلۇمسىرىگىنىچە مەرۇپ سەئىدىگە تىكىلدى. ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق يۇزلۇك، چىھەرىدىن ئىللىقلىق، قوي كۇزلىرىدىن ئىلىم ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان بۇ كىچىك پېئىل ئادەمگە بىردىنلا مىھرى چۇشتى.

— سىزگە سالام بىرىپ، كۇرۇشكىلى كەلدىم، — دىدى لۇتپۇللا.

— شىئىرلىرىڭنى كۇرۇپ تۇردۇم، — دىدى مەرۇپ سەئىدى لۇتپۇللاغا زەڭ قويۇپ، — ئاڭلىسام ھىزىم ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، قائىدە بويىچە مەن سىنى

---

[1] قورغوي، قۇشلار ئائىلىسىدىكى بىر كىچىك ئۇچار قانات.

ئېزىدىشىم كېرەك ئىدى. نېمىشقا دېسەڭ ھېزىم ئاخۇن ئاكا ماڭا ئىلىم بەرگەن ئۇستازلارنىڭ بىرسى ئىدى-دە!

— ئۇ سەل گېپىنى توختىتىپ لۇتپۇللاغا ئاتىسى بىلەن سىلىشتۇرغاندەك بۇدۇر چېچى ئاق قىزىل يۈزى، شوخ كۆزى، تىنىمسىز ھەرىكىتىنى ھەر قانچە تەڭلەشتۇرسىمۇ ئۆزگىچە ھېس قىلدى، — ئاڭلىشىمچە داداڭ نىلقىدا ئىكەنغۇ؟

— ھەئە.

— نېمە تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟

دېھقانچىلىق قىلىدۇ، قورۇقى، چارۋىسى بار. ئۇ ئۆزى سالدۇرغان مەسچىتنىڭ ئىمامى.

— ھىم. ئەسلى مەدرىستە مۇدەررىس بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم ئىدى. بىراق، . . . — ئۇ، بىردىنلا گەپنى ئۆزگەرتىپ، — قايسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن؟ . — دېدى.

— تاتار مەكتىپىدە.

— ياخشى. ئوقۇش ئارىلىقىدا يازغان شېئىرلىرىڭ مېنى قىزىقتۇرىدۇ. بەزىدە ”ئۆركىشى“ دېگەن تەخەللۇس بىلەن، بەزىدە مۇتەللىپ دېگەن فامىلەڭ بىلەن چىقىدۇ. مەيلى، بۇلار ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە. — مەرۇپ سەئىدى ئەنۋەر ناسىرىغا بۇرۇلۇپ، — سىلەرمۇ رىغبەتلەندۇرۇپ تۇرغانسىلەر؟، — دېدى.

— مەرۇپ ئاكا، لۇتپۇللانىڭ شۇنداق قىستاڭ ۋاقىتلار ئىچىدە شېئىرلارنى يازغىنىغا بىز قايىل بولۇۋاتساق، قانداق رىغبەتلەندۇرەلەيمىز؟، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

— ياق-ياق، — دەپ كەپ ئارىلىدى لۇتپۇللا، — مېنىڭ يازغان شېئىرلىرىم ھەرقايسىڭلاردەك ئۇستازلار-نىڭ تەلىمىدىن ئايرىلالمايدۇ!

— ئەدەب قائىدىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىزاھاتىڭ دۇ-رۇس. لېكىن ياش نوتىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش بىزنىڭ بۇرچى-مىز. — دېدى مەرۇپ سەئىدى، — تاتار مەكتىپىدىكى ئوقۇشۇڭ قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟

— بۇ يىل، ئاندىن رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئو-قۇيمەن.

— بۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىنتىلىش. ئەگەر رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇپ قالساڭ، ئەتراپلىق بىلىم ۋە ئىلغار ئاڭغا ئېرىشىسەن. ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرى سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە بولىدۇ. بو-لۇپمۇ ئەدەبىي جەھەتتىن پوشكىن، ماياكوۋسكىي، يېسېنى-نلاردەك پېشۋالارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشا-لايسەن. — دېدى مەرۇپ سەئىدى. لۇتپۇللانى ئۆزىگە قارىتىپ، — بۇ گەپلەرنى جانلىق چۈشەنگىن ھە!. ئۈلگە رۇسلاردىلا بار دېمەكچى ئەمەسمەن. يىراقتىن ئېيتسام يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايىلار، يېقىندىن موللا بىلال قاتارلىقلارمۇ بار. بىراق مەتبەئە نامراتچىلىقىمىز ئېھتىيا-جىمىزنى قاندۇرالمايدۇ. توغرىمۇ ئەنۋەر؟

— ھەي، ئۇ توغرىلىق گېپىمىز تۈگىمەيدىغۇ، ئال-قاندەك گېزىتنىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزگە ئايان. — دېدى ئەنۋەر ناسىرى چوڭقۇر تىنىپ.

— پېشقەدەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ ھەمسۆھبەتلەردە

بولۇشىمىز ئۆگىنىشىنىڭ بىر خىل جانلىق ئۇسۇلى. گې-
زىتخانىغا يولۇقۇپ تۇرۇشۇڭمۇ شۇنىڭ بىر مىسالى.
شۇنداقلا سانائىنەپىسەگە كېلىپ تۇرساڭ ئەدەبىياتچىلار
مۇزىكانت، ناخشىچى، قىزىقچىلار بىلەن ئۇچرىشىسەن،
تەلىم ئالىسەن. سېنىڭچە قانداق؟
— ئىنتايىن قىزىقىسەن.
— توغرا دېدىڭ، قىزىقىش ئىرادىنىڭ ئىپادىسى.
شۇنداقمۇ ئەنۋەر؟
— شۇنداق بولمىدىغان مەرۇپ ئاكا، —دېدى ئەن-
ۋەرناسىرى، —ئىجتىمائىيلاشمىغان ئوقۇشتىن ئەتراپلىق
بىلىم ھاسىل بولمايدۇ دەڭە.
— بۇ مەزمۇنلاردا شۇنچىلىك پاراڭ قىلىشايلى، يا-
شانغانلار ھەرقاچان ياشلارغا ئۆزلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن
مۇساپىلىرىدىكى تەجرىبە— ساۋاقلارنى قوشۇپ سۆزلەش
ئادەت بولۇپ قالغان، — دېدى مەرۇپ سەئىدى ئەنۋەر
ناسىرى بىلەن لۇتپۇللانى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ.
مەرۇپ سەئىدى ئىش ئۇستىلىدە ئولتۇرغان بولسى-
مۇ، ئۇنى بىر خىيال چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ خىيال
ئەمەس بەلكى ئەمەلىي خاتىرىلەرئىدى، يەنى بۇگۈنكى جا-
ھالەت دۇنياسىدىكى ھەشقىپىچەكسىمان يۆگىشىۋالغان
قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق، كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنىڭ
تالىشىشى ئىدى. مانا بۇ مىڭلىغان مەرۇپ سەئىدىلەرنىڭ
بېشىدا مۇئەللەق تۇرغان سەرگۈزەشتىلەر ئەمەسمۇ؟
يوقسۇل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن مەرۇپ
رېھىمباقى ئوغلى سەئىدى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ،

ئوغۇرلۇقچە پەننىي تەلىممۇ ئالغانىدى. بىراق ئۇنىڭ ئالغان بىلىمى تولا ئۆزۈلۈپ تۇگۈچ چىگىلىپ قالغان ئارغامچىدەك بولۇپ، سەرسانلىق يىللار بەدىلىگە توپلانغانىدى. بىراق ھەقىقىي ئالتۇن ئوتتا ئۆتمىگەندەك قەلبىدىكى غۇۋا بىر ئىنتىلىش ياش مەرۆپنى ئالغا تارتاتتى. ئۇ، خىلمۇخىل شەكىللەردە، شارائىتلاردا دىلىنى يورۇتىدىغان ئىلىم ئىزدىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن كۆزى ئېچىلىپ، ئەلگە تونۇلغانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى... لېكىن "مەردنى سىنايدىغان مەيدان" قەيەردە ئۇنىڭغا تەييار تۇرۇپتۇ؟

ياش مەرۆپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بەلباغلاپ تىرىشىپ ئۆگەندى. خەلپەتمۇ بولدى، ئەمدىلەتىن بىخ ئۇرۇۋاتقان مائارىپ ساھەسىدە مۇئەللىممۇ بولدى، يەنىلا قىقلىپ-سوقۇلۇپ يۈرۈۋەردى... پەقەت ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا تەلەپچان مەرۆپ "ئەخلەت ئىچىدىكى ئالتۇن" بولۇپ ئىلغار كۆچلەر تەرىپىدىن پاناھلىققا ئېرىشتى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىمى، خەلقپەرۋەر شائىر بولۇپ تونۇلدى.

مانا ھازىر ئىز بېسىپ چىقىۋاتقان تالانت ئىگىسى لۇتپۇللا بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ قالغانىدى.

لۇتپۇللا بىلەن كوچىغا چىققان ئەنۋەر ناسىرى بازارغا يۈزلەنگەندە لۇتپۇللا:

— نەگە ماڭدۇق؟ — دېدى.

— سىنى بىر ئاشخانىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلاي دەي-

مەن،— دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

— ئۇنداق بولسا، يۈسۈپ تاز دېگەننىڭ كۆتەمە ئاشـ
پۇزۇلىدىن ئۇتۇپ كەتتۇقمۇ؟.— دېدى ھاڭ-تاڭ بولغان
لۇتپۇللا.

— ياق، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى،— مەن سېنى تەمى
ئېغىزدا قالىدىغان ”تاماق“ بىلەن مېھمان قىلىمەن.

بۇ ئىككىسى ”سىرلىق“ چاقچاق-پاراڭلار بىلەن چوڭ
كۆۋرۈكنىڭ سۇ بويىدىكى ئىككى قەپەزدە بەسلەشكەندەك
سايراۋاتقان بوز تورغاي ئېسىقلىق چايخانىغا قاراپ بۇرۇلـ
دى. چايخانىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدە ئۇزۇنچاق تاختايغا
بىر چەينەك بىلەن سىر كاينىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ،
ئۇنىڭ كەتكەن پەرەڭنىڭ پارچىسى شامالدا لەپىلدەپ
تۇراتتى. لۇتپۇللا بۇنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ
ھەيران بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە چايخانىغا يولۇچىلار،
ئوقەتچىلار، كەمبەغەللەر كىرەتتى. ھازىر بولسا، نامى
چىققان بىر شائىر ھەم خىزمەتچى ئەنۋەر ناسىرى ئېغى
”مېھمان قىلىمەن“ دەپ ئۇزىنى باشلاپ كىرگەنىدى. دېـ
دى لۇتپۇللا، ئەنۋەركام سىرتتىن سامىسا، ياكى پىشقان
گۆش ئېلىپ كىرىپ، چايخانىدا يەيمىز دېگەن بولسا كېـ
رەك دەپ ئويلىدى، شۇ ئەسنادا چايخانىچى:

— خوش كېلىشىپسىز مېھمانلار، بۇ يەردە ئورۇن
بار،— دەپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

— بىزگە ئىككى شىرمان نان بىلەن بىر چەينەك پەـ
مىلچاي دەملەپ بەرسىلە،— دېدى ئەنۋەر ناسىرى ئولتۇـ
رۇپ بولغاندىن كېيىن،— يەنە ناۋتى بىلەن،— دەپ قوـ

شۇپ قويدى.

"ئايغىدا قۇرۇت ئۆلمەيدىغان" چاققان چايخانىچى خۇددى ئىلگىرى تەييارلاپ قويغاندەك بۇيرۇتمىنى بىر-دەمدىلا بەجا كەلتۈردى.

— ئەنۋەر ئاكا، — دېدى تېخىچە تىڭىرقىغان لۇتپۇل-لا، — زادى نېمىشقا چايخانىغا كىردۇق؟

— پۇلى يوق ئەكىردىمىكىن دەپ قالما، — دېدى ئەن-ۋەر ناسىرى، — راست گەپنى قىلسام مېنىڭ مەقسىدىم ساڭا بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرسىتىش. بۇ يەر كىشى-لەرنىڭ كۆزقارىشىدا پەقەت ئاددىلا قورساق تويغۇزۇش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن يەنە بىر مۇھىم تەرىپىنى: ھەر خىل ئۇچۇر، ناخشا-ساز، چاقچاق، پاراڭلار سورۇ-نى ئىكەنلىكىنى كۆپ ئادەملار بايقىمايدۇ، — ئۇ، چەي-نەكتىن چاينى لۇتپۇللانىڭ سىركايىسغا لىقلاپ قۇيۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز شۇلاردىن بەھرىمەن بول-مىز. بەلكىم تەلىيىمىزگە ۋائىزلارمۇ كېلىپ قالار.

مانا ئەندى لۇتپۇللانىڭ خىيالىدىكى تۇمانلار تارقى-لىپ سۈزۈكلەشكەندەك بولدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەنۋەر ئاكا، تەكلىپىڭىزنىڭ تېگىدە تەكلىپ بار ئىكەن-دە.

— ئادەتتە ئۇنداق ئادەملەر چۈشتىن كېيىن بۇ يەردە قايناپ كېتىدۇ، بىراق بۈگۈن قانداقلىرى كېلىدىكىن، — دەپ سەل بوشلۇق قالدۇردى ئەنۋەر ناسىرى.

ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا ئۆزئارا پاراڭ قىلغاچ ئەتراپتىكى چايخورلارغا نەزەر تاشلىدى. خىلمۇخىل ئا-

دەملەرنىڭ بەزىلىرى تېرىكىپ سۆزلەشسە، بەزىلىرى ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈچە ئېچىلىپ كۈلۈشەتتى، بەزىلىرى ھېچكىم بىلەن كارى بولماي خىيال بىلەن ئولتۇرسا، بەزىلىرى ئېگىشىپ پۇل سانايتتى، يەنە بەزىلىرى بازاردىن ئالغان نەرسىلىرىنى ئەمدىلا كۆرگەندەك قاراپ تەكشۈرەتتى، يەنە بەزىسى ئىچكەن چېيىنىڭ تايىنى يوق، تىزىغا دوپپىسىنى كىگۈزۈپ قويۇپ، نەيچە تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇراتتى. . . قىسقىسى، چايخانا ئىچى ئىس-تۈتەك ۋە رەتسىز ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرى بىلەن تولغانىدى.

دەل شۇ چاغدا ئوتتۇرا ياشلىق ئۈچ كىشى بىر-بىرىسىنى سۆرەشكەندەك كىرىپ كېلىشتى. ئارىدا بىرسى بېغىر رەڭ دوپپىسىنى قولىدا تۇتقىنىچە:

شوپاڭدىن ھاراق ئىچسەم،
شەنبىڭ داڭزىغا ئالدى.
بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
ئويناپ ئالغىنىڭ قالدى.

—قانداق دېدىم ھەي ھېتەك تاز! ۋاھ ھاھا. . . ، دېدى.

— كېلىشسىلە، يىگىتنىڭ گۈللىرى!،— دېدى چايخانىچى كۈلۈپ تۇرۇپ.

چايخانىنىڭ ئىچى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكتى. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ھېلىقى كىشىلەردە ئىدى.

— مەھەللىمىزدە بىر پاراڭچى قېرى بار ئىدى، —دەپ لۇتپۇللانىڭ دىققىتىنى بۆلدى ئەنۋەر ناسىرى،— ئۇ ھەرقانداق گەپنى: "خۇدايىمنىڭ بەزى كۈنلىرى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل، بەزى كۈنلىرى خۇدا بىلەن رەسۇل" دەپ باشلايدىغان، سىنىڭ تۇنجى قېتىم كەلگىنىڭدە ماۋۇ خەق-نىڭ قىلىقلىرى نىمە ۋەقەگە ئېلىپ بارار؟ — دېدى ھېلى-قى ئۈچ كىشىنى كۆرسىتىپ.

— ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا جېدەلگە ئېلىپ با-رىدىغىنى ئېنىقراقتەكقۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

ھەي تاز! ، — دېدى بايىقى ناخشا ئېيتقان "يىگىتنىڭ گۈلى"، — مەن بۈگۈن ياماتۇلۇق سېلىم بىلەن ئېلىشتىم! بىلسەڭغۇ مېنى؟

— بۈگۈنكى ۋەزىپەڭنى تۈگىتىپسەن-دە؟! ئۇ، ھە-قىچان ئالدىڭدا ئېگىلگەندۇ، سەن دېگەن قازانچىلىق مەر-دان قولتۇق-تە! — دېدى چايخانىچى ھېتەم.

— ھا ھا ھا، ھەي! ئۇمۇ يامان گۆيكەن. ئىككى چىشىمنى چۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ، قانچىلىك ئىش ئىدى؟

ھاراق ئىچتىم، بوزا ئىچتىم،
داڭلىقخان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،
قەلىقەي ياغلىق بىلەن.

— دەپ يۈرۈۋېرىدىغان مەردان قولتۇقمەن!

دەل شۇ ئەسنادا ئىككى كىشى كىرىپ كېلىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغان ھېتەم ئەپچىللىك بىلەن تام تەرەپ-تىكى سۇپىنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ چاي قويدى. ئۇ-

لار چايخىمۇ قارىماي دەرھالللا تامدا ئىسىغلىق تەمبۇر بە-
لەن دۇتارنى ئېلىپ سازلاشقا كىرىشتى. ئۇلار باياتىن
بولغان مەسىلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقىنى بىلمەيمۇ ياكى
مۇنداق تالاي-تالاي مەسىلەرنى كۆرگەچكىمۇ پەرۋايى پە-
لەك ھالدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولدى. بۇ ھال سورۇن
ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىدى.

— ئاپلا!، — دېدى لۇتپۇللا، — مۇنۇ مەسىلەر بىسە-
رەمجان قىلىدىغان بولدى—دە!

ئەنۋەر ناسىرى ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىرنېمە دېمەكچى
بولۇۋىدى جاراڭلىغان ساز ساداسى باشلىنىپ كەتتى.

— خەپشۇك! ساز ئاڭلايلى ھە!

ھەيران قالارلىق ئىش، باياتىن خۇددى لۇتپۇللادەك
خاتىرجەمسىزلىنىپ ئولتۇرغان سورۇندىكىلەر بۇ چاقى-
رىقنىڭ دەل مەردان قولتۇقنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنىغا
ھاڭ-تاڭ قالدى.

— لۇتپۇللا!، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى، — كۆردۇڭمۇ
مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى؟

لۇتپۇللا ھېچنەرسە دېمەي ساز-ناخشىغا قۇلاق سالات-
تى. سازەندىلار «ھارۋىكەش ناخشىسى» دىنلا باشلاپ
ئۆزلىرى تىزىۋالغان بىرقاتار ناخشىلارغا چۈشۈپ كەتتى.
ئارىلىقتا مەسىلەرنىڭ بىرسى ئۇسسۇلغا چۈشكەندى،
مەردان:

—ھوي شامالغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان زاڭ، چىلىنى-
ۋاتقىنى ئۇسسۇل پەدىسى ئەمەس!، — دەپ ئولتۇرغۇ-
زۇپ قويدى.

سازەندىلەر بىر مەيدان چېلىپ توختىدى. ئۇلار ئارىلاپ كېلىپ، مانا شۇنداق نەغمە — ناۋا قىلىپ كېتىدىغان ھەۋەسكارلار ئىدى. سازدىن كېيىن ئۇلار ئۇز ئارا چاقچاق قىلىشتى بولغاي، كۇلكىدىن باشقا سۆزىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

— مەردان! — دېدى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن چايخانىچى ھېتەم، — قېنى بايىقى ناخشاڭنى ئېيتمامسەن، سازەندىلەرنىڭ بارىدا!

— "تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك" گەپ قىلدىڭا ھېتەك! مېنىڭ ناخشام سازغا چۇشسە بۇلارغا نېمە قالىدۇ، — دېدى.

— ھەي! بايىقى ناخشا ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھېتەم يەنە سۆز گەپ تېپىش ئۇچۇن.

— ھە، ئۇ دېگەن دۇڭ شوپاڭدىن باشلانغان مۇڭ! ئۇنىڭ سازى تۇت سەر. خېرىدارى، مەستلەر، ھا ھا ھا.

مەردان قولتۇقىنىڭ بۇ قاۋاق مۇھەببىتىگە سورۇندىكىلەر قايىل بولۇشقاندەك كۇلۇشۇپ كەتتى. ئەمدى نېمە قىزىقچىلىقلار بولاركىن دەپ ئولتۇرغاندا، چاپىنىنى سول مۇرىسىگە تاشلىغان مەردان خۇددى بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئاغىنىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر مەيلى تونۇسۇن، تونۇمىسۇن ھېلىقى مەردانلارنىڭ جېدەل قىلماي چىقىپ كېتىشكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتى:

— ھەرنېمە بولسىمۇ، جېدەلسىز كەتكىنى ئوبدان بولدى.

— كۆرگەنلا ئادەم بىلەن جېدەل قىلمايدۇ.
— ياماتۇلۇق بىلەن سوقۇشۇپتىغۇ؟
— بۇ، بىر توپ نوچىلار پەقەت نوچىلىق تالىشىپ قان بولۇشىدۇ.
— بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ نوچىسى ئابدۇل توڭگۇز دەيدىغىنى ئىكەن.
— يەنە ياسىن ئاۋاق، تۇرسۇن پاناق، ياگۇر پەشۋا، غۇپۇر ئاقسا دېگەنلەر بار. بۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىپ ئىز-دەيدىغىنى هاراق.
— پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟
— ئابدۇل توڭگۇز دېگىنى بوزا چىقىرىدۇ، تۇرسۇن پاناق دېگىنى زاسوپېز، ياگۇر پەشۋا دېگىنى مەنجاڭ. غوپۇر ئاقسا دېگەننىڭ مۇقىم تىرىكچىلىكى يوق "تەييار-غا هەييار" نەرسە.
— بايىقى مەردان قولتۇق دېگەننىڭ كەسپى نېمە؟
— موزدۇز.
— ئۇلارنىڭ ئىسىمنى لەقىمى بىلەن ئاتىسا خوش بولىدۇ.
— بۇ گەپچە لەقەملىرىنىڭ شۇنچىلىك مەنىسى بار ئىكەن-دە؟
— بەزىلىرى شۇنداق، مەسىلەن ئابدۇل توڭگۇز دې-گەننى بىرنەچچىسى ئۇرۇپ "ئۆلدى" دەپ لەگزى بېشىغا تاشلاپ كەتسە، كېچىدە هوشىغا كېلىپ، چىملارنى تات-لاپ، قومۇرۇپ سۇدا يېتىپ ساقايغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن "توڭگۇز" ئاتىلىپتىكەن.

— يەنە بۇ، سوقۇشقاندا دۈمبىسىگە ئۇرۇلغان پىچاق-نى ئۆيىگە بېرىپ تارتقۇزغانمىش.

— زور ئادەمىكەن؟

— ياق، ھەممە يېرى پەيدىن يارالغاندەك بىر تارمۇچ. ياگور پەشۋا دېگەن بىر تەرەپپازلىق جېدەلىدە گەج-گىسىدە يەر تىرەپ، ئىككى پۇتىنى ھاۋادا لەيلىتىپ يە-گىرمە ئادەمنى پەشۋا بىلەن ياتقۇزۇۋەتكەنىكەن.

— بايىقى جەينەكتەك مەردان قولتۇق دېگىنىچۇ؟

— ئوھوي، ئۇنىڭ تۇرغان تۇرقى ئاشۇ، لېكىن ھەر-قاندىقى بىلەن ئېلىشىپ قالسا، قولتۇقىدىن، چاتىراقتىن، ئوگدىن، سولدىن چىقىپ، ئېلىشقان ئادىمىنى پۇدەپ قويغان دوۋساقتەك قىلىۋېتىدۇ.

— خۇدا ساقلىسۇن تۇرسۇن پاناقنى. ئۇ، ئېلىشقان ئادىمىگە ئوقيانىڭ ئوقىدەك ئۇچۇپ يۈرۈپ باش ئاتىدۇ. ئۆزىنىڭ پاناق بولۇپ قالغىنىمۇ شۇنىڭدىن.

— ساز باشلاندى.

— بەللى-بەللى ھە، شامەگسۇر، — دېدى چايخانىچى ھېتەم.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
كۆيەر ئوتقا سېلىبان،
نەدۇر خىيالىڭ؟
سېنى كۆرگەندەكېلۇر،
ئەقلۇ-خىيالىم.
قايدا بولۇر جانىمەي!

سىنىڭ ماكانىڭ.

— ئارىدىن بىرسى ئورنىدىن قوپۇپ شاختىن چۈش-كەن ئالمىدەك پىرقىراپ، ھەر خىل خۇلۇق قىلىپ، يەرنى تېپىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، دوپپىسىنى نېرى-نېرى يۆتكەپ، ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئۆز مۇلچىرى بويىچە تاللىغان ئادەملىرنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلاتتى. ئارىدىن بىر يېزىلىق بوۋاي چىقىپ بېقىشىپ ئوينىغانىدى، چاي-خانا بىر ئولتۇرۇشتەك تۈس ئالدى.

— ئويۇن-كۈلكە دېسە تۇرالمايدىغان، ئۇسسۇل ئوي-ناپ، ناخشا ئېيتىپ ھارمايدىغان خەلق-تە بىز، — دېدى ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك ئەنۋەر ناسىرى.

—قىزىپ كېتىپ سىزمۇ چۈشۈپ كەتمەڭ-يەنە، — دېدى لۇتپۇللا چېقىشىپ.

— ئۇنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ بۇ بىزنىڭ قېنىمىزدا بار ھەۋەس-تە.

دېگەندەك ئۇسسۇلچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى، تې-خى ئۆرۈم قىلىپ سازەندىلەر ئالدىغا پۇل تاشلىدى. بەزى-لەر ئۆرىمنى ئۇسسۇلچىلارنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇپ قويدى.

كەچقۇرۇننىڭ ھالسىز يورۇقى بارغانسېرى غالىپ كېلىۋاتقان گۇگۇم پەردىسى ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتات-تى. شۇنىڭ بىلەن چايخانىدىكى ناخشا-ساز توختاپ سو-رۇن شالاڭلاشقىلى تۇردى.

ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا ھېتەم چايچى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

كوچىدا بولسا، ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتقان دۇكاندار، تىجارەتچى، كاسىپ يەنە باشقا كىشىلەر ئالدىرىشىپ كېتىشىۋاتاتتى.

— لۇتپۇللا!،— دېدى ئەنۋەر ناسىرى،— چايچى تازدىن چىقتۇق، ئەمدى ئاشپەز تازغا بارامدۇق؟

— بولدى-بولدى،— دېدى لۇتپۇللا بۇگۈنكى كۈندە ھەرقانداق ئاشپۇزۇلنىڭ تامىقى ھېتەم تازنىڭ چايخانىسىدىكىدەك ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ.

بۇلار ئۇز تەسىراتلىرىنى سۆزلىشىپ ئۆز مەنزىللىرىگە ئايرىلىشتى.

لۇتپۇللا يول بويى چايخانىنىڭ خىلمۇخىل مەنبەلەرگە ئىگە سورۇن ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى: ". . . دېمەك، كەڭ پىكىرلىك ئۇستاز-شائىر ئەنۋەر ناسىرى مۇشۇنداق رېئال تۇرمۇش ئىچىدىن ئىلھاملىنىدىكەن-دە. . ." دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەنۋەر ناسىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى خەلق تۇرمۇشىغا يېقىن سىرلىرىنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولدى.

ئەنۋەر مەخپىر ئوغلى ناسىرى 1914-يىلى داڭلىق تۇمۇرچى مەخپىر ئۇستا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مەخپىر ئۇستا يېگىلىق يارىتىشقا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. مۇشۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولۇۋاتقان كىچىك ئەنۋەر ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، مەزگىلدىن بۇرۇن خازان بولغان يوپۇرماقتەك لەيلەپ يۈرۈپ كىشىلەر ئىشكىدە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. .

يىللارمۇ شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. تۇرمۇش ھاۋانچىسىدا

سوقۇلغان ئەنۋەر تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئوقۇش پۇرسىتى-
گە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ سىرلىق جەمئىيەتنىڭ بو-
سۇغىسىدىن ئاتلاپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا
دۇنياغا كەلگەن «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ
نابورچىكلىكىگە قوبۇل قىلىندى. ئاۋۋال كوررېكتورلۇق-
قا، ئاندىن تەھرىرلىككە كۆتۈرۈلدى. بۇ، ئەنۋەر ناسىرى-
نىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، كە-
سىپداشلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا پايدىلىق پەيتلىرى
بولدى. كېيىنكى كۈنلۈكتە ساناقلىق شائىرلارنىڭ قاتارى-
دىن ئورۇن ئالغانىدى.

لۇتپۇللا شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنۋەر ناسىرىنى: ”... بۇ
مېنىڭ قەلەم ئۇستازىم بولۇپلا قالماي، تۇرمۇشنى قانداق
ئۆگىنىش توغرىسىدىكى تەربىيىچىم“ دەپ بىلەتتى.

9

تاتار مەكتىپىنىڭ يۇقىرى سىنىپىنى تۈنجى قېتىم تا-
ماملىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى
تاتار كۇلۇبىدا داغ-دۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. كۇلۇب ئاتا-ئا-
نىلار ۋە باشقا سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولغانىدى.

سەھنىدە دىققەتنى جەلپ قىلىپ، سۆزلەۋاتقان مۇدىر
غەينۇللا ئەۋزى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا خۇددى ھېسا-
بات دوكلات بېرىۋاتقاندەك، ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلە-
رى، مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ مائارىپ ساھەسىگە تۆھپە

قوشۇپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت كەڭ مۇھىتقا ئىلمىي بىخ تەييارلاپ بەرگەنلىكلىرىنى، ئۇ بىخلارنىڭ بۇزىمىزدا كۆكلەپ، مېۋە بېرىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ يار-يۆلەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. يەنە مەكتەپنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا تاتار ئۇيۇشمىسى ۋە ھەبىب يونىچتەك تەرەققىيپەرۋەر جانلىق كۆچلەرنىڭ ياردەملىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ھەمدە بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار نامىدىن تەشەككۈر بىلدۈرگەندە، پۈتۈن زال گۈلدۈراس ئالقىشلارغا چۆمدى. ئاندىن ھەبىب يونىچ تەكلىپ بىلەن سەھنىگە چىقتى.

— كۆپچىلىككە رەھمەت! — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سېرىق، كۆزلىرى كۆك كەلگەن ھەبىب يونىچ، — مېنىڭ مەتبەئە ئارقىلىق بىرەر ئىش قىلىشىم ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. خەلقىنىڭ تىل-يېزىقىنى، مەدەنىي مىراسلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش مەتبەئەسىز ئىشقا ئاشمايدىغانلىقى سىزلەرگە ئايان. . . بۇ ھەقتە ئەمدى قەدەم تاشلىدۇق. ھەممىمىز كۈچ قوشايلى.

كۆلۈبتىكى يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ ئاددىي، قىسقا، مەنىلىك سۆزىگە ئۇزۇن چاۋاكلار چالدى.

كونتەرتىپ بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەم تاتار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى سۆزگە چىقتى.

ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇچىلاردىن پارللېل ئىككى

سىنىپتىن لۇتپۇللا بىلەن راۋىل سۆزگە چىقتى.

راۋىل ئاۋۋال ئوقۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئاخىرىدا ”ساۋاقداشلار“ دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا سۆزگە چىقىپ ئۆمۈ ئوقۇش جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەپ، ئوقۇتقۇچىلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئاخىرىدا ”مەكتەپ“ دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

سۆزگە چىققانلاردىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان كونسېرتلار قويۇلدى.

ئاخىرىدا، ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەلاچىلارغا تەقدىرنامە بېرىلدى، بۇنى ئىلمىي بۆلۈم مەسئۇلى زەينەپ ئاپپاي تارقاتتى.

ئوقۇش تاماملىغان ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى سەھنىگە تىزىلىپ، يىغىن قاتناشچىلىرى زالدىن چىقىپ بولغىچە چاۋاك چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ تۇردى.

مۇراسىم ئەنە شۇنداق دولقۇن ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، قىزلار يىغلىشىپ بىردە ئوقۇتقۇچىلىرىغا، بىردە ساۋاقداشلىرىغا ئېسىلاتتى. ئوغۇل باللارمۇ بىر-بىرىسىگە چېتىپ قويغاندەك گىرەلىشىپ مەكتەپنىڭ مەيدانىدىن دەرۋازىسىغىچە مەكتەپ مارشىنى ئېيتىپ ماڭدى، كوچىغا چىققاندىن كېيىن تارقىلىپ ئۆيىگە قايتىشتى.

مەكتەپنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار كەڭ، مۇرەككەپ جەمئىيەت قوينىغا غەرق بولدى. ئەمدى ئۇلار ھەر كۈنى سائەتلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت دۇنياسى-

نىڭ سىرتىدا ئىدى. لېكىن بۇ كەڭ شارائىتتا ھېچكىمـ
نىڭ ئېنىق ئىش تەخسىماتى، ۋەزىپىسى يوق ئىدى.

## 10

نىلقىغا مېڭىشقا تەييارلانغان لۇتپۇللا نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ بىللە چىقىمەن دېگەنلەر ئىچىدىن ئەخمەتنى لايىق كۆردى.

چۈشتىن كېيىن ئەخمەتنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇنى سىرتتىنلا چاقىردى.

— ئىشلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ چىققىن، دەڭدە ھارۋۇ ئوقۇشىمىز، — دېدى ئۇ.

— ھارۋا بولسا بۇگۈنلا ماڭامدۇق؟ — دەپ سورىدى ئەخمەت.

— شۇنچىلىك تەييارمىدىڭ؟ بۇگۈن قاراپ باقايلى.

ئەخمەت پەشتامىسىنى يېشىپ ۋىرىستەك ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ چىقتى-دە، خەنزۇ بازىرىغا قاراپ ماڭدى. نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتى ئالدىدىن تاشلەپكىگە ئايلانـ
غاندا ئادەملەر ئولاشقان بىر سورۇنغا دۇچ كەلدى. ئادەمـ
لەر توپى ئوتتۇرىسىدا سېرىق، چاقچان سەللە يۆگىگەن نۇقتا ساقاللىق بىرسى مېڭىپ تۇرۇپ، قول ھەرىكەتلىرى بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى لۇتپۇللا ئالدىدىكى كىشىدىن.

— ۋاي تاڭ. — دېدى ئۇ كىشى. لۇتپۇللا بىلەن ئەخـ

ـمەت ھېچنەرسىنى كۆرەلمەي قىستىلىپ ئورۇن يۆتكەپ
ئېگىز بويلىق بىرسىدىن:
— ئاكا، نېمە دەۋاتىدۇ؟، — دەپ سورىغانىدى ئۇ
"جىم" ئىشارىسى بىلەن ئالايدى. بۇ ھال لۇتپۇللا بىلەن
ئەخمەتكە باشقىلاردىن سوراپ بىلىش مۇمكىن ئەمەسلە-
كىنى، لېكىن بىلىۋالماي كېتىپ قالسا شۇنچە كۆپ ئا-
دەملەر قىزىقىۋاتقان ئىشتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى-دە، قىسىلىپ بولسىمۇ ئىچىگە كىرىپ،
بىلىپ بېقىشقا ھەرىكەت قىلدى.
ئەمدى ئۇلار سۆزلىگۈچىنى ئېنىق كۆردى. شۇ ئەس-
نادا سۆزلىگۈچى:
— ھە بالام! — دېگەنىدى، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە
ئولتۇرغان بالا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوڭ قولىنى ئوڭ قۇلىقىغا
باسقىنىچە ئاۋازىنى سوزۇپ:
— دو . . . س . . . —دېدى.
— بولدى، مەدداھكەن، — دېدى ئەخمەت. لۇتپۇللا
مەدداھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تېخىمۇ ئالدىغا سىلجىدى.
مەدداھ قاناڭغۇر، قاڭشارلىق، ئاۋازى ياڭراق، بېلى-
گە يېشىل بەلباغ باغلاپ بىر پېشىنى قىستۇرۇۋالغان،
تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان توپا رەڭ كەشنى
يالاڭ پۇتىغا سىپىۋالغان ئوتتۇرا ياش ئادەم ئىدى. تىزلى-
نىپ "دوس" تارتىپ بولغان بالىدىن كېيىن يەكتىز ئولتۇر-
غان يەنە بىر بالا:
— ئەيىۇھەنناس! — دەپ قويۇپ قولىدىكى كىچىك
داپنى "دۇم-تەك، دۇم!" قىلىپ چالاتتى-دە، كېيىن ئىككى

بالا بىرلىكتە:
— يا! پىرى كامىللەر! — دەپ جىم بولاتتى. شۇڭ-
غىنچە چېلىشقا چۈشىدىغاندەك بىلەكلىرىنى تۈرۈپ، مې-
ڭىپ يۈرگەن مەدداھ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— . . . بۇ چاغدا خورما سايىسىدىكى بۆشۈكتە ئۇخ-
لاۋاتقان ھەزرىتى ئەلى رەزىيوللا يالغۇز ئەردى، ئەتراپىدا
ھېچ كىمەرسە يوق ئەردى، مانا شۇنداق پۇرسەتنى غەنىي-
مەت بىلگەن يەتتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئەجدىھا سۆپەت
قارا يىلان ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ يېقىنلىدى! زېمىن
سىلكىندى. جان-جانىۋارلار نالە قىلىپ، ئۇچار قاناتلار
ئاسمان قەھرىگە ئۇچتى.
— دوس! . . . . . .
ئالەمنى قارا بوران قاپلىغاندەك، قىيامەتنىڭ ۋەھىمە-
سى ئانىنىڭ قەلبىگە قوقاس تۆككەندەك تۇيۇلۇپ، بۆ-
شۈكتىكى ئوغلى ھەزرىتى ئەلى رەزىيوللا كۆز ئالدىغا
كەلدى، ئانا ئۆچكىسىدىن سېغىپ كېلىۋاتقان سۈتىنى
كۆتۈرگىنىچە ئۆيىگە كەلسە. . .
مەدداھ سۆزلەشنى كېسىپلا توختاتتى. شاگىرتلىرى-
نىڭ بىرسى داپنى، بىرسى ئېتىكىنى تۇتۇپ ئەتراپتىكى-
لەردىن خەير تىلىدى. بەزىلەر ئاتىغىنىنى تاشلىدى، مەي-
دان ئەھلى گۇركىرىشىپ مەدداھنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى-
نى ئاڭلاشقا تەقەززا بولدى. بۇنى سەزگەن مەدداھ:
— ئاخىرىسىنى كېيىنكى قېتىمدا سۆزلەپ بېرەي،
— دېۋىدى، كۆپچىلىك چۇرقىرىشىپ كەتتى.
— ھازىر دېۋەتسىلە!

— ھەزرىتى ئەلى نېمە بولدى؟

— كۆپچىلىك بەرمەي تۇرۇۋاتىدۇ!

سورۇن ئەھلىنىڭ زور كۆپچىلىكى سىرتتىن كەلگەن ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. «ئەمدى نېمە بولار» دېگەن ئىنتىزارلىق ئىچىدىكى ئادەملەر بارغانسېرى مەيداننى كىچىكلىتىپ مەدداھنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى.

— كۆپچىلىك! — دېدى مەدداھ، — ئەسلىدە كېيىنكى يىغىلىشتا دەپ بېرەي دېگەنىدىم.

— نىياز ئاكا! — دېدى ئۇنى تونۇيدىغانلار، — سىز ھېكايەتلەرگە ئۇنچىلىك نامرات ئەمەسقۇ!

— خوپ! — دېدى مەدداھ ئىلاجىسىز، — ئانا ھەرقانچە يوگۇرسىمۇ ئارقىسىغا كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. بىراق ئۇ يېتىپ كەلگەندە ئوغلى ھەزرىتى ئەلىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىشقا ئۈلگۇرەرمۇ؟ بۇ چاغدا يىرتقۇچ يىلان بوشۇككە ئىككى يۆگىشىپ ئۆتلۇق ئاغزىنى ھەزرىتى ئەلى رەزىيوللانىڭ بېشىغا ئاپىرىپ بوتۇشقا،— يا! . . . ئەلى!

— دەپ شاگىرتلار مەدداھنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. سورۇن ئەھلىنىڭ تېنى «جوغ» قىلىپ چوغقۇر تىن ئېلىشتى، مەدداھ بولسا، خۇددى قولىغا زۇلپىقار تۇتقان جەڭگاھتىكى باتۇردەك چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— ئەنە شۇ دەقىقىدە، سەبىي ئەلى ئالەمشۇمۇل تەمداشسىز ئوك قولى بىلەن يىلاننىڭ كارنىيىدىن سىقىپلا جېنىنى جەھەننەمگە يوللىۋەتتى. — دېگەندە، ئەتراپتىكىلەردىن:

— ئوھ!

—خۇداغا شۈكرى،—دېگەن سادالار چىقىپ، جەڭ-
دىن كېيىنكى غەلىبىنى تەبرىكلىگەندەك ھەممە خاتىر-
جەملىككە چۆمدى ھەم تەرەپ-تەرەپتىن مەدداھقا ئاتىغان
ئىنئاملىرىنى شاگىرتلارنىڭ ئېتەك، داپلىرىغا تاشلاپ تول-
دۇرۇۋەتتى. شۇندىن كېيىن كىشىلەر ھەر تەرەپكە تارقى-
لىشتى. لېكىن مەدداھنىڭ ھېكايىسى بايىقى ئاڭلىغۇچى-
لارنىڭ ئاغزىدا تەكرار سۆزلىنىپ ئەل ئىچىگە تارالدى.

لۇتپۇللا ئۇچۇن بۇ بەكمۇ يېڭىلىق تۇيۇلدى. شۇنىڭ
ئۇچۇنمىكىن ئەتراپلىق بىلىۋېلىش نىيىتىدە قاتارلىشىپ
كېتىۋاتقان ناتونۇش كىشىدىن سوئاللار سورىدى.

— بايىقى مەدداھ مۇشۇ شەھەردىمۇ؟

— ھەئە، قارادۇڭلۇق نىياز مەدداھ دېگەن كىشى شۇ.

— پۇلغا يارىغىدەك ھېكايىسى بارىكەن، — دېدى لۇت-
پۇللا قىزىقىپ.

— كۆرگەنسىلە، خەقنىڭ بەس-بەستە پۇل تاشلىغىنى-
نى، تېخى ئالامەت قىزىقلىرى بار، — دېدى ناتونۇش
كىشى.

— نېمىشقا ئاخىرىسىنى تولۇق سۆزلەپ بولماي تو-
رۇپ، يەنە كېلىپ مۇھىم يېرىنى كېيىنگە قالدۇرىدۇ؟ —
ھەيران بولدى لۇتپۇللا.

— ھەببەللى. مەدداھنىڭ كارامىتى ئەنە شۇنىڭدا.
ئاڭلىغۇچىلارنى يەنە ئاڭلاشقا قىزىقتۇرۇپ، ئاشۇنداق
كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يىپ بىلەن ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ،
شۇنىڭ ئۇچۇن نىياز مەدداھ دەپ ئاتالغان-دە!

— نىياز مەدداھ، قارادۇڭلۇق! ئۇنىڭغا بارسا سۆزلەپ

بېرەمدۇ؟، — دېدى لۇتپۇللا.

— ھوي، سەن خېلىلا قىزىقىدىكەنسەن، — دېدى ناتونۇش كىشى، — خوش بولۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇ، ئۆزى بىلگەننى كۆپچىلىككە بىلدۇرۇشكە قىزىقىدۇ ئەمەسمۇ.

لۇتپۇللا سورايدىغانلىرىنى يەنە داۋام قىلاي دەۋاتاتتى، ناتونۇش كىشىلەر ئۆز مەنزىللىرىدە ئايرىلىپ كېتىشتى.

”... ھىم، — دەپ ئويلاندى لۇتپۇللا، — بۇ ئېغىز ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى جانلىق ۋاستە ئىكەن-دە“

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت كېچىكمەي توخۇ بازىرىدىكى ئىلقىلىقلار چۈشىدىغان دەڭگە كىرىپ نادىر بىلەن تېپىشتى. ئۇلار تىنچلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئەتىگەنلىككە يولغا چىقىدىغانلىقلىرى ھەققىدە كېلىشىۋالدى.

— ئەتىگەنلىككە ئۈلگۈرۈپ كېلەمسەن، يا دەڭدە قونامسەن؟ — دېدى نادىر.

— ھازىر قايتىپ بازارلىق تەييارلىۋالمىسام بولمايدۇ-دە — دېدى لۇتپۇللا.

— ھەي، سەن بىر ئوقۇغۇچى تۇرساڭ. كىم سەندىن بازارلىق تەلەپ قىلىدۇ؟

— نادىركا، بازارلىق سېغىنغانلىقنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— ساڭغۇ گەپ تېپىپ بېرگىلى بولمايدۇ. ئاشپۇزۇلغا ئەكىرەيمۇ ئىككىڭلارنى؟

— بولدى، يولدا مېھمان قىلىۋالارسەن.

لۈتپۇللا بىلەن ئەخمەت قايتىپ كەتتى.

—زىرەك ئادەم دېگەننىڭ چوڭ، كىچىكى بولمايدى-كەن-دە. مۇشۇ لۈتۈن خويمۇ يېقىملىق يىگىتقۇ. بۇنىڭ بىلەن سەپەردە بىللە بولساڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك-تە، — نادىر شامالدەكلا پەيدا بولۇپ غايىب بولغان لۈتپۇللا توغ-رىسىدا ئويلانغاچ ئۆز تەييارلىقى بىلەن ھەپىلەشتى.

— لۈتۈن، — دېدى ئەخمەت يولدا كېتىۋېتىپ، — قانداق ھارۋىدا ئولتۇرىمىز؟

— ۋاي-ۋوي نېمىلەرنى ئويلايدىغانسەن، ئۆرگىلەي-مۇ[1]، خادىكمۇ ئەمەس، بىرىچكا!، — دېدى لۈتپۇللا چۈشەندۈرۈپ، — تۆت چاقلىق.

— ئەمىسە ياخشىكەن. سورىغىنىم، —دېدى ئەخمەت ئىزاھلاپ، — بىر يىلى نوغايتۇ دېگەن يەرگە ئاپىلار بىلەن ئاشۇ ئۆرگىلەيدە چىقىپ كەلگۈچە تولا چايقاپ ئۈچەيلەرنى ئۈزۈۋېتەي دېگەنىدى.

— ياق، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدۇ، خۇددى كوسىدا ئولتۇرغاندەك ماڭىسەن، ئەمما يوللار ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولغاچقا ”چاق-جۇقتىن“ خالىي بولمايمىز.

بۇ ئىككىسى ئەتىگەنلىككە قەيەردە جەم بولىدىغان-لىقلىرىنىمۇ دېيىشىۋېلىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى.

— بالدۇرراق دېگەن بولساڭ دادام، ئاپىلارغا ئوبدان-راق خالتا قىلىپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ. — دېدى ھەدىسى.

— ھەدە، — دېدى لۈتپۇللا — ئىلقىغا سەن ئەمەس

[1] ئېرگىلونى ئادەتتە كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدۇ.

مەن چىقىمەن. ئازراق پاتازى، ناۋات، بىر-ئىككى قوغۇن ئېلىۋالسام بولدى. مەن دېگەن ئوقۇغۇچى.

— گېپىڭنى قارا، نېمىلا قىلساڭ ھەدەڭنىڭ ئۆيىدىن كېتىۋاتسەن-دە!

— سەنمۇ قىزىققۇ ھەلىمە، سۆز تالاشقۇچە تەييارلىغىڭنى قىلىۋەرمەمسەن! ، — دېدى نۇرجان لۇتپۇللاغا قاراپ، — مەن نېمە قىلىپ بېرەي؟

— سېنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىڭ، — دېدى لۇتپۇللا، — ئەتىگەنلىككە بىزنى خادىكىڭ بىلەن دەڭگە يەتكۈزۈپ قويۇش.

لۇتپۇللا ھۇجرىسىدا لامپىنى تۆۋەن بېسىپ قويۇپ نېلىقىدا ئوقۇيدىغان كىتابلىرىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. مانا كۆز ئالدىدا نىياز مەدداھنىڭ تەققى-تۇرقى، سۆزلەۋاتقان قىياپىتى تۇراتتى. بۇ چاغدا مۇئەللىملىرىنىڭ: "ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەدىبلەرگە ئۇچراشمىغان خەلق ئەدەبىياتچىلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلار ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرى بويىچە مىللەتنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىگە تۆھپە قوشىدۇ" دېگەنلىرىنى ئەسلىدى. " نىياز مەدداھمۇ ئەنە شۇنداق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرىدىن ئىكەن-دە. . ."

نوغايگورت مەھەللىسىدىكى ھەممە چىراقلار ئۆچۈپ تۈن ئۇيقۇسى قاپلىغانىدى. كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ "ئەرزىمەس" نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان لۇتپۇللانىڭ ياتىقىدا چىراق تېخىچىلا يورۇق ئىدى.

* * * * *

1937-يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيى ئىدى. كەڭ دالىنىڭ بوگوند-ىكى كونى لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتكە ئالبومىنىڭ تونجى ۋارىقى ئېچىلغاندەك تويۇلدى. يېزىلارنى كېسىپ ئۆتىدى-غان مۇنۇ توپىلىق يول كىشىگە يېڭى خاتىرىلەرنى بەخش ئېتەتتى.

ئىلقىغا قاراپ يول ئالغان ئىككى ھارۋىنىڭ ئالدىدى-كىسىنى نادىر، ئارقىدىكىسىنى ئەزىز ھارۋىكەش ھەيدە-گەنىدى. ئالدىدىكى ھارۋىدا لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت، ئارقىسىدىكىدە سودىگەرلەر بار ئىدى.

— نادىر كا، — دېدى لۇتپۇللا، — تەلىيىمىز بارئى-كەن جۇمۇ. ھارۋىغا يەشكىلىك چاي باسقىنىڭ ئولتۇرۇ-شىمىزغا راسا ئەپلىك بولدى.

— تەلىيىڭمۇ باردۇ، ئىككىڭگە ئورۇن راسلايمەن دەپ ئاۋۇ يەشكىلەرنى ھارۋىنىڭ كەينىگە مەن باغلىغاندى-مەن؟ — دېدى.

— ھەي، سىنىڭ شۇنداق قىلىدىغىنىڭنى بىلگەچكە سىنى ئىزدىدىم-دە! — دېدى لۇتپۇللا.

ئەمدىلا يولغا چىققان بۇ ھارۋىدا قىزىق پاراڭلار ئۇ-زۇلمىدى.

بۇ يوللاردا تولا مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەن ئاتلار يېنىك ئاياق ئېلىپ، بوگونلا ئىلقىغا يەتكۈزىدىغاندەك دېۋىنىپ تۇراتتى. ئارقىدىن ئەزىز ھارۋىكەشمۇ يېتىشىپ كېلەت-تى. بىردەمدىلا توپا دەڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى يېرىلغان

يارنى ياقىلاپ ماڭىدىغان يولغا كەلگەندە ئەخمەت لۇتپۇل-
لاغا:
— مۇنۇ غەلىتىلا بىر يارغۇ؟ تونۇتۇز يەردە. ھە؟ —
دېدى.
لۇتپۇللا بۇ يارنى نەچچە كۆرگەن بولسىمۇ، ئەخمەت-
نىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى.
— بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسەن، نادىر كام چۈشەندۈرۈپ
بېرەرمىكىن، — دېدى لۇتپۇللا.
—ۋوي، بۇ ئاغىنەڭ چوڭ يەردىن گەپ ئاچتىغۇ! مەن
مۇشۇ يارنى دادامدىن سورىغاندا ئۇ، كىچىكىمدە بار ئى-
دى، دېگىنى ئېسىمدە ئۇكا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يار
يەر تەۋرەشتە پەيدا بولغانمىش. ھازىر بۇنى "يېرىلغان
يار" دېيىشىدۇ، — دېدى نادىر، — لۇتۇن، بۇ ئاغىنەڭ
كىم بولىدۇ؟
— ئاغىنەم ئەخمەت ئۈچ دەرۋازىلىق.
— بىر مەكتەپتە ئوقۇمىسلەر؟
— ياق، ئۇ موزدوز.
—موزدوز؟ مۇنداق دېگىن. مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ھۈ-
نەردە قولۇڭنى، گەپتە قۇلاقنى پىشۇرۇۋېتىپسەن-دە، —
دېدى نادىر.
— ھاھا، نادىر كا، تونۇيدىغاندەكلا دېدىڭا. ھۈنەردى-
غۇ قول پىشسۇن، قۇلاقنى . . . دېگىنىڭ نېمىسى؟ —
لۇتپۇللا ئەخمەتنىڭ قۇلاق توغرىسىدىكى لەقىمىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى.
— مانا، ئاغىنەڭ بولغىنى بىلەن تازا بىلمەيدىكەن-

سەن. ھۈنەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇلاق مۇللىسى بولىدىغان ھۈنەر موزدوزلۇق. نېمىشقا دېسەڭ، ئېغىز گەپتە، قول ئىشتا كېتىۋېرىدۇ، شۇڭا نى-نى قىزىق پاراڭلار قىلىنىۋې-رىدۇ.

— شۇڭلاشقا ناخشا-سازغا ھېلىتىنلا پىشقانىكەن-دە، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭغۇ، —دېدى ئەخمەت.

— كەم قالغىنىدىن ئېشىپ تۇرغىنى ياخشى ئۇكا، — دېدى نادىر.

كۈنچىقىشقا قاراپ سوزۇلغان ئىلقىنىڭ تۈگمەس توپا يولى ئىككى تەرىپى ئېتىزلىق، غوژمەك مەھەللىلەرگە ئېلىپ كەلدى. لۇتپۇللا بىرقەدەر تونۇش بۇ يولدا ئەمدىلە-تىن كۆرۈۋاتقان ئەخمەتنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلىگەندەك:

— كۆرۈۋاتامسەن، بىز كېتىۋاتقان بۇ مەھەللە خۇدى-يارىيوزى، ئاۋۇ گۈمبەزدەك تۇرغان سېدىنى بىلگىنىڭ بى-لەن ئۇ تەرەپتىكى مەسچىتنى كۆرمىگەنسەن. ئۇگزىسى-دىكى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

— ھە، خۇدىيارىيوزى دېگەننى ئاڭلىغانتىم، — دېدى ئەخمەت لۇتپۇللاغا بۇرۇلۇپ، — ئۇ نېمە مەننى بىلدۈرى-دۇ؟

— ئۇ بىر نام، — دېدى لۇتپۇللا يەنە دەرھال بىرنېمە-نى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، — شۇنداقتۇ ھە نادىر كا؟

باياتىن بۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشمىغان نادىر ئەمدى ئىختىيارسىز:

— مەنغۇ بىر ساۋاتسىز قارا تۈرۈك ئادەم. لېكىن خەقلەردىن ئاڭلىشىمچە بۇرۇنقى ھاكومەت[1] يۈز تۈتۈننى بىر مەھەللە قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئادەمنى باشلىق سايلاپ باشقۇرغانىكەن. مۇشۇ مەھەللىنىڭ باشلامچىسى خۇدا-قۇل دېگەن كىشى ئىكەن. كېيىن بۇ نام خۇديار يۈزى دەپ ئاتىلىپتىكەن.

بۇ چۈشەندۈرۈش ساۋاتسىز نادىر ھارۋىكەشنىڭ ئاغ-زىدىن چىققان بولسىمۇ، لۇتپۇللانى قىزىقتۇردى.

—نادىركا، بۇ گەپچە جىلىلىيۇزى، روزىمەتيۇزى دېگەنلەرمۇ شۇنداقكەن-دە؟ بىراق بۇ نېمىشقا خۇداقۇليۇ-زى بولمىغاندۇ؟

—پاخما بېشىڭدىكى مېڭەڭنىڭ ئىتتىكلىكىنى قارا!
—دېدى نادىر، —بۇ توغرىلىق ھەر خىل پاراڭلار بار، بە-زىلەر قىسقارتىپ شۇنداق ئاتالغان دېسە، بەزىلەر باشقا مەننى دېيىشىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەردە بۇلاڭچى-لار بولغان ئىكەن، — نادىر گەپنى توختىتىپلا سەكرەپ ھارۋىدىن چۈشۈپ بىر نەرسىنى قولىغا ئېلىپ چىقتى-دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاق يوللۇق ھارۋىكەشنىڭ نې-سىۋىسى يولدا دېگىنى مۇشۇ-دە، بۇمۇ ئارتۇقلۇق قىلماي-دۇ.

—نادىركا، —دېدى لۇتپۇللا، — تېپىۋالغان بۇ بەكە بۇلاڭچىلارنىڭ بولۇپ قالمىسۇن؟

— بۇ دېگەن نېمىتى! ئۇلار دېگەن تومبەل، خەنجەر،

---

[1] ھۆكۈمەت دېمەكچى.

چوماق تۇتىدۇ.

— بايىقى گېپىڭ ئۇزۇلۇپ قالدىغۇ، خۇدىيارىيۇزدىلىكلەر بۇلاڭچى بولامدۇ؟

— ياق! — دېدى نادىر كەسكىن ھالدا، — ئۇلار خۇدىيارىيۇزلۇك ئەمەس، ھەر يەردىن بولۇپ، مۇشۇ خۇدىيارىيۇزنىڭ ئەتراپىدىكى ئەپلىك يەرلەرنى تاللىۋالغانكەن، شەھەرگە يېقىن، قىچىپ-مۇكۇشكە ئەپلىك بولغاچقا، بۇلاڭچىلار شەھەرگە كېلىۋاتقان سودىگەرلەرنى بۇلايدىكەن. بۇ ۋەقە خەقلەرنىڭ ئاغزىدا ''خۇدىيارلىق بولۇپ كېتىپتۇ'' دېيىلىپ، بۇ گەپ بۇلاڭچىلار ئىچىدە ''خۇدىيارلىق قىلدۇق'' دەپ ئاتالغانىكەن. مانا بۇ تەرىپى جىرغىلاڭ غولىغا، بۇ تەرىپى قومۇشلۇق، چاتقاللار بىلەن ئېلى دەرياسىغا تۇتىشىدىغان دالا...

— تازىمۇ سۇرلۇك يەرلەر ئىكەن، — دېدى ئەخمەت.

ئوتتۇرىدا جىمىلىق پەيدا بولۇپ قالدى. پاراڭلارمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

— نادىركا، — دېدى لۇتپۇللا بىر نەرسە ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك، — نىلقىغا چىققاندا بايىقى تېپىۋالغان بەگنى سېتىۋالدىم دېمەيدىغانسەن؟

— ھىھ! — دەپ دېمىقىنى قاقتى نادىر، — ھازىردىن باشلاپلا سېتىۋالدىم دەۋېرىمەن! يەنە كېلىپ سامساق بەكىسى دەيمەن. ھارۋىكەش دېگەنچۇ دائىم بىرنېمىلەرنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېپىۋالغىنىمىز بىر قاقىقا بىر قاق-دە!

— ھاھاھا.

يىلاندەك ئەگرى-توقاي سوزۇلغان يول سازلىقلاردىن، سۇ يالاپ كەتكەن كاتاڭلاردىن، تۇشۇك كۆۋرۈك، ئېتىز ئارىلىرىدىن ئۆتەتتى. نادىر مالىخىيىنى كۆزىگە كىيىپ، تاماكىسىنى چېكىپ ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. مەھەللىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەخمەت ھەممىدىن بەك قىزىقىپ ئەتراپقا قارىدى.

— لۆتۈن، كۆرۈنگەن مەھەللىلەرنىڭ نامى باردۇ-ھە؟ ئاۋۇمۇ مەھەللىمۇ؟ تاغ باغرىدىكەن، — دېدى ئەخ-مەت.

— ھە، ئۇ چۇلۇقاي. بايا يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئۇ مەمەيوزى. مۇنۇ كېتىۋاتقان مەھەللىمىز ئۈچئون. ئال-دىمىزدىكى ئىسلامىيوزى، — دېدى لۆتپۇللا.

— ئىسلامىيوزى؟ "ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم، ئىس-لامىيوزىدە پاختەك" دېگەن ناخشىدىكى ئىسلامىيوزى مۇشۇ ئىكەن-دە، — دېدى ئەخمەت بويىنىنى سوزۇپ بىرنېمە-لەرنى كۆرىدىغاندەك قىياپەتتە.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى باياتىن گەپكە ئارىلاش-ماي تۇرغان نادىر، — پاختەك دېگەن ھەممىلا يەردە بار نەرسە، ئەسلىدە ئىلاخۇن كۆك كۆز دېگەن ئادەمدىن ئاج-رىشىپ كەتكەن بەختىخان دېگەن ئايال ئىسلامىيوزىلىك بىر تۇڭگانغا تەگكەنىكەن. ئۇنى كەمسىتىپ "بەختەك" دەپ قوشاققا قوشقان گەپ. ئىلاخۇن كۆك كۆز دېگەن قوشاقچى ئادەم. . . ئەمدى ئىسلامىيوزىدە داڭلىق باخشى، داپچىلار كۆپ بولغاچقا، خەقلەر: "ئىسلامىيوزىلىك-لەرنىڭ توي-تۆكۈنلىرىگە سازەندە ھاجەتسىز، بىرلا داپ-

چى بولسىلا بولدى» دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ چاقچاق ياكى راستلىقىنى بىلمەيمەن.

نادىر هارۋىسىنى يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدى. غان غايەت زور بىر قەدىمىي قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە توختاتتى. بۇ يەردە ئۆتكەن. كەچكەن يولۇچىلار سالقىنداپ دەم ئېلىپ ئۆتەتتى. يەنە بۇ يەردىكى «ئاق تاش مازار» گۈمبەزىنى تاۋاپ قىلىشاتتى، كۆمىلاچ بىلەن قەد كۆتۈرگەن بۇ گۈمبەزنىڭ قۇببىسى كۆنپېتىش تەرىپىدىن بىر ئاز گۈمۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا هەيۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكى شۇۋاق بېسىپ كەتكەن قەبرىلەر ئىچىدە تەبىئىي قىزغۇچ تۇپا رەڭگى بىلەن ئالاهىدە ئىدى. گۈمبەزنىڭ يول تەرىپىدىكى هېلىقى قارىياغاچ پېشىن ۋاقتىدا گۈمبەزگە سايە تاشلاپ سالقىنلىتاتتى. كىشىلەر قارىياغاچنىمۇ گۈمبەزدەك تەۋەررۈك بىلىپ سانسىزلىغان ژۇرۇنلارنى باغلىۋەتكەنىدى.

نادىر ئاتلىرىغا بېدە تاشلاپ بەردى. بۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى يامپاشلاپ يېتىشاتتى، بەزىلىرى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى چەللە قىلىپ قويۇلغان بىر چايخانىدا چاي ئىچىشەتتى. لۇتپۇللا خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى سىزاتتى. ئەخمەت گۈمبەز تەرەپنى ئايلىنىپ كەلدى. بىر چاغدا بېشىغا كۇلاھ كىيگەن، ئۇچىسىغا يىرتىق پەرىجە ئارتىۋالغان، غېرىبانە سىياقتىكى بىر دەرۋىش خۇددى بىرەر قەبرىدىن چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ هېچكىمگىمۇ قاراپ قويماستىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گۈمبەزگە قارى-

غىنچە:

—. . . ھەزرىتى ئاقتاش مازار غوجامنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھىغا ئېھتىرام بىرلە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دۇئا-تىلاۋەتتە بولۇپ، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ، ئاتا-بوۋا، قوۋم-قېرىنداش . . . لارنىڭ روھىغا ساپلىق، جايىغا جەننەت تىلەپ، ھاياتلارنىڭ توغرا بالا-قازالاردىن خالىي، ئامان-ئېسەن، تىلەكلىرىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشلىرى ئۇچۇن ئۇشبۇ خاسىيەتلىك ماكاندا خالىس دۇئا قىلىمەن ئامىن. . . —دېدى. ئەتراپتىكىلەر تەڭ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشىپ، دەرۋىشكە ئاتىغانلىرىنى بېرىشتى.

— سەن ھېچنېمە بەرمىدىڭغۇ؟ — دېدى ئەخمەت بىر چاغدا لۇتپۇللانىڭ يېنىغا بېرىپ.

— نېمىشقا بېرىمەن؟

— ھوي، ئاخۇنىڭ بالىسى تۇرۇپ بىلمەمسەن؟ بۇ دېگەن ئۇلىدىكى تۆت مازارنىڭ بىرسى ئەمەسمۇ!

— نېمە ئىشلارنى قىلىپتىكەن ئۇ؟

— چاقچىقىڭنى قوي، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغاچقا ئەۋلىيا بولالىغان-دە.

— ئۇنداقتا مۇنۇ قارىياغاچ شۇنىڭ خاسىيىتىدىن زورايغان بولامدۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇر. بايا ئاۋۇ دەرۋىش قارىياغاچنى، گۇمبەزنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ كەتتى.

— ئۇ شۇنداق قىلمىسا پۇل بەرمەيسەن-دە!

— ئۇنداق دېمە، مەن دۇكاندىمۇ ئەۋلىيالار ھەققىدە دۇئا قىلغان تىلەمچىلەرگە پۇل بېرەتتىم. بۇگۈنزە گۇمبە-

زىنى كۆردۈم.

— ئەمىسە ئاتىغىنىڭنى تەييارلاپ قوي، ئەتە سۇلتان ئۇۋەيسنى كۆرىسەن.

— يىگىتلەر هارۋىغا چىقىڭلار، — دېدى نادىر.

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت هارۋىغا قاراپ مېڭىۋاتقاندا كەكەساقال، سىپايە بىر ئادەم ساپايىنى تەڭكەش قىلىپ بەدەشقاننى قوڭغىنچە ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

قۇلاق سالغىنكى يارەنلەر،
هېكايەت بولمىش ئەجدادتىن.
ئادالەت ئۆلگىسى ئولكىم،
زىلەيخا يەنە ئەخمەتتىن.

. . . . . . . . .

— هەتتىگىنەي، ئەمدىلا باشلىغانىكەن-دە، — دېدى لۇتپۇللا هارۋىغا كىتىۋېتىپ.

ئەمدىكى يوللار كۆنگە قاقلاپ قويغاندەك ئىسسىق، تاقىر جايدا ئىدى. ئاتلارغىمۇ هاردۇق يەتكەنلىكتىن ئېـ غىر قەدەم ئالاتتى. ئادەملەرمۇ مۈگدىگىلى تۇردى. قىـ زىل كۆتەنگە بارغاندا نادىر لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتنى ئويـ غىتىپ بىرلىكتە يەرگە چۈشتى-دە، پىيادە مېڭىپ ”قىزىل كۆتەن“ داۋىنىغا ئۆرلىدى.

داۋان ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن لۇتپۇللا بىلەن ئەخـ مەت ئالقىنى بىلەن پېشانىسىگە سايە چۈشۈرۈپ، هەۋەس بىلەن ئەتراپقا قاراشتى. كەڭ دالا، غوۋا مەھەللىلەر، ئەـ گىپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆك

ئاسمان كەچكى شەپەقنىڭ رەڭگىگە ئۆزگەرگەنىدى.

داۋاندىن تىرەجەپ چىققان ئاتلار دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، قازان شەكلىدىكى چوڭقۇر بوستانلىق — سۇلتان ئۇۋەيس مەھەللىسىگە شۇڭغىدى. ھەردائىم چوشۇپ ئۆتىدىغان مۇرسىل دەڭجانىڭ ئۇچۇق تۇرغان چاقسا دەرۋازىسىدىن نادىرنىڭ ئاتلىرى بىمالال كىرىپ كەتتى.

دەڭنىڭ قورۇسىمۇ، ياتاقلىرىمۇ ئازادە ئىدى. يولۇچىلار سۈپىسى بار چوڭ بىر ياتاققا ئورۇنلاشتى.

— بىز ھارۋىكەشلەر سۈيۈق ئاش ئىچىشكە ئۆگىنىپ قاپتىمىز، — دېدى نادىر.

— بىزگىمۇ شۇنداق بولۇۋەرسۇن، سەپەردە ھاردۇق چىقىرىدۇ، — دېيىشتى سودىگەرلەر.

تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرىگە كىچىكىدىن تارتىپ قىزىقىپ ئادەتلەنگەن لۇتپۇللا تاغلار قولتۇقىدىكى مۇنۇ مەھەللىنىڭ ئەتراپىدىكى كەچكى مەنزىرىلىرىنى تاماشىلاش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. ئۇنىڭغا ئەخمەتمۇ قوشۇلدى. ئۇلار بىردەم كەچكى شەپەقنىڭ ئابرال قىرلىرىدا ئاخىرلاشۋاتقان شولىلىرىنى، ئەتراپنى قاپلىغان بوستانلىقنى، بۇلبۇل سادالىرىنى قىزىقىپ تەرىپلىدى. ئەنە شۇ ئارىلىقتا دەڭگە تۇتاش، پەقەت بىرلا تام ئايرىپ تۇرغان باغدىكى ئۆرۈكلەر ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىدى.

— قىزىلقاچا ئۆرۈك ئىكەن-دە، بىراق...، — دېدى ئەخمەت.

— بىراق دەيسەنغۇ؟ كېلە، مېنى يۆلە، "باغقا كىرگەن ئوغرى ئەمەس"، — دېدى لۇتپۇللا تامغا چىققاندىن

كېيىن، — ئەكەل قول ياغلىقىڭنى.

بىردەمدىلا ئىككى قول ياغلىقتا چېگىلگەن ئۈرۈكنى ئېلىپ باغدىن چىققان لۇتپۇللا ياتاققا كىردى. يولۇچىلار ماختىشىپ ئۈرۈكنى يەۋاتقاندا مۇرسىل كىرىپ قېلىۋىدى لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت بىر-بىرىسىگە يەر تېگىدىن قاراشتى. بۇنى چۈشەنگەن نادىر:

— مۇرسىلكا، بۇ ئۈرۈك تەملىككەن، — دېيىشىگە:

— بۇ ئۈرۈكنى ماڭا تونۇشتۇرغىنىڭ قىزىققۇ! بۇ بىر نەزەر تەگكەن ئۈرۈك، نېمە بىلەن ئەكىردىڭلار؟ — دېدى.

— قول ياغلىق بىلەن، — دېدى لۇتپۇللا.

— مەندىن چېلەك سورىساڭلار بولماسمىدى؟ بۇ بىر ۋەخپى باغ، ھېلىھەم ئەكىرىپ تويغىچە يەڭلار، — دېگەندى، ياتاقتىكىلەر بايىقى "ئوغرى" بولۇپ قېلىش خىجالەتچىلىكىدىن خاتىرجەم بولدى. بىردەمدىلا ئاش كۆكى ھىدى پۇراپ تۇرغان خام قىيمىلىق ئۈگرە جاۋۇر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولۇچىلار قورسىقى ئېچىپ كەتكەنمۇ ياكى ئاش بەك ئوخشىغانلىقتىنمۇ ھەممىسى تەكەللۇپسىزلا ئۆزلىرى ئۇسسۇشۇپ، تەرلەپ-پىشىپ ئىچىشتى. تاماقتىن كېيىن يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر سودىگەر:

— ھەممىمىزلا ئۆيدە ياتىمىزمۇ؟ — دېدى.

— ھە، پاشا يوقكەن دەپ ئۆگزىدە ياتقىڭ بارمۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— چاقچىقىڭنى قويغىنا، — دېدى ئۇ، — ماللار

قورۇدا تۇرۇۋېرەمدۇ دەۋاتىمەن!

— مۇرسىلكامنىڭ ئالا ئىتى ساقلايدۇ، — دېدى هارۋىكەش.

باشقىلار كۈلۈپ كېتىشتى، مۇرسىل غەلىتە مىلتىقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىپ:

— بۇ مىلتىققا كۈلمەڭلار، مىلتىقنىڭ يېشى مېنىڭ يېشىمدىن چوڭ، — دېدى. كۈلكە يەنە كۆتۈرۈلدى.

— نېمە بولسا شۇ بولسۇن، ئوقى باردۇ؟ — دېدى هارۋىكەشلەردىن بىرسى.

— "ئوقى يوق مىلتىق كۆسەي" دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى مۇرسىل مىلتىقنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ئوقىدىن خاتىرجەم بول.

— مۇرسىلكا، — دېدى نادىر چېقىشىپ، — بۇ مىلتىقىڭنىڭ ئوقى بولمىسىمۇ سۆرى بار ئىكەن جۇمۇ!

* * * * *

مازار مەھەللە بوستانلىقىنىڭ ساپ هاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ ئۇيقۇغا تازا قانغان يولۇچىلار تاڭ سەھەردە بەسلەشىپ سايراشقان خۇش ناۋا بۇلبۇللارنىڭ ئويغىتىشى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يولغا چىقتى.

تەبىئەتنىڭ بۇ دىيارغا ئاتا قىلغان مەنزىرىسى ئۆزگىچە ئىدى. مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئابرال تېغى چاتقاللار ھەم تاغ خېنىلىرى بىلەن قوڭۇر يېشىل كۆرۈنەتتى. مەھەللىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئوتتۇرىدىكى سايدا

ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى شاۋقۇنلۇق ھەم سۈزۈك ئىدى. سۇ-نىڭ تېگىدىكى تاشلار تىنىرىگەندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھارۇيدىكى ئاتلار بۇ سۇغا كىرىپ تۇرۇپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى.

— كېچىچە پولۇ يېگەندەك سۇغا دۈم چۈشتىڭىز ئات-لىرىڭ، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئاتلار ئۇچۇن كېچىچە يېگەن سۇلۇ پولۇدىنمۇ ئارتۇق، قارىغىنا، مۇنۇ سۇنى ئاتلا ئەمەس مېنىڭمۇ ئىچ-كىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى نادىر.

لۇتپۇللا بۇ گەپنىڭ يارىشىقىدا بىرنەرسە دېمەكچى بولۇۋاتاتتى، ئەخمەت لۇتپۇللانى نۇقۇپ:

— ھۇي، ئاۋۇلارنى سايىنىڭ تېشىمىكەن دېسەم، غاز-لار ئىكەنغۇ! كېچىچە مۇشۇ دالىدا ياتامدۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ — دېدى لۇتپۇللا.

— يوقالمامدۇ؟ — يەنە سورىدى ئۇ.

— ياق، — دېدى سۇ ئىچىپ بولغان ئاتلىرىنىڭ بوجىلىرىنى يىغىشتۇرغان نادىر، — بۇ خاسىيەتلىك يۇرت.

ھارۇنىڭ چاقلىرى سايىنىڭ تېشىغا تېگىپ جالاقلى-غان ئاۋازلار بىلەن غازلارنىڭ "غاق، غاق" لىرى قوشۇلۇپ كۆركەم ساي جانلىنىپ كەتتى. بۇ ھال ئەخمەتكە ئالاھىدە تەسىر قىلىپ، ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىچە:

لەيلىنىڭ تېغىغا چىقساڭ،
غازلىرى "غاق-غاق" قىلۇر.
ئەرلىرى ئوقيا ئېتىپ،

مەزلۇملىرى سودا قىلۇر.

دېگەن ناخشىنى ئەسلىدى-دە، ئۇنىڭدىن ئۇقۇپ:

— لۇتپۇللا، سەن شائىر بولغاندىن كېيىن بىلەرسەن، بۇ ناخشىدىكى قوشاق مۇشۇ يەردىن چىققانمۇ-قانداق؟ — دېدى.

لۇتپۇللا قوشاقنى يەنە بىر تەكرارلىدى-دە، سەل ئويلىنىپ:

— قوشاقنىڭ دەل مۇشۇ يەردىن چىققانلىقى ناتايىن. ئەمما قوشاق ۋەقەلىككە ئىگە. ئۇنى ئاشۇ بىر كۆپلىتىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇ سەل ئويلانغاندەك ئەتراپقا قاراپ، — بۇ يەرنىڭ تارىخىمۇ بايىقى قوشاقتا بايان قىلىنغىنىدەك تىنچ ئۆتمىگەنلىكى مەلۇم. ئاڭلىشىمچە، ئاۋۇ قىزىل توپىلىق ئېگىزلىكنى كىشىلەر "چۇقا" دېيىشىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ توپىسى تۇزلۇق، يېسە داۋا بولىدىكەن، — دېدى.

ئەخمەتنىڭ يەنە بىر نېمىلەرنى سورىماقچى بولغاندەك تېڭىرقاپ تۇرغىنىنى بىلگەن نادىر:

— لۇتپۇللامۇ ئاڭلىغىنىنى ئېيتتى، مەنمۇ ئاڭلىغىنىمنى قوشۇپ قوياي، بۇ يولدا مېڭىپ يۈرۈپ قۇلاق موللىسى بولۇپمۇ قالدىم. بايىقى قوشاقنى چۈشەندۈرگۈچىلىكىم يوق. سۇلتان ئۇۋەيسخان توغرىسىدىكى ئاڭلىشىمدىن قارىغاندا، ئۇ موگغۇل نەسلىدىن بولغان مۇسۇلمان پادىشاھ ئىكەن. ئۇ مۇسۇلمان بولمىغان موگغۇللار بىلەن سوقۇش قىلىپ شېھىت بولغانلىقتىن، بۇ يۇرتقا دەپنە قىلىنىپ گۈمبەز قوپۇرۇلغانىكەن. ئەنە شۇ ۋاقىتتا

قازاندىكى ئۇماچ تۆكۈلۈپ خاسىيەتلىك توپا بولۇپ قال-
غانلىقتىن "چۇقا" دەپ ئاتالغانىكەن. مەن ئۇنى يەپ كۆر-
گەن، سىڭىزدەك چىشىڭغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، تەمىمۇ
ياخشى. ھە، لۇتۇن سىنىڭ قانداق قوشىدىغىنىڭ بار؟
— مەن ماتېرىيال كۆرگەندىن كېيىن قوشارمەن، —
دېدى لۇتپۇللا.
بىر ئازدىن كېيىن نادىر ھارۋىنى توختاتتى-دە، يىگىت-
لەرنى شەرەتلەپ ھارۋىدىن چۈشۈردى. ئاندىن ئارقىسى-
دىكى ھارۋىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ، يول ئۈستىدىلا
سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى تەرەپكە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇر-
دى. يېشى چوڭراق سودىگەر ئايەت ئوقۇدى. ئاندىن ھار-
ۋىلىرىغا چىقىپ يولغا راۋان بولدى.
— ئىلىدىكى تۆت مازارنىڭ بىرسى مۇشۇ، — دېدى
نادىر ھارۋىغا چىققاندىن كېيىن، — ھەر نۆۋەت مۇشۇن-
داق ئايەت ئوقۇپ ئۆتىمىز.
— بۇنىڭ بىلەن ئىككى مازارنى كۆردۇم-دە، — دېدى
ئەخمەت خۇشال بولغان قىياپەتتە.
قارىماققا تۈزلەڭلىك كۆرۈنگەن يول شورتاڭلىق بول-
غاچقىمۇ ئاتلار ساناپ دەسسىگەندەك ماڭاتتى. ئەتراپ
قىياق چۆپ، شۇۋاق بىلەن تولغانىدى.
— نادىركا، ئەندى ئەخمەتنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايدى-
غان يول باشلانغاندۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا، — "ناخشا يول
قىسقارتىدۇ" دەيدىكەنغۇ؟
— مەن دائىم ناخشا بىلەن يول يۈرىمەن، لېكىن يول-
نىڭ قىسقارغىنىنى بىلمەيمەن، ئەندى ئەخمەت ئېيتسا

قىسقىرامدىكىن تاڭ!

— گەپلىرىمىز خويمۇ ئوبدان بولۇۋاتاتتى، — دېدى ئەخمەت، — بوپتۇلا، ئاندىن نادىركام ناخشا ئېيتىدۇ.

ئەخمەت ئالدىدىكى چەكسىز كۆرۈنگەن دالىغا قارىدى-دە، ئالقىنىنى تىزىغا داپ چالغاندەك ئۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
سېپىل سوققانلار نەلىك؟
بىز بەگكە نېمە قىلغان؟
بىكار ياتىدۇ شەلىك.
. . . . . . . . . . . .

ئەخمەت كۆزىنى يۇمغىنىچە بىر ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ ئاخىرىسىغا يەنە بىر ناخشىنى زەنجىردەك ئۇلاپ قوشۇۋەردى:

ئۇستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ بەگلىرى دائىم،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.
. . . . . . . . . . . .

— ئەمدى نادىركامدىن ئاڭلايلى، — دېدى ئەخمەت. لېكىن نادىر بولسا قاتتىق خىيالغا بېنت بولۇپ كەتكەچكىمۇ ئىپادە بىلدۈرمىدى.

هوي، — دېدى ئۇ چۆچۈگەندەك، — يارايسەن ئۇكا، يېشىڭغا باقماي كونىچە ئىكەنسەن. راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ ناخشىلىرىڭ ماڭا كونا خاتىرىلەرنى ئەسلەتتى.

.. ئۇ ئەسلىملەر قانلىق ياشلار بىلەن تولغان. ئۇنى سۆزلەپ سىلەرنىڭمۇ يۈرىگىڭلارنى زىدە قىلماي، — دېدى.
— ھەي نادىر! — دېدى ئارقىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرغان ئەزىز، — ئاتلارنى چالدۇرىدىغان يەرگە كېلىپ قالدۇق.
نادىر ئەتراپقا قارىغىنىچە ئوڭ قول تەرەپتىكى كۆكۈل مەيدانغا بۇرۇلدى.
يولۇچىلار يېشىللىق ئۈستىدە يامپاشلاپ، دىماققا ئۇرۇلغان گۈل-گىياھلارنىڭ ھىدى بىلەن ھوزۇرلىنىپ پاراڭغا چۈشتى. لۇتپۇللا بۇ كەڭ تەبىئەت قوينىدىن نېمىلەرنىدۇ ئىزدىگەندەك نېرى كەتتى. ئۇ پايانى يوق يېشىللىققا تويماي قارايتتى، ھاۋا بوشلۇقىدا بوز تورغايلار ئېگىز-پەس ئۇچۇشۇپ سايرىشاتتى.
— ئۇكا، — دېدى ئەزىز ھارۋىكەش ئەخمەتكە قاراپ، — شائىر ئاغىنەڭ زېرىكىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟
— ياق، ئۇ ئىلھام ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى ئەخمەت.
بۇ چاغدا لۇتپۇللا ئېگىشىپ نېمىلەرنىدۇ تېرىۋاتاتتى.
ئەخمەتنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالمىغان سودىگەرلەرنىڭ بىرسى لۇتپۇللانىڭ ئېگىشىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ:
— نېمە دېدىڭا تېرىۋاتقىنىنى؟ — دېدى. ئەخمەت ئۇنىڭ گېپىنى ئۇدۇللا چۈشىنىپ بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى. ئاڭغىچە قولىدا بىر تۇتام ياۋا گۈل تۇتقان لۇتپۇللا قايتىپ كەلگەنىدى، ھېلىقى سودىگەر:
— ئۇكا، شەھەرلىك دېسەم ئۆزەڭمۇ تېگىپ كېتىد-

دۇ، تەرگىنى بىر تۇتام گۈل-گىياھ ئىكەنغۇ، — دېدى ئەجەبلىنىپ.

— ئاكا، مەن بىر نەرسە تېرىۋاتىدۇ دېمىگەندىمەن، ئىلھام ئىزدەۋاتىدۇ دېدىمغۇ! — دېدى ئەخمەت خىجالەت-چىلىكتە.

—تالاشماڭلار. بۇنى ئۇقۇشماسلىق دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى نادىر ھېلىقى سودىگەرگە قاراپ، — سەن سودى-گەر بولغاندىن كېيىن ھەقىچان پۇلغا يارايدىغان بىر نەرسە تېرىۋېتىپتۇ دەپ چۈشىنىپسەن، شۇنداقتۇ؟

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەخمەت بايىقى دېگەن گېپىنى تەكرارلاپ چۈشەندۇردى. بۇ گەپلەر ئارقىسىدىن لۇتپۇللا:

— نادىركا، يىراقنى يېقىن، ئېغىرىڭنى يېنىك قىلى-ۋاتقان مۇنۇ ئاتلىرىڭنى بۇ كەڭرى دالىدا ئارقانداپ قوي-ماي قويۇپ بەرسەڭچۇ؟ — دېدى. نادىر بىر ئاتقا، بىر لۇتپۇللاغا قاراپ ئۇن-تىنسىز تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر نەرسە ئويلاۋاتقانلىقى چىرايىدىن مەلۇم ئىدى.

— ئات بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارنىڭ راسا كۆڭۈل بۆ-لىدىغان ئىشى توغرىسىدا گەپ ئاچتىڭ-دە، — دېدى نا-دىر، — بۇنىڭغا بىر ۋەقە ئارقىلىق جاۋاب بېرەي-ھە، — ئۇ كەڭ دالىغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى، — ئاتلىق سەپەر قىلغان بىر يولۇچى ئۆزى ھاردىمۇ، ئېتى ھاردىمۇ، مۇشۇنداق بىر دالىدا دەم ئاپتۇ-دە، ئېتىنىڭ كۆپرەك ئوت-لىۋېلىشى ئۈچۈن بوش قويۇۋېتىپ ئۆزى بىرئاز ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. كۆزنى ئاچسا ئات يوق. كەڭ دالىدا قانداق

تاپالىسۇن، ئۇ ئاتتىن ئايرىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىق ھەسرەت ئىچىدە بىر ناشقا:

ئات بېشى، ئارپا بېشى،
ئارپا نېرىندا ھاردى ئات.
ئىچىم ئاغرىپ قويۇپ بەرسەم،
ماڭا قىلدى تالاپات.
ئات ئاتاڭچە بولىسمۇ،
قاق قوزۇقنى باغلا پات.
مېنىڭ ئىسمىم موللابارات،
مۇندىن كېيىن پەندىيات.

دەپ يېزىپ قويۇپ، ئەگەر-توقۇمنى دۈمبىسىگە ئارتىپ مېڭىپتىكەن. مېنى شۇنداق بول دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. لۇتپۇللا دەرھال خاتىرىسىگە قوشاقلارنى يېزىۋالدى.

— ئەمدى لۇتپۇللانىڭ مۇنۇ دالا توغرىسىدىكى ئىلھاملىرىنى ئاڭلايلى، — دېدى ئەخمەت. ئولتۇرغانلار چۇشەنمىسىمۇ "ھە، ھە" دېيىشتى.

توغرى قىر، ھەي توغرى قىر،
ئەتراپلىرىڭ يايلاق-ساي.
شۇۋاقلىق ھەم بىنەملىك،
مول مۇنبەتلىك ھاي-ھاي!
ھارۋىكەشلەر ماڭىدۇ،

يازدا ناخشا لاي-لاي!
قىشتا هوۋلاپ شىۋىرغان،
قاقشىتىسەن "ۋاي-ۋاي!"

— بارىكاللا، نەقلا گەپ بوپتۇ-بۇ، — دېدى نادىر باشلىرىنى ئىغاڭلىتىپ.

— ھىم، مۇنداق ھۈنىرىڭ بار ئىكەن-دە؟ — دېدى سودىگەر.

— ئەمدى بىلدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى ئەخمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، — بايا ئىلھام يېغىۋاتىدۇ دېگىنىم مۇشۇ.

يولۇچىلار بىر-بىرلىرىگە ئىللىق قاراشتى. سەپەر تۇرمۇشى ئۇلارنى بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرۇپ بىر ئائىلە ئادەملىرىدەك رىشتە باغلاتقۇزغانىدى.

سەپەر يەنە داۋاملاشتى. چوڭ قارا سۇدىن ئۆتۈپ چۆلاق بۇلاق تۇزلەڭلىكىگە چىققاندا قاش دەرياسىنىڭ ئورمانلار بىلەن قاپلانغان مەنزىرىسىنى ياقىلاپ ماڭدى. تەبىئەت بەرىكەت ئاتا قىلغان بۇ خاسىيەتلىك دىياردا بىر-بىرسىگە گىرەلىشىپ قەد كۆتۈرگەن باراقسان تېرەك، قېيىن، تال، چىغان قاتارلىق دەل-دەرەخ، چاتقاللار بۇ ساھىللارغا ئاجايىپ گۈزەل ھۆسن ئاتا قىلغانىدى.

— ۋۇي! — دەۋەتتى ئەخمەت ئىختىيارسىز ھالدا، —مۇنۇ قىزىل مارجاندەك شاختا تۇرغانلار نېمە؟

— قىزىل زىرىق دېگەن شۇ، — دېدى نادىر ئېڭىكى بىلەن شەرەتلەپ، — كۆرمەپتىكەنسەن-دە؟ ئاۋۇلار قارا

زىرىق.

يولنىڭ ئىككىلا تەرىپى مانا شۇنداق يېشىللىققا قاپ-لانغاچقىمۇ ھاۋا بىلەن بىللە ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك ئۇزۇلمەيتتى. توقاي ئۈستىدە تۈرلۈك ئۇچار قاناتلار ئۇ-چۇشۇپ يۈرسە، سۇدا ياۋا ئۆردەك، چۆپلەر ئارىسىدا قىرغاۋۇل، توشقانلارنىڭ يۈرگۈنلىكى كۆ-رۈنۈپ قالاتتى.

— لۇتپۇللا، يۇرتۇڭلار مۆجىزىلىك ئىكەن جۇمۇ، — دەپ ئەتراپقا ھەۋەس بىلەن قارايتتى ئەخمەت.

— ياق ئەخمەت، بۇلار مۆجىزىگە كىرمەيدۇ، تاغدى-كى بۇغا-مارال، چەكسىز قارىغاي، يەر ئاستىدىكى مىس، قوغۇشۇن، كۆمۈر ھەقىقىي مۆجىزە.

— بەرھەق، كۆرۈۋاتىمەن، ئەگەر مەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى دېگەن بولساڭىزە ”لاپ ئۇردى“ دېگەن بولاتتىم.

— ئەخمەت، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى نادىر، — ئىشەنمىگەنلا نەرسە ”لاپ“ بولىۋەرمەيدۇ، لاپ دېگەنمە-چۇ ئۆزەڭ كۆرۈۋاتقان، ئاڭلىغانلاردىن چىقىۋېرىدىكەن.

بۇ توغرىلىق بىر ئىشلار ئېسىمغا كېلىپ قالدى. سۆز-لەپ بېرەي - ھە. ئۆتكەندە بىرنەچچە ئادەمنى شەھەردىن ئېلىپ چىقىۋاتاتتىم، تاش داۋان تۆۋىنىدە قارماق سېلىۋات-قانلارنى كۆرۈپ بېلىق توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالدى.

— بۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دېدى بىرسى.

— بېلىق تۇتۇۋاتقانلارغۇ، — دېسەم، ھېلىقى كىشى كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇمۇ بېلىق تۇتقان بولامدۇ، — دېدى. مەن ئانچە-

ئېرەن قىلماي:
— تور سالماپتۇ، دېمەكچىكەنسىز-دە، — دېۋىدىم:
— ھېھ! تور؟ ئۇمۇ بېلىق تۇتۇش بولامدۇ؟ بىز تە-
رەپتە بېلىق يېگىمىز كەلگەندە دەريانىڭ بويىغا سورۇن
قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئويناۋېرىمىز، قازاننى سۇغا يېقىن ئې-
سىپ مايىنى قىزىتىپ، بىر تاختاينى قازانغا يۆلەپ بىر
ئۇچىنى سۇغا چىلاپ ماي قىزىغاندا چۆمۈچنى ئىككىلا
ئۇرساق بېلىق دېگەن تاختايغا يارمىشىپ قازانغا چۈشۈۋې-
رىدۇ. ئۇششاقلىرىنى تاشلىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بې-
لىققا تويۇپ قايتىمىز. مانا بېلىق تۇتۇش دېگەن، —
دەيدۇ.
— قىپقىزىللا يالغانغۇ بۇ، — دېدى ئەخمەت.
— ئالدىرىما، مەنمۇ سەندەك ئويلىغان، — دېدى
نادىر گېپىنى داۋام قىلىپ، — ھېلىقى ئاداش:
ئېشىپ قالغان بېلىقلارنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ قايتات-
تۇق، دېگەندى، مەن تەنە قىلىپ:
— تىرىك بېلىقلار يېسۇن دەپما؟ — دېدىم.
— ياقەي، — دېدى ھېلىقى ئاداش، — دەريا ئارشاڭ
سۇلىرى قوشۇلغاچقا شىپالىق ئىدى، ھېلىقى پىشقان بې-
لىقلار سۇغا چۈشكەن ھامان تىرىلىپ كېتەتتى.
بىز راسا كۈلۈشتۇق. نېمىشقا دېسەڭ ھېلىقى ئاداش
لاپچى ئىكەن.
— راستلا كۈلكىلىك ئىكەن. مۇشۇنداق گەپلەرنى
كىم چىقىرىدىغاندۇ؟ — دېدى ئەخمەت كۆزىنى لوتپۇللاغا
يۆتكەپ.

— ئۇنى "پالانچى" دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۆزگەرتىلىپ يۆرىدىغان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى. ھازىرقىدەك لاپ يەنە رىۋايەت، چۆچەك، لەتىپىلەرمۇ شۇنداق، — دەپ چۈشەندۈردى لۇتپۇللا، — يالغاندەك بولۇشى مۇبالىغە قىلىنغانلىقىدا، راستىنەك بولۇشى تۇرمۇشقا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە.

ئەخمەت ئەمدى چۈشەندىمۇ ياكى يول بويى خۇشمۇئامىلە، خۇشچاقچاق، قىزىقارلىق پاراڭلىرى بىلەن ئۆزىگە رام قىلىپ كېلىۋاتقان نادىر توغرىسىدىكى ئويلىرى بىلەنمۇ شۈك بولۇپ قالدى. شۇ تۇرقىدا ھەممىسىلا ئەتراپقا قارىغىنىچە جىمجىت ئىدى. ئەخمەت ئاخىرى نادىر توغرىسىدىكى قىزىقىشىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن:

— نادىركا، ياشلىقىڭىزدا شوخ ئۆتۈپتىكەنسىز-ھە؟ كۆرگىنىڭىزمۇ ئاز ئەمەستەكقۇ؟ — دېدى.

— توغرا دېدىڭ ئۇكا، — دېدى نادىر سەرگۈزەشتىلىرىنى قىزىققان ئادەملەرگە سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان مىجەزى بويىچە، — بۇنىمۇ قىسقىچە پاراڭ قىلىپ بېرەي. ئېسىمگە كەلسەم نامرات ئىكەنمىز. ئەمما شوخلۇقتا يېتەرلىك ئىدىم. خېلى-خېلى ھۆنەرلەرگىمۇ شاگىرت بولدۇميۇ ئاخىرىسىغا چىقالماي، ئاخىرى ھارۋىكەشلىكتە توختىغان بولدۇم. نېمىشقا دېسەڭ نۇرغۇن ئادەملەرنى، ئاجايىپ ئىشلارنى، نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىكەنسەن ئەمەسمۇ، بۇ كەسىپمۇ مەندەك قارا تۇرۇك ئادەمگە لايىق دېگىنە.

— ئەجەب قارا تۇرۇك بولۇپ قاپتىكەنسىز-ھە؟ بىرەر موللامدىن تەلىم ئالغان بولسىڭىززە، — دېدى ئەخمەت ئارمان قىلغاندەك.

— موللىنىڭ ئەمەس، خەلپەتنىڭ تەلىمىنى ئالغان. مېنىڭ مۇشۇنداق قارا تۇرۇك بولۇپ قالغىنىممۇ يەنە شۇ خەلپىتىمنىڭ سەۋەبى، — نادىر خۇددى ياش كۆنلىرىدە-كىدەك ئاھاڭلىرى بىلەن ھېكايىسىنى سۆزلىدى، — تالىپ بولۇش ئۈچۈن قارىلىق ئوقۇغانىدىم. خەلپىتىمنىڭ ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ھەتتا ئادەتتىكى گەپلەرنىمۇ ھەجىلەپ سۆزلەيتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ يانتىقىغا بىر سۆزنى سوراشقا كىر-سەم كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، سەللىسىگە شامدىن ئوت تۇتۇشۇپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. مەن موللامنىڭ تەلە-مى بويىچە: مول — لا—م، سەل — لى — لى — ر—ىگە ئوت كې — تىپ —تۇ، — دېگۈچە رەسمىي كۆيگىلى باشلىغانىدى، موللام دەرھال ئۈچۈرۈۋالدى-دە:

— ھاي كالۋا، كۆرگەندىن كېيىن چاپسان دېسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ تىللىدى.

— تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ تەلىمى شۇنداق ئەمەسمى-دى، دېسەم:

— خەلپىتىڭگە زىيان بولۇۋاتقاندا ھەجىلەپ سۆزلەش گۇناھ، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ قوغلىۋەتكەنىدى.

ھارۋىدا ياڭرىغان كۈلكە يېقىنلاپ قالغان مەھەللىگە ئاڭلاندى. بۇنىڭغا ھارۋىلارنىڭ تاشلىقتىكى جالاق-جۇلۇ-قى قوشۇلۇپ زېرىكىپ تۇرغان ئىتلارنىڭ قاۋىشىغا سە-

ۋەب بولدىمۇ، ئۆي-ئۆيلەردىن چىققان ئىتلار قاۋىشىپ كەتتى، ئۇ ئىتلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرلا ھارۋىنى پاچاقلى-ۋېتىدىغاندەك دېۋەيلىسە، بەزىلىرى خۇشياقمىغاندەك قو-رۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە قاۋايتتى.

نېمىدېگەن يامان ئىتلار-ھە، پىيادە ئادەم كېلىپ قالسا يېۋېتىدىغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى ئەخمەت ئەندىشىلىك كايىپ.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، — دېدى نادىر، — بىزنىڭ ھارۋىلارنىڭ تاشلىقتىكى تاراقلىشى ئۇخلاۋاتقان ئىتلارنى-مۇ ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار قورقۇپ تۇرۇپ قاۋاۋاتىدۇ.

— قورققان ئىت قاۋامدۇ؟

— نېمىدېگىنىڭ، قورقۇنچىقى تېخىمۇ بەك قاۋايدۇ. مېنىڭ ئىككى ئۆي نېرىسىدىكى قوشنامنىڭ شۇنداق بىر ئىتى بار ئىدى. كۈندۈزى ئۇخلايدۇ، كېچىسى تاڭ ئاتقى-چە قاۋايدۇ. ئىگىسى: "بىزنىڭ ئالەك بەك سەگەك" دەپ ئۇخلاۋېرىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ قويىنى ئوغرى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن: "ھە، سەن قاۋاپ چىققىنىڭ بىلەن ئوغرىنىڭ شېرىكى ئىكەنسەن" دەپ ئۇنى يوقاتتى. ئەمدى مېنىڭ ئىتىم ئۇنداق بىھۇدە قاۋىمايدۇ، بىر نەرسى-نىڭ شەپىسىنى سەزسە قاۋايدۇ.

— ئۇنداقتا ئەقىللىق ئىت ئىكەن-دە؟

— ھە، مال ئىگىسىنى دورايدۇ-دە!

— ھا ھا ھا!

ھارۋا تاقىر قىزىل تاغ تۈۋىگە كېلىپ قالدى.

— تاش داۋاننىڭ ئۇچىغا كەلدۇق، — دېدى نادىر،

— بىگىتلەر، ئەمدى ئىتلارمۇ يوق، پىيادە ماڭىسىلەر.
بىردىن تاش كۆتۈرۈۋېلىڭلار، ئاتلار دەم ئالغاندا چاقچا تىرەپ قويىسىلەر. تۆپىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن سىلەر ئاتلىق يول بىلەن چۈشۈپ كەتسەڭلەر بولىدۇ، بىلىسەنغۇ لۇتپۇللا؟

— ھەئە.

داۋانغا يارماشقان ئاتلارنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، ھارۋىنى مۇرىدەپ مېڭىش ھارۋىكەشلەرنىڭ ئادىتى ئە-دى. نادىر ئەنە شۇنداق تىرەجەپ مېڭىشقا باشلىدى. يۇقىرىغا پىيادە ماڭغاننى ئاز دەپ تاش كۆتۈرۈۋالغان ئەخ-مەت تۇمشۇقى يەرگە تەگكۈچە بويىنىنى سوزۇپ ئۆرىدەپ كېتىۋاتقان ئاتلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ھارۋىنىڭ ئارقى-سىغا يېنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولىدىكى تاشنى چاقچا يۆلەيتتى.

شۇنداق قىلىپ بارغانسېرى ئۆزىراپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن دەسلەپكى چوڭ داۋان تۈگىدى. قالغانلىرى ئانچە خەتەرلىك ئەمەس ئىدى. ھەممىسى ئارام خۇدا دەم ئېلىشىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە بىز ئاتلىق يول بىلەن كېتىۋەردۇقۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئالدىرىماي مېڭىڭلار، بىز ئۆزاقتا چىقىمىز، — دېدى نادىر.

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت چاتقاللار ئارىسىدىكى بىلى-نەر-بىلىنمەس چىغىر يول بىلەن بىردە تاقىر يەرلەردىن، بىردە تېۋىلغا، تىكەنلەر ئارىسىدىن ئۆتەتتى. ھەممىلا

نەرسە ئۇسساپ كەتكەندەك قاغجىراپ تۇراتتى. مانا بىر چاغدا تېگى كۆرۈنمىگۈدەك ھاڭنىڭ لېۋىدە كېتىۋاتقان ئەخمەت ھەيرانلىقتا ئېھتىيات بىلەن ماڭاتتى. سەلدىن كېيىن ئۇ:

— لۇتپۇللا، كىچىككىنە دەم ئېلىۋالغاچ مۇنۇ يەر-لەرنى كۆرۈۋالايلىچۇ، — دېدى.

— كۆرۈۋالغان ياخشى، — دېدى لۇتپۇللا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك، — ھاياتلىق سەپىرىمىزمۇ مۇشۇن-داق قىستاڭ ھەم داۋانلىق يوللاردىن ئۆتىدۇ! تېخى ئۆش-نىمىزدە يوق...

ئېغىر يىللارنىڭ دەھشەتلىك،
قاينىغان قاينامىلىرىدا
. . . . . . . . . . .

بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان لۇتپۇللانىڭ ئا-ۋازى يىراقتىن ئاڭلانغاندەك بوش ئاڭلىناتتى. تېگى يوق ھاڭنىڭ قىرغىقىدا ئۆۋۈسىدىن ئۈچۈشقا تەمشىلىۋاتقان قۇشنىڭ بالىسىدەك ئۇنىڭ سىياقى ئەخمەتكە باشقىچىلا بىلىنىشكە باشلىدى.

كۆردۈڭمۇ ئالدىمىزدىكى،
چوڭ ئېغىر داۋاننى؟
ئىچىدىكى تىك غارلار،
تا بىز ئۆتىدىغان يول،
تۇماق قىرلاپ، يۈكنى مۈرىگە ئارتىپ،
ناخشا ئېيتىپ،
بەخۇدۇك چىقىپ كېتەيلى،

دوستۇم ھوشيار بول.

. . . . . . . . . . . .

خېلى يىللار بىللە يۈرگەن بولسىمۇ لۇتپۇللانىڭ مۇنـداق ھالىتىنى كۆرمىگەن ئەخمەتنىڭ ئالدىدا لۇتپۇللا خۇددى بىرخادا تاشتەك ياكى قانداقتۇر قوشۇننىڭ سەردارىدەك تۇراتتى.

تېخى تۇنۇگۈنلا تام تۇۋىلىرىدە،
توپىغا مىلىنىپ، مەن ئىدىم دوستۇم
ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ.

. . . . . . . . . . . .

شائىرنىڭ بۇ داۋان ئۈستىدە چاچراپ چىقىۋاتقان شېئىري مىسرالىرى قەلبىنىڭ قەيەرلىرىدىدۇ مۇجەسسەملىنىپ ساپ ھاۋادا قانات قېقىشى كەلگۈسىدىكى "كۈرەش سىپىدىن شەپە"، "قىزىلگۈلگە پۈركەنگىچە يەر-جاھان" . . . شېئىرلىرىنىڭ بېخلىرى ئىدى.

لۇتپۇللا پۈتى ئاستىدىكى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان تاشنى نېمىشقىدۇ سايغا دومىلىتىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭغا يۇزلىگەن، مىڭلىغان تاشلار قوشۇلۇپ بۇھاڭدا تاغلارغا خاس سادا ياڭرىدى. ئۇنىڭغا تاغ ئۈچار قاناتلىرى جور بولۇپ ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى.

— كەتتۇق، — دېدى شائىر، — گۈزەل مەنزىرىلەر يەنە بار.

سەزگۈر لۇتپۇللا ئۇن-تىنسىز ئورنىدىن تۇرغان ئەخـمەتنىڭ قول ياغلىقى بىلەن باش-كۆزىنى سۈرتۈۋاتقانلى-

ـقىنى بايقىدى. ئۇ، ئەزەلدىن مۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچرات-
ـقاندا ئەزۋەيلىمەيدىغان مىجەزى بويىچە گەپلەرنى دىلغا
بىشارەتلىق كەلتۈرمەيدىغان تەبىئەت ئۈستىگە يۆتكىدى.
— تەبىئەت بەك خىلمۇخىل-ھە، — دېدى لۇتپۇللا
كۈلۈمسىرەپ.
— كونىلارنىڭ: "خۇدانىڭ قۇدرىتىنى كۆرىمەن دې-
سەڭ تاغقا چىق" دېگىنى بەرھەق ئىكەن-دە! — دېدى
ئەخمەتمۇ بىلىندۇرمەي.
— يەنە توقايغىمۇ بار دېگەن بولغىيتى، — دېدى
لۇتپۇللا، — قارىغىنا، مۇنۇ يېشىل توقايلىق ھەم ئۇنى
ئارىلاپ ئېقىۋاتقان ئاق لىنتىدەك قاش دەرياسىنى!
بۇ ئىككىسى پاراڭ بىلەن تۈۋەنلەپ سۆپسۆزۈك تاغ
سۈيىنىڭ بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇردى.
— بۇ سۇ "ئېرامىدۇن" سېيىدىن چىقىدۇ، — دەپ
چۈشەندۈردى لۇتپۇللا، — "ئېرامىدۇن" دېگەن سۆز "ئې-
رەنلىك" دېگەن مەنىدە. ئاۋۇ ھەيۋەتلىك دەرەخلەر ئې-
رەن. تېخى سايىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كېنى بار.
— ئوھوي، ئېرەن دېگەننى ئاڭلىغان، ئۆزىنى كۆر-
مەپتىكەنمەن، — دېدى قىزىققان ئەخمەت بىر شاخنى
قولىغا ئېلىپ، — يوپۇرماقلىرى بۆيىنىڭ يوپۇرمىقىغا
ئوخشايدىكەن-ھە؟
— ئەمما نەسلى ئاز، ياغىچى بەك قاتتىق دەرەخ.
كەچكۈزدە كۆرسەڭ يوپۇرماقلىرى ئوتقاشتەك رەڭدار بو-
لۇپ كېتىدۇ، — دەپ تەسۋىرلىدى لۇتپۇللا.
كېچىكمەي ھارۋىلارمۇ تاراقلاپ كەلدى-دە، دەريا يا-

قىلاپ كەتكەن يول بىلەن بىر چۆپلىكتە دەم ئېلىشتى.

— ئەخمەت ئۇكا، — دېدى نادىر مېھماندوستلۇق تەلەپپۇزى بىلەن، — لۇتپۇللا سېنى باشلاپ بارسۇن، تو-نۇشۇپ قالدۇق. ئۆيلەرگە بارغىن جۇمۇ! ئۆيىگىمىزگە يېتىپ بارمىدۇق، ئېسىمىزنىڭ بارىدا دەپ قويغىنىمىز بۇ.

— خۇدا بۇيرىسا بارارمەن، سىزمۇ شەھەرگە كىر-گەندە بېرىڭ! — دېدى ئەخمەت.

— شۇ چاغدىمۇ مەن باشلاپ بارىمەن نادىركا، ئەخ-مەت سەمەرقەنت تەكلىپىنى قىلىپ قويىدىغان شەھەرلىك-لەرگە ئوخشىمايدۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئۆزەڭ بىلىسەن، نادىركاڭمۇ ئانچە تارتىنچاق سەھرالىق ئەمەس، دوكىنىغا بولسىمۇ بارارمەن.

— ھا ھا ھا.

## 11

بۈگۈن ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇپ، كېلەر-كېتەر پاراڭلارنى تۈگەتكەن لۇتپۇللا ئۇخلاش ئۈچۈن مېھمانخا-نىغا كىرگەندە ئەخمەت ئالللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئەتىگەنلىكى بەسلەشكەندەك ئىككىسى تەڭلا ئورنى-دىن تۇردى.

— سەن يېتىۋەر ئەخمەت ، — دېدى لۇتپۇللا، — مەن ئەتىگەن تۇرۇپ ھويلامنى، كوچىلارنى، ئابرال تېغى-نى كۆرۈۋالاي دېدىم.

— ئوخشاش ئىكەنمىز، — دېدى ئەخمەتمۇ، — مەن

بۇ تاغلىق يۇرتۇڭدا كۈن قانداق چىقىدىكىن دەپ تۇرۇۋاتىمەن.

لۇتپۇللا ئېرى-بېرى كېرىلىپ كوچىغا چىقتى. ئەخمەتمۇ بىللە چىقتى. بىراق لۇتپۇللا يۇگۇرگىنىچە غايىب بولدى. ئەخمەت كۈننىڭ چىقىشىغا قىزىقىپ قارايتتى. ئەلەرنىدۇ ئايلىنىپ كەلگەن لۇتپۇللا ئەخمەتنىڭ قېشىغا كەلگەندە كۈننىڭ چاچراپ چۈشكەن نۇرلىرى ئابرالنىڭ ئېگىز چوققىسىدىكى "بالاتاش"قا چۈشۈپ، كۈنچىقىش تەرەپنى يورۇتقانىدى. ئۇلارنى كۆزىتىپ قاراپ چىققان ئەخمەت:

— ھە، ھېلىقى ياغاچ تورنىكنىڭ مۇشۇ ئىكەن-دە، توغرا ياغاچ سېنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ — دېدى.

— ۋاھ، ئۇ دېگەن ئېرەن نوتىسىدە! — دېدى لۇتپۇللا تورنىك ئويناشقا تەمشىلىپ.

لۇتپۇللالارنىڭ تاقا شەكىللىك ھويلىسى دەرۋازىلىق دېيىلگىنى بىلەن تالدىن توقۇلغان "چاقىسلىق" ئىشىك ئىدى. ئۇڭ قولدىن ھىسابلىغاندا ئامبار، ئات-كالا ئېغىلى، غازخانا، ئاندىن مېھمانخانا، ئاشخانا ھەم سىپراتور[1]دا سۈت مېيى ئايرىيدىغان چايخانىمۇ بار ئىدى.

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت ھويلىغا كىرگەندە بىر توپ ئايالالار سىپراتوردا سۈت تارتىۋاتاتتى. لۇتپۇللا ھەردائىم يازلىق كانىكولدا كەلگەندە ھەۋەس قىلىدىغان بۇ ماشىنىنىڭ تۇتقىسىنى ئايلاندۇرۇپ ياردەملىشەتتى. ھازىر بىر-

[1] سىپراتور — سۈت مېيىنى ئايرىدىغان ماشىنا.

دىنلا يەنە شۇنداق چىشلىق چاقنى پىرقىراتتى. ماشىنىدىن رىتىملىق غىژىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. سۈت تارتقىلى كەل-گەنلەر بۇ ئىشچان يىگىتكە قىزىقىپ رازىمەنلىك بىلەن قارىشاتتى.

— نىلقىنى قەيەرلىرىدىن باشلاپ كۆرسەتسەم بولىدۇ-كىن ساڭا، — دېدى ماي-قايماقلار قويۇلغان داستىخان ئۈستىدە لۇتپۇللا.

— بازىرىدىن، — دېدى ئەخمەت.

— ھا ھا ھا، — دەپ كۈلۈپ كەتتى لۇتپۇللا، — ھېلىمۇ بازاردا چوڭ بولغىنىڭ، — دەپ چېقىشتى لۇت-پۇللا، — ھە، مەيلى، مەنزىرىسىنى ئاندىن كۆرەرسەن.

ئۇلار چايدىن كېيىن بازارغا چىقتى. بۇ يېڭى بازار ئىدى. ھەر خىل ماللارنى ساتىدىغان چوڭ-كىچىك دۇكان-لار، يايمىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ شاھمات شەكىل-لىك كوچىلاردا پەۋەس ئىدى. بۇ ئەخمەتنى ئانچە قىزىق-تۇرمىدى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات، ئۇكۈزلەرگە، ئې-شەكلەرگە ئارتىۋالغان تېۋىلغا ئوتۇنلار ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتنىڭ سودا-سېتىقى بولمىغاندىن كېيىن، ئايلىنىپ كۆرۈشكە كۆپ ۋاقىت كەتمىدى. كۆپ-رەك ۋاقىتنى ئۇيەر-بۇيەردە لۇتپۇللاغا ئۇچراشقان تو-نۇش-بىلىشلەرنىڭ ئەھۋاللاشقان پاراڭلىرى ئالدى.

بۇلار ئايلىنىپ دۆربىلجىننىڭ سازلىق بىلەن تۇتاش-قان قىرىنى ياقىلاپ، لۇتپۇللانىڭ ئۇچراشقان ئاغىنىلىرى بىلەن ”چىم-چىم بۇلاق“ بويىدا شاخلىرىنى يېيىپ تۇرغان

قېيىن دەرىخى تۈۋىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

كەچقۇرۇنلۇقى لۇتپۇللا سىرتقا چىقمىدى. كەچكى تاماقنى يەپ بولۇپ ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۆزلىرىچە مۇڭدىشىپ كەتتى.

ئەخمەت ئىلگىرىمۇ كۆرۈشكەن ھېزىم ئاخۇندىن تارتىنىپمۇ كەتمىدى. ھېزىم ئاخۇننىڭ مۇلايىم-خۇشخۇي مىجەزى ئەخمەتنى تارتىنىشتىن خالىي قىلاتتى.

لۇتپۇللانىڭ مېھماندوست، تەمكىن، كۆيۈمچانلىقى ئەخمەتنى تېخىمۇ ئازادىلىككە ئېرىشتۇردى.

كەچتە بولىدىغان پاراڭلارنى ئۆزىگە ئانچە مۇناسىۋە-تى يوق دېدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ-كۇشادە پا-راڭلىشىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىش ئۈچۈنمۇ ئەخمەت مېھمانخانىغا چىقىپ دەم ئالدى . . . لۇتۇننىڭ ئائىلىسى-دىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسىلا ئاڭلىق ئادەملەر ئىكەن-دە . . . تۇرمۇش مەئىشىتىمۇ پاراۋان ئىكەن. بۇ شارائىتلار لۇتۇننىڭ قانداقلا يەردە بولمىسۇن خاتىرجەم ئوقۇشىغا كاپالەت يارىتىپتۇ. . .

بۇگۈنكى ھاۋا بەكمۇ ئىللىق ئىدى. ئويۇن-كۈلكىگە خۇشتار نىلقىلىق تاتار ئوغۇل-قىزلىرى ۋەدىلىرى بويىچە بېرىچكىلىرىنى ھەيدەپ لۇتپۇللانىڭ قورۇسى ئالدىدا توختاشتى. لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت ھارۋىغا چىققاندىن كېيىن، قىيا-چىيا ناخشا ئېيتىشىپ توقايلىققا يۈرۈپ كەتتى.

قاش دەرياسىدىكى ھەيۋەتلىك ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تۆۋەنلىگىنىچە گىلەك[1] توقايلىقىدىكى ساياھەت-چىلەر ئۈچۈن ياسىلغان ئالتە بۇرجەكلىك شىپاڭغا چۈشتى. بىردەمدىلا شىپاڭ كىگىز-پالازلار بىلەن تولدۇرۇلۇپ سورۇن راسلاندى.

دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارغا قاپلانغان توقايلىق بۆلجۈرگەن، شىلۋى، زىرىق، دولانا، جىغان قاتارلىق تەبىئى ياۋا مېۋىلىرى بىلەن ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. بۇ گويا بىر ئىگىسىز باغ ئىدى. ھەممىسى شىلۋى، بۆلجۈرگەن يەپ تويۇشتى. قىزلار بولسا سېۋەت، چەلەكلىرىگە تېرىپ تولدۇرۇشتى.

ئۇلار شىپاڭغا قايتىپ كەلگەندە، ساماۋار قايناپ، داستىخانلار سېلىنغانىدى.

داستىخان ئەتراپى بىردەمدىلا كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن تولدى. مانا ئەمدى يەككە، ئارىلاشما جىرلاش باشلىنىپ كەتتى: «غالىيە بانۇم»، «ئاسلىيار»، «كۆزلىرىڭ»، «دوستلارىم» دېگەندەك خىلمۇ-خىل تۈرلەر بويىچە ئەۋج ئالغان جىرلارغا گارمون، ماندالىن مۇزىكىلىرى تەڭكەش قىلىندى. بولۇپمۇ يىگىت-قىزلارنىڭ مۇسابىقىلەشكەندەك جىرلىرى قىزىقارلىق بولدى.

مانا ھازىر قىزلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان سېرىق چاچ، كۆك كۆز، زىلۋا بويلۇق قىز—سەپىدە يىگىتلەر ئارىسىدىن لۇتپۇللانى تەكلىپ قىلدى.

① گىلەك — يەر نامى.

بۇلار تېخى جىرلاشماي تۇرۇپلا ئەتراپتىكىلەر قوللاپ كې-
تىشتى.

جىرنى سەپىدە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ "ھە-
مۇ" دېيىشىدىغانلىرى پەقەت نەقراتنىلا تەكرارلايتتى.

سەپىدە:

تالدىن تالغا قونىپ سايرى مىكەن،
تاك ئالدىنان سايرار ساندۇغاچ[1]،
ساندۇغاچلار تاۋشى مۇڭلى ئىكەن،
سۆيگەنىڭنى ئۇزلىپ ساغىنغاچ.

نەقرات:

بۇدرە تال ئەي بۇدرە تال،
چېت ئېللەردە يۈرىپ غىبرەت ئال.

لۇتپۇللا:

ئىلى دەريا بويلارى يەملى،
ئاق قۇشلار ئويناغاندا،
تون يوقلارىم يوقلامىم،
بىر سېنى ئويلاغاندا.

نەقرات:

ئىلى دەريا بويلارىندا جەيۇ يۈرەلىم كېلە،
سۆيەسىگمە-سۆيمەيسىگمە شۇنى بىلەلىم كېلە.

. . . . . . . . .

ئەتراپتىكىلەر پاراسلىتىپ چاۋاك چالغىنىچە چۇرقى-

---

[1] ساندۇغاچ — قارلىغاچ.

راشتى.

— تىنچلىنىڭلار ئىبدەشلەر[1]، —دېدى بىر يىگىت ئورنىدىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ قول ئىشارىتى بىلەن، — ئەمدى لۆتپۇللانىڭ «ئەپەندى بولماق» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلساق قانداق؟

— ئاڭلايمىز!

لۆتپۇللا ئورنىدىن دەست تۇردى-دە، خۇددى سەھنىدە رول ئالغاندەك ھەرىكەتلىرى بىلەن باشلىدى:

بۇ يىل ئون ئىككى يىل بولۇپ قالدى ئۇكام،
بۇ ئەپەندى بولماق مېنى بىر بالاغا سالدى ئۇكام.
شۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە ساقىلىمنى قىرىپ يۈردۈم.
كەينى يىرتىق چاپانلارنىمۇ كېيىپ يۈردۈم.
لېكىن "ئەپەندى" دېگۈچىلەرنى ھېچ كۆرمىدىم، ئۇكام.
بىر جاۋاب بەرسىڭىزچۇ "ئەپەندى" دېمەسكە يەنە نېمە كەم؟

— ھا ھا ھا.

— ئۇ، بىزگە تونۇشتەكلا ئادەمغۇ؟

— سۆز ئارىلىمايلى، داۋاملاشتۇرسۇن!

غەم يېمەڭ ئاكا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ زاماندا بەك ئاسان، ھازىر تويتوغرا ماگىزىنغا بارىسىز،

---

① ئىبدەش — دوستلار.

ئازراق پۇلىڭىزغا كاستۇمدىن بىرنى ئالىسىز،
يەنە. كازىبېكدىن يانچۇققا بىرنى سالىسىز،
يەنە ئالىسىز ئاق كۆڭلەك ۋە ئۇزۇن گالىستۇك.
بىر سىرىق شىبلىت كىيىسىز ئاندىن ئۇنى موك.
تاماكىڭىزنى قىڭغىر چىشلەپ يۈرسۈڭىز،
سىزنى "ئەپەندى" دېگۈچىلەرنى كۆرۈۋېرىسىز.

— ھاھاھا!

— ھى ھى ھى

يىگىت-قىزلار قانغىچە كۈلۈشتى. كۈلگەنسېرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق "ئەپەندى" نامايەن بولغاندەك قىلاتتى. ھەتتا بەزىلەر خۇددى كىسىنغاندەك چاقچاق قىلىپ:

— شائىر، مېنىڭ پاپىروس چېكىدىغىنىمنى يازمىغانسەن؟ — دېدى.

—ئارىمىزدا ئۇنداق ئادەم يوقتۇ؟ —دېگۈچىلەرگە لۇتپۇللا:

— بۇ شېئىرنىغۇ مەن غۇلجىدا يازغان، ئەگەر "ئەپەندى"چىلىكتىن تەمەيى بارلار بولسا ئۆزلىرى ئېيتسۇن، — دېدى. كۈلكە-چاقچاقلار يەنە كۆتۈرۈلدى.

— يەنە بىر تەلەپ بار! — دېدى ئۇنلىرى قوڭغۇراق-تەك بىر قىز، — لۇتپۇللا شائىر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مېھمان دوستىمۇ بوش ئەمەستۇ، جىرلاپ بەرسە ئىكەن.

كۆپچىلىك يېڭىدىن تونۇشۇپ قالغان ئەخمەتكە قارىغاندى، لۇتپۇللا:

— ئەخمەت جىرلاشنى بىلمەيدۇ، مېنىڭچە ماندالىن چېلىپ بەرسۇنمىكىن؟ — دېدى. ئەخمەت ئانچە-مۇنچە

جىرلاشنىمۇ بىلەتتى، لېكىن مۇنۇ سورۇندا جىرلاش ئۇ-
نىڭچە شامالغا قارشى يۈرگەندەك بولاتتى. ئۇيغۇرچە ناخ-
شا ئېيتىشنى قولايسىز كۆردى-دە، ئاڭلىسا مۇزىكىلىق
لەززەت بېرىدىغان، ئۇسسۇل ئوينىسا رىتىمى ئېنىق «ئە-
لى سەنىمى» گە چالدى. ماندالىندىن چىققان شوخ، رې-
تىملىق، ئەۋرىشىم سادانىڭ نېمىگە چېلىنىۋاتقانلىقىنى
سورۇن ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى بىلەلمىسىمۇ، قەلبلەرگە
زوق بېرىۋاتقان بۇ ئۇيغۇر مېلودىيىسى ئۇلارنى ئىختىيار-
سىز جەلپ قىلاتتى. بۇ پۇرسەتنىڭ پەقەت ئاڭلاش بىلەنلا
ئۆتۈپ كېتىشىنى ئەھمىيەتسىز بىلگەن سورۇندىكى يە-
گىت-قىزلار كۆكۆلمەيدان بوشلۇققا چىقىپ بەزىلىرى
تاتارچە ئۇسسۇل-تانسىغا، بەزىلىرى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلغا
چۈشۈپ كەتتى. "ئەلى سەنىمى"نىڭ ياڭراق ساداسى قاش
دەرياسىنىڭ كۆركى گۈزەل توقاي ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈ-
رۈۋەتتى.

تاتار يىگىت-قىزلىرى ئەخمەتنىڭ مۇزىكا ماھارىتىگە
قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئېيتىشتى.

بۈگۈنكى توقاي سەيلىسى ئاددىي-ساددا بولغىنى بىلەن
ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۈك-باراقسان تو-
قايلىقنىڭ خىلمۇخىل دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلىرى پىل-
دىرلىغان يوپۇرماقلىرى بىلەن يىگىت-قىزلارنى ئۆزىتىپ
قويدى.

قاش دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقان
كىشىلەر شاۋقۇنلۇق دولقۇنلار ئۈستىدە كەچقۇرۇننىڭ
ھال قىزىل جىلۋىسىگە ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى.

## 12

ئىلقىنىڭ يېڭى كۆلۈبى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولۇپ، خۇددى ئاپرېل بايرىمىدەكلا تۇس ئالغانىدى. كۆلۈبنىڭ ئالدىدىكى مەيدان شىمشىكا-پورچاق، تاماكا، مېۋە-چېۋە، ئاشلەڭپوڭ، كاۋاپ، سامسا ساتىدىغانلارنىڭ يورۇقىدىن ئىسى تولا قارا چىراقلىرى بىلەن كەچلىك بازار پەيدا قىلغانىدى.

ئويۇن كۆرۈشكە كېلىۋاتقانلار ئاۋۋال ئەنە شۇ بازارنى بىر ئارىلاپ چىقاتتى. ھەر دائىم بولمايدىغان بۇ بازارنىڭمۇ مەيلى خېرىدارغا بولسۇن ياكى سەيلىچىلەرگە بولسۇن خېلى جەلىپكارلىقى بار ئىدى. ھېچ بولمىغاندا خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلار كىشىلەرنى قىزىقتۇراتتى. تېخى بەزىدە مەستلەرنىڭ جەڭگى-جېدەللىرى بولۇپمۇ قالاتتى.

مانا ھازىر بازار سۈلتىگە ياراشمايدىغان بىر تەرتىپسىزلىك بولىۋىدى، لاغايلاپ يۈرگەن بىكارچىلارغا ئەرمەك بولۇپ بەردى. بەزىلەر: ”قاراپ تۇرۇڭلار، ھېلى مۇشتلىشىدۇ“ دەپ دەي-دەيچىلىك قىلىپ قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىشقا قۇترىتىشتى. لېكىن جېدەل چىقمىدى. ھەممىسى تاماشا كۆرۈشكە ئالدىرىشاتتى، ھازىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاتقىنى كۆلۈبقا كىرىش ئىشىكىدىكى قىستاڭچىلىق ئىدى. مۇنداق چاغلاردا ئۆيىدىن چىقىشقا خۇشياقمايدىغان ساقچىنىڭ چېرىكلە-

رى "تەرتىپ ساقلايمىز" دېيىشىپ سېرىق قىلىچلىرىنى ئېسىشىپ تەييار بولۇشاتتى.

بۈگۈن «ئىككى بايغا بىر مالاي» درامىسى ۋە يەنە ناخشا-ساز كۆرسىتىلەتتى. شۇڭا ئىلقىلىقلار تەرەپ-تەرەپتىن بۇ كۇلۇبقا يىغىلغانىدى.

كۇلۇب ئىچىدىكى 20 تۇۋرۇكنىڭ ھەممىسىگە بىردىن پانار ئېسىلغانىدى. يەنىلا سەھنىدىكى ئىككى گازۋاي لامپا ئالدىدا خىرە كۆرۈنەتتى. كۇلۇب زالىدا تاماشىبىنلار ئۇزۇن تاختايلار بىلەن ياسالغان ئورۇندۇقلاردا قاسقاندىكى مانتىدەك قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى، تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەر ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئېلىشقانىدى.

تەقەززالىققا چۆمگەن تاماشىبىنلار تەييارلىقنىڭ پۈتمىگىنى بىلەن ھېسابلاشماي سەھنىگە تىكىلەتتى. بەزىلەر "باشلىمامسىلەر!" دەپ ۋارقىرىشاتتى، چاۋاكلار ئۇراتتى.

تۆۋەندىكى بۇ تەقەززالىق كۇلۇب ئىچىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ پەيدا قىلىپ، سانايىنەپىسەنىڭ مەسئۇلى غۇلامنى تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ يەنىلا سانايىنەپىسەدىكىلەر بىلەن ئويۇن باشلاشتىن ئىلگىرى ئىمىلەرنى قىلىش توغرىسىدا پىكىرلەشتى.

— لۇتپۇللا، — دېدى غۇلام، — سەن قانداقلا بولمىسۇن غۇلجىدىكى سانايىنەپىسەنى خېلى كۆرگەنغۇ، نېمە قىلساق بولار؟

— مېنىڭچە، پەردە ئالدىغا بىر ئورۇندۇق قويۇپ

ئەخمەتنى ناخشا ئېيتقۇزساقمىكىن، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ئەخمەت؟

— بولىدۇ، — دەپ قوللىدى ئەخمەت، — قانچىلىك ۋاقىت ئالسام بولىدۇ؟

— ئەھۋالنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ، — دېدى لۇتپۇللا، — ئەھۋالغا قارارسەن.

ئەخمەت تەمبۇرنى كۆتۈرگىنىچە ئىبلانچى بىلەن پەردە ئالدىدىكى بوشلۇققا چىقىپ سالام بەرگەندىن كېيىن «چەبىيات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى:

ئۇل ئاينىڭ ھىجرىدە دوستلار ئاجايىپ بىقارار ئۇلدۇم.
مىسالى ئەندەلىپ يەڭلىغ ئەسرى گۇل ئۇزار ئۇلدۇم.
..........................

— بۇ كىمدۇ؟

— ياشلا يىگىت ئىكەن، ئاۋازى ئەجەبمۇ ياڭراق چىقىدىكەنا!

ھەممىنىڭ دىققىتى سەھنىگە مەركەزلەشكەنىدى. قاچانكى ئەخمەت تەزىم قىلىپ ماڭغاندىلا چاۋاكلار چېلىندى. ئەخمەت پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ چاۋاك توختىمىدى، ھەتتا ئىسقىرتىشلار ئەۋج ئالدى. غۇلام ئەخمەتكە بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئەخمەت يەنە سەھنىگە چىقتى. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئەمدىلەتىن خەلق ئىچىگە تارقىلىۋاتقان مۇنۇ ناخشىنى ئېيتتى:

ئېچىلغان گۇل قىزىلگۇل،

ھەرگىز سۇلمايدۇ.
گۈلزارلىقتا قەست قىلغان،
ھايات يورمەيدۇ.
. . . . . . . . . .
شۇ باھاردا ئۆسكەن بىز،
دائىم ئۆرلەيمىز.
زەربە بېرىپ ياپونغا،
قويماي قوغلايمىز.

ناخشىنىڭ شوخ، يېڭى بولۇشى تاماشىبىنلار ئارىسىدا قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئەخمەتنىڭ بۇ ناخشىسى تۇگىشىگە سۇيىستوك چېلىندى. سەھنىدە بىر-بىرسىگە رۇبىرۇ كەلگەن ياۋروپاچە ئۆينىڭ دېكوراتسىيىسى تۇراتتى. ھويلىدا غەيرىي كىيىنگەن بىر يىگىت يۈرەتتى. ئۇ قىزىق ھەرىكەت، يۇمۇرلۇق سۆزلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. ئۇ "مالاي" ئىدى. مىكرافون بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئارقىدىكىلەرگە ئېنىق ئاڭلانمايتتى.

تاماشىبىنلار "مالاي"نىڭ قىزىق گەپ-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇزلىرىنىڭ جىددىيلىكى ئىچىدە بىرىنچى پەردىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى. ئىككىنچى پەردە ئۇچۇن دېكوراتسىيە ئۆزگىرىش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتا نېمىلەرنى قوشۇمچە كۆرسىتىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مانا ھازىر پەردە ئالدىدا ئالا-بۇلماچ كىيىم، بېشىغا

قىرنىداشىنىڭ ئۈچىدەك ئۈچلۈق قەغەز بۆك كىيگەن قاقىر بۇرۇن بىر سىپھىرگەر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىلا كۈلكىلىك ئىدى.

سىپھىرگەرنىڭ ئالدىدا بىر ئۈستەل بار ئىدى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قىيقىپ، سىلكىپ بىر قارا داستىخان يايدى. داستىخان ئۈستىدىكى بىر تۇخۇمغا سىپھىرگەر قولىدىكى چوكا بىلەن بۇيرۇق قىلىپ، تۇخۇمنى بىر تەرەپكە ماڭغۇزدى. بۇنى بىرنەچچە تەكرارلىغاندىن كېيىن، داستىخاننى بىر كۆتۈرۈپلا تۇخۇمنى ھاۋا بوشلۇقىدا غايىب قىلىۋەتتى، داستىخاننى ئۈستەلگە يېپىپ، چاۋاك چالغاندىن كېيىن، داستىخاننى يەنە شۇنداق كۆتۈرۈپ تۇخۇمنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر قىزىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئالقىنىنى يېيىپ ئالدى. ئارقىسىنى كۆرسىتىپ، بىردىنلا بىرنەچچە قارتىنى ئۈستەل ئۈستىگە چۇشۇردى. مۇشۇ ئارىلىقتا سازەندىلەر «مۇناجات» مەرغۇلىنى ئورونداپ تۇردى. سىپھىرگەرنىڭ ئويۇنى تۈگىگەندە ئويۇن كۆرگۈچىلەر چاۋاكلار ياڭراتتى.

— سانايىنەپىسە نومۇرلانى بېيىتىپتۇ، — دېدى جاڭ ھاكىم،— تېخى ياش يىگىت ئىكەن.

— بۇ ھېلىقى مەن سىزگە غايىبانە تونۇشتۇرغان شائىر لۇتپۇللا، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم. بايا مالايىنىڭ رولىغا چىققانمۇ شۇ، ئۇ ھەر دائىم كەلگەندە سانايىنەپەسەگە ياردەملىشىپ تۇرىدۇ.

جاڭ ھاكىم بىلەن ئوسمان مۇئەللىم ئويۇن توغرىسىدا خېلى پاراڭلاشتى، بولۇپمۇ نىلقىدەك ئەمدىلەتىن قۇرۇل-

غان چەت ناھيىدە ئاتاقلىق «ئىككى بايغا بىر مالاي» دراممىسىنى ئويناپ چىقالىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشتى ھەم كۇلۇبنىڭ نۇرغۇن جاھازلىرىنىڭ كەملىكى ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى.

ئويۇن كەچ تۈگىدى. بۇگۇن ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ، كۇرسەتكۇچىلەر ئۈچۈنمۇ يېڭىلىقلار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماشىبىنلار كوچا-كوچىلارغا، ئۆي-ئۆي-لەرگىچە تەسىراتلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى.

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتمۇ تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە ئۆيلىرىگە تارقاشتى. بۇلار ياتاق ئۆيىگە كىرىپ خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىمۇ نىلقا سانايىنەپىسە ئىشتىراكچىلىرى توغرىسىدا بولدى. ئەخ-مەت ھەۋەسلىنىپ تەرىپلىدى. ئۇ نىلقىغا كەلگەن دەس-لەپكى كۇنلىرىدە: ”بۇ يەر بىر سەھرا ئىكەنغۇ“ دېگەن ئىدى. ئەندى بولسا ئۇ پىكرىدىن يالتايدى.

— سانايىنەپىسەدىكىلەر ئادەتتىكى ھەۋەسكارلار ئى-كەن، ئەممازە،— دېدى ئەخمەت.

— غولام، مۇھەممەت، تۇرسۇن مۇئەللىملەرنى ھې-سابقا ئالمىغاندا، تولىسى چالا ساۋات، ئېخى ساۋاتسىز تىجارەتچى، دېھقان، ھۇنەرۋەنلەرمۇ بار. بۇ ئىشلارغا مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان مۇئەللىم ئومۇمىيۇزلۇك باشلام-چىلىق قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

— سازەندىلىرى خېلىلا قائىدىلىك ئىكەن، ھېلىقى بۇرۇتلۇق ئادەم نېمىدېگەن قىزغىن-ھە!

— ھە، ئۇ شېرباكام دېگەن توڭگان، كەسپى ئاش-

پەز. ناخشا ئېيتىدۇ، داپ چالىدۇ، رولغا چىقىدۇ. ئو- رۇق، گېپى يۇمشاق ئادەم غابدىلىم دېگەن تاتار، كەسپى سودىگەر. يەنە پاكار، شىلەپە كېيىۋالغىنى موڭغۇل داۋا، باجگىر، ناخشا ئېيتىدۇ. . . بۇلارنىڭ كەسپى، مىللىتى ئوخشىمىسىمۇ تەڭ كۈچ قوشىدۇ.

— كۈلۈبىڭلارمۇ ياخشىكەن.

— ھەئە، تېخى بىر يىلدەك بولدى. ئىلگىرى خەق- لەرنىڭ قوراسىدا، مەكتەپ مەيدانىدا ئويۇن قويۇلاتتى.

— ئاستا-ئاستا تولۇقلىنىدۇ دېگىنە.

— . . ھەرقاچان شۇنداق بولسا، خۇراپاتلىق ۋەيران بولسا، مۇگدەۋاتقانلار ئويغانسا، . . . لۇتپۇللا ئۆزى ئو- زىگە پىچىرلىغاندەك قىلاتتى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىسىنى ئۇققىلى بولمىدى، ئۇ، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يې- زىشقا كىرىشىپ كەتتى. . .

ئەخمەت مىجەزىنى بىلىدىغان ئاغىنىسىگە دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ خىياللارغا چۆكتى.

13

—جاڭ ھاكىم سىبنى كېلىپ كەتسۇن دەپ ئادەم ئەۋە- تىپتىكەن، ئۇ چاغدا سىلەر ئۇخلاۋاتاتتىڭلار، — دېدى ھېزىم ئاخۇن ۋاقچە تۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان لۇتپۇللاغا.

— مەنمۇ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تاپالماي يۈرەتتىم، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئۇ كىشىنىسى يوق رەھبەر. سۆزلەشكەنسېرى چۇ-

شىنىسەن، — دېدى ھېزىم ئاخۇن.

لۇتپۇللا قىزىل خىشتىن ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا توختىدى. بۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ئىككى شىر ھەيكىلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. مۇنداق ئورۇنلارغا كىرىپ باقمىغان لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت ئەيمەنسىمۇ ئۇدۇللاپ دەرۋازىغا قەدەم قويۇشى بىلەن قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ئىككى قارا كىيىملىك چېرىك بىرنېمىلەرنى دەپ توسۇۋالدى. تىلىنى ئۇقمىغان بۇ ئىككىسىگە چېرىكلەر خۇددى ھېلىقى شىرلارغا جان كىرىپ ئالدىنى تورىغاندەك بىلىندى. شۇ ئەسنادا قېيۇم تىلماچ چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ ئېلىپ ماڭدى.

ھۆكۈمەت بىناسى ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى بولۇپ ئىككى قورۇغا بۆلۈنەتتى. تاشقىرىقى قورۇدا ئومۇمي ئىشلار بۆلۈملىرى، ئىچكىرىكى قورۇدا ھاكىم ئىشخانىسى بار ئىدى.

ھاكىم ئىشخانىسى ئالدىدا يەنە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىككى شىر ھەيكىلى بار ئىدى. ئۇلار كىچىكرەك بولۇپ، ئالتۇن ھەلدە سىرلانغانىدى.

— مۇنۇ شىرلار ئانچە سۈرلۈك ئەمەس ئىكەن، —دېدى ئەخمەت ئۆزىچىلا، — بىراق بەربىر يىرتقۇچتە!

— بۇ يەرنى، — دېدى لۇتپۇللا ھەر تەرەپكە قاراپ، — بىرقەلئە دېسە بولىدىكەن-ھە قېيۇمكا؟

قېيۇم تىلماچ لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتنى جاك ھاكىم-
نىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەندە، جاك ھاكىم كونا
تونۇشلاردەك كۈتۈۋالدى.

— ياكشىمۇ؟ — دېگەن بىرىنچى سۆزنى ئۇيغۇرچە
ئېيتقان جاك ھاكىم كېيىنكى سۆزلەرنى قېيۇم تىلماچ
ئارقىلىق داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئۆزئارا تىنچ-ئامانلىق
سوراشتى ھەم بىر-بىرسىنىڭ تەققى-تۇرقىغا سەپسىلىش-
تى.

ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، سەل ياپما قاپاق كەلگەن
جاك ھاكىم ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە كۆلرەڭ پىنجەك كىي-
گەن بولۇپ، بۆرۈلكىسىمۇ پىنجىكىگە ئوخشاش ئىدى.
تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە
ئارتىپ قويغانىدى. سول تەرەپتىن ئىككىگە بۆلۈنگەن
قاپقارا چېچىنى نازۇك بارماقلىرى بىلەن سىيپاپ قوياتتى.
ئىش ئۈستىلىنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە يۆلەنچۈكلۈك ئو-
رۇندۇقلار، بۇلۇڭدا كىيىم ئاسقۇچ تۇراتتى.

— كىشى ئەۋەتكىنىڭىزگە رەھمەت ھاكىم جانابلى-
رى، — دېدى لۇتپۇللا ئەدەب بىلەن، — مەنمۇ سىزبىلەن
كۆرۈشۈشكە پۇرسەت چىقىرالماي يۈرەتتىم.

— سىز ھېزىم ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى بولغىنىڭىز
بىلەن مېنىڭ مېھمىنىم-دە، — دېدى جاك ھاكىم، —
ئوسمان مۇئەللىم ئارقىلىق سىزنى غايىۋانە تونۇدۇم. بى-
راق ”مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا“ دېگەن گەپ بار.
تونۇگۈن ئاخشام سەھنىدە كۆرسەتكەن ماھارىتىڭىز سىز
بىلەن تونۇشۇش قىزغىنلىقىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

— بىر-بىرىمىزگە بولغان ئىنتىزارلىقىمىز ئورتاق ئىكەن، — دېدى لۇتپۇللا.

— تاماكا چېكەمسىز؟ — دېدى جاڭ ھاكىم تەكەللۇپ يۈزىسىدىنلا. ئۇنىڭ ئالدىدا بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، تولۇق يۈزلۈك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، زېرەك بىر ئوقۇغۇچى تۇراتتى.

— يوقسۇ، ئىككىلىمىز تاماكا چەكمەيمىز.

بۇ يىگىت بىلەن تونۇشمىدىڭىزغۇ؟

—ئاغىنەم ئەخمەت، غۇلجا شەھىرىدىن، كەسپى موزدۇز.

— ئاخشام ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتقان يىگىت مۇشۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى قېيۇم ئىلماچ.

— ناھايىتى ياخشى، ئىلىقىغا پات-پات كېلىپ سانايە-نەپىسەمىزگە ياردەم قىلىپ تۇرۇڭ. لۇتپۇللا بىلەن ساۋاق-داش ئەمەس ئىكەنسىز-دە؟

— ھەي، چالا ساۋات دەڭە.

— جەمئىيەتتىكى ساۋاتسىزلىققا نىسبەتەن چالا سا-ۋاتلىقىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك، — دېدى جاڭ ھاكىم تەسەللى بېرىپ، — يېشىڭىزغا نىسبە-تەن ئۇ ئاخىرقى پەللىڭىز ئەمەس. مۇندىن كېيىن ھۈنىرى-ڭىز بىلەن بىللە مەدەنىيەت سەۋىيىڭىزنى ئۆستۈرگىنى-ڭىز ياخشى. سىزچە قانداق؟

— شۇنداق قىلسام بولغۇدەك، — دېدى ئەخمەت. يىگىتلەر ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلاش ئۈچۈن جاڭ

ھاكىمغا كۆپرەك پۇرسەت بەرگەنىدى.

— ئاڭلىسام تاتار مەكتىپىدە ئوقۇپسىز لۇتپۇللا. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى ئارقىلىق تۇرمۇش جەھەتتىكى تەسىرلىرىمۇ ئۇزلىشىدۇ. تىل-يېزىق قېرىنداش مىللەتلەرنى چۇشىنىش ئۈچۈن مۇھىم كۆۋرۈك. مەنمۇ ھازىر ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىۋاتىمەن، — دېدى جاڭ ھاكىم ھاياجانلىنىپ، بېگىز بارمىقى بىلەن تاماكىسىنىڭ كۈلىنى كۈلدانغا قېقىپ، — ئۆگىنىشكە ئىزدەنگۈچىلەر ھەرقاچان كېچىكمەيدۇ. مەن چېغىمدا ھۆسن خەت بىلەن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىمەن. مەن بۇ جەھەتتە بىر پەللىگە يېتىپ نام چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، مەنىۋى ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن، بۇنىڭ بىلەن زېھنىم ئېچىلىپ قالغاندەك بولىدۇ. مۇنۇنى قاراڭ، بۇ بۇرۇنقى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ھۆسن خەت بىلەن يېزىپ قويغىنىم. قېيۇم تىلماچ تەرجىمە قىلىپ بەرسۇن، — دېدى.

قېيۇم تىلماچ گەرچە ئەدەبىياتتىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، بۇ بۆلۈمدىكى لەۋھەلەرنى ئوقۇپ ياد بولۇپ كەتكەچكە راۋان ئوقۇدى:

ئېنجۇ پەردە ئىچىدە سەنەمنى كۆردۈم،
قوشۇمىسى ئۈستىدە ئەلەمنى كۆردۈم.
كىمدۇ قەلبىگە ئۇرۇپتۇ خەنجەر،
كىرپىك بەرگىدە شەبنەمنى كۆردۈم.

ئۇ لۇتپۇللاغا قاراپ :

— بىراق شائىرلاردەك ئوقۇيالمىدىم-دە، — دېدى.

ياخشى يېزىلغان شېئىر مەيلى قانداقلا ئوقۇلسۇن بەدىئىيلىكىنى يوقاتمايدۇ، — دېدى لۇتپۇللا جاڭ ھاكىمغا قاراپ، — بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى بىر سۈرەت ئىكەن! سىزنىڭ مۇشۇنداق شېئىرنى تاللاپ ھۆسن خەت بىلەن يېزىشىڭىزنى ئادەتتىكى ھەۋەس دېگىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. شېئىرنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، شەرق ئۇسلۇبىنىڭ پۇرىقى باردەك قىلىدۇ.

—تەھلىلىڭىزگە قايىلمەن،—دېدى جاڭ ھاكىم مۇشەككىكى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بىر نەپەس ئىلىۋالغاندىن كېيىن،—بۇ كلاسسىك شائىر لى بەينىڭ شېئىرى. بۇ زات ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۇغۇلغانىكەن، بەزىلەر ئۇنى "تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مىللەت"دېيىشىدۇ.

— خەنزۇ ئەمەسمىكەن؟

— بۇ ھەقتە ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس. بۇ گەپنى كېيىنگە قالدۇرايلى، — دېدى جاڭ ھاكىم، بۇلۇمدە بىر پەس جىمجىتلىق پەيدا بولدى. بايىقى پاراڭلاردىن تەسىرلەنگەن قېيۇم تىلماچ:

— لۇتپۇللا، ئەمدى جاڭ ھاكىم ئۆزى يازغان شېئىرنى ئاڭلاپ باقامسەن؟ — دېدى ۋە جاڭ ھاكىم بىلەن بىرنېمىلەرنى سۆزلەشتى، قېيۇم تىلماچ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالغان بولسا كېرەك، شېئىر مۇنداق ىېزىلغانىدى:

شاپتۇل چېچەكلىك سەيلىگاھىمدا،

جۇپ ئورۇندۇقلۇق شىپاڭىم بولسا،
تولۇن ئاي تۈكسە كۈمۈش نۇرىنى،
مەشۇقۇم شۇچاغ يېنىمدا تۇرسا.

— قانداقراق؟ — دېدى قېيۇم تىلماچ.

لۇتپۇللا ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېگۈچە جاڭ ھاكىم:

— خەنزۇلاردا مۇشۇنداق تەقلىدىي شېئىرلارنى يېزىپ باقىدىغان ھەۋەسكارلا بولىدۇ. بۇ شۇنداق شېئىر، — دەپ ئىزاھلىدى.

— مۇنداق قىلىش بىزدىمۇ بار، — دېدى لۇتپۇللا، — بۇ ياخشى يېزىلغان بىر لىرىك شېئىر ئىكەن.

— ئادەمنى خىجىل قىلماڭ، — دېدى جاڭ ھاكىم گەپنى يۆتكەپ، — قانچىلىك ئۆزۈن تۇرىسىز؟

— ۋاقىت ئۇزۇن ئەمەس.

— كەتكىچە يەنە ئۇچرىشارمىز-ھە؟

جاڭ ھاكىم لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەتنى ئىشخانىسىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ ئورنىدا ئولتۇردى-دە، لۇت- پۇللا ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. . . ئۇلارنى سىرتقىچە ئۇ- زىتىپ قايتىپ كىرگەن قېيۇم تىلماچ:

— بۇ شائىرنى بىرئاز چۈشەندىڭىزغۇ دەيمەن ھاكىم جانابلىرى، — دېدى. جاڭ ھاكىم بېشىنى لىڭشىتىپ:

— قايىلمەن، — دېدى.

— لۇتپۇللانىڭ شائىرلىقتىن تاشقىرى يەنە قەيەردە چۈ- چەكچى، قوشاقچى، پاراڭچىلار بولسا، ئىبرىنىمەي مۇڭ- داشىدىغان ئادىتى بار.

— ھە، دېمەك شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش بىلىمىنى ئاشۇ-
رىدۇ-دە، — دېدى جاڭ ھاكىم.

قېيۇم تىلماچ جاڭ ھاكىمنىڭ كەيپىياتىدىن لۇتپۇللاغا بولغان مايىللىقنى پەملىگەن بولسا كېرەك، بىرمۇنچە ئۇششاق-چۈشەك ئەمما جاڭ ھاكىمغا نىسبەتەن يېڭى مە-سىلىلار بىلەن تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. مۇنداق پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىش قېيۇم تىلماچنىڭ مىجەزىگە يات ئىدى.

قېيۇم خىزمەتچى بولغاندىن كېيىن "تىلماچ" قوشۇ-لۇپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى قېيۇم كاسكا دېيىلەت-تى. مۇنداق بولۇشى، ئۇ بىرەر ئىش توغرىسىدا ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىپ قالغۇچىلارنىڭ "ئۇقتۇم" دېگىنىگە قويماي زەر-زەۋەرلىرىگىچە چۈشەندۈرەتتى، ئەگەر قوش-نىلىرى كەتمەن، پالتا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوراپ قال-سا، ئۇ "يوق" ياكى "مانا" دەپلا بولدى قىلمايتتى، "يوق"نىڭ جەريانىنى، "بار" نىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەن-دۈرەتتى. ئەگەر ئۇ بىر ئىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان بول-سىمۇ كوچىدا بىرلىرى بىرەر ئىشلار توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقانىنى كۆرسە ھەق دادىغا يەتكۈچە سالا قىلىپ كېلىشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلىرى كۆپ ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولاتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇنى ئىزدەپ خالىس كېلىشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ-مۇ قىلىشاتتى. ھازىرمۇ مەھەللىدە ئۇنى "كاسكا" دەيدى-غانلار بار ئىدى. لېكىن ئىدارە-جەمئىيەتتە "تىلماچ" ئاتال-غاچقا، ئۇ بىر ئەمەل ئوخشايدۇ، دەپ "تىلماچ"نى كۆپ-

رەك ئېيتىشىدىغان بولدى.

ئۇنداق بولسا، ئۇ جاك ھاكىم بىلەن لۇتپۇللا شۇنچە پاراڭلارنى قىلغاندا تىلماچلىق قىلىۋېتىپ نېمىشقا ئاردلاشمىدى؟ بىرىنچىدىن ئۇلارغا يول قويىدى، ئىككىنچىدىن بولۇۋاتقان پاراڭلارنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدى. مانا ھازىر ئىختىيارىي پاراڭلار ئۈچۈن بىر شارائىت يارالغاندى، ئۇ بىر لەتىپىنى سۆزلەش ئارقىلىق لۇتپۇللانى تەرىپلىدى:

— مەھەللىمىزدە دائىم كىشىلەردىن تاماكا سوراپ چېكىدىغان "نىزام پاشكا" دېگەن قىزىقچى ئادەم بار ئىدى. ئۇمۇ لۇتپۇللانى كۆرسە چېقىشاتتى. لۇتپۇللا كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا "نىزام پاشكا" لۇتپۇللاغا چاقچاق قىلىپ، ئەتراپىدىكىلەردىن قەغەز، تاماكا، سەرەڭگە سوراپ تاماكا چېكىشكە باشلىغاندا لۇتپۇللا:

— نىزامكا، ئۈچ نەرسىنى سوراپ تاماكا تەييارلىدىڭ، تۆتىنچىسى چېكىدىغان ئېغىزنى سورىمىدىڭمۇ؟

— دېگەندە، گەپتىن چۈشكىنىگە تەن بەرمىگەن نىزام:

— ئۇنىڭدىنمۇ قايتمايتتىم، بىراق خەق ئۈچۈن چەككەن بولۇپ قالمىسۇن-دە، — دەپ كۈلدۈرگەن.

— قىزىقچىلىقتىمۇ بار ئىكەن-دە لۇتپۇللا؟ — سورىدى جاك ھاكىم.

— لۇتپۇللانىڭ بىر ئاقىلاقچىنىڭ[1] ھاراقكەش بالىسىنى ھەجۇيلەشتۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى ھەممىمىزنىڭ ئې-

---

① ئاقىلاقچى— رايون دەرىجىلىك ئەمەل.

سىدە دەڭە!

نۇرئەلى ساقچى،
داداڭ ئاقىلاقچى.
يانچۇقۇڭدا پۇلۇڭ يوق،
ئۆزەڭ بايۋەتچى.
خاڭخوزىدىن بىكارغا.
هاراق ئىچىسەن.
جىدەل تېرىپ قاۋاقتىن،
قېچىپ چىقىسەن.
ئالا ئىتىڭ ئاستىڭدا،
چوقۇراق تاشلىتىپ،
قىز-كېلىنچەك كەينىدىن،
يۈرىسەن قاش ئېتىپ.
ئۇششاق باللار قالمايدۇ،
ئارقاڭدىن چىپىپ.
موللاقچىدەك دومىلايسەن،
پاتقاقا پېتىپ.

— ها ها ها، راستلا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇ هازىر بارمۇ؟
— دېدى جاڭ هاكىم.
— ئاخىرى هاراقتا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، — دېدى قېيۇم تىلماچ.
مانا شۇ كۈنلەردىن باشلاپ جاڭ هاكىم لۇتپۇللانى ئەتراپلىق چۈشىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق

يېتىشۋاتقان، ئۈمىدلىك تالانت ئىگىسىنىڭ زۇلمەت مۇ-ھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆ-لۈشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلدى.

ئىلقىنىڭ ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ئەخمەت-نىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن لۇتپۇللا:

— بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ئۆزلىشەلمەيۋاتىسەن. ھە؟

— دېدى.

— قارىمامسەن، چۈشتىن ئىلگىرى كۆڭلەكچان، چۈشتىن كېيىن پاختىلىق چاپان.

— شۇڭلاشقا بۇ يەردە مۇنداق قوشاق بار:

ئىلقا دېگەن بۇ يۇرتقا،
تاغدىن ئاشقان كۈن چۈشەر،
ئاۋۋال يامغۇر باشلىنىپ،
ئارقىدىن مۆلدۈر چۈشەر.

تەبىئەتنىڭ ئىلقىدەك تاغلىق رايونلاردىكى ھاۋارايى "چاقچىقى" ئۆزگىچە ئىدى. دېمىسىمۇ، ھاۋا تۇتۇلۇپ، يېغىن بولغاندا سوغۇق بولۇپ، ھاۋا ئېچىلغاندا ئىسسىپ كېتەتتى.

نامازدېگەرگە يېقىن ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار يەرگە بىر تامچىمۇ يامغۇر تۆكمىگەندەك پارچىلىنىپ، يوقنى چۈشۈرۈۋاتقان ھارۋىكەشلەر كارۋىنىدەك يۇقى-رىغا سىلجىدى. مۇنداق جانلىق مەنزىرىنى ئۇتكۈزۈۋەت-مەيدىغان لۇتپۇللا ئەخمەتنى ئەگەشتۈرۈپ سازلىق ئۈس-

تىدىكى قىرقا ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ، يامغۇر يۇيۇپ كەت-
كەن كۆكۈلمەيدان، توقاي ھەم يانپاشلاپ ياتقان ئابرالغا
قارىشىپ زوقلاندى. بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغان كۆلچەك-
لەرنىڭ ئەتراپىدىكى قومۇش، يېكەنلەر دولقۇنىسىمان
تەۋرىنەتتى. لۇتپۇللانىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى ئېسىگە كې-
لىپ قالدىمۇ بىر تاشنى كۆلچەككە ئاتقانىدى، چەمبەر
شەكىللىك دولقۇن چىقتى. بۇنىڭغا قىزىققان ئەخمەتمۇ
تاش ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر تەنھەرىكەتتەك بەسلەشمە
ئويۇن بىردەم داۋام قىلدى.

— لۇتپۇللا، — دېدى ئەخمەت قىزىقسىنىپ، — بىز
تۇرغان قىرقا بىر پەلەمپەيدەكلا ئىكەن-ھە؟

— توغرا، — دېدى لۇتپۇللا، — دەريا دېڭىزسى بىلەن
سازلىق تۆۋەن پەلەمپەي، بىز تۇرغان مەھەللە تۇزلەڭلىكى
ئوتتۇرا پەلەمپاي، چاغانام، توققۇزتولۇق بىنەملىكى يۇقى-
رى پەلەمپەي. شۇنداق قىلىپ نىلقا ئەتراپىدىكى تاغنى
قوشمىغاندا ئۈچ پەلەمپەيدىن تەركىب تاپقان. يەر تۇزۇلى-
شى شۇنداق.

شۇندىن كېيىن بۇلار تۆۋەنلىدى. قىر ياقىلاپ كېتى-
ۋېتىپ نىلقىلىقلار ئىسىم قويۇۋالغان بۇلاقلارنىڭ بەزىلى-
رىنى كۆرۈپ ماڭدى. ”قۇم بۇلاق“، ”چىم-چىم بۇلاق“،
”قاينام بۇلاق“، ”تاش بۇلاق“ دېگەنلەردىن ئۆتۈپ ”ئالتۇن
بۇلاق“نى كۆرگەن ئەخمەت قولىغا قايناپ چىقىۋاتقان
قۇمدىن بىر سىقىمنى ئېلىپ:

— راستلا ئالتۇن ئىكەن، نېمىشقا خەقلەر ئېلىشمايى-
دۇ؟ — دېدى.

— بەلكىم ئىرتىشنى بىلمىسە كېرەك، — دېدى لۈت-پۇللا كېپەكتەك كرىستاللىق قۇملارنى كۆرسىتىپ، — سۇدىن ئىچىۋالغىنا، يىرەككە دورا.

بۇلار يەنە يۇقىرىلاپ كەڭ دالىغا قاراشتى.

— مۇشۇ كۆللەر، ئېقىۋاتقان قارا سۇ بۇلاقلاردىن پەيدا بوپتۇ-دە، بۇلاقلار نېمىدېگەن تولا-ھە؟ — دېدى ئەخمەت.

— كۆللەر دەيسەنغۇ، ئاۋۇ قىنىغا پاتماي ئېقىۋاتقان دەريامۇ بۇلاقتىن پەيدا بولغان. كىچىك نەرسىنى سەل چاغلىما! — دېدى لۈتپۇللا.

— كىچىك نەرسە؟ — دېدى ئەخمەت، — ئۇ تەرەپنى دېسەڭ كىچىك يىڭنە بىلەن يوغان ئۆتۈكلەرنى تىكىدىغى-نىم ساڭا ئايانغۇ ئاداش!

—ھا ھا ھا.

— ئاداش، بىر نەرسىنى پەم قىلىۋاتىمەن، ھېلىقى بىزنىڭ ئۆيدىكى رەسىمنى مۇشۇ يەردە سىزغان ئوخشى-مامسەن؟

— توغرا مۆلچەرلىدىڭ، — دېدى لۈتپۇللا، — باشقا كۆرۈنۈشلەرمۇ قوشۇلغان.

قۇياش بارغانسېرى ئابرال ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىۋا-تاتتى. ئىلقىنىڭ شارائىتىدا بۇ كەچقۇرۇن ھېسابلىناتتى. سازلىقتا توپ-توپى بىلەن يۈرگەن غازلار توپلىرىنى جەم-لىگەندەك غاقىلدىشاتتى. بېلىق ئالغۇچلار ئۇۋىسىغا ئال-دىرىغاندەك ئۇچۇشاتتى. قاش دەرياسى كېڭىيىۋاتقان سازلىقنىڭ نەم ھاۋاسىدا كۆچەيگەندەك دولقۇنلىنىپ شار-

قىرايتتى. قىسقىسى، ھەممىلا نەرسە ئالدىرىغاندەك ئى-
دى.

لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت كەچقۇرۇننىڭ تەبىئەت مەن-
زىرىسىدىن ھۇزۇرلانغىنىچە ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

## 14

خىلىدىن بېرى ئىشلىنىۋاتقان مەكتەپلەرنىڭ ئاپرېل
بايرىمى تەييارلىق داغ-دۇغىسى ھارپا كۈنىدىكى ھاۋا ئۆز-
گىرىشىگە دۇچ كېلىپ قالغىنى بىرغەشلىك پەيدا قىلدى.
بولۇپمۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىلەن ئىزچىلارنىڭ بە-
مالاللىقىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتاتتى. شۇڭا ئۇلار پات-
پات ئاسمانغا قاراپ بىزەك بۇلۇتلارنى جونۇيتتى. ئەگەر
قولىدىن كەلسە يوغان سۈپۈرگىلەر بىلەن ھەممىسىنى سى-
رىپلا تەگرى تېغىنىڭ جىرا-غوللىرىغا تىقىپ قويغۇسى
كېلەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ قىزىقچانلىقى-
نى ئەيىبلەشكە بولمايتتى. نېمىشقا دېگەندە بۇ يىلدا بىر-
لا قېتىم كېلىدىغان بايرامدا ئۇلارمۇ ئۆز ماھارەتلىرىنى
نامايەن قىلىپ بايرام تەنتەنىسىگە ھەسسە قوشۇشى كېرەك
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچا-كوچىلاردا بۇ يىلقى ئاپرېل
بايرىمى بۆلەكچىلا ئۆتىدىكەن. ناھىيىلەردىن تەنھەرىكەت-
چىلەر كېلىدىكەن، بۇنىڭدا ئىزچىلار ئۇلارنىڭ بىخەتەر-
لىكىگە مەسئۇل ئىكەن دېگەن گەپلەر بار ئىدى. يەنە بىر
جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار بىرتۇتاش تىكتۈرۈلگەن قارا-
كۆك گىمناستيۇركا، شىم، ئىسپانكا، ئاسما سومكا،

تاسما بەلۋاغ، ئالا شوينا يىپ، ئاق-قىزىل سىرلانغان ئىز-
چى تايىقى بىلەن مەيدانغا چىقاتتى.

قىزىق ئىش، بەزىدە تەبىئەتمۇ ئادەملەر رايىغا باقىدى-
غانمۇ ئوخشايدۇ. تاڭ بىلەن تەڭ تۇنۇگۇنكى ھاۋا ئۆزگە-
رىشىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. تېخى تۇنۇگۇندىن بىرى
ياغقان يامغۇر توپا-تومانىنى بېسىپ، دەل-دەرەخلەرنىڭ يو-
پۇرماقلىرىنى يۇيۇپ قويدى.

شەھەر ئاللىقاچان ئويغىنىپ ئۆي-ئۆيلەر، كوچا-كو-
چىلار جانلىنىشقا باشلىغانىدى. مەكتەپلەرگە جەم بولغان
ئوقۇغۇچىلار ناخشىلىرىنى ئېيتىشىپ شەھەرگە ئەڭ باغ تەرەپ-
كە سىلجىسا، يىمەك-ئىچمەك ساتىدىغان ئوقەتچىلەر
خوددى ئۆلارنىڭ كۆلەڭگىسىدەك ئالدىرىشىپ باراتتى.
نەچچە كۆن ئىلگىرى قازانلىرىنى ئېسىپ تەييارلانغان
ئاشپەزلەر، ناۋايلار، لەڭپۇڭچى، ماروژنىچىلارنىڭ ھې-
لىتىنلا خېرىدار چاقىرىشلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەك بۇ
تۇراقسىز بازارنى بايرام تۈسىگە كىرگۈزگەنىدى.

ئوقۇغۇچىلار، ئاھالىلەر كۆرسىتىلگەن مەيداندىكى
ئورۇنلىرىغا تەق بولدى. ئىزچىلارمۇ ئۆزلىرىگە خاس
سۆلىتى بىلەن ئىشلىرىغا كىرىشتى.

كۆنپېتىش تەرەپكە ياسالغان سەھنىنىڭ ئۈستى، ياد-
لىرى بېرزىن بىلەن قاپلانغانىدى. ئىچىگە قويۇلغان ئۈس-
تەللەر، ئەتراپىدا دوتەي، ھاكىم قاتارلىق ئەربابلار ھەم
مۆتىۋەرلەر ۋەكىللىرى ئولتۇرۇشاتتى.

سەھنىنىڭ ئالدىدا بايراق چىقىرىلغان موما ياغاچ قەد
كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئالتە بۇلۇڭ يىپ تارتى-

لىپ، ئۇنىڭغا دۆلەت بايراقچىلىرى ئىپسىلغانىدى. قىسـ-
قىسى، مەيدان رەڭگا رەڭ بايراقلار بىلەن بېزەلگەنىدى.
مەيدانغا كىرىدىغان دەرۋازا قارىغاي شاخلىرى بىلەن زىنـ-
نەتلىنىپ، قىزىل پلاكاتلار ئىپسىلغانىدى.
ئاۋۋال مىزگانچىلارنىڭ كاناي، سۇنايلىرى بىلەن دۆ-
لەت شېئىرى ئوقۇلۇپ، بايراق چىقىرىلدى. شۇندىن كې-
يىن سەھنىدە بىرسى سۆزگە چىقتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى
ئارقىدىكىلەرگە ئاڭلانمايتتى. سۆزلىگۈچى ھاكىم ئىدى.
ئۇ بەكمۇ قىسقا سۆزلەپ ياۋسىلىڭنى سۆزگە تەكلىپ
قىلدى.
— . . . بۈگۈن 12-ئاپرېل بايرىمى. بۇ، پۈتۈن شىنـ-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەركىنلىك بايرىمى.
. . . بۈگۈنكى بۇ بايرام ھەممە كىشىگە شاد-خۇراملىق
بەخش ئېتىدۇ. . . — ياۋ سىلىڭنىڭ سۆزى تۈگىشى
بىلەن مەيداندا كەپتەرلەر قويۇپ بېرىلدى. كەپتەرلەر
دەسلەپىدە ئۈزئارا قوشۇلۇپ كەڭ بىر پەردە ھاسىل قىلىپ
بىر ئايلاندى-دە، ئاندىن ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى،
بۇ بىر يېڭىلىق ئىدى.
— بۇ، كىملەرنىڭمۇ يادىغا كەلگەن بولغىيتى؟ —
دېدى سەھنىدىكى بىرسى.
— مۇئەللىملەرنىڭ يادىغا يەتكەن بولمامدۇ؟ — دەپ
جاۋاب بەردى يەنە بىرسى.
— ۋاھ-ۋاھ، خەلقىنىڭ خۇشاللىقى شۇنداق قانات قې-
قىپ تۇرسا نېمە ئارمان، كەپتەرلەر ئاسمانغا ئېلىپ چە-
قىپ كەتتى بولغاي ياۋسىلىڭ جانابلىرى غەم-قايغۇلارنى؟

— هی هی، هاكىمبەگ غوجام تېگى بىلەن گەپ قىلىدۇ-دە! — دېدى ياۋ سىلىك. ئەتراپتىكىلەر باش ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىشتى.

ئەمدى بارابانچىلار باشلىغان رەتلىك مەكتەپ قوشۇنى سەھنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش باشلاندى. ئۇلار سۇپىنوك بويىچە قەدەم تاشلاپ سەھنە ئالدىغا كەلگەندە:

— بايرام مۇبارەك!

— بايرام خۇشاللىق، — دەپ ۋارقىرىشاتتى. سەھنىدىكىلەر بولسا قول ئىشارىسى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

ئوقۇغۇچىلار يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشكەن بولسىمۇ ھەر خىل ئىدى. رۇس مەكتىپى بىلەن تاتار مەكتىپى ئوغۇل-قىزلىرىنىڭلا فورمىلىق كىيىمى بار ئىدى، يەنە ئىلى گىمنازىيىسىنىڭمۇ فورمىلىق ئىدى.

بارابانچىلار ئارقىسىدىن مىللىي فورمىدىكى توپلار ئۆتتى. ئۇلار ئۇسسۇل ئوينىشىپ ماڭاتتى. خەنزۇ، خۇيزۇ مەكتەپلىرى ياغاچ تاياق بىلەن ياڭگار، دۇمباق ئۇسسۇلىنى ئويناپ ئۆتتى. مەكتەپلەر ئارقىسىدىكى خەلق قوشۇنى ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، سانايىنەپىسە تەييارلىغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەرىكىلىرىدىن «سەرۋازلارنىڭ ئات ئويۇنى»، «كېمە ئۇسسۇلى» مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

— ھاكىمبەگ غوجام، — دېدى ياۋ سىلىك، — بۇ ھەقىقىي بايرام ئۇسسۇلى ئىكەن. نېمىشقا ئىلگىرى ئوينالمىغان بولغىيتى؟

— تەقسىرنىڭ قىزىقىشىغا ھەشقاللا، — دېدى ھا-
كىمبەگ غوجا، — بۇرۇنقىلار: ”زامان ساڭا باقمىسا،
سەن زامانغا باق“ دەپتىكەن. ئىلگىرى نەدە مۇنداق پۇر-
سەت دەيلا!

— بەرھەق، — دېدى ياۋ سىلىڭ يېنىدىكى دوتەيگە
بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ. دوتەي بولسا ئۇنىڭ رايى بويە-
چە باشقا بىرسى مىدىرلاتقاندەك ئارانلا بېشىنى لىڭشىت-
تى. ياۋ سىلىڭ مەيدانغا قارىغىنىچە:

— ئاپرېل بايرىمى بارغانسېرى خەلق بايرىمىغا ئايلى-
نىدۇ، ناھىيىلەردىمۇ شۇنداق ئۆتۈۋاتقاندۇ؟ — دەپ سو-
رىدى.

— ئەلگە ئەمىنلىك مۇشۇنداقلا بولسا، ئىلى سەك-
سەن تۆت شاڭيۇلۇق زېمىنىنىڭ سەھرالىرىدىمۇ ئۆتىدۇ،
— دېدى ھاكىمبەگ غوجا.

—شۇنداق بولغاي،—دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر. چۈش-
تىن ئىلگىرىكى يىغىلىش ئەنە شۇنداق داۋام قىلدى. مەي-
داندىن چىققانلار سول تەرەپكە رەت بويىچە مېڭىپ سى-
لىڭبۇ، دوتەي يامۇل، شەڭگەن يامۇل ئالدىدىكى زىننەت-
لەپ ياسالغان بايراملىق دەرۋازىلاردىن ئۆتۈپ تارقاشتى.

چۈشتىن كېيىن سپورت① مۇسابىقىسى ئويۇنلىرى
كۆرسىتىلەتتى. ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ ئىدى: ھەر خىل
سەكرەشلەر، ھەر خىل يۈگۈرۈشلەر، توپ ئويۇنلىرى،
چېلىش قاتارلىقلار بار ئىدى.

① سپورت—تەنتەربىيە.

بۇلارنىڭ ئىچىدە تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىپ كۆرۈپ يۈرگەن بىر «ھادىسە» قىزىق. «قورساقتىكى بالا» قىزىقچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن پۇتبول ئو-
يۇخادىن چىقىدىغىنى ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش بىلەن پۇتبول ئو-
دى. قالغانلىرى «ئەنە باشلاندى» دېگۈچە «تۈگىدى» بو-
لاتتى. ئۆزۈنغا يۈگۈرگۈچىلەرنىڭ قىزىقارلىق تەرىپى تا-
ماشىبىنلارنىمۇ بەس-بەسكە سېلىۋەتتى.

— قاراڭلار، قاراڭلار! قىزىل مايكىچان ئالدىدا يول
بەرمەي كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇھ! يالاڭباش ئۆتۈپ كەتتى.

— مۇنۇ ئۆزۈن پۇت نېمىدەپ قوشۇلۇۋالغاندۇ؟

— غەيرەت قىل توققۇزىنچى نومۇر!

ئەتراپتىكىلەر ئۆزلىرىچە باھالىشىپ، يۈگۈرۈشكە
چۈشكەنلەردىنمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى.

پۇتبول ئويۇنى تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشتا ھەم
كەم بولمىدى. قاراپ تۇرغۇچىلار «پۇتبول» دېيىشنى بىل-
مىسىمۇ «پۇت پوكزەك» دەپ ئاتاشتى. سەلدىن كېيىن
بۇ ئويۇننىڭ قارشى تەرەپتىكى دەرۋازىغا پوكزەك كىر-
گۈزگىنى ئۇتقان بولىدىغانلىقىنى بىلىشتى.

— ئەنە! ئاۋۇ پوكزەكنى تېپىپ ئەكەتتى، كاساپەت
نېمىدىگەن يۈگۈرۈك، ھەي ي، تارتقۇزۇپ قويدى-دە!

— قىزىل مايكىلىق بۇ تەرەپكە ئەكىلىۋاتىدۇ.

— ۋاي كاساپەت، بېشى بىلەن كىرگۈزدى!

— بىزنىڭ قاشقانچۇق ئويۇنىمىزغا ئوخشامدۇ-نې-
مە؟

— ياميشىڭغا بىرنى ئۇرۇپلا گەپ تاپتىڭ-دە!

— ۋۇي، ساڭا نېمە يوق، نېمە تېرىكىسەن؟

— دە تالاش قىلماقچىلار.

— بۇ ئويۇننى مەھەللىلەردە ئوينىساقمۇ بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— پوكۇزەكنى نەدىن تاپىسەن؟

— ئاۋۇلار نەدىن ئالىدىكىن.

— ھىم، ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ-دە.

— قاراڭلار، ئاۋۇ دەرۋازىغا كىرگۈزىدىغان بولدى.

— پاھ، بىرسى كوپلا قىلىپ تۇتتۇۋالدىغۇ.

— ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شۇ.

— ئۆزىمۇ قۇرغۇيدەكلا نىمىكەن، خۇددى بۇدۇننى باسقاندەك تۇتتىغۇ!

شۇنداق قىلىپ 12-ئاپرېل بايرىمى ئۈچ كۈن دېيىلگىنى بىلەن ئالدى-ئارقىسىدا بەش كۈندەك داۋام قىلدى. ”بىر ئىشنىڭ بولغىنىدىن بولىدۇسى قىزىق“ دېگەندەك، بايرام جەريانىدىكى پاراڭلارنىڭ راستىدىن يالغىنى كۆپرەكلىكى بىلىنىسىمۇ ئېغىزلاردىن چۈشمىدى.

قىسقىسى، بايرام قىزىقچىلىقلىرى بەزىدە رىۋايەتتەك، بەزىدە مۇبالىغە تۈس ئېلىپ ئەل ئىچىدە سۆزلىنىپ يۈردى. لېكىن ئۇنىڭ راست-يالغانلىقىدىن كۆرە قىزىقارلىق بايرام بولغانلىقىغا ئاڭلىغۇچىلار قايىل ئىدى.

ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ئىچىدە سۆزلىنىپ يۈرگەن نەتىجە يارانقان سپورتچىلارنىڭ مۇكاپات ئالغانلىقى، ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۆزىنى كۆرمىگەنلەرنىڭ تەرىپلىرى راست ئىدى. بولمىسا بايرامنىڭ باشلىنىشىدا، ئاخىرىسىدا سىلىك، دوتەي، ھا-

كىمبەگ غوجا، شەڭگەن قاتارلىقلار سۆزلىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ھاكىمبەگ غوجىنىڭ:

— "بايرام ھېيتتەكلا ئۆتتى. ناغرىلار چېلىندى، مۇندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈپ تۇرايلى. ئويۇن كۆرسەتكەنلەر چولۇقايغا چىقىڭلار، داستىخان سېلىپ مېھمان قىلىمەن" دېگىنى خېلىغىچە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ ھاكىمبەگ غوجىغا بولغان ھۆرمىتى ئىدى. ئۇنداقتا بۇ ئادەم زادى كىم؟

مەنچىڭ ھاكىمىيىتى 1762- يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغانىدى. ئىلى سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي جەھەتتىن مەركىزىي ئورگان بولدى. بۇنىڭدا مەمۇرىي رايون، ۋىلايەتلەرنى، گۇڭ، تەيجى، ئامبال دەيدىغان دەرىجىلەرگە ئايرىپ يەرلىك مىللەت ئاساسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ئەمەللەرنى بېكىتكەنىدى. . . ھاكىمبەگ غوجا شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدار ئىمىن ۋاڭدىن ھېسابلىغاندا توققۇزىنچى ئەۋلاد ئىدى.

كىشىلەر ھاكىمبەگ غوجا دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ئىسمى غىياسىدىن بەگ بولۇپ، 1871-يىلى غۇلجىدا فېئودال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئاق سۆڭەك ئەۋلادى ئىدى.

1911-يىلى مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندا ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئىلىدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىدىن ئەنئەنىۋى قائىدە بولۇپ كېلىۋاتقان يالغۇز ئۇرۇمە چېچىنى چۈشۈرتىۋېتىپ،

يېڭى جۇڭخۇا ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئىلى سەكسەن نەچچە شاگىۋ دېھقان پۇقرالىرىنى باشقۇرۇپ، پۈتۈن ھەربىيلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك تەمىناتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدا 150 يىل ھۆكۈم سۈرگەن مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋارىسلىق يىلتىزىنى قو- مۇرۇپ تاشلاشقا تۆھپە قوشقان ئاشۇ غىياسىدىن بەگ ئەل ئىچىدە ھاكىمبەگ نامى بىلەن ھۆرمەتلىك مۆتىۋەر بولۇپ قېلىۋەرگەنىدى.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئىلىدىكى مىڭ بېگى، دورغا، شاگىۋ، مىراپلارنى بەلگىلەيدىغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يەر- لىك ئەمەلدار بولۇپ بەلگىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆلكىلىك مەس- لىھەتچىلەر كېڭەش ئەزاسى بولغانىدى.

1934-يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ دۇ- بەننىڭ "ئالتە بۈيۈك سىياسىتى"نىڭ ئىجراچىسى ھەم يەر- لىك خەلق ئىشلىرى باشلامچىلىرىنىڭ بىرسى بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ دەۋر ئەمەل تۇتقان بۇ زات ئەل ئىچىدە مەنسىپى كاتتا، ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ قېلىۋەر- دى. ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى "غوجام" دەپلا ئاتاۋېرەتتى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئىلىدا تىكلەنگەن رەھ- بەرلىك ئورگىنىدىكى ئەمەلدارنىڭ ھاكىمبەگ غوجا بە- لەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۇزۇن ۋاقىتقا ئىگە بولمىسى- مۇ، ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەت- كەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

"... ھاكىمبەگ، — دەپ ئويلىناتتى باش دوتەي، — ئەل باشقۇرۇشقا كەلگەندە ئۇ بىر كۈنمۇ ئىلىغۇچىلىشكە بولمايدىغان ۋىيۇىسكا..."

"ھاكىمبەگ، — دەپ تەھلىل قىلاتتى ياۋ سىلىڭ — ، ھاكىمىيەت سۆيىپىسىدا خىرە يېنىپ تۇرغان شام بولسىمۇ، ھامان پەرۋانىنى جەلپ قىلالايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان مۇنداق مۆتىۋەرلەر بىلەن يۇرت باشقۇرۇش سۈنى پەس يەرگە ئاققۇزغاندەك راۋان ئىش..."

ياۋ سىلىڭنىڭ ھاكىمبەگ غوجىنى "... تېگىدىن گەپ قىلىدۇ" دېگىنىدە ئەنە شۇنداق مەنە بار ئىدى.

خەلق ئارىسىدا "ئەل سۆيەر ئامبال" دەپ تەرىپلىنىدىغان ياۋ سىلىڭ ئەسلى دۇڭبېيلىق ياۋ شۈيىڭ بولۇپ، ھەربىي مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىئەن ھەربىي رايونىدا ئوفىتسېر، ئاندىن ئۇرۇمچى گارنىزونىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنىدە كومىسسار بولغانىدى. سودىگەر ئائىلىسىدىن چىققان بۇ ھەربىي ئەمەلدار شىڭ شىسەينىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەچكە، ئىلى رايونىنىڭ سىلىڭى بولۇپ كەلگەن. ئۇ گەرچە ھەربىي بولسىمۇ، دۆلەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىلىملىك، پائالىيەتچان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەربىيلەرنىڭ ۋەزىپىسى خەلقنى قوغداش، ھەربىيلەرنىڭ كاپالىتى خەلق، دېگەننى تەكىتلەيتتى. مەدەنىي-مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلەر فېئوداللىق پاتقىقىغا بىر ئۇمۇر پېتىپ تېخى مۇگدەۋاتقان دوتەينىڭ كاللىسىدىن ئۇچۇق دېمىگىنى بىلەن ئۆتمەيتتى، ئاستىرتتىن قانداق پايلاقچىلارنى قويۇپ

شۈملۈقلارنى قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىلا بىلەتتى. . .

لۇتپۇللا دەرۋازىدىن كىرگەندىلا ئۇنىڭ ھاياجانلىققا چۆمگەنلىكىنى ئۆيدىكىلەر سەزدى.

— بايرامنى سەنلا ئۆتكۈزگەندەك خۇشالغۇ؟—دېدى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن نۇرجان.

— ئېگىزگە، ئۆززۈنغا سەكرەشتە، چويۇن توپ ئېتىشتا مۇكاپاتلاندىم-دە! — دېدى ئۇ.

— نىلقىنىڭ ھېسابىغىمۇ؟ — سورىدى نۇرجان چېقىشىپ.

—نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ نىلقىدىن مەھەممەتجان، مەسىم، جامازا، ماناپقانلار بار. ھەدە، تامىقىڭنى تېزرەك تەييارلا، كەچكى پانۇس سەيلىسىگە چىقىمىز، —دېدى لۇتپۇللا سەل توختىۋېلىپ، — ئەتە شۇلارنى چاقىرىپ قوياي دېگەنىدىم، بولامدۇ؟

— ئۇكام، مېھمان چاقىرمىغاندەك گەپ قىلدىڭا! باشلاپ كېلىۋەر، — دېدى ھەدىسى. بۇنىڭغا نۇرجانمۇ قىزغىن ئىپادە بىلدۈردى.

— لۇتۇن ئاكا، — دېدى ھەدىسىنىڭ بالىسى، — ئۇ ئاغىنىلىرىڭمۇ سەكرىگەنما؟

— ياق، ئۇلار ئۆززۈنغا يۈگۈرۈشكە ھەم توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

— ئۇلار شۇنداق يۈگۈرۈكمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن! مەسىم چەلپەن، مەمەتجانلار نىلقىدىن شەھەرگە يۈگۈرۈپ كېلىدىغانلار تۇرسا.

— ھېرىپ قالامدۇ؟

— سوراۋەردىڭا ئىچىمنى پۈشۈرۈپ، — دېدى ھەلىمە بالىسىغا.

— مېنىڭ زېرىكمەي جاۋاب بېرىۋاتقان لۈتپۇللاغا ئىچىم پۈشۈۋاتىدۇ، ھى ھى ھى، — دېدى نۇرجان.

— سىلەر قىزىقكەنسىلەر، بالا دېگەن بىلىمىشنى ئۆيىدىن باشلايدىغىنى سىلەرگە ئايانغۇ؟ يەنە سورايدىغىنىڭ بارمۇ؟ — دېدى بالىغا ئۇ.

— ماڭا ئۆزەڭدەك سەكرەشنى ئۆگىتىپ قويساڭ بولاپتىكەن؟

— بولىدۇ، دەريا بويىدىن قۇم ئەكىلىپ ھويلىغا تۆكۈپ سەكرەش مەيدانى ياساپ بېرەي.

— ياخشى، خادىكنى ئۆزەم ھەيدەيمەن!

# ئىككىنچى قىسىم

# قورغانغا يامىشىش

## 15

”ئېرىنچەككە بولۇت كۆلەڭگىسى
يوق بولار“(تۈركىي تىللار دىۋانى)

لۇتپۇللانىڭ تاتار مەكتىپىنى ئەلا دەرىجىدە تاماملىشى ئىلىم سەپىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا تېخى مېڭىپ كۆرمىگەن مۇشكۇل سەپەر — رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئوقۇش بار ئىدى. ئەمما بۇنىڭغا ئۇزۇندىن بېرى روھىي تەييارلىقى بار بولسىمۇ بەزىلەرنىڭ: ” ئورۇسچە ئوقۇغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولاتتى“، ”ئىلى گىمنازىيە بارغۇ“ دېگەن جۈملەشلىرى ئۇنى ئويلاندۇردى. بۇ گەپلەر ئائىلىسىگە يەتكەندە ئۇلار ئىختىيارنى يەنىلا لۇتپۇللاغا قويدى. تاتار مەكتىپىدىكى ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ئوقۇشىنى قوللاپ رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ لۇتپۇللانىڭ ئائىلە ئىچى-سىرتىدىكى گەپلەر يىغىشتۇرۇلۇپ، رۇس تىلىدىكى يۇقىرى سىنىپ دەرسلىك-

لىرىنى ئېلىپ كېتەلىشىنى بىر "سىرلىق قورغانغا يامى-
شىش" قىلىپ كۆرسىتەتتى. دەل مانا شۇ نۇقتىدا لۇتپۇللا
ئۇچۇن راستىنلا داۋان بىلىندى. ئۇ نېرى ئويلاندى، بېرى
ئويلاندى. . . توختا، رۇسچە ئوقۇغانلار بارغۇ. دادام،
كىچىك دادام رۇسچىنى تولۇق بىلىدىغۇ! . . . مەن تاتار
مەكتىپىنى ئوقۇپ تاماملىدىم، لېكىن ئۇلار دىنىي جەھەت-
تىن ئوخشاش بولغىنى بىلەن ھامان ئۆرپ-ئادىتى، تىلى،
مەدەنىيىتى، مىجەز-خۇلقى ئوخشىمايدىغان مۇستەقىل
مىللەتقۇ. شۇنداق ئىكەن ھەل قىلغۇچ ئامىل ئۆزەمدە!
لۇتپۇللا ئۇرغۇن كېچىلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆزىنى
سىنايدىغان خىياللار بىلەن پىچىرلاپ ئۆتكۈزدى. ئۇ ئالدىن
ئۇچرايدىغان جاپالىق ئۆتكەللەرنى قانچىلىك كۆپ ئويلى-
غانسېرى تەدبىرلىك بولۇپ، يەڭگەندەك ھېس قىلاتتى.
بۇ، لۇتپۇللانىڭ ئەزەلدىن ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئوي-
لىنىدىغان ئادىتى ۋە شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خا-
راكتېرى ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق تەلەپچانلىقى ھامان دىلىنى
يورۇتۇپ، جىسمانىي كۈچ ئاتا قىلغاندەك بولاتتى. لۇت-
پۇللا ياشاۋاتقان مەيلى غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىدە
بولسۇن، مەيلى نىلقىدىكى مەھەللىدە بولسۇن تاتارلار،
رۇسلار ئارىلىشىپ ئولتۇراتتى. تاتار مەكتىپىگىمۇ مۇ-
شۇنداق تەسىرلەر ئۇنى جەلپ قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە
ئوخشاشلا شۇنداق جەلپكارلىقنىڭ جىلۋىسى ئۇنى قىزىق-
تۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نوغايگورت، ئۇچ دەرۋازىدىكى
بىر قىسىم باللار رۇس باللار بىلەن بىللە ئويناپ يۈرۈپ
رۇس تىلىنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغانىدى. لۇتپۇللا-

مۇ شۇ قاتاردا كوچا گەپلىرىنى بىمالال سۆزلەشكەندىن تاشقىرى، تاتار مەكتىپىدە بەزى سلاۋىيان يېزىقىدىكى كىتاب-ژۇرناللارنى ئادەتتىكىدەك ئوقۇيالايتتى. مانا بۇ باشلانغۇچ شەرتلەر ئەمدى بولسا ئۇنىڭ رۇس گىمنازىيە-سىدىن ئىبارەت بۇ قورغانغا يارمىشىپ چىقىشىدا يار-يۆ-لەك كۈچ بولۇپ قوشۇلغانىدى.

”كۆز قورقاق، قول باتۇر“ دېگەندەك لۇتپۇللا رۇس گىمنازىيىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىشى بىلەنلا تىل-يې-زىقتا ۋەھىمىگە چۈشكۈدەك توسالغۇغا ئۇچرىمىدى.

ئاندىن بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لۇتپۇللا دەرس-لەردە، تەنتەربىيە ۋە باشقا پائالىيەتلەردە رۇس گىمناز-يىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۇلتۇزدەك چېلىقىدىغان بولدى.

رۇس گىمنازىيىسىنىڭ مۇنتىزىم ئوقۇتۇش ۋە باشقا پائالىيەتلىرى سوۋېت پروگراممىسى بويىچە ئىدى. تاتار مەكتىپىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات-سەنئىتىنى بىرقەدەر بىلگەن بولسا، مانا ئەمدى رۇس ئەدەبىياتى ئارقىلىق بىۋا-ستە ھەم كەڭرەك ئىلىم ئەھلىلىرىنى بىلىش شارائىتىگە ئېرىشتى. بۇ لۇتپۇللا ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان تىلەكلەر ئى-دى. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇتپۇللا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆگىنىش-كە بېغىشلىدى.

بۇگۈن گىمنازىيىدە ئېچىلغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر يىغىنغا دېكلاماتسىيە، ناخشا-مۇزىكىلار تەييارلاندى.

مەكتەپ مۇدىرى سېرگېي ئاندرىيېۋىچ ۋىلاسوف يى-غىن مەزمۇنىنى سۆزلەپ ئاخىرىدا تەشەككۈرنى مۇنداق

بايان قىلدى:

— . . . قېيۇم مۇسابايېف مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ئايرىلدى. لېكىن ئۇنىڭ رىشتى بىز بىلەن بىللە. . . هازىر ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلىمىز، — دېدى.

مەكتەپ مەيدانى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن تولغاندى. مۇدىرنىڭ تەكلىپى بىلەن پاكار بويلۇق، ئاق سېرىق، چەبدەست يىگىت ئالدىغا چىقىپ ئۇستەل يېنىدا تىك تۇردى-دە ھەممىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سۆزگە تەييارلاندى. ئۇنىڭ يوغان كۆزى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. يوغان بېشى شۇ تۇرقىدا ئۇنى ئوقۇغۇچىدەكمۇ كۆرسەتمەيتتى.

— قەدىرلىك ئۇستازلار، ھۆرمەتلىك مۇتىۋەرلەر، ساۋاقداشلار! مەن چەت ئەلگەن ئوقۇشقا چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. يەنىلا شۇ ئوقۇشنىڭ باشلىنىشى يۇرتىمىزدىكى مۇشۇ مەكتەپ. شۇڭلاشقا خاتىرە ئۈچۈن مەكتەپكە 450 دانە تاسما بەلۋاغ تەقدىم قىلدىم! — دېدى-دە مۇدىرغا پارقىراپ تۇرغان مېغىزرەڭ بەلۋاغنى باغلاپ، پېچەتلەنگەن بەلۋاغلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئورنىدا ئولتۇردى. پۈتۈن مەيداندا چاۋاكلار ياڭرىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بۈگۈنكى يىغىن شەرىپىگە بېغىشلانغان نومۇرلار كۆرسىتىلدى. يىغىن شۇنداق ئاخىرلاشتى.

دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان لۇتپۇللانى كۆرگەن قېيۇم مۇسابايېف خۇشال بولۇپ:

— ياخشى بولدى، مەن سىزگە پاراڭلاشقاچ زاۋۇتنى كۆرسىتىپ كېلەي، — دېدى. لۈتپۇللامۇ شۇنداق پاراڭلەشىشقا ساقلاپ تۇرغىنىنى ئېيتقاندا ئۇلار كاللاسكىغا چەقىپ بولغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ تۈركىيىگە بارىدىغان بوپسىزدە؟

— دەپ سورىدى لۈتپۇللا.

— شۇنداق. راستىنى دېگەندە بۇۋايلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەرەققىيات ئېھتىياجىنىڭ ئارزۇسى دەگە.

— زامانىۋى تەلەپ ئىكەن. ۋاقتى قانچىلىك؟

— ئىككى يىل مۆلچەرىدە.

— ئوقۇشىڭىز تۈرك تىلىدا بولىدۇ-دە؟

— لېكىن بىزنىڭ ئائىلە-جامائىتىمىز ئىچىدە تۈرك تىلى ئانچە يىراق ئەمەس.

— بۇ ياخشى ئىمكانىيەت ئىكەن، ئوقۇشىڭىز تۈگەگەندە غۇلجىغا قايتامسىز ياكى يەنە باشقا دۆلەتتە ئوقۇمسىز؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، رۇس گىمنازىيىسىدىكى ئوقۇشۇم ئاخىرلاشمىدى. بۇ يۇقىرىدا دېگىنىمدەك زۆرۈريەتنىڭ ئېھتىياجى، شۇڭا قانچە تېز قايتسام شۇنچە ياخشى. چۈنكى گېرمانىيىدىن ئىنژېنېر، ماستىر ئەكىلەمەن.

— ئوھوي، بۇ قالتىس پىلان ئىكەن. ئەگەر شۇنداق بولغاندا تېخنىكا جەھەتتىن زاۋۇت قامدىلىدىكەن-دە؟

— زاۋۇتلا ئەمەس، جەمئىيەتنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان

گەپ.

— غۇلجىدا سانائەتنىڭ ئۇرۇقى ئەنە شۇنىڭدىن باش-
لاپ تېرىلىدىغان بوپتۇ ئەمەسە!

— دۇرۇس.

كالاسكا تېرە زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە دەرۋازىغا قارىغۇچى ئۇلارنى خۇشچىراي كىرگۈزۈۋەتتى، قورۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئىككى قەۋەتلىك لاپاس 300 مېتىردەك ئۇزۇنلۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا زا-ۋۇتقا كېرەكلىك ھەرخىل نەرسىلەر دۆۋىسى ئۆز رېتى بىلەن قويۇقلۇق ئىدى. شىمال تەرىپىدە ئىشخانىلار بار ئىدى. تاملار ئاپئاق ھاك بىلەن ئاقارتىلغان بولۇپ، ئۆگ-زىلىرى قاڭالتىر بىلەن چېدىرچە يېپىلغانىدى. كۈنپېتىش تەرەپتە ھەيۋەتلىك زاۋۇت تۇرخۇنى ئاسمان پەلەك تىكلەك-لىك ئىدى. ئۇ، قىزىل خىشتىن ياسالغان بولۇپ، گەۋدى-سىدە ”1909“ دېگەن سىپىر ئاق سىر بىلەن يېزىلغان بولۇپ بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلغان يىل بەلگىسى ئىدى.

بۇلار سېخلارنى ئارىلىدى. ئوخشىمىغان سېخلاردى-كى ئىش مەشغۇلاتلارمۇ ئوخشىمايتتى. تېرە ئاشلاش سېخى سېسىقچىلىق ئىدى، بوياقچىلىق سېخىدا بىر خىل كۆيۈك پۇراق بار ئىدى. ئاخىرقى چەم، مەسكاپ، بولغا-رى، شاۋرۇن سېخلىرىدىن قوۋزاق پۇرىقى كېلىپ تۇرات-تى. زاگاتوپ، تىكىش سېخلىرىدا ئۇ پۇراقتا سىراجىنىڭ ئېچىغان پۇرىقى قوشۇلۇپ يەنە بىر تۈرلۈك پۇرايتتى. لۇتپۇللا ئۇلارغا ئانچە قىزىقمايتتى. تامدەك، ئۆينىڭ يې-رىمىدەك قىزىل، يېشىل ستانوكلارغا، ئۇلارنى باشقۇرۇ-

ۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچىلارغا قىزىقىپ قارايتتى.
— گېرمانىيىدىن كەلتۈرۈلگەن دەك، — دېدى لۇتپۇللا، — بۇ ئېغىر ستانوكلارنى قانداقمۇ ئەكەلگەندۇ؟
—بۇلارنى گېرمانىيىنىڭ "فرانكخوروورام ئاسايىن" زاۋۇتىغا زاكاز قىلىپ ياساتقان، — دېدى قېيۇم ھاياجانلىنىپ، —دادام ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئۇسكۈنىلەر گېرمانىيىدە ياسالغاندىن كۆرە بۇ يەرگىچە ئەكەلگەن يوللىرى قىزىقكەن. گېرمانىيىدىن روسىيىنىڭ ئومىسكى شەھىرىگىچە پويىز بىلەن، ئومىسكىدىن ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوتتا سىمپولاتىنىسكى شەھىرىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئەمدى ئۇيەردىن گەپ غۇلجىغا قانداق ئېلىپ كېلىشتە بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە روسىيە ھۆكۈمىتى: "توقسان كۈن ئىچىدە چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتمىسە، روسىيە تېررىتورىيىسىدە قالدۇرۇلىدۇ" دەپ تەھدىت سېپتۇ، قارىغاندا ئۇلارمۇ زاۋۇتقا قىزىقىپ قالسا كېرەك، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۇچۇن ئىلىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ جانغا ئەسقېتىۋاتقان ھارۋىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەپتۇ. بىراق ئۇ ھارۋا ھازىرقى ئېرگىلو ئەمەس، مەخسۇس شۇ قائىدە بويىچە ياسىتىلغان كۆتەك ھارۋا ئىكەن. ھارۋىلارغا ئالتىدىن ئون ئىككى ئۆكۈز قوشۇپتۇ. ئۇسكىنىلەرنىڭ ئېغىرلىرى تۆت، يېنىكلىرى بىر يېرىم توننا كېلىدىكەن، ئۇلارنى پارچىلاپ ھارۋىغا بېسىپ، ئاندىن ماڭىدىغان يولنى، ئۇنىڭ ئۈچ يۈزدەك كۆۋرۈكنى ياسىتىپ غۇلجىغا كەلتۈرگەنىكەن.
— بۇنىڭغا خەجلەنگەن پۇلمۇ ئاز ئەمەس بولغىيتى؟

— قەغەز پۇل بىلەن ھېسابلاپ كۆرسەتكىلى بولمايـ
دۇ، ئالتۇن بويىچە ئۈچ مىڭ سەر كېتىپتۇ.
— قېيۇم ئاكا، بۇ چىقىم قاچانغىچە ئورنىنى قاپلاپ
بولار؟
— ئۇ كام لۇتپۇللا، سودا-سېتىقتىن خەۋەرسىز بولغىـ
نىڭىزدىن ھەيران قالمايمەن، چىقىمنىڭ ئورنىنى ئاللىقاـ
چان قاپلاپ بولدى. زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار
ئىچكى ئۆلكە، چەت ئەللەرگە تارقىلىۋاتىدۇ! ھەتتا ئىشـ
لەپچىقىرىش ئىستىمال ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ.
شۇڭا دادىلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تېخنىك خادىمـ
لارنى يېتىشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرمەكچى بولۇپ ساۋاتـ
سىزلىقنى تۈگىتىش مەكتىپى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەـ
پى ھەتتا خوتۇن-قىزلار ھۈنەر مەكتىپىنى قۇردى.
— بۇ گەپچە بوۋايلار تەرەققىيپەرۋەر ئۇقۇمۇشلۇق
زاتلار ئىكەن-دە؟
— ئۇقۇمۇشلۇقلىقى ھەققىدە چوڭ تەرىپى يوق. ئەمـ
ما بازار ئىگىلىكى مەشغۇلاتى بىلەن جاھانسازلىق قىلىپ
چەت ئەللەرگە چىققانىكەن ھەم كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى
ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرغانىكەن. مۇنـ
داقچە ئېيتقاندا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەـ
رەققىيپەرۋەرلىكى بىلەن تەسىر قالدۇرغانىكەن. ئەل ئىـ
چىدىكى يەنە بىر تەرىپى — خەيرى-ساخاۋەت بىلەن نامـ
راتلارنى يۆلىگەنىكەن.
لۇتپۇللا قايتقاندا قېيۇم مۇسابايېف كالاسكىنى ھايـ
دىغۇچىغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرىدى.

لۇتپۇللا يول بويى "مۇساپايىغلار ھەرقانداق شارائىتتا يىلتىز تارتىپ مېۋە بېرىدىغان دەرەخ ئىكەن-دە. ئۇنىڭ زامانىۋى ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشى جەمئىيەتتىن ھالقىغان ئىلغارلىق ئەمەسمۇ! . . ." دېگەنلەرنى ئويلاندى.

## 16

لۇتپۇللا دەرستىن چۈشكىنىچە ئالدىراپ تىك كوچا بىلەن يۇقىرىلاپ ماڭدى.

— شۇيەرگە ماڭدىڭمۇ؟ — دېدى ساۋاقداشلىرىدىن بىرسى.

— كەتتىم، — دېدى لۇتپۇللا. سەل مېڭىپ بىرنەچچە پەرەنجىلىك ئايالنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ خىيالىدا: "قانداقلا بولمىسۇن ئوقۇغىنىڭلار ئەۋزەل" دېدى. ئۇلار ھۈنەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئەمدى بولسا، ساي بويىغا چىقىپ قالدى. سايدىكى تاللار ئارىسىدا ئالتۇنلۇقتىن كەلگەن قاراسۇ يېيىلىپ ئاقاتتى. سۇنىڭ ئەتراپى ياپيېشىل چىملىق ئىدى. ئۇ سۇدا يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىدەسە بۆلۈمىگە مېڭىپ كەتتى.

سانايىنەپىسەنىڭ چەتتىكى بۆلۈم ئىشىكىدە تۇرۇپلا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ۋەدەڭگە ئەمەل قىپسەن-دە، — دېدى جالالىدىن پەھىيارى يېنىدىكىسىگە ئىشارەت

لەپ، — لۇتپۇللا دېگەن مۇشۇ.

ئۇ كىشى باش لىڭشىتىپ ئەھۋال سورىدى. لۇتپۇللا كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، خېلى كۆپ ئادەمنى تونۇمايت- تى، شۇڭا جالالىدىن مۇناسىۋەتلىك بىرقانچىلىرىنىڭ يې- نىغا ئاپىرىپ تونۇشتۇردى. يەنە بىر ئىشخانىغا كىرگەندە چاقچاق ئارىلاشقان پاراڭلار بولۇپ كېتىپ لۇتپۇللانىڭ تېخىچە ئۇرە تۇرغىنىنى كۆرگەن ئابدۇۋەلى:

— سېنى ئولتۇر دېمەپتىمىزغۇ، يا ئۆزەڭ سىنىپتا تولا ئۆرە تۇرۇپ ئۆگىنىپ كەتكەنمىدىڭ؟ — دېدى.

— ئابدۇۋەلى ئاكاڭ كۆرگەندەكلا دەيدىغۇ؟ — دېدى نېرىدا ئولتۇرغان بىرسى. لۇتپۇللا بىرنېمە دېگۈچە ئارى- لىقنى كۈلكىلەر بۇلۇۋەتتى.

— دېرىزىلەر تۈگۈلمىغاندىن كېيىن كۆرسە-كۆرگەن- دۇ دېگىنە، — دېدى ئابدۇۋەلى. كۈلكىلەر يەنە كۆتۈرۈل- دى. لۇتپۇللا چاقچاقلارنىڭ سانايىنەپسەدە ئىشلەۋاتقان- لارنىڭ خىزمىتىدىكى بىر ۋەزىپىسىدەك بولۇپ قالغىنىغا قىزىقتى. ئابدۇۋەلىنى تونۇغىنى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز تىوغ- رىسىدا چاقچاق قىلىدىغىنىنى، ئابدۇۋەلىنىڭ توك دېگىنى زۇنۇن قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار بىرئاز پاراڭلاشتى.

— شېئىرلىرىڭنى ئوقۇپ تۇردۇم، يارايسەن ئۇكا، — دېدى ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن زىيا ئىسىم- لىك كىشى، — ھازىرچە بىزگە رەسسامىلىقىڭنى ئىشقا سېلىپ ياردەملەشسەڭ. كونكرېت تەلەپنى زۇنۇن بىلەن جالالىدىن چۈشەندۇرسۇن.

— سىنى چاقىرتىشىمىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىدى، — دېدى نېرىقى ئۈستەل ئەتراپىدا پاراڭلاشقان زۇنۇن قادىر بىلەن جالالىدىن يەھيارى، — يېقىندا «غېرىب-سەنەم» درامىسىنى سەھنىدە ئوينىماقچى. شۇنىڭغا رەسىملىك قىلىپ بىر ئېلان ئىشلەپ بەرسەڭ.

— نېمىگە ئىشلەيمەن؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— قەغەزگە ئىشلەيدىغانسەن؟

— مېنىڭچە تەكرار ئىشلىتىش ئۈچۈن، يامغۇر-يې-شىن، شاماللاردىمۇ بۇزۇلمايدىغان ماي بوياق بىلەن رەختكە ئىشلىسەك؟! — دېدى لۇتپۇللا.

بۇ تەكلىپ يېڭى بولغاچقىمۇ ئۇلارنى سەل ئويلان-دۇردى.

— دېگىنىڭچە بولسۇن. ئەمدى سىنىڭ دەرس سىر-تىدا ۋاقىت چىقىرىپ ئىشلەپ تۇگىتىشىڭ خېلى چاپالىق ئىش ھەم بىر ئىجادىي تۇھپە بولۇپ قالىدۇ، — دېدى جالالىدىن يەھيارى.

— ئۇنداق بولسا، مەن بىر لايىھە سىزىپ كېلەي، — دېدى لۇتپۇللا.

— شۇنىڭ بىلەن بىللە كېرەكلىك ماتېرىياللار تىزىم-لىكىنىمۇ ئالغاچ كېلەرسەن.

لۇتپۇللا لايىھەنى كۆرسىتىپ ئون كۈن ئىچىدە ئۇ-زۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىردەك ئېلاننى پۈتتۈرۈپ چىقتى. سانايىنەپىسە ئىشتىراكچىلىرى ھە-ۋەس بىلەن كۆرۈپ چىقتى. ھەتتا ئارتىسلار ئېلاندىكى ئادەملەرگە ئۆزلىرىنى سىلىشتۇرۇپ ئىلھاملىنىشتى.

شۇنداق قىلىپ ئىلاننى تاشلەپكەندىكى ئاپتىكىنىڭ ئۇدۇلـ
ـدىكى ئىككى قەۋەتلىك كومىسسيون دۇكىنىغا ئارغامچا
تارتىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىشنى لايىق تاپتى.

ئىلگىرىلىرى مۇنداق چوڭ ئىلان چىقىرىلمىغاچقىمۇ
ياكى مۇۋاپىق ئورۇن تاللانغاچقىمۇ ئاۋات كوچىدىكى ئېـ
ـلان بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. يىراقتىنلا كۆركەم يېزىلغان
«غېرىب-سەنەم» دېگەن خەت كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.
كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ
ھەر جەھەتتىن تەرىپلەشتى:

— نېمىكەن ئۇ؟

— خېتىنى ئوقۇمامسەن، «غېرىب-سەنەم» ئويۇننى
قويىدىغان ئېلان ئىكەن.

— ئۇنداقتا، ئاۋۇ يىگىت غېرىب، ئاۋۇ قىز سەنەم
بولدىما؟

— پاھ، ھۆر-پەرى دېگەن ھەرقانچە بولسا، شۇنچىـ
ـلىك چىرايلىق بولار.

— مۇنۇ سۆرۈن تەلەت ھېلىقى ئابدۇللا شاتىرى بولسا
كېرەك-ھە؟

— ۋاھ، پادىشاھنى قاملاشتۇرۇپتۇ، پادىشاھ دەپ
چۆچەكلەردە ئاڭلايدىغان، مۇنۇنىڭ سۆلىتىزە راسا كەپتۇ
جۇمۇ.

— مۇشۇلارنى قايسى ئىقلىم سىزغاندۇ؟

— يا ئورۇس يا خەنزۇ سىزغاندۇ دەيمەن.

— بەلكىم.

— ياق-ياق. بىز خەق سىزدى. مەن كۆردۈم، ئۆزىمۇ

نوغايغا ئوخشايدىغان ئۆيغۇر ئىكەن.

— ھە؟

— بۇرادەرلەر، بۇ ئېنىق بولدى. ئەندى تالىشۋەر-مەي بىلەت ئېلىپ ئويۇننى كۆرىلى!

— ئېلان چىقارغىنىمىز «غېرىب-سەنەم» ئويۇننى قويغىنىمىزدىن قېلىشمايدىغان تەسىر پەيدا قىپتۇ. نەدىلا بولسا شۇ پاراڭ، — دېدى بىر كۆنى زىكرى.

— قولى گۈل يىگىت ئىكەن، — دېدى زۇنۇن قادىر، — كانىكولدا بىر دېكواتسىيە سىزدۇرۇۋالساق بولامدىكىن.

قىسقىسى، لۇتپۇللانىڭ گېپى سانايىنەپىسەدە پات-پات بولۇپ تۇردى. ھەتتا قازاق، قىرغىز ئويۇشمىسىدىمۇ تەرىپلەندى. لۇتپۇللامۇ ۋاقىت بولسا سانايىنەپىسەگە كېلىپ ئۇ يەردىكى ھەر خىل ئىشتىراكچىلارنىڭ قىزىق پاراڭ، لەتىپە، چاقچاق، ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ كېتەتتى ھەم باشقا ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشەتتى.

بۇگۈن پاراڭلىشىۋېتىپ زىيانىڭ ئۇستىلىدىكى «غېرىب-سەنەم» ناملىق سەھنە كىتابىنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ تۇرۇپلا:

— زىيا ئاكا، مۇنۇ تېكىستتىكى "قول ئۇزارتسام شاخقا يەتمەس" دېگەن مىسرا مەنتىقىگە چۈشمىگەندەك تۇرۇدىغۇ؟ — دېدى.

— نېمە؟ — سېنىڭچە قانداق دېيىلسە بولار؟ — دەپ

سورىدى زىيا سەل ئويلىنىۋېلىپ.
— ئىككىنچى مىسرانىڭ تەلپى بويىچە "قول ئۇزارتسام يارغا يەتمەس" دېيىلگىنى مۇۋاپىقمىكىن دەيمەن، — دېدى لۇتپۇللا.
زىيا قولىدىكى قەلىمىنى ئۈستەلگە يېنىك ئورغىندىچە يەنە تېكىستكە قاراپ تۇرۇپ قالدى.
بۇ گەپلەر قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ، سانايىنەپىسەدىكىلەرگە تارقالدى.

لۇتپۇللا بەزىدە ئۆزىدەك ھەۋەسكار ئاغىنىلىرىنىمۇ سانايىنەپىسەگە بىللە باشلاپ كېلىپ كېتىدىغان بولدى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لۇتپۇللا رۇس گىمنازىيەسىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ساۋلىيېف بىلەن كەلگەنىدى، چالغۇچىلارنىڭ «ئەجەم» مەرغۇلىغا چېلىۋاتقىنى ئۈستىگە كېلىپ بىر چەتتە ئولتۇردى.
— مۇتەللىپ، — دېدى ساۋلىيېف، — مۇنۇ مۇزىكانتلارنىڭ ئالدىدا نوتا بولمىسىمۇ ياكى دىرىژور بولمىسىمۇ رىتىملىق چېلىۋاتقىنىغا ھەيرانمەن.
لۇتپۇللا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. لېكىن چېلىنىۋاتقان پەدىنىڭ «ئەجەم» ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.
سازلار بىرەر قۇر چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن زىكرىگە بايىقى سوئالنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.
— ئۇنىڭدا باشقا سىر يوق، — دېدى زىكرى، —

بۇنداق چېلىش ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇ-
سۇلى. باياتىن چېلىنغان چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ قوشۇلۇپ
چېلىنغىنىدا چاڭ ياكى غىجەك، ياكى داپ شۇ مۇزىكىنىڭ
يېتەكچىسى بولىدۇ. نوتا چالغۇچىلارنىڭ زېھنىي خاتى-
رىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. بىزنىڭ ناخشا-مۇزىكىمىز تۇر-
مۇشنى مەنبە قىلىدۇ. ئومۇملىشىشى ئۇستاز-شاگىرت
شەكلى بىلەن بولىدۇ. مەن نەزەرىيە قائىدىسى بويىچە
چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيمەن. قىسقىسى، ناخشا-مۇزىكى-
مىز ئىجاد قىلىنغاندىمۇ نوتىسىز بولغاچقا، ئورۇندىغان-
دىمۇ شۇنداق كېتىۋېرىدۇ. لېكىن بۇ نوتىغا ئېلىشقا،
دىرىژور ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس...

— بۇ تەرىپى قالتىسكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇي-
غۇر مىللىتىنىڭ پسىخولوگىيىلىك خاراكتېرى ئىكەن-
دە. بىز ئارىلىشىپ يۈرگىنىمىز بىلەن مەدەنىيىتىڭلار-
دىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى تېخى چۈشەنمەيدىكەنمىز، —
دېدى ساۋلىيېف.

— ئۇنداق بولغىنى سىلەر ئۇدۇللا ماڭىسىلەر[1]
ئەمەسمۇ، — دېدى لۇتپۇللا ئورۇسچىلاپ. بۇنىڭغا ھەر
ئىككىلىسى كۈلۈپ كەتتى. زىكرى ھېچنېمە بىلمەي
تۇرۇپ قالدى. كېيىن لۇتپۇللا زىكرىگە چۈشەندۈرگەن-
دى، ئۇمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن دراممىلار توغرىسىدا
پاراڭلار بولۇپ، «ئىككى بايغا بىر مالاي»، «ئارشىن مال
ئالان»لار تىلغا ئېلىنغاندا ساۋلىيېف ھەيران قالدى.

---

① رۇسلارنى كىشىلەر ئېيىققا ئوخشىتىدۇ. ئېيتىلىشىچە ئېيىق توسالغۇدىن ئايلانماي ئۇدۇل ئارىلىپ ماڭىدىكەن.

— سەھنىگە ئېلىپ چىققانلىقىمىز، — دېدى زىكرى ئىزاھلاپ، — چەت ئەلنىڭ دراممىلىرىنى ئۆز تەلپىگە يەتكۈزگىنىمىز ئەمەس.

— ئۇنداق تەلەپكە شۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزىمۇ ھۆددە قىلالمايدۇ، سىلەر ئالدى بىلەن سەنئەتكە بولغان مەنئۆى شەرت-شارائىتىڭلارنى يارىتالمىدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابىي ئىزاھ بويىچە دېكوراتسىيە، كىيىم-كېچەك، مۇزىكا ۋە باشقا ماددىي ئۆلچەملەر ماسلاشتى. بۇنى چەت ئەللىكلەر قىلىپ بەرمىگەندۇ؟ مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىدارلىقى.

— چوڭ باھا بېرىۋەتتىڭىز، بىز شۇ دراممىلارنى قويغاندا لۇتپۇللا سىزنى باشلاپ كەلسۇن، — دېدى زىكرى.

— بولىدۇ، ھەتتا مەن رۇس ئاقساقاللىرىنىمۇ باشلاپ كېلىمەن. ئۇلارمۇ كۆرسۇن. بىزنىڭ رۇس ئۇيۇشمىسى تېخىچە كومېدىيىلەرنىمۇ قويالماي يۈرمەمدۇ، — دېدى ساۋلىيېف

بۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن قايتىشتى. زىكرى لۇتپۇللانى چاقىرىپ ئېلىپ:

— ئەزەم بىرنەرسە دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— ئۇنداق بولسا، ئۆگۈنلۈككە — شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇشۇ يەرگە كېلىڭ. بىرنەچچىمىز جېلىلىۋزىگە چىقىدىغان بولدۇق.

— چوڭلارنىڭ ئارىسىدا ماڭا نېمە بار، يا ناخشا، يا سازدا بولمىسام.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئېلىپ چىقىمىز. ناخشا-ساز بىلىدىغانلار تولىغۇ.

— شۇ كۈنى قايتامدۇق؟

— ياق، يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن كېلىمىز.

— كېلىشتۇق-ھە ئەمىسە.

لۇتپۇللا بىلەن ساۋلىيېف قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە سالماق قەدەملەر بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

17

يېزا تۇرمۇشى بىلەن ئانچە ئارىلاشمىغان لۇتپۇللا بۈگۈن بىر تۇرلۈك قىزىقىش ھېس قىلاتتى: "ئالايىتەن شەھەردىن سازەندە-ناخشىچىلارنى چاقىرغاندىن كېيىن مەرىكىسى كۆڭۈللۈك، مېھمانلىرى كۆپ بولىدىغاندۇ"

— "تويغا بارساڭ تويۇپ بار، توقا-تۇگا كىيىپ بار" دەپتىكەن كونىلار، قورسىقىڭنى ياخشى تويغۇزۇۋېلىپ، كىيىملىرىڭنى يۆتكىۋال ئۇكام، — دېدى لۇتپۇللانىڭ ھەدىسى ئالدىراپ يۈرۈپ.

— قورساقنىغۇ تويغۇزۇۋېلىپ ئالغىنىم دۇرۇس. يىراق يەرگە ماڭغاندىن كېيىن، كىيىملەرنى نېمە قىلارمەن يېڭىلاپ؟ مەن دېگەن ئۇقۇغۇچى، سازەندىلەرگە ئەگىشىپ بارىمەن ئەمەسمۇ! — دېدى لۇتپۇللا.

— ۋۇي، نېمىدېگىنىڭ بۇ؟ — ھەلىمەنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — سەن خەقلەرگە ئەگىشىپ بارىدىغان كۈنگە قالدىڭمۇ؟ ئوقۇغۇچى بولغۇنۇڭ بىلەن ئىلقىنىڭ

مۇتىۋەرى ھېزىم ئاخۇننىڭ تاغدەك ئۇغلىسەن، تۇۋا!
— ھا ھا ھا، مۇشۇ قاينىغىننىڭغا قارىغاندا مەن بارىدى-غان توي چوقۇم قىزىيدىكەندە! — دېدى لۇتپۇللا پات-پات ھەدىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان كۆيۈمچانلىقى بى-لەن،— مۇندىن كېيىن مەن بىرسى بىلەن "سەن-پەن" دېيە-شىپ قالسام سېنى قويۇپ بېرىمەن جۇمۇ.
— بولدىلا، شۇ چاغدا يەنە ئىككىمىزنىڭ گېپى ئىك-كى ئاچا چىقىپ قالار؟ — دېدى ھەدىسى،— مېنىڭلا گېپىمنى چاقچاققا ئايلاندۇرىسەن.
— مەن دەيدىغان گەپلەرنى سەن دەپ بولغاندىن كې-يىن، ماڭا چاقچاقتىن باشقا نېمە قالاتتى؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ،— سازەندىلەرمۇ مېنى ھېزىم ئاخۇننىڭ تاغدەك ئوغلى، دەپ بىللە ئېلىپ بارماقچى. بولمىسا مەن قانچىلىك ئىدىم. بۇ گەپلىرىم چاقچاق ئەمەستۇ.
— باياتىنلا شۇنداق دېسەڭچۇ،— دېدى ھەدىسى خا-تىرجەم بولۇپ،— ئۇ يەردە قاراپلا ئولتۇرماي شېئىرلى-رىڭدىن ئوقۇپ بەرگىن.
لۇتپۇللا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بارغاندا باشقىلارمۇ تەييار تۇرغانىدى. بۇلار جەم بولۇپ خادىكتە يولغا چىق-تى.
— قايسى تەرەپ بىلەن ماڭىمىز؟ — دېدى ھارۋى-كەش.
— توپادەك بىلەن ماڭارمىز، — دېدى بىرسى.
— بايكۆل بىلەن ماڭساقمىكىن،— دېدى زىكرى، — كېپەكيۈزى، پەنجىم، تۇرپانيۈزلەرنى كۆرۈپ ماڭات-

تۇق، ھاسىنىكام نېمە دەيدىكىن؟
— مەن ھەممە يۈزىلەرنى كۆرگەن، ئىش قىلىپ ئا-
مان-ئېسەن بارساق بولدى، — دېدى ھاسىنىكام.
— ئادەم ئەنسىرەيدىغان گېپىڭنى قويغىنا ھاسىنىكا،
— دېدى ئەزەم، — يولبويى سەن تەمبۇرۇڭنى چالىسەن،
بىز ناخشا ئېيتىمىز.
— ياللا ئەزەم، ئۆرۈمى يوق ئايدالادا ناخشىمۇ ئېيت-
تارسەنمۇ؟ — دېدى روزى تەمبۇر.
— دېمىسەڭمۇ ناخشىنى يولدا ئېيتىپ، ئۆرۈمنى
جېلىلىيۈزىدە ئېلىشارمىز.
— ئۈنىڭغا باش قاتۇرما. ئۆرۈمە ھېچكىمگە يەل
كەلمەيدۇ.
— ھا ھا ھا
كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن يولغا چىققان بۇ سازەندە-
ناخشىچىلار ئاللىقاچان بايكۆلدىن ئۆتۈپ قارىۋاينىڭ جاڭ-
زىسىغا كېلىپ قالغىنىنى بىراقلا بىلدى. ئات ئۈستەڭ-
نىڭ ھۆتمە-تۆشۈك كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدىغان چاغدا ھەم-
مىسى ھارۋىدىن چۈشتى. ئاتلار ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ
كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە ھارۋىدىكىلەر توپارەك ئېقىۋاتقان
ئاق ئۈستەڭ سۈيىدە يۈز-قوللىرىنى يۇدى.
— لاي بولسىمۇ ئىچىۋەتتىمدە لۇتپۇللا، — دېدى ئە-
زەم چاقچاق قىلىپ، — بۇ سۇ سىلەرنىڭ نىلقىدىن كېلىدۇ
ئەمەسمۇ.
— توغرا، بۇنىڭغا يەتتە ئارشاڭنىڭ سۈيى قوشۇل-
دۇ، شىپالىق دېگىنە، — دېدى لۇتپۇللامۇ چېقىشىپ، —

بىراق ئىلغىدىغۇ سۆزۈك ئىدى.

— سىلەر قەيەردە لاي بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسى-لەر؟— دېدى قىزىقچى زوردۇن.

ئاق ئۆستەڭنى لاي قىلغان،
قوش كۆۋرۈكنىڭ توپاسى.
رەناخاننى كۆيدۈرگەن،
مۇختار تازنىڭ دوپپاسى.

دەپ ئالتە ئۆيلۈكلەر قوشاق قوشقان ئەمەسمۇ!

— بۇ قوشاق جايىدا ئىكەن، ئۇنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن،— دېدى لۇتپۇللا،— ماڭا ياققىنى، سۇ توغرى-لىق ئالتە ئۆيلۈكلەر خالىس تەبىر بېرىپتۇ.

— لېكىن زوردۇنكامنىڭ مەقسىتى مېنى ئالتە ئۆيگە باشلاپ ناخشا ئېيتقۇزۇش — دېدى ئەزەم. يېنىدىكىلەر خىرىلدىشىپ كۈلۈشتى. لۇتپۇللا تېڭىرقاپ قالدى. بۇنى سەزگەن زوردۇن:

— بۇ بىر ھېكايە،— دەپ سۆزلەشكە تەمشىلىۋىدى، ئەزەم توساپ قويدى.

—زوردۇنكام ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئۆزەم ئەينى سۆزلەپ بېرەي،— دېدى ئەزەم،—بىر يىلى زوردۇنكام بىلەن ئىك-كىمىز مايدىن دېگەن ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چىققانىدۇق. مەھەللىسىدىكىلەر بولۇپ بىر توپ ئادەم جەم بولدۇق. ئارىلىقتا زوردۇنكام تالاغا چىقىپ كېتىۋىدى، بەزىلەر مې-نىڭ ناخشا ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن دەرھال دۇتار-

نى چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىمدا بىر سالاپەتلىك تۆگگان كىرىپ قېلىۋىدى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ تۆرگە— مېنىڭ قې- شىمغىلا چىقىرىپ قويۇشتى، مەن «ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم» دېگەن قوشاقنىڭ "ئىسلامىيۇزىدە بەختەك" دې- گەن يېرىگە كەلگەندە، ھېلىقى تۆگگاننى كۆرۈپلا:

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
ئىسلام يۇزىدە بەختەك.
ئىسلام يۇزىدە بەختەك،
ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم. .

دەپ تەكرارلاۋەردىم. سورۇندىكىلەر ماڭا غەلىتە قارىغىلى تۇرغىنىنى بىلىۋاتىمەن، ئاغزىمغا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ، تەرلەپ كەتتىم، ئۆز ئەينى ئېيتسام جېدەل چىقىدىغاندەك- لا بىلىندى، ئاخىرى:

مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
مەيدەڭدە تۇمۇر بارمۇ.

دەپ ناخشىنى توختاتسام، يېنىمدا ئولتۇرغان ھېلىقى تۆگگان مېھمان ئۇيغۇرچىغا شۇنداق ئۇستا ئىكەن ھەم چاقچاقچىكەن:

— ناخشىنىڭ ئاخىرىسى ئۇنداق ئەمەس، "تۆگگانغا تېگىۋاپسەن، چەنتۇ بالىسى يوقتەك"— ئەمەسمۇ! دېۋە- دى، سورۇندىكىلەر كۈلۈپ كېتىشتى.

ھارۇندىكىلەر شۇ ۋاقىتتىكى كۈلكىلەر چالا قالغان- دەك يەنە كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئەزەم لۇتپۇللاغا قاراپ:

— قانداق بوپتۇ؟ — دېدى. لۇتپۇللامۇ دەرھال:
— قانداق بولاتتى، دۇمبەڭ قىچىشسا مەيدەڭنى تات-
لاپسەن، — دېدى.
— ھا ھا ھا.
كەڭ ئېتىزلىق. ئېتىز ئارىلاپ كەتكەن ئەگرى-توقاي
يېزا يولى، چىرىلداپ سايراۋاتقان چېكەتكە-تومۇزغى-
لارنىڭ زارلىغاندەك چىرقىراشلىرى يەنە ئاللىقانداق تور-
غايلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئەتراپنىكى مەنزىرە تېخىمۇ
يېقىملىق كۆرۈنەتتى. يۇمشاق شامال ئات-ھارۋا توزۇتقان
توپا-چاڭنى ھارۋىدىكىلەرنىڭ دىماقلىرىغا ئۇراتتى.
قانداقلا بولمىسۇن كۆكۈلمەيدان ئۇچۇقچىلىق ھاۋا-
سى شەھەرلىكلەرگە بىر تۈرلۈك ئازادىلىك بىلىنگەچكىمۇ
ئەمدى بىر-بىرلىرىگە رىغبەتچى بولۇپ ناخشىلار باشلى-
دى. خادىك ھارۋىنىڭ ئۈستى ئازادە بولغاچقا ناخشىغا
سازلارنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى، پارە ئاتنىڭ رىتىملىك
ئاياق ئېلىشى، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازلىرى ماسلىشىپ ياڭ-
رىغان سادا ھارۋىدىن ئىلگىرى مەھەللىگە يەتتى. ئىشىك
ئالدى، پەنجىرىلەردە كىشىلەر ھەۋەس بىلەن تىڭشىشات-
تى. بۇ پەنجىم مەھەللىسى ئىدى. مەھەللىدىن ئۆرلەپ
مېڭىپ يولغا چىققاندا، ھارۋىكەش ھەممىنى ھارۋىدىن
چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار ئېتىز ئارىلاپ يولغا چىقىپ ھارۋىدا
ئولتۇرۇشىغا سىيمىز ئەزەم ئۆزىنىڭ ھاسىراپ تۇرغىنىغا
قارىماي گەپ قىلغۇسى كەلدى:
— ھاسىنكا، پەنجىم دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟
ھاسان دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەر تېگىدىن ئە-

زەمگە قاراپ:

— بىر يولۇچى قورسىقى ئاچ ھېرىپ كېلىۋاتسا، مەسچىتنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقان باللارنىڭ بىرسى:

— ھوي تاغا، قارىياغاچ بىلەن سىپدىنىڭ يوپۇرمىقى ئوخشاش ئىكەن، ئۇسۇشى نېمىشقا ئوخشمايدۇ؟ — دېگەندە، يولۇچى:

— بۇنى ئاپاڭدىن سورا، — دەپتىكەن.

مېنىڭمۇ دەيدىغىنىم شۇ، — دېدى. ھارۋىدىكىلەر شوخچىلىك كۈلدىكى ھاردۇقى چىققاندەك بولدى.

ئەمدىكى يول يېقىن-يېقىن مەھەللىلەر ئارىلاپ ئۆتـ-كەچكە ئۇلار ئاق ئۆرۈك، ئامۇت، ياڭاق، قارىياغاچلار توغرىلىق پاراڭ قىلىشتى. جىرغىلاڭ سۇيىدىن ئۆتكەن خادىك سول قول ياقىلاپ ساھىبخان تۇرسۇنباينىڭ قورۇ-سى ئالدىدا توختىدى.

قورۇدا يىراق-يېقىندىن كەلگەنلەر بار ئىدى. شەھەر-دىن چىققان سازەندىلەرگە قورۇدا ئايرىم ئۆي تەييارلانغا-نىدى. ئۇلار قىزغىن قارشى ئېلىنىپ ئۆيگە باشلاندى. توپىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز-قوللىرىنى يۇيۇشقاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

شۇ چاغدا سىرتتىن بىر ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولۇپ بىرسى ئالدىرىغان ھالدا كىرىپ كەلدى، ئۇنى تونۇيدىغانلار سەل تەۋرىنىشتى، ئارىدىن بىرسى:

— كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟ — دېۋىدى، ئۇ:

— ”يۈرتنىڭ ئىشى“ دېگىنىچە ئەتراپقا قاراپ چاشـ-قان بۇرۇتىنى ئوشلاپ قويدى. ھېچكىممۇ ”نېمە ئىش“

دېمىدى. ئارىنى يەنە باشقا پىچىرلاشلار قاپلىغانىدى. ھې-
لىقى كىشى:
— بۇ يەرگە ماڭاي دەپ تۇرسام ”ئوغرىنى تۇتۇڭ“
دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. مەن ئارىلاشمىسام بولاتتى-
مۇ! خەۋەر قىلغۇچىدىن سورىسام:
— قىلىچ ئېسىۋالغان نېمە ئىكەن، قېچىپ كوزنەك-
كە كىرىۋالدى، — دېدى. بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇل-
غاندەك بولدى دېمەمسىلەر!
— شۇنداق بولمامدىغان، ئۇ سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ-
دىكى ئىش-تە! — دېدى بىرسى.
- شۇ ئەمەسمۇ! شۇچاغدا ئۆزەمگە ئۆزەم ”ماڭ ھە-
دېل!“ دېدىمدە جېرەن ئاتنى مىنىپ يۇقىرىقى كوزلەككە
چاپتىم. ئاڭغىچە بىرقىسىم ئاتلىقلارمۇ يېتىپ كېلىش-
تى. كوزنەككە بېرىپ ئاتتىن چۈشمەيلا ئوغرىنى ”سىرت-
قا چىق!“ دېدىم.
— ئۆزەڭنىڭ ھەيۋەڭمۇ ئەللىك بېشىغا لايىق دېگە-
نە! — دەپ سۆز قوشتى بىرسى. ئۆيدىكىلەر يېنىككىنە
كۈلۈشۈۋالدى. ناتونۇشلارغا مەلۇم بولدىكى، ھېدىل
ئىسىملىك بۇ كىشى ئەللىك بېشى ئىدى.
شۇ ئەسنادا سورۇندىكىلەردىن بىرسى:
— ھېدىل ئەللىك بېشى، بايىقى گەپنىڭ ئاخىرىسى
ئۈزۈلۈپ قالدىغۇ؟ — دېۋىدى، ئەتراپتىكىلەرمۇ ”ھە،
ھە“ دېيىشتى.
— يۇرتنىڭ ئىشى، — دېدى ئۇ بايىقى ئۆزى ھەۋەس-
لىنىپ ئادەتلەنگەن سۆزى بىلەن، — ھەي! مېنىڭ ئەللىك

بېشى ئىكەنلىكىمنى بىلىۋاتامسەن؟ — دېگەنىدىم: ”مەن توغرى ئەمەس“ دېدى ئوغرى. ”نېمىشقا كۆزنەككە كىرىۋالسەن؟“ دېسەم، ”ئۇلاردىن قورقتۇم“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقتى، قارىسام گۈسمەستەك بىر خەخكەن. ئۇستىدە كىرلىشىپ كەتكەن كۆكلەكمۇ، پەرىجىمۇ يالاڭ كىيىمى، بېلىدە قىلىچتەك پىچىقى بار ئىكەن. سەن نېمە ئادەم، دېسەم:

— يېتىمچى، — دېدى.

— ئۇ نېمە ھۈنەر، جابدۇقلىرىڭ قېنى؟ دېۋىدىم، بىزىرىپلا تۇردى، شۇنچە ئادەم ئالدىدا ھىيلىگەرلىك قىلغاچقا پىچاقنى ئېلىۋېلىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويدۇم.

— ھېدىل، ئۇنىڭ يېتىمچىلىكىنى بىلەلمىدىڭمۇ؟

— دېدى ئارىدىن بىرسى ئېگىز-پەس كۈلكىلەر ئارىسىدا.

— قانداق بىلەتتىم، ھېچقانداق جابدۇقلىرىمۇ يوق، كىگىزچى چېغىدا ھېلىقى يۈك ئاتىدىغان بىرنېمىسى بىلەن چىغداننى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغۇ! ئۇ چوقۇم ئوغرى!

— دېدى ھېدىل.

— ھېدىل ئەللىك بېشى، — دېدى شاڭيۇ، — ئۇ راست گەپ قىپتۇ. يېتىمچى دېگەن ھۈنەر ئەمەس، مۇساپىر، مەدىكار دېگەن سۆز. دەرھال ئۇنىڭ پىچىقىنى بېرىپ ئۆزىنى قويىۋەت!

— ھا ھا ھا

سورۇندىكىلەر بىراقلا كۈلۈشتى. كۆپچىلىك لەتىپىلەرنى سۆزلەپ سورۇننى خېلىلا قىزىتتى. شۇ چاغدا داستىخانلار سېلىنىپ تاماق تارتىلدى. تۇرسۇنبايمۇ تەك-

لىپ قىلىنىپ ئەل قاتارى بىللە ئولتۇردى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا مۆلچەرلەپ، تورۇسقا ئېسىپ قويغان دۈگىلەك پىلىكلىك يىگىرمىنچى لامپا ھەممىگە تەكشى يورۇق چېچىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرسۇنباي تەمبەل بەستى بىلەن ئالاھىدە تۇراتتى؛ يۇغان بېشىغا لايىق تاۋاقتەك يۈزى، قۇۋاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلغاندەك بۇرنى، كەڭ پېشانىسى ئۆزىگە ياراشقانىدى. غولىنىڭ كەڭ، بويىنىنىڭ قىسقا، بارماقلىرىنىڭ تومبىقىدىن جىسمانىي كۈچىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

مىس تاۋاقلاردا قازاقچىغىمۇ، قىرغىزچىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، خېمىرى قۇشقاچ تىلى كېسىلىپ، پەمىدۇر، پىياز، قارىمۇچلار سېلىنغان، ئۈستىگە گۆشلەر پۈتۈن-پۈتۈن قويۇلغان نارىن بار ئىدى.

— مېھمانلار! — دېدى تۇرسۇنباي، — سەھرا پەددىسىدىكى بىر تاماق، بەھۇزۇر ئېلىڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن ھەمداستىخان بولىدىغان بولدۇم.

— ئوبدان بوپتۇ، مۇنداق تاماق يېيىشلىك بولىدۇ.

— ساھىبخانىنىڭ ھەمداستىخان بولغىنى ياخشى، "ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق" دېيىلىدۇ ئەمەسمۇ.

سورۇندىكىلەر يانلىرىدىن بەكىلىرنى ئېلىپ بىرچەتتىن توغراپ، بىرچەتتىن يەپ ئۆزئارا چاقچاق-پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتى.

— تۇرسۇنباي! — دېدى زوردۇن، — ئۆزەڭ سورۇن كۆرگەچكە تاماقنى جايىدا كەلتۈرۈپسەن، ھەرھالدا، ئۆز

مەيلىگچە باشقىلا بىرنەرسە قىلىۋەتمەيسەن ئاداش.

— توغرا دېدىڭ ئاداش، سەنمۇ سورۇن قائىدىسى بويىچە بەش بارمىقىڭ بىلەن يەۋاتقانسەن.

سورۇن ئەھلى بىر كۈلۈشۈۋالدى. بۇ چاقچاقلار سا-ھىبخان تۇرسۇنباي بىلەن مېھمان زوردۇننىڭ ئاغىنىدار-چىلىقىنىڭ قويۇقلىقىنى بىلدۈرەتتى. سورۇن ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى زوردۇننىڭ داڭلىق چاقچاقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تۇرسۇنباي راستىنى ئېيتقاندا ئىلى ئۇيغۇرلى-رىنىڭ ئومۇملاشقان ئويۇن، كۈلكىلىك سورۇنلىرىغا كۆپ ئارىلاشقانلىق تەسىرىدىنلا زوردۇننىڭ قىزىق گەپلى-رى ئۈچۈن تېگىشىپ قوياتتى. لېكىن ئۇزىنىڭ ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھەتتا مۇشۇ سورۇندا ئۇنىڭ بى-لەن تۇتۇشقىدەك ھېچكىمنىڭ يوقلىقىنى بىلەتتى. زور-دۇنمۇ تورسۇنباينىڭ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇلتۇرۇ-شى ئۈچۈنلا چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى بىلگەچكە "بىرقاقتا بىرقاق" چاقچاق بىلەن چەكلەنگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇزۇن-دىن-ئۇزۇن، خىلمۇخىل ئوخشاتقان چاقچاقلار بولمىدى. بۇ ھالدا كىمنى كىم يەڭدى دېگىلىمۇ بولمايتتى.

زوردۇن شۇ كۈنكىچە چاقچاقتا "يېنى يەرگە تەگمىگەن" چاقچاقچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇزىنىڭ ھازىرجاۋابلىقى، سۆزلىرىنىڭ ئىخچام، كۈلكىلىكلىكى بىلەن ئالاھىدە ئىدى. بولۇپمۇ سانايىنەپسەگە قاتناشقاندىن كېيىن زوردۇندىكى بۇ ئالاھىدىلىك تېخىمۇ تېز گەۋدىلە-نىشكە باشلىغانىدى.

ئىلى دەريا ۋادىسىدا نۇرغۇنلىغان قىزىقچىلار، ناخ-

ـشىچىلار، سازەندىلەر، مەشرەپ ئويناپ، سەيلە قىلىپ،
باراۋەت قىلىپ، قارماق سېلىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ يۈرۈپ
كىچىگىدىنلا كۆزگە چېلىقىپ، تىلغا ئېلىنغانىدى. ئەنە
شۇلارنىڭ بىرسى مۇشۇ زوردۇن بولۇپ شوخ، چاققان،
سۆزمەن، مۇشتلاشچى بولغاچقا ئاغىنىلىرى ئىچىدە
”شىۋە خورىزى“ ئاتالغانىدى. غۇلجا باللىرىنىڭ كىچىـ
ـكىدە ئەڭ قىزىقىدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى چۆجە خوراز
سوقۇشتۇرۇش بولاتتى. چۆجە خورازلارنىڭ ئىچىدە تاجىـ
ـسى ئۇزۇن، قۇيرۇقى كۆتمەك توخۇ نەسلىنىڭ بىرسى
سۈمۈلدىن چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق، چاقـ
ـقان سوقۇشقاق بولغاچقا كىچىك زوردۇننى شۇنىڭغا تەمـ
ـسىل قىلاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن زوردۇن شۇنداق خورازـ
نى تاللاشنى بىلەتتى. يەنە زوردۇنلارنىڭ ئۆيى دەريا بويىغا
يېقىن بولغاچقىمۇ سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا ئىدى. چوڭلار
ئۇنى ”دەريا دېگەن ئېرىق، زوردۇن دېگەن بېلىق“ دەپ
تەرىپلىشەتتى. قىسقىسى، زوردۇننىڭ ۋۇجۇدىدا قايناپ
تۇرغان بىر تەلپۈنۈش ياشلىق كۈنلىرىدە شۇنداق قىنىدىن
تېشىپ يۈرۈپ چوڭايغانسېرى ئاستا-ئاستا ئىزىغا چۈـ
ـشۈپ سازەندە، ناخشىچى، ئارتىس، چاقچاقچى بولۇپ
تونۇلدى ۋە سانايىنەپىسەنىڭ غوللۇق خادىمى بولۇپ قالـ
ـدى.

داستىخانلار يىغىلىپ، ناخشا-ساز باشلاندى. قائىدە
بويىچە ”نىمپەدە“دىن ساز باشلاندى. چېلىش جەريانىدا
بەزى تەمبۇر، بەزى دۇتار، نۆۋەتلىشىپ ماھارەت كۆرسەتـ
ـكەندەك ياڭرىدى. ”نىمپەدە“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن روـ

زى تەمبۇر قارا بۇرۇتىنى سىلاپ، تەمبۇرنى سول تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئەجەم مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ھاسان دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلدى:

سەنەمنىڭ دەردىنى دەپتەر قىلىپ خەتكە يېزىپ بولماس،
ئانىڭ ئەسرارىنى بىپەھىملەرگە شەرھە ئېتىپ بولماس.
جۇدالىق خەنجىرى بىللە يۈرەكىم چاك-چاك بولدى،
يۈرەك زەخمىنى ئېچىپ بىدەردىلەرگە كۆرسىتىپ بولماس.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

تەييارلىنىپ تۇرغان زوردۇن، ئەزەم قاتارلىقلار ئەجەمنىڭ تەزىسىنى باشلىۋەتتى:

ئەدەبنىڭ رىشتىدىن تۇتقىل ئەدەبتىن ياخشى راز بولماس،
ئەدەبسىز ئىككى ئالەمدە بىلىڭكىم سەراپراز بولماس.
كىمى دۆلەت قۇشى قونسا ئۇچار ھەر يانە قاناتسىز.
كىمى بەختى قارا بولسا، ئۇنىڭ دەستى داراز بولماس.
ئىگەمنىڭ خەزىنىسى كۆپتۇر، تىلەگەنچى ئىلاھىمدىن،
ئەگەر بىر قەترە مەي بەرسە تۆكۈلگەن بىرلە ئاز بولماس.
فۇزۇلى ئىككى ئالەمدە مۇھەببەت ئاشناسى بول،
مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قىشتۇر ئەسلا ياز بولماس.

— بەرھەق.
— ئاپىرىن.

پەدە يۈتكەلدى، سورۇن يەنىلا جىم ئىدى. ناخشىچى-لار بارغانسېرى تەلقىن ئېيتىشاتتى:

يەتتە دەۋزاق مەردى ھەقنىڭ ئالدىدا گۇلزارىدۇر.
قول تۇتارغا رەھنىما ھۇمەردى ساھىبكارىدۇر.
گەر قولۇڭدىن كەلسە ھەرگىز مۇرچەنى ئاغرىتمىغىل،
كىم خۇدا بەندەم دېمەس ھەركىمگە دىل ئازارىدۇر.
سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى ھېچ كىشى خارئەيلىمەس.

ناخشا چىپلا توختىدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا چۇشۇرگە-نىڭ پائۇزى ئۈرۈلۈپ زوردۇن يالغۇز ناخشىنى ئېيتتى:

بولدى دۇئايىم مەقبۇلى دەرگاھ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللا.
تاپتىم ۋىسالىن، كۆردۈم كامالىن،
قۇچتۇم نىھالىن ھەرگاھ-بىگاھ.
يارنى سورىماق، ئىشقىدا كۆيمەك،
ھەم خەستە بولماق تەقدىرى ئاللاھ.
بىلگىل بىلالى گەر بولسا پانى،
ھەم چىقسا جانى ئەلھوكمىلىللا.

— ئالامەت!
—رەھمەت!
— قولۇڭلارغا دەرد بەرمىسۇن.

تەرەپ-تەرەپتىن مىننەتدارلىق، تىلەكلەر يېغىپ كەت-

تى. سازەندىلەرنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇستا تۇرغان پىيالى-
لەرگە چاي يېڭىلاندى، ئىختىيارى پاراڭلار باشلاندى.

— سىلەردىمۇ سازچى، ناخشىچىلار باردۇ؟ — دەپ
سورىدى ئەزەم يېنىدىكى بايىقى قىزىقچىدىن.

— «يوق» دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى قىزىقچى،
— بۇ توغرىلىق بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرسەم، ئىلى
سەكسەن تۆت شاگيولۇق يۇرت بىنا بولغاندا ناخشا-ساز
مۇئەككىلى دېمىدە قىلغان سۇنى قاپاقتا ئېلىپ ھەر يۇرت-
نىڭ تىلىكى بويىچە چېچىپ مېڭىپتۇ؛ بەزىلەر باخشى
تەلەپ قىلىپتۇ، بەزىلىرى ناخشا تەلەپ قىلىپتۇ. بەزى
يۇرتلار ھاپىزلىقنى، بەزىلىرى تاپقۇرلۇقنى، قىسقىسى،
ئۆزلىرىنىڭ چامى كېلىدىغان ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىسى-
نى تەلەپ قىلىپتۇ. جېلىلىيۇزىگە كەلگەندە ھېچنىمە تە-
لەپ قىلماپتىكەن «ئۇنداق بولسا سىلەر غۇلجىدىن كەلگەن
ناخشىچى، سازچىلارنى كۈتۈۋالغايسىلەر» دەپ دېمىدە
سۈيىنى چېچىپتۇ. شۇڭا بۇ يەردە ناخشا ئېيتىپ-چالغۇ-
چىدىن ئاڭلىغۇچىلار تولا.

بۇ لەتىپە جايىدا ئېيتىلغاچقا ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار
يېنىپ-يېنىپ كۈلۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ناخشا-سازلار
توغرىلىق خېلى قىزىقارلىق تەرىپلەر، پاراڭلار بولدى.

— زوردۇن! — دېدى ئارىلىقتىكى بىر پەيتتە تۇر-
سۇنباي، — ئاراڭلاردىكى ئىككى ياشنىڭ بىرسىنى ئېيت-
قان ناخشىسى بىلەن قىلغان چاقچىقىدىن بىلدۇق، يەنە
بىرسىنى بىلەلمىدۇق، يا تونۇشتۇرۇپ قويمىدىڭلار.

— ھەئە توغرا. — دېيىشتى بەزىلىرى.

— توغرا دەيسەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا تونۇشتۇرۇشقا
پۇرسەتمۇ بولمىدى، — دېدى زوردۇن، قاتارى ئىسىملە-
رىنى ئاتاپ، — بۇ يىگىت لۇتپۇللا، ئورۇس مەكتەپتە
ئوقۇيدۇ، شائىر، — دېدى.

— ياخشى-ياخشى، — دېيىشتى كۆپچىلىك. ئەمما
"شائىر" دېگەننى خۇددى ھېدىل ئەللىك بېشنىڭ "يىتى-
مچى" دېگەننى ھۇنەر دەپ چۇشەنگىنىدەك بىر "كە-
سىپ" دەيدىغانلار خېلى بار ئىدى. شۇڭا لۇتپۇللا ھەققى-
دە ئانچە قىزىقىش كۆرۈنمىدى. لېكىن شېئىرلىرىنى
ئاڭلاپ ئۇزىنى كۆرمىگەنلەر يېنىپ-يېنىپ قارىغىنىچە
يېنىدىكىلەرگە ھەرقانچە پىچىرلىسىمۇ ئۇلار ئېرەن قىلى-
مىدى. گەپلەر ئەمدى باشقا تەرەپلەرگە يۆتكەلگىنى باش-
لىغاندا، ئارىدىن بىر سالاپەتلىك مويسىپىت قوپۇپ:

— توختاڭلار كۆپچىلىك! تۇرسۇنباي ئۇ يىگىتنى
تونۇشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلغانىكەن تولۇقراق تونۇۋالاي-
لى! مەن ئۇ يىگىتنى شائىر دېگەندە باشقىدىن ھەۋىسىم
كەلدى، بەلكىم شائىر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تېخى بىلى-
مەيدىغانلار ئارىمىزدا باردۇ؟. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر شېئى-
رىنى ئاڭلاپ باقساق قانداق؟ — دېدى.

سورۇن كەيپىياتى بىردىنلا ئۆزگەردى. ھەر تەرەپتىن
"شۇنداق بولسۇن" دېگەن تەلەپلەر چىقىپلى تۇرغانىدى،
لۇتپۇللا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن يېقىندا يازغان بىر پارچە شېئىرىمنى ئوقۇپ
بېرەي، — دېدى.

يېشىل كۆكلەم، سەن پەسىللەر ئەركىسى،
سېغىندىم، سېغىنغاندۇ سېنى ھەر كىشى.
يەنە گۈللەر، بۇلبۇل ۋە سۇمبۇللار،
سېنىڭ نەقىش زىننىتىڭدۇر بۇلار ھەممىسى.
يەنە سۇلار، شارقىراتمىلار، شوخ شامالار،
ئەركىلەپ باغرىڭدا جەۋلان قىلغۇسى.
سۈزۈك تاڭ، سۈزۈك كەچ، ئايدىڭ تۈنلىرىڭ،
ئەمگەك كۈنلىرىڭ سىردىشىدۇر دېھقان بالىسى.

لۇتپۇللانىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قول ھەرىكىتى بىلەن داۋاملاشتۇردى:

ئېتىز چىرايلىق، ئېتىز قايناق، ئېتىز يېقىملىق،
ئېتىز ئەمگەكنىڭ كەڭتاشا ئەركىن سەھنىسى.
قۇش-قۇرتلار سازەندە، تورغايلار داپچى،
ئۇرغۇپ جاراڭلار ھەر يەردە ئەمگەك نەغمىسى.
چاپ كەتمەننى، تىلغا يەرنى، تەڭكەش قىلىپ،
شۇ سەھنىنىڭ سەنئەتكارى دېھقانلار ئاممىسى.

—يارايسەن!
— زېھنىڭ زىيادە بولغاي!
— خەپشۇك!

ئانىسى ئۇرۇقچى، قىزلىرى سۆرەمدە، ئائىلە ئىشتا،

ھەر بىر ئايال داڭدار مېھنەت ئارتىسكىسى.
ئېتىزدا توي، داغ-دۇغىلىق كونسېرتنى قوي،
كۆكلەم ئىشقى ياش شائىرنىڭ ئىلھامچىسى.

لۇتپۇللا قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە تەزىم قىلدى. ھەر تەرەپتىن چاۋاك ھەم تەشەككۈرلەر يېغىپ كەتتى.

— ئوقۇغۇچى تۇرۇپ، دېھقان بالىسىدەكلا يېزىپتا!

— نېمىدىگەن مەزمۇنلۇق قوشاق بۇ-ھە!

— ئېتى نېمە بولدا؟

— لۇتپۇللا.

— لۇتپۇللا ئوغلۇم! ، — دېدى تۇرسۇنباي، — بىز دېھقانلارغا ئاتاپ يازغان بۇ قوشىقىڭغا ھەممىگە ۋاكالەتەن رەھمەت ئېيتىمەن!

سورۇندىكىلەر ھاياجانلىنىپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

— مېنىڭچە، —دېدى بايىقى مويسىپىت كىشى،— مۇشۇ ئولتۇرغانلار شائىر لۇتپۇللانىڭ شېئىرى بىلەن ئۇسسۇزلۇقى قانغان يولۇچىدەك ھوزۇرلاندى بولغاي، بۇ ھەقتە پارس شائىرى سەئىد شىرازىنىڭ «بوستان» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

مەندە گەرچە بولمىسىمۇ قەن-گېزەك،
سۆز ئەكەلدىم، شېكەر تامار مەندىنمۇ.
ئۇ قەن ئەمەس ئەللەر شوراپ يەيدىغان،
ئەمما تەمى ئېشىپ چۈشەر قەندىنمۇ.

دېگەنىدى ئەمەسمۇ! كامال تاپ لۇتپۇللا، — دېدى. سورۇن ئەھلى ساھىبخان بىلەن بۇ ھۆرمەتلىك مۇتتەۋەرنىڭ

ئورتاق مىننەتدارلىقىغا قوشۇلۇپ مەمنۇن بولدى-دە، شۇنىڭ بىلەن لۇتپۇللانىڭ نام-شەرىپى يېزىلارغىچە تارقىلىپ كېتىدىغانلىقى بىلىندى. — تەخسىر، مېھمانلارمۇ دەم ئالسۇن، كۆڭۈللۈك سورۇنىمىزغا بىر دۇئا بەرسىلەر؟ — دېدى ئارىدىن بىرسى.

سورۇن ئەھلى تەڭ قول كۆتۈردى-دە، رەھمەتلەر بىلەن قايتىشتى. بوستانلىق يۇرت جېلىلىيۇزىنى كەچكى تۈن پەردىسى قاپلىغان بولسىمۇ، سازەندە بۇلبۇللار بۈگۈنكى ئۇلتۇرۇشنىڭ داۋامىدەك باغ-باغدا سايرىشىۋاتاتتى. ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلىشاتتى.

سازەندىلەر باغ تەرەپتىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— بۇ تەرەپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئەمەس، ئازادە ئۇخلاپ ۋاقچە تۇرارسىلەر، — دېدى تۇرسۇنباي.

— ھاسىنكا، ئورۇنلارنى قانداق ئىگىلەيمىز؟، — دېدى زوردۇن.

— مەن تالاغا تولا چىقىدىغان ئادەم، چەتتە ياتاي، — دېدى ھاسان، — خورەك تارتىدىغىنىڭ نېرى يات.

— بۇنىڭ ئىچىدە ئەزەمدىن باشقىسى خورەك تارتمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇدارغا چۈشمەيدىغىنى-دە، — دېدى زوردۇن.

—ئانداق بولسا، ھەممىڭلاردىن كېيىن مەن ئۇخلاي، — دېدى ئەزەم ئۆزىمۇ ئىقرار بولۇپ.

بۇ ئادەملەر جەم بولغان بۈگۈنكىدەك كۈنلەردە يېتىپلا ئۇخلاپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بىردەم-يېرىم دەم

پاراك قىلىشاتتى. ئەڭ بولمىغاندا چالغان ساز، ئېيتقان ناخشىلار توغرىسىدا سۆزلىشىۋالاتتى. لېكىن ھازىر ئاردىلىرىغا قوشۇلۇپ قالغان لۇتپۇللانىڭ كۆز ئالدىدا ساھىبخانلىقىدىنمۇ كۆرە تەققى-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى ئۆزگىچە تۇرسۇنباي پەيدا بولدى.

— زوردۇنكا، تۇرسۇنباينى نېمىشقا "قارام" دەيسىلەر؟، — سورىدى لۇتپۇللا.

— مەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇنى كىشىلەر "قارام" دېيىشىپ يۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن. بۇنىڭ تېگى دېھقان. يەر-سۇلىرى يەتكۈدەك ھاللىق. ئۆزى ياش ۋاقتىلىرىدىن تارتىپلا تەلۋە كۆچكە ئىگە ئىكەن. بۇ ھېلىقى چېلىشلاردىكى كۆچتۈڭگۈرلىكىدىن، قارا كۈچىدىن نامى چىققانىكەن. بىر مىسال دەپ بەرسەم، تازا شۇنداق چاغلىرىدا باشقا بىر يۇرتتا ئۆزىنى "پالۋان" ھېسابلاپ يۈرگەن بىرسى بۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئىزدەپ چېلىشلىۋېلىشقىچە كېلىپ قالىدىكەن. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر خاماندا ئىشلەۋاتقانلارنى كۆرگەن ھېلىقى "پالۋان" كېلىپ:

— مۇشۇ يۇرتتا تۇرسۇنباي دېگەن بىر پالۋان بارمىش، بىلەمسىلەر؟، — دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇنباي ئۇنىڭ تەققى-تۇرقىغا قاراپ بىر نەرسىنى پەم قىلىپ، خاماندىكى ئالتە قىرلىق تولۇق تاشنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپلا:

— ئاشۇ قارىياغاچنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە، — دەپ تولۇق بىلەن كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولۇچى "پالۋان":

— ياﺋاللا، خوشنىلىرى مۇنچىلىك تۇرسا، تۇرسۇن-

باي ئۆزى قانچىلىكتۇ؟ ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ھېكايىلىرى تولا بولغانلىقتىن ئۇ ”قارام“ ئاتالغان. مىجەز-خۇلقىغا كەلسەك، ئۆزەڭ كۆردۇڭ، خۇشچاقچاق، ئويۇنچى ئادەم. — دېدى زوردۇن.

لۇتپۇللا تۇرسۇنبايدىنمۇ غالىسلارنىڭ تەرىپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھەر جەھەتتىن غەيرىي ، غەلىتىدەكلا ئەكس ئېتەتتى. بۈگۈن بولسا، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شۇنداق تەرىپلەنگەن ئادەمنىڭ پەقەت جىسمانىي كۈچ پەرقىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدى.

## 18

قاغجىراپ كەتكەن كونا دەرۋازىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىشىدىنلا بىلگەن مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئايالى ئاشخانىدىن ھويلىغا چىقىپ لۇتپۇللانى كۆردى. ئۇلار تىنچلىق سوراشقىنىچە ھويلىدا چۆنەكلەپ تېرىپ قويغان گۈللەرگە قاراشتى.

— مەنمۇ كەلمىگىلى خېلى بوپقاپتۇ-ھە، ھېلقى مايسىلار ئەمدى گۈلگە ئايلىنىپتۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

— گۈللەرمۇ پەرۋىشىگە قاراپ ئېچىلار؟ ، — دېدى مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئايالى كۈلۈپ.

— لۇتپۇللانىڭ گېپىنىڭ تېگىگە چۈشەنمىدىڭ! ، — دېدى دەرھال پەيدا بولغان مەرۇپ سەئىدى.

— دادىسى، مەن ئۇنچىلىك چۈشىنىپ كەتسەم سى-

لەردەك بولۇپ قالارمەن.

— ھەدە، — دېدى لۇتپۇللا، — سىز دېگەن يازماي رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدىغان شائىر دەڭگا.

— ھا ھا ھا!

— مەرۇپ سەئىدى گۈللەرنى يەلپۈپ قويۇپ ئورنى-دىن تۇردى-دە، تۆۋەندىكى رۇبائىينى ئوقۇدى:

زېمىن ئانا چەكسىز قۇۋۋەت ھاياتقا.
ھايات موھتاج ياشاش ئۈچۈن قاناتقا،
ئۇ قاناتكىم ئالىي تىلەك-يېڭىلىق،
تەڭلىك بىلەن قەدەم تاشلاش شۇ باققا.

شۇنىڭ بىلەن لۇتپۇللا ئىككىسى ئۇن-تىنسىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

دېرىزىگە تاقاپ قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىدە كىتاب، خاتىرە، قەغەزلەر تۇراتتى. لۇتپۇللا جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرەپ ئولتۇرغىنىچە:

— ئۇستاز ئىش ئۈستىدە ئىكەن-دە، بىمەزگىل كې-لىپ قالدىممۇ نېمە؟ — دېدى.

— قەلەم، قەغەز سەن، بىزنىڭ ھەرقاچان ھەمراھى-مىزغۇ، ئازادە ئولتۇرغىن!

— ئۈرۈمچى سەپىرىڭىز يېقىنلاپ قالغاندۇ؟

— ئاخىرى قايىل بولدۇم. ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركى-زى، سىياسى، مەدەنىيەت جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدۇ.

— سىزدەك بىلىملىكلەرنىڭ تۇرىدىغان ئورنى ئەل-

ۋەتتە شۇ يەر، سىز كەتسىڭىز بىززە. . .

— قارىغاندا «شىنجاڭ گېزىتى» گە بارىدىغاندەك تۇ-رىمەن. ئۇ ھەر جەھەتتىن ئوچۇق سەھنە. مەردلەرنىڭ سىنىلىدىغان مەيدانى. غۇلجىدىمۇ زىيالىيلار قوشۇنى ئاز-چە كىچىك ئەمەس.

— بىراق، بىراقزە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئىس-تۈتەكلى-رى ئىچىدە تۇرىسىز-دە.

— ئۇ تەرەپتىن سۆز ئاچساڭ مېنىڭ سەرگۈزەشتلى-رىم ئېسىمگە كېلىدۇ. شەھەردىن ئۇيغۇر ئۇچئونغا، ئۇ يەردىن نوغايتۇغا، ئۇنىڭدىن دادامتۇغا قوغلىنىپ يۈردۈم. . . مانا شۇلار ئاشۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ "شاپائىتى" ئە-مەسمۇ! .

— سۆھبەتداشلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خىيال سۇر-مەكتە ئىدى. ئېھتىمال ئۇلار ياش قۇرامى، كەچمىشلىرى-نىڭ ئوخشىمىغانلىقىدىن، تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوخشى-ماسلىقى تەبئىي ئىش بولسىمۇ، پەيتى كەلگەندە رېئال-لىققا ئايلىنىدىغان ئۈمىدۋارلىقنىڭ بىشارىتى ئۇلارنىڭ چېھرىدىن چىقىپ تۇراتتى. گەپنى يەنىلا ئۆزىنى توختات-قان مەرۇپ سەئىدى باشلىدى:

— سەن تېخى گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسى، مۇنداق تۇر-مۇشنى مەنمۇ باشتىن كەچۈرگەن. ئالمۇتىدىكى "زارۋات" تېخنىكومىدا ئوقۇغان چاغلىرىم شۇنداق ئۆتكەن. مېنىڭ سەن بىلەن بىرلا پەرقىم — بىز ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى توغرىسىدا شۇبھىلىك گېپىمىز يوق ئىدى. نېمىشقا دې-سەڭ، ئۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت-تە! ئۇنىڭ ئۇس-

ىنگە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بولشېۋىك ھەم شۇنداق مەس-
لەكتىكى زىيالىيلار ئىدى.
بۇ ھالدا بىز نېمە ئۈچۈن ئىلمىي غايىدىن باشقا جەم-
ئىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتۇق؟. . .
زامان ئوخشىمايدۇ، سەنمۇ پەننىي ئوقۇش ئوقۇۋاتى-
سەن، . . . — مەرۇپ سەئىدى بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى
- دە، ئورنىدىن تۇرۇپ نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدىگە-
ندەك ئويلىنىپ قالدى:". . . شەرت ھازىرلانمىغان ئىش،
تەييارلىقى يوق ماۋزۇدا گەپ ئېچىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
. . . ياق، ئويغىنىۋاتقانلارنى ئۇخلاشقا دەۋەت قىلىش
كۆزگە كۆرۈنمەس پاجىئە. . ." — ھوي خىيالغا چۆشۈپ
كېتىپتىمەنغۇ، — دېدى گەپنى يۆتكەپ، — غۇلجىدىمۇ
ئىستامبول، بۇخارا، قازان، ئالمۇتىلاردا ۋە قەشقەر خان-
لىق مەدرىسىدە ئوقۇغان بىلىم ئەھلىلىرى بار. ئۇلار
جەمئىيەتتە قوقاس دەسسىگەندەك يۈرسىمۇ، مائارىپتىن
ئىبارەت شامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئوي-
غاتقۇچىلاردۇر.
— ئەلۋەتتە، — دېدى لۇتپۇللا، لېكىن "قۇشنىڭ
قانىتى ھەرقانچە كامىل بولسىمۇ، تايىنىدىغان ھاۋا بولمى-
سا، يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمەيدۇ" ئەمەسمۇ؟!
— بارىكاللا، — دېدى مەرۇپ سەئىدى ئورۇندۇقتا
ئۆزىنى تاشلاپ، — ھەممە ئۈمىدنى ئوقۇمۇشلۇقلارغىلا
ئارتىش دەرۋەقە دېگىنىڭدەك بولىدۇ. مۇنداق مىساللار
تارىختا كۆپ، سىنىڭچە قانداق؟
لۇتپۇللا ھېچنەرسە دېگۈسى كەلمىگەندەك بېشىنى

لىگىشىپ جىم تۇردى.

— بىلىمەن، سەن كۆپ ھاللاردا سۆزلەشتىن ئاگلاشنى ئەۋزەل كۆرىسەن.

— مەرۇپ ئاكا، — دېدى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلگەن لۇتپۇللا، — مېنى پېچورىنغا ئوخشاتمىغانسىز؟

— پېچورىن! پېچورىنمۇ بىر زامانىنىڭ قەھرىمانى، كىم بىلىدۇ، سەنمۇ بىر زامانىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ قالامسەن تېخى! چۈنكى قەھرىمانىنى زامان تۇغىدۇ ئەمەسمۇ، — مەرۇپ سەئىدى بىردىنلا، — بىز بەك چوڭ پاراگلارغا چۈشۈپ كەتمىگەندىمىز؟. — دېدى.

— مەنغۇ نېمىلەرنىڭ چوڭ پاراڭ، نېمىلەرنىڭ كىچىك پاراگلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، لېكىن قاندىغىنىلا بولمىسۇن ئادەملەر ئۇنى ھەۋەس بىلەن ئىزدەپ تاپماي، ئادەملەرنى ئىختىيارسىز شۇنداق ئەھۋال سۆزلىتىشكە مەجبۇر قىلامدىكىن دەيمەن، شۇنداق بولغاندىن كېيىن ھېچ بولمىغاندا پاراگلاشقۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. مەسىلەن، سانايىنەپىسەگە ئارىلاپ كېلىپ تۇرىمەن. بايقىشىمچە خېلى بىلىملىكلەرمۇ، چالا ساۋاتلارمۇ قاتنىشىدىكەن. ھەيران قالغىنىم شۇكى، ئۇلار بەك قىزغىن ئىكەن، خەقلەرمۇ تەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن. — دېدى لۇتپۇللا.

— قايىلمەن ساگا، — دېدى مەرۇپ سەئىدى، — يېنىك كۈلكىسىنى توختىتىپ، — بەزى تۇگۈنلەرنى يادقاپ ئۆتتۇڭ. لېكىن شەرھلەپ بېرەلمىدىڭ. سانايىنەپەسە دېمەك بىر تال سەرەڭگە ئوتىنىڭ جەمئىيەت رۇجىكى

دىن چۈشكەن شولىسى. ئۇ، چاقماقتەك تېز، يورۇق بولمىغىنى بىلەن يوزلىگەن، مىڭلىغان شاملارنى ياندۇرالايدۇ! سانايىنەپىسە نوقۇل ئۇيۇن كۆرسىتىشنىلا مەقسەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭ قاراڭغۇ پەردە ئىچىدىكى ئاۋامىنىڭ دىلىنى شۇنداق ۋاسىتىلار بىلەن يورۇتىدىغان مەجبۇرىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاممىۋى ئوچۇق سەھنە ئەتراپىغا بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئۇيۇشۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. بۇ شۇنداق مۇددىئالىق ئۇيۇشۇش . . . ھازىر ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ناھىيىلەردىمۇ قۇرۇلدى، سانايىنەپىسەلەرمۇ قۇرۇلدى. سىلەرنىڭ نىلقىدىمۇ بارغۇ؟!

— نىلقىدىمۇ سانايىنەپىسە بار، مەن ھەرقېتىم چىققاندا ئارىلىشىپ تۇرىمەن. ئۇ يەردە ئوسمان مۇئەللىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھەم سانايىنەپىسەگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۆزىمۇ بىلىملىك ئادەم. — دېدى لۇتپۇللا.

— بىلىمەن، ئوسمان مۇئەللىم دېگىنىڭ ئۆمەر مۇھەممىدىلەر بىلەن بىللە ئوقۇغان، لېكىن ئۇ ئەدەبىياتچى ئەمەس، پىداگوك. يىغىپ ئېيتقاندا، سانايىنەپىسە مەيلى «غېرىب-سەنەم» ، مەيلى «ئىككى بايغا بىر مالاي» . . . قاتارلىقلارنى قويسۇن، كىشىلەرنى ئويغىتىش، جەمئىيەتتىكى ھەق-ناھەقنى بېشارەتلىك بىلدۈرۈشنى مەزمۇن قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىقتىدارلىق پىدائىيلارنىڭ ئۇيۇشقىنى ياخشى شارائىت، — مەرۇپ سەئىدى سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمدى سېنىڭ "نېمە ئۈچۈن ئەدەبىياتچىلار قوشۇنى تەربىيىلەنمەيدۇ" دېگە-

نىڭگە كەلسەك، بۇنىڭ شەرتى ھازىرلانمىدى. سەن دې-
گەندەك سانايىنەپىسەنىڭ سەھنىدىكى رولى يەنىلا ئەدەبى-
ياتچىلارنىڭ ئەمگىكىگە موھتاج. ئۆز تۇرمۇشىمىزدىن
سەھنىلەشتۈرىدىغان قەلەمكەشلەر ساناقلىق. شۇڭا قە-
دىمقى تۇرمۇشنى، چەت ئەلنىڭكىدىن پايدىلىنىپ ئوينا-
ۋاتىمىز. لېكىن بۇ ئۆتكۈنچى جەريان بولۇپ قالغۇسى.
ئارىنى جىملىق قاپلىدى. مەرۇپ سەئىدى بىلەن لۇت-
پۇللا باياتىن بولۇپ ئۆتكەن يېڭى چوڭقۇر مەنىلىك پا-
راڭلارنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرۈپ ئويلىنىپ قېلىشتى. لۇتپۇللا يەنە باشقا
جەھەتلەردىن كۆپ پاراڭلار قىلىشنى ھېس قىلدى-دە،
ئۆز ئىشىدىن سۆز ئاچتى:
— بىر شېئىر يازغانىدىم، شۇنىڭغا پىكرىڭىزنى
ئاڭلاپ باقماقچى ئىدىم.
— ياخشى، ئەمىسە ئوقۇ، — دېدى سەئىدى. لۇتپۇل-
لا ئوقۇشقا باشلىدى:

بۇ كۆرەش مەزلۇملارنىڭ بەخت-تەلىيىن گۈلىستان
ئەيلەر،
ئەزگۈچى، قانخور جاھانگىرلارنىڭ باغرىن كېسەر، قان
ئەيلەر.
مەزلۇملارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىن بىگەلمەيدۇ دۈشمەن،
دۇنيادا ۋەھشىلەر تەختىن قويماستىن چاقار، ۋەيران
ئەيلەر.
يورۇقتۇر مەزلۇملار ئىقبالى كۆرەشكەندە ئالغا چامداپ،

گاڭ بىلەكلەر تاۋلانغان، دۇنيانى چاپسان كەڭ مەيدان
ئەيلەر.
"قوزغال ئەمدى قۇللۇقنى خالىمىغان ئىنسان ئەۋلادى"،
كۆرەش! ئالغا چامدا، بۇ كۆرەش بېغەمنى ئاچار، جانان
ئەيلەر.

— ھە-ھە!، بۇ ھەقىقي غەزەل، — دېدى مەرۇپ سەئىدى قىزىقىپ، — بەزىلەر سېنى، — ئۇ، توختاپ قالدى.

— ئېيتىۋېرىڭ ئۇستاز، — دېدى لۇتپۇللا بىر تۈرلۈك قەتئىي ھەم سەمىمىلىك بىلەن، — مېنىڭ شېئىرى ئوس-لۇبىم، پىكىرلىرىم توغرىسىدا بەزىلەرنىڭ دەپ يۈرگەن-لىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇردۇم، سىزدېگەن ئۇنداق ئەمەس.

مەرۇپ سەئىدى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىلەكلىرىنى بىر-بىرسىگە مىنگەشتۈرۈپ، ئۇياق-بۇياققا ماڭدى ھەم شېئىردىكى بەزى مىسرا، ئاتالغۇلارنى تەكرارلىدى، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن ئۇستەلگە تايىنىپ تۇرۇپ:

— شېئىرىڭدا روشەن پىكىر قاراتمىلىقى بار. ئەڭ بولمىغاندا ماڭا شۇنداق تەسىر قىلدى، — دېدى ئۇ، لۇتپۇللانىڭ خاتىرىسىنى ئالدىغا تارتىپ، — ئاخىرقى مىسرادىكى "بۇ كۆرەش بېغەمنى ئاچار" دېگەننى سىم-ۋول قىلىۋاتىسەن. مېنىڭچە: "بۇ كۆرەش بەختىڭنى ئا-چار" دېگەن بولساڭ ئادەملەرگە قارىتىلىدۇ، بۇ ھالدا بەخت ئادەملەر تۇرمۇشىدىكى رېئاللىق بولالايدۇ، — دېدى.

— ئوھوي! ، — دېدى لۇتپۇللا يانچۇقىدىن خېمە.
چىسكى قېرىنداشىنى ئېلىپلا "بەختىڭنى" دېگەن سۆزنى
قوشتى-دە، — "مەسلىھەتلىك ئىش توززۇلەر" دېگەن مۇ.
شۇ-دە! ، — دېدى.

لۇتپۇللا مەرۇپ سەئىدىدىن ئارىيەتكە ئالغان "رۇس.
چە-ئۇيغۇرچە لۇغەت" كىتابىنى قولتۇقلاپ خۇشال قايتـ.
تى.

19

رۇس گىمنازىيىسىنىڭ مەيدانىنىڭ سول قول بۇلۇڭىـ.
دا ئۇززۇنچاق بىر بۆلۈم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىكى چېر.
كاۋغا، دېرىزىسى كوچىغا قارايتتى. ئەنە شۇ بۆلۈمدە
ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى رەسىم، مۇزىكا، ئەدەبىيات ھە.
ۋەسكارلىرىنىڭ نۆۋەتلىك مەشغۇلات بولاتتى. بەزىدە تەر.
بىيىچى-ئوقۇتقۇچىلار قاتنىشاتتى، بەزىدە ھەۋەسكار كۆ.
رۈۋۈك ئەزالىرى ئۆزلىرى مەشق قىلاتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە رەسىم كورۈژۈكى ئەزالىرىنىڭ
مەشق كۈنى ئىدى. لۇتپۇللا رەسىم كورۈژۈكى ھەم ئەدە.
بىيات كورۈژۈكىغا قاتناشقانىدى. مەكتەپتە مۇنداق قوش
پائالىيەتكە قاتناشقان پەقەتلا لۇتپۇللا ئىدى.

لۇتپۇللا گىمنازىيىگە كىرگەندىن باشلاپ "مۇتەل.
لىپ" ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇ، فامىلىسىدىن ئەمەس، بەل.
كى، دەرس، تەنھەرىكەت، ئەدەب -ئەخلاق، قىسقىسى،
ھەممە جەھەتتىن ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك بولغاچقا ئوقۇتقۇ.

چى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تونۇلۇپ كەتكەنىدى.

بۇگۈن مۇتەللىپ كۆرگۈچىلەر قاراپلا چۈشەنگۈدەك، مۆلچېرى يەكۈن چىقىرالىغۇدەك رەسىم ئۈستىدە جىددىي ئىشلىدى. كۆرۈۈك ئەزالىرىدىن يەنە تۆت ئوقۇغۇچى ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بۇ چاغدا بىر ئىش بىلەن كۆزەتچى قېدۇر بىلەن يەنە ساشكا ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى كىرىپ رەسىم سىزىد-ۋاتقانلارنىڭ سىزمىلىرىغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ-لار مۇتەللىپنىڭ رەسىم تاختىسى ئالدىدا توختاپ جىم-جىت سەپسالدى؛ رەسىمدە قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسى ئىچىدە بەش بالاجان، ئوڭ تەرەپتە بىر ياچۇەك، قارشىسىدىكى چەگزە ئارىلىقىدا بىر چارىيلان، ئۇنىڭ لىپىلدىغان تىلى، چەكچەيگەن كۆزى، قارلىغاچ باللىرىنىڭ قورقۇپ بىر بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن ھالىتى بىلەن قوشۇلۇپ ئاجا يىپ قورقۇنچلۇق "ۋەزىيەت" شەكىللەنگەنىدى. كۆزەت-چى بىلەن ئوقۇتقۇچى باللارنىڭ بىرسى بىلەن ئۆز ئىش-لىرىنى سۆزلەشتى-دە چىقىپ كەتتى.

— ساشكا، — دېدى كۆزەتچى چىگىش چېچىنى قوپال بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، — بۇ، مۇتەللىپ دېگىنىڭلارغا ھەيرانمەن، ئۇنىڭ ئادەملەرگە كۆرۈنمەيدى-غان يەنە بىر بېشى بارمۇ، قانداق؟

— ئۇنداققۇ ئەمەس، — دېدى ساشكا، — ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن تەربىيىمۇ بار، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. مېنىڭچە ئۇنىڭ مېڭىسى ئالاھىدە بولمىسىمۇ، ئىشلىتىشنى بىلىدىكەن.

— ئەنە، سىز ئۇاتقان رەسىمدە چىقىپ تۇرمامدۇ؟ يىرتقۇچ يىلان قارلىغاچنىڭ بالىلىرىنى يېگىلى كەپتى. كەن، قارلىغاچ دالىدىن ياچېۋەكنى ئېلىپ كەپتۇ.

— تولۇق دېيەلمىدىڭ فېندۇر تاغا.

— ئوھ، ساشكا، مېنى تارازىدا تارتىۋاتقىنىڭنى قارا.ھە! سەن دېگەن ئوقۇتقۇچى، مەن؟ مەن دېگەن چالا ساۋات كوزەتچى فېندۇر گىرىگورىيېۋىچ ئافاناسوف!

— ھا ھا ھا، فېدۇر تاغا، بىراق ئەقلى ھوشۇڭ جايىدا، — دېدى ساشكا، — رەسىمدىكى ۋەقە سەن دېگەندەك، مېنىڭ تولۇقلاپ قويىدىغىنىم ياچېۋەك ياغاچ رەڭدە تۇرىدۇ، بۇ دېمەك بەك يىراق يەنى سۇسىز قاقاسلىقنىڭ ياچېۋىكى، ئۇنىڭ ئالدى ئىككى قولىنى قىيپاش كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ تۇرۇشى پۈتۈن جەڭ تەييارلىقىنى ھازىرلاپ بولغانلىقى، ۋاقتى كەلگەندە ئېتىلىپ بېرىپ يىلاننىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىدۇ، لېكىن ئۇ، يىلاننىڭ ئالدىغا بارمايدۇ، يىلان ھامان يىرتقۇچلۇق تەبىئىتى بىلەن قارلىغاچ بالىلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەنە شۇنداق خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

— بۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ بولۇپ تۇرىدىغان ۋاقەلەر، — دېدى فېدۇر تاغا، — بىراق يىلاننىڭ ئۆلگىنىنى كۆرسىتىپ سىزغان بولسا ياخشى بولاتتى.

— ھاردۇق چىقاتتى دېمەكچىمىغۇ سەن، — دېدى ساشكا ھاياجانلىنىپ، — ئۇنداق سىزىش ھاجەتسىز. سەن دېگەندەك مۇتەللىپ تۇرمۇشنى ئەمەلىيەتتىن ئۇگەندى. ئۇنى سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن سىمۋوللۇق سە-

ـزىپ چىقتى. ئۇنى قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىدىكى ۋاقە دې-
سەكمۇ بولىدۇ. ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-
يەت دېسەكمۇ بولىدۇ.

— تېخى مۇنداق تەرەپلىرى بار دېگىنە، — دېدى فېدۇر بېشىنى تاتلاپ، — رەسىمنى مۇتەللىپ سىزسا، چۈشەندۈرۈشنى سەن بېرىپ كەتتىڭا، ھې ھې ھې!

— ئۇزەڭنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا فېدۇرتاغا، مەن دېگەن ئوقۇتقۇچى-دە! — دېدى ساشكا.

— ھا ھا ھا.

لۇتپۇللا ئارىلاپ بىر-ئىككى قەدەم ئارقىغا، بىردە يېقىن، بىردە كۆزىنى قىسىپ، نەچچە تۈرلۈك ھەرىكەتلە-
رى بىلەن سىزاتتى. ياچۇەك مۇتەللىپنى خېلىلا تەرلەت-
تى؛ كىچىكىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل ھاشا-
راتلارغا قىزىقىدىغان لۇتۇن توقايلىقتىكى ياچۇەكلەر، چىكەتكىلەرنىڭ يېشىل بولىدىغانلىقىنى، تاغدىكى، بى-
نەملىكلەردىكى ياچۇەك، چىكەتكە، كەسلەنچۈكلەرنىڭ ياغاچ رەڭدە بولىدىغانلىقىنى يەنى ھاشاراتلار ياشىغان مۇ-
ھىتقا رەڭگىنى ماسلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ ساشكا تەبىر بەرگىنىدەك چۈللۈكنىڭ ياچۇىكىنى كەلتۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ جەڭ قورالى قىلتىرىقتەك قول-
نى ئىپادىلەش ئاسانغا چۈشمىدى.

* * * * *

چۈشتىن كېيىن تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى مۇتەل-

لىپكە بۆلۈمگە كېلىپ كېتىشىنى ئۆتتۈردى.

— مۇتەللىپ، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئاناتولى، — دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن ئەدەبىيات كۇرۇژۇكىمىز، يې- قىندا مەكتىپىمىزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتكە قانداق نومۇرلار قاتناشتۇرۇش ھەم ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا يىغىن ئاچماقچى. سەن دېكلاماتسىيىدىن باشقا بىر ئىپە- زوت تەييارلىساڭ قانداق؟

— نەچچە كىشىلىك؟ — سورىدى مۇتەللىپ.

— ئۇزۇن ۋاقىت ئالماسلىق ئۈچۈن قاتناشقۇچىلارنى ئۆزەڭ بەلگۈلە، ئاز بولسۇنۇ-ساز بولسۇن، — دېدى ئانا- تولى.

لۇتپۇللا بىرەر يېڭى ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزىچە بېشىنى ئۇياق-بۇياققا سىلكىپ قويۇپ، قېشىنى بىلىق ئالغۇچىنىڭ قانىتىدەك ئېگىز-پەس ھەرىكەتلەندۈرۈپ قو- ياتتى. ھازىر شۇنداق قىلدى-دە:

— مەزمۇنىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يا. . ق، — دېدى ئاناتولى، — ئۇنچىلىك تەپسى- لىي دېسەم ساڭا نېمە قالىدۇ؟ بىر جۈملە سۆز — كۈلكىلىك بولسۇن.

— كېلىشتۇق، — دېدى مۇتەللىپ.

ھازىردىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭغا بىر يېرىم كۈن ۋاقىت بار ئىدى. لېكىن شۇ سائەتتىن باشلاپ مۇتەل- لىپ ئېپىزوت ئۈچۈن ھەپىلەشكىلى تۇردى. ”كۈلكىلىك بولسۇن! نېمىگە كۈلۈش كېرەك؟ دوراپ كۈلدۈرۈش كې- رەكمۇ، سۆزلەپ كۈلدۈرۈش كېرەكمۇ؟ ئادەملەر توغرى-

لىقمۇ ياكى هايۋانلار توغرىلىقمۇ؟، بۇرۇنقىمۇ ياكى هازىرقىمۇ. . .» ئۇ، ئەنە شۇنداق مۇلاھىزىلەر بىلەن ئويـ-لىنىپ باراتتى. ئۇيگە بارغاندا ئۇدۇللا ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. كارىۋاتتا يېتىپ ئويلىنىپ ياتقان بولدى-يۇ، ئە-چى پۇشۇپ نېرى-بېرى مىڭىپ يەنە ئويلاندى: . . .«ئە-گەر ئادەملەر تۇرمۇشىدىن يازسام قايسى قاتلام؟ مەسى-لەن، بايمۇ-گادايمۇ، ھۈنەرۋەنمۇ، سودىگەرمۇ؟ . . . هوي مەن نەلەرگە كەتتىم؟»

دەل شۇ چاغدا ھەركۈنى كىرىپ ئايلىنىپ چىقىپ كېتىدىغان ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. ئۇ ئۇرۇلۇپ بالىغا:

— نېمە بولدۇڭ ھوي، بىرنەرسىدىن قورقىقاندەكلا تورۇپ قالدىڭغۇ؟ — دېدى.

— ئۇيدە ھېچكىم يوق تۇرسا، سەن كىم بىلەن پاراڭ قىلدىڭ؟، — دېدى بالا.

— نېمىدەيسەن؟ قۇلىقىڭ چاتاق بولمىغاندۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

— لۇتۇن ئۇزەڭنىڭ گېپىنى ئۇزەڭ ئاڭلىمىغاندىن كېيىن سىنىڭ قۇلىقىڭ چاتاق ئىكەن جۇمۇ! ھا ھا ھا.

لۇتپۇللا سۆز قايتۇرمىدى. ئۇ، بايىقى ئويلىغانلىرى-نى ئۇنلۇك سۆزلىگەنلىكىنى دەرھال سەزدى. شۇڭا گەپ-نى يۆتكەپ:

— ھەي، سەن ئادەتتە نېمىگە كۈلىسەن؟. — دېدى.

بالا ھېچنىمە دېمەيلا كۈلۈپ كەتتى. لۇتپۇللا ئۇنىڭ بىكاردىن-بىكار كۈلگىنىگە كۈلۈپ: — سەن نېمىگە كۈل-

دۇڭ؟ كۆلگۈدەك ئىش بولمىدىغۇ؟ ، — دېۋىدى، بالا:
— نېمىلەرگە كۈلىسەن، دېگىنىڭگە كۈلدۇم، —
دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى.
— بولدى، ئەمدى چىقىپ كەتسەك بولىدۇ، — دېدى
لۇتپۇللا.
"... توغرا، كۈلكە دېگەن غەيرىي، قىزىقارلىق
سۆز-ھەرىكەتلەردىن چىقىدۇ. مەن بەكمۇ يىراقتىن ئويلا-
پ كېتىپتىمەن، مېنىڭ كۈلدۈرمەكچى بولغانلىرىم مەك-
تەپ شارائىتىغا لايىق بولۇش كېرەك-تە. ئۇلار ئوقۇتقۇ-
چى، ئوقۇغۇچى تاماشىبىنلار ئەمەسمۇ؟"
لۇتپۇللا تاماقتىن كېيىنلا ياتىقىغا كىرىپ ھەر خىل
كىتابلار كۆردى-يۇ، ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلمىدى. بە-
زى قىزىقارلىق ۋاقەلەر رۇس گىمنازىيىگە ماسلاشمايدى-
غاندەك ئىدى، بەزى ۋاقەلىكلەر ئۇنىڭسىزمۇ ئوقۇتقۇ-
چى، ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب ئارقىلىق مەلۇم ئىدى.
"... توختا، نەسىردىن ئەپەندىچۇ؟ بۇنىڭغا كىم
قىزىقمايدۇ؟ ئەڭ بولمىغاندا ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسى-
دىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا پايدىسى بولار. ئاھھاي،
تاپتىم..."
بىراق، بۇنى قايسى ئۇسلۇبتا تەييارلاش كېرەك؟ بۇ-
نىڭدا ئۇ، ئانچە قىينالمىدى.
ئەپەندى، ئەمەلدار، مالاي ئۈچ پېرسوناژلارنىڭ دىئا-
لوگلىرىنى ئۇيېرا شەكلىدە شېئىر بىلەن يېزىشقا كىرىش-
تى.. ئىپىزوت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، دېكلاماتسى-

يە قىلىدىغان شېئىر توغرىسىدا ئويلاندى، ئاخىرى ئۆزى-نىڭ شېئىرىنى مۇۋاپىق كۆردى.

— مۇتەللىپنىڭ بىر يېرىم كۈنلۈك ۋاقتى ئەھمىيەت-لىك بولغاچقىمۇ بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندەك بىلىندى.

ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى ئىشتىراكچىلىرى جەم بولغان-دىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ئاناتولى تەييارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن باشقا ئوقۇتقۇچى ھەم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئېپىزوت، دېكلاماتسىيە، قىزىقچىلىق، ناخشا. . . قاتارلىقلارنى كۆردى. ئېپىزوتتا رول ئالغۇچى-لار تولۇق يادلاپ بولالماي قەغەزگە قاراپ سۆزلىگەنلىك-لىرىنى ھېسابقا، ئالمىغاندا كىيىم-كېچەك، گىرىم، ھە-رىكەت مەزمۇنى جەھەتتىن باشقىلارغا تونۇش بولغان رۇسلار تۈرمۇشىدىكىگە قارىغاندا ئالاھىدە تەسىر قوزغى-دى. نۆۋەت دېكلاماتسىيىگە كەلگەندە مۇتەللىپ «بىز شىنجاڭ ئوغۇل-قىزلىرى» دېگەن شېئىرنى رۇسچە دېكلا-ماتسىيە قىلدى:

بىز شىنجاڭ ئوغۇل-قىزلىرى بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كۆرەش قاينىمىدا ئۆسكەن، كىرسىز پاك قۇندۇزلىرى.

بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كەلگۈسىنى كۆزلەيمىز ھامان.

ئالىي بىزنىڭ تىلەكلەر، ئىشچان باتۇر بىلەكلەر
دائىم ئالغا ئىنتىلىدۇ دولقۇنلاپ ياش يۈرەكلەر.

ئالي بىزنىڭ تىلەكلەر،
ئالغا ئاتلايمىز هامان.

ناخشا ئېيتىمىز تارتىنماي، ۋەتەن يولىدا تىنماي،
بىرلىك سەپتە تەكشى ماڭىمىز، بىر-بىرىمىزدىن قالماي.

ۋەتەن، ئەل يولىدا تىنماي،
قەهرىمانلارچە ماڭىمىز كۆزلەپ مەيدان.

ئېگىز-پەسنى تۈزلەيمىز، يېڭىلىقنى كۆزلەيمىز،
"مەزلۇملار، بىرلىشىڭلار!" دەپ دائىما سۆزلەيمىز.

ئېگىز-پەسنى تۈزلەيمىز،
پۈتۈن جۇڭگونى قىلىمىز گۈلىستان.

ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقانلار ئۆزئارا پىچىرلاشتى.
— مۇتەللىپ ھەقىقەتەن شائىر ئىكەن-دە!
— جەڭگىۋار خىتاب.
. . . . . . . . . . . . . . . . . .
— جىم!
جەڭ قاينىمىدا قايناپ، جەسۇرانە مەيداندا ئويناپ،
هەر مىنۇتتا غالىب كېلىپ، ئەزىر تۇپراقنى قوغداپ.

هەر مىنۇتتا غالىب كېلىپ،
بولىمىز راست ئازادچىل قەهرىمان.

— يارايسەن!

— يەنە-يەنە!

چاۋاكلار چېلىندى. مۇتەللىپ رازىلىق بىلدۈرۈپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ:

— ماياكوۋىسكىنىڭ نىكولاي II توغرىسىدىكى ھەجۋى شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى.

بىزنىڭ شەھەردە — نىۋا بويىدا،
ياشايدۇ بىر نىكولاي.
ئۆيدىن چىقسا يەر تېپىپ،
چېقىرايدۇ ھاي! ھاي.
— سىلەرگە مەن... سىلەرگە،
ئەركىنلىك زادى بەرمەيمەن.
ئىشلار بولىدۇ كونىچە،
پادىشاھلىقتىن بەرمەيمەن!،
— ھاي پادىشاھ نىكولاي،
قويساڭچۇ تولا ھاۋشىماي...

سورۇندىكىلەر چورقىرىشىپ كەتتى.

بەزىلەر:

ماياكوۋىسكىنى كۆرگەندەك بولدۇق، —دېيىشتى.

ئارقا-ئارقىدىن تەييارلانغان نومۇرلار كۆرسىتىلىپ باھالىغۇچىلارنى خاتىرجەم قىلدى.

بولۇپمۇ ئاناتولى ئۆتكۈزۈلگۈسى مەكتەپ پائالىيىتىدە ئەدەبىيات كۆرۈزۈكى ئىشتىراكچىلىرىنىڭ تىرىشچان-

لىقىدىن ئۈمىدۋارلىق ھېس قىلدى.

بۇلار قايتىشتا ئۆز تەسىراتلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ مېڭىشتى.

— بايقىغانسەن؟، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئاناتولى مۇتەللىپ بىلەن قىزغىن گەپلىشىپ كېتىۋېتىپ، — ئەگەر ساڭا بىرەر رامكا بەلگىلەپ بەرگىنىمىزدىمۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغان بولاتتىڭ، لېكىن بايىقىدەك جەلپكارلىقى بولۇشى ناتايىن ئىدى. بۇ، ئىجادىي بولدى، مەكتەپتىكى رۇس جامائەتچىلىكى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەم دىرامچىلىقى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدى. سېنىڭچە قانداق؟

—بۇمۇ، رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇغىنىمنىڭ پايدىسى دەڭە.

— ئۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، — دېدى ئاناتولى، — بىراق سەندىن باشقا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتمۇ بار، سەن تەرجىمانلىق جەھەتتىلا ئەمەس، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋاستىسى بىلەن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدىڭ.

ئاناتولى بىلەن مۇتەللىپ پاراڭ بىلەن ئۇدۇلدىكى كوچىغا چىقىپ قالدى. بۇ مەقسەتسىز قەدەملىرى كونكرېت سۆھبەت ماۋزۇلىرىغا يۈزلەندى.

ئاناتولىنىڭ ئۆزۈندىن بېرى مۇتەللىپ شېئىرلىرى ھەققىدە بىر كۆزقارىشى بار ئىدى. سۆھبەت تەبىئىي ھالدىلا مۇشۇ دائىرە ئىچىگە كىرىپ قالدى.

— ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكى ھەققىدە تونۇشلۇقۇم كەڭرى ئەمەس. لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇ-

چىلىق ۋاقتىمدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدىبلىرىنىڭ بىئوگرا-
پىك ئىسىملىكلىرىدىن قىسمەن تونۇشقىنىمدىن باشقىنى
بىلمەيمەن. . . سىنىڭ شېئىرلىرىڭ ھەققىدە ئوقۇتقۇچى-
لار بىلەن ئارىلاپ پاراڭ قىلىشىپ قالىمىز. شېئىرلىرىڭ-
نىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدا پۇشكىنىنىڭ، ئۇسلۇبىدا مايا-
كوۋىسكىنىڭ، پىكىر ئىزچىللىقىدا گوركىينىڭ تەسىرى
باردەك ھېس قىلىمىز.
— ئوقۇتقۇچى ئاناتولى، بۇ چوڭ باھا بولۇپ كەتتى!
— ياق مۇتەللىپ، مەنمۇ ئۇنداق باھا بەرمىدىمغۇ،
كلاسسىكلاردىن ئۆگىنىش نورمال قائىدە دېمەكچى، —
دېدى ئاناتولى گەپنى بۇگۇنكى شېئىرى توغرىسىدا چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇپ، — مەتبەئەگە بەردىڭمۇ؟
— ياق.
— توغرا ئەمەس بۇ، — دېدى ئۇ، — مەتبەئەسىز ئەل
ئىچىگە تارقالمايدۇ. كىشىلەردىن ئاڭلىسام شېئىرلارنى
ئويۇنچۇقتەك يازىدىكەنسەن، خاتىرە قىلىپ توپلىماي،
مەتبەئەگە بەرمەي يۈرۈش مەسئۇلىيەتسىزلىك. ئىشىك،
دېرىزە، تام، كىتابلار ئارىسىغا شېئىر يېزىپ يۈرىدىغان
مۇتەللىپ ھازىر گىمنازىست بولدىغۇ دەيمەن؟
— شۇنداق، بىراق. . .
— بىراقىڭنى قوي، سەن شائىر كەڭ مەنىدىن ئېيت-
قاندا ئەدەبىياتچى. بۇ توغرۇلۇق بىلىنىسكى: ”ئەدەبىيات
خەلقنىڭ سەزگۈسى، روھى. . .“ دېگەنىدى. خەلققە
يۈز كۆرۈشتۈرۈش كېرەك. شۇ چاغدا گۇگولنىڭ: ”ياز-
غۇچىنىڭ بىرلا ئۇستازى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، كىتابخان-

-لار» دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلغان بولىسەن. . .

لۇتپۇللا بۇ تەسادىپىي سۆھبەتنىڭ بۇنچىلىك چوڭ-قۇرلاپ، روھىي دۇنياسىغا تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ-مۇ كۆرمىگەنىدى. ئەمدى بولسا، بىر خىجىللىق پەردى-سى ئىچىدە قالغانىدەك بولدى.

ئاناتولى رۇس ئەدەبىياتى ھەم ئەدەبىيات پېشۋالىرى-نىڭ ئىجادىيەت مۇساپىلىرىدىن نۇرغۇن مىسالالارنى نە-قىل كەلتۈرۈپ، تالانتلىق ئوقۇغۇچىسى مۇتەللىپ بىلەن بۈگۈن چوڭقۇر سىرداشتى. . .

لۇتپۇللا ياتاق ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. نېمىشقىدۇ، يەنىلا يېنىدا ئوقۇتقۇچى ئاناتولى بىللە تۇرغاندەك، ئۇ، سۆزلەپ تۈگەتەلمىگەن دەرس سىرتىدىكى دەرسلەرنى ئۇ-تۇۋاتقاندەكلا ئىدى. لۇتپۇللانىڭ بۇنداق تۇيغۇدا بولۇشى ھەقلىق ئىدى.

ئاناتولى ستىپانوۋىچ مەرىپەتپەرۋەر بىلىم ئەھلى بو-لۇپ، پېشانىسىگە ئوقۇتقۇچىلىق يېزىلغاندەك، بىر ئۆ-مۈر شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ كەسپىنى ھۇزۇر بىلەتتى. بۇ، ئۇنىڭ غايىسىلا بولۇپ قالماستىن، ئەمەلىيىتى ھەم كى-شىلەر تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مەنىۋى مۇكاپاتى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، گىمنازىيىدە بىلىمى بىلەنلا ئەمەس، رۇستىن باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بولغان مۇنا-سىۋەتلەردە، ئەخلاقى-پەزىلەتتە تونۇلغانىدى.

ئۇ مۇتەللىپكە بولغان تەسەۋۋۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر قۇشنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. شۇڭا، مەيلى ئاناتولى بولسۇن، مەيلى مۇتەللىپ بول-

سۈن مۇنداق ئۇچرىششلاردىن كېيىن ئۇزلىرىنى يېنىك
ھېس قىلىشاتتى.

20

چۈشتىن ئىلگىرىكى ئۇتكۈنچى يامغۇر سۇ چاچقان-
دەك تۇپا-تۇمانلارنى بېسىپ قويدى. شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ
ھاۋا سەل سالقىنلاپ قالدى.
ئادەتتە ئانچە يالاڭ-يوپۇق يۈرمەيدىغان ئەنۋەر ناسىرى
دېگىنال توجۇركىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ كې-
تىۋاتاتتى، چاقىرىپ كەلگەندەكلا كوچىنىڭ ئېغىزىدا
لۇتپۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىسىلا بىر-
بىرسىنى كۆرۈپ خۇشال-خۇرام تىنچلىق سوراشتى.
— ياخشى ئۇچراپ قالدىڭ، قالغان گەپنى ماڭغاچ
سۆزلىشەيلى. بەلكىم بىر ئىش بىلەن چىققان بولغىيد-
ىڭ، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى ئىللىق بىر كەيپىياتتا، —
مەن كېتىۋاتقان يەرگە بىللە بارساق قانداق؟
— دەڭگە بېرىپ ئۆيگە خەت-پەت چىقىرىۋەتتىم.
ئۆيگە قايتىشىم، بىراق چاقىرمىغان يەردە ماڭا. . . —
دېدى لۇتپۇللا.
— ئۇ، مېھمان چاقىرغان غەيرىي ئۆي ئەمەس، سەن
بېرىپ تونۇيدىغان مەرۇپكامنىڭ ئۆيى.
— ۋاھ! ئۇنداقتا چوڭلار ئىكەن-دە؟
— شۇنداق، لېكىن ئازلا ئادەم بارىدۇ.
— ماقۇل، ياردەملەشكۈدەك ئىشقۇ چىقىپ قالار.

— بۇ، گېپىڭ جايىدا بولدى.

بۇلار مەرۇپ سەئىدىگە بولغان ئورتاق بىر ھۆرمەتتە بىللە مېڭىشتى.

لۇتپۇللانىڭ ئۈستىدە خۇرۇم كاژانكا، پۇتىدا بەتىنكە، يالاڭباش ئىدى.

— ئەنۋەر ئاكا، خېلى بولۇپ قاپتۇ، سىلەر تەرەپكە ئۆتمىگىلى، يەنىلا ئالدىراپلا يۈرىدىغانسىز؟

—گېزىتخانا دېگەندە ئالدىراپلا يۈرىدىغان يەرغۇ، — دېدى خېلى يۈتۈلۈۋالغاندىن كېيىن، — لېكىن خەقلەرگە بىرەر ئىشنى پۈتتۈرگەندەك بىلىنمەيدىغىنى قىزىق-تە!

— ماقالىسى چىققانلار ئۇنداق دېمەس؟

—ھەممىلا ئادەم ماقالا يازاتتىمۇ، دېمەكچى بولغىنىم بىرسى يېڭى چاپان كىيگەن بولسا، يەنە بىرسى "نەدىن ئالدىڭ" دەپ سوراپ قويىدۇ، گېزىت چىقارغانلارنى "ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى" دېيىشىدۇ، تېخى "مەيلىرى چاپاق بېسىلىپ قاپتۇ" دەپ رەنجىيدىغىنىچۇ!

لۇتپۇللا گېزىت-مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ ھەقىقەتەن مۇشكۈل ھەم نازۇك ئىكەنلىكىنى كۆرگەچكە يەنە گەپكە سېلىشنى لايىق كۆرمىدى.

بۇ ئاغرىقچان ئۇستازنى ئايىغىنىمۇ ياكى باشقا ماۋزۇ قىزىقتۇردىمۇ گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى.

— ئەنۋەر ئاكا، تېيىپ زات نامى بىلەن چىققۇاتقان شېئىرلار مېنى بەك قىزىقتۇرىدۇ، ئۇ چوڭ ياشلىق كىشىغۇ دەيمەن. — دېدى.

— تېيىپ زات تاھىرى مېنىڭمۇ ئۇستازىم، ئۇ، كۆز-

گە كۆرۈنگەن پېشقەدەم شائىر بولۇپلا قالماي، مائارىپ-
چى، تارىخچى، بىلىملىك كىشى. ئۇ "ۋەتەن ئوغلى"
تەخەللۇسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. «ئەخلاق باغ-
چىسى» قاتارلىق كىتابلىرىمۇ چىققان. بىراق سەن كۆر-
مىگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. دەرسلىكلەردە بار. . .

— ھە، ئۆتكەندە سۆز ئارىسىدا مەرۇپ ئاكىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانىدى. پۇرسەت بولسا، بىر تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز.

— بولىدۇ، ئۇ ئادەممۇ خوش بولاتتى. ھەي "ئەخلەت ئىچىدە ئالتۇن بار" دېگىنە، — يۆتەل ئەنۋەر ناسىرىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ، ئانچە قاتتىق يۆتەلمىسىمۇ خېلى ۋاقىت يۆتەلدى، ئاندىن ئۆزى چوڭقۇر تىنىپ دەم ئالدى. لۇتپۇللا بۇ ئىقتىدارلىق ئۇستازغا چاپلىشىۋالغان سىل كې-سەلنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى، ئۆكۈندى، — مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم جەمئىيەتتە ئۇ، ئۆز سالاھىيىتىگە لايىق ئىش ئورنىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەل-نىڭ قەلب تۆرىدىكى ئورنى مۇستەھكەم، — ئۇ سەل توختاپ، بىر تۈرلۈك روھلانغان قىياپەتتە سۆزىنى داۋام-لاشتۇردى، — ئۇستازنىڭ گېپى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ «ئۇيال» دېگەن غەزىلىدىن بەزى كۇپلېتلىرىنى ئوقۇپ بېرەي:

باق ئۆزەڭ مىللىتىڭگە، غەپلەتتە ياتماقتىن ئۇيال،
ھەم جاھالەت چۆلىنىڭ سوغىدا قاتماقتىن ئۇيال.
باق بۆلەكلەر ئىززىتىگە، بەختىگە، نامۇسىگە،
قول بولۇپ زۇلۇم جاپا، كۆلپەتنى تارتماقتىن ئۇيال،

باق بوّلەكلەر مەرىپەتنىڭ باغىدا سەيلە ئېتەر،
سەن جاھالەت تامىقى ئوتىدا يانماقتىسەن ئۇيال.
باشقىلار ئاچۇندا ئەركىن يۈرسەلەر ھۆرمەت ئىلە،
قۇلچىلىق زەنجىرىگە بويىنۇڭنى چاتماقتىسەن ئۇيال.
ئەل ئۇچۇن قايغۇرمىغان ناكەسنى ۋىجدانسىز
دېگىل،
نەپ ئۇچۇن، مەنسەپ ئۇچۇن ۋىجداننى ساتماقتىسەن
ئۇيال.

—بۇ غەزەلنىڭ كۆزدە تۇتقان بەدىئىي پىكىرلىرى ھەققىدە ساڭا ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى سەن شائىر، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

لۇتپۇللا بولسا، ئاللىقاچان بۇ غەزەل مىسرالىرى ئارىسىغا شوڭغۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. ياش شائىرنىڭ بېخ ئۇرۇۋاتقان بەدىئىي غايىسى مۇنداق شېئىرى مەسىلەلەر بىلەن تومۇرداش ئىدى.

شۇڭلاشقىمۇ مانا ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا: "ئەل ئۇچۇن قايغۇرمىغان ناكەسنى ۋىجدانسىز دېگىل، نەپ ئۇچۇن، مەنسەپ ئۇچۇن ۋىجداننى ساتماقتىسەن ئۇيال" دېگەن شېئىرىي خىتاب ياڭرايتتى.

ھەر ئىككىلىسىلا چوڭقۇر خىياللارغا چۆككەنىدى. ئەنۋەر ناسىرى خېلى ئىلگىرىلا «ئۇيال» غەزىلىنى يادلىۋالغانلىقىدىن لەززەت ئالسا، لۇتپۇللا ئەتىۋارلىق نەرسە تېپىۋالغاندەك ئىلھامبەخش ھاياجىنىغا چۆمگەنىدى. . . بۇلار مەرۇپ سەئىدىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا قانداق كېلىپ

قالغانلىقلىرىنى بىلمەيلا قېلىشتى.

مەرۇپ سەئىدى ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە، يەتتە-سەككىز دەك ئادەم ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللانىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. سەلدىن كېيىن ئارىلاشما پاراڭلار باشلاندى، تەكرار تىنچلىق سورىشىشمۇ بولدى.

مېھمانلارنىڭ ئالدى-ئارقىسى جەم بولغاندى. مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئوغلى قولغا سۇ قۇيۇش ئۈچۈن تارتىنغاندەك كىرگىنىنى كۆرگەن لۇتپۇللا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن ئاپتۇۋا، چىلاپچا، لۆڭگىنى ئېلىپ جەبدەسلىك بىلەن خىزمەت قىلدى. بۇ، لۇتپۇللانىڭ ھەر كىشىگە تولۇق سەپسىلىپ بېقىش پۇرسىتى بولدى. ئۇ ئۈچىنچى لۇق كېتىۋاتقان بۇ خىزمىتى ئاخىرىسىغا كەلگەندە كېگىزنىڭ قېتىغا پوتى كىرىپ قىلىپ يىقىلتىۋەتكىلى تاس قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن "چورت①!" دېگەن ئورۇسچە سۆز چىقىپ كېتىۋىدى، ئارىدىن بىرسى:

— مەرۇپ، مۇنۇ ئۇيغۇر قائىدىسىنى بىلىدىغان ئورۇس ئىكەن-ھە؟، — دېدى.

— ئورۇسچە ئوقۇغانلىغا ئورۇس بولۇپ كەتمەيدىغاندۇ؟، — دېدى مەرۇپ سەئىدى ھېچنەرسىنى ئويلىمايلا،

— بۇ، ياش شائىرىمىز لۇتپۇللا ئەمەسمۇ!

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى دىققەت ئاغدۇرۇپ

---

① چورت — جىن مەنىسىدىكى روسچە ئاتالغۇ.

لۇتپۇللاغا نەزەر تاشلىدى. شۇ قاتاردا بايا مەرۇپ سەئىدى بىلەن چىقىشقان كىشى گېپىنى تۈزىتىۋالغاندەك:

— هە، شۇ شائىرمۇ؟. — دېدى. بۇ، تەنە ئارىلاش گەپنى قىلغان قاسىم قىسمىتى ئىدى. بۇ گەپ شۇ تۇرقىدا "چاقچاق" تەك تۇيۇلدى. ئاگغىچە داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلدى. چاي ئىچىلىۋاتقاندا، ئاق سېرىق، كۆزلىرى شوخ، ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدىغان بىرسى:

— "قاينام ئۆركىشى" تەخەللۇسكى شېئىرنى سەن يازغان ئىكەنسەن-دە ئوغلۇم، ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دېدى. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئىنتىلگەنلەر لۇتپۇللاغا قارىغاندى:

— هەۋەس قىلىپ ئۆزىچە قوللىنىپ باقتى-دە، — دەپ تەخەللۇسنى خىرەلەشتۇرۇپ، سوئالنى ئەھمىيەتسىز بىرنەرسىگە ئايلاندۇردى بايىقى كىشى. دەل شۇ سېكونتلاردا ئۇنىڭ تەرىپى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەندەك بولدى. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ شائىر-قاسىم قىسمىتى بولۇپ، لۇتپۇللادىن ئىلگىرى ئېغىز ئاچقاچقا شۇنداق هالەت شەكىللەنگەندى.

— ئۇنداق ئەمەس تەقسىر!، — دېدى لۇتپۇللا ئىسمىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ جىسمىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقان بۇ كىشىگە.

— بۇنىڭ تالىشىدىغان يېرى يوق. قەدىمىي شائىرلىرىمىزنىڭ تەخەللۇس ئىشلەتكەنلىكىدىن ئانچە خەۋىرىڭ بولمىسا كېرەك، سوپى ئاللايارمۇ تەخەللۇس دېدى قاسىم قىسمىتى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تەخەللۇس ھېچقاچان سوپىلارنىڭ ئىجادىيىتى يا-
كى بىرگە قالدۇرغان ئەنئەنىسى ئەمەستۇ تەقسىر، مەن
گەپنى ئۇزاقتا سوزمايلا قوياي، ئۇزلىرىنىڭمۇ تەخەللۇس-
لىرى بار. — دېدى لۇتپۇللا، — ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇس
قوللىنىشى پىنھانە ھەم مەنىلىك قەلەم ئىسمى ئىكەنلىك-
نى بىلمەيمۇ قالمايدىغانلا تەقسىر. مەن ئىلى دەرياسىدىن
بۇ تەخەللۇسنى تاپقان.

سورۇن ئەھلى پىچىرلىشىپ بۇ يىگىتكە قارىدى.
ئۇلارنىڭ قارىشىدىن "كەتكۈرەك چۇشەندۇرگىنە" دېگەندەك
تەلەپ بار ئىدى.

— قايىنام ھەرقانداق ئېقىن سۇدا بولىدىغان، چوڭ-كى-
چىكلىكى ئوخشمايدىغان تۇراقسىز ھەرىكەت. يەنى ئې-
قىمغا قارشى سەكرەتمە، خالاس، — دەپ جىم بولدى
لۇتپۇللا.

— دېمەك، ئۇزەڭنى. . .

— بۇ، ھاجەتسىز سوئال، — دېدى. چېھرىدىن بې-
لىم، ھەرىكىتىدىن جۇشقۇنلۇق ئەكس ئېتىپ تۇرغان،
بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي بىرسى، — لۇتپۇللا تەخەل-
لۇسنى ئىلمي شەرھلىدى، بۇنىڭدىن ھالقىپ يەنە سو-
راۋېرىش ئەھلى سۆھبەتنىڭ ئىشى ئەمەس.

بۇ كىشى ئايۇپ مەخسۇرى ئىدى. سورۇندىكىلەر
لۇتپۇللانىڭ يەشمىسىنى ماقۇل كۆرۈدىمۇ ياكى ئايۇپ
مەخسۇرىغا بولغان ھۆرمىتىدىن بولدىمۇ قانائەت ھاسىل
قىلىپ باشقا ماۋزۇلارغا يۆتكەلدى.

— ئەنۋەر، — دېدى تۇردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە-

كى پاكار بويلۇق بىرسى، — سىلەر كىتاب، ژۇرنال چىقىرالامسىلەر؟

—ھاجىكا، ھېلىمۇ ھۆسنىبەگ ئاكىمىز چەت ئەلدىن ئەكىلىپ بەرگەن باسما ماشىنىسى بىلەن گېزىتنى ئارانلا چىقىرىۋاتىمىز دەڭە. — دېدى ئەنۋەر ناسىرى ئەتراپقا قاراپ، — مەرۇپ ئاكا «شىنجاڭ گېزىتى» گە كېتىۋاتىدۇ، ياردىمى بولۇپ قالسا، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن سىلەرمۇ تۇرۇپسىلەر، بىر گەپ بولار.

— مەرۇپنىڭلا قولىدىن كەلسە، مەن تەييار، — دېدى مەرۇپ سەئىدى.

— دۇنيادا ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەندىن ئۈمىدۋار بولۇپ ئاز ياشىغان ئەلا، — دېدى ئايۇپ مەڭسۇرى، — ئەگەر مەرۇپ شۇنداق ئىشەنچ باغلىغانىكەن بىز تىلەكداش.

كۆپچىلىك ھاياجانلاندى.

— ئەگەر «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا "چالما" دەپ تاشلىۋەتكەن ماشىنىلار بولسا، بىز "ئالما" دەپ ئالدىمىز، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

— شۇنداق، كۆپنى نەزەردە تۇتقان تىلەكلەر ئىجاۋەت بولۇپ قالار، — دېدى تىيىپ زات، — "چوڭ ئۇستەڭدە سۇ بولسا، كىچىك ئېرىق قۇرۇق قالماس" دېگەن ئەمەسمۇ كونىلار.

ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇلار مەرۇپ سەئىدى «شىنجاڭ گېزىتى» گە يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان مېھمانلار بولسا كېرەك.

لېكىن بۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى، ئېڭى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ئوخشىمىغاچقا، پاراڭلارمۇ ھەر خىل بولدى.

گەپلەر ئايلىنىپ يەنە جەمئىيەتتىكى ھەق-ناھەقلىقلارغا يۆتكەلدى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار مەرۇپ سەئىدگە ياخشى تىلەكلەر تىلەپ تارقاشتى.

— كەلگىنىم ياخشى بوپتۇ دە، — دېدى لۇتپۇللا، — تېيىپ زات ئاكا بىلەن تونۇشتۇم.

— تېيىپكام ھەم شۇنداق دېدى.

بۇلار ئۈچ دەرۋازا كوچىسىدىكى دېڭخۇلۇ ياندۇرۇپ قويغان باققالدىن تاۋۇز يېدى. بۇ چاغدا يېنىدىكى تاۋۇز يەۋاتقانلارنىڭ گېپى ئاڭلىنىپ تۇردى.

— تۇتۇپ بەرگەن ئادەمگە ئالا ئاياق دەستەكچى ئېتىنى بېرىدىغان بولۇپتۇمىش.

— مەن تونۇغان بولسام نەدىن بولسىمۇ تېپىپ تۇتۇپ بېرىپ ئاتنى ئالاتتىم-دە.

— ھاماقەت! ئالا ئاياق ئات بەلكىم ئىگىسىنىڭ ئەتىۋالىق ئېتىدۇ، ئۇنى تىككەن ئادەمنىڭ شۇنداق ئۇن ئاتلىق گۇمپىسى بولغاچقا تۇتۇلماي يۈرگەندۇ؟

— قاچقۇن ئوغرىمىكەن؟

— ئوت قويۇپ بىر ھويلىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن گەپ. ئارىشۇستەڭدىكى بىر باي ئىكەن.

— ئەمىسە ئوت قويغۇچى مالاي ئىكەن-دە؟ — دېدى ئاخىرىدا گەپلەرگە ئارىلاشقان لۇتپۇللا. — ئەمىسە ئۇ تۇتۇلمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى بىرسى.

— ئۇيلاپ كۆرمەمسەن، باي ئۇنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئاتنى تىكتى، ئاتنى دەپ كەمبەغەلنى تۇتۇپ بېرىدىغان كەمبەغەل قەيەردىكەن؟! — دېدى لۇتپۇللا كى-يىنئۇېتىپ. باياتىن قىزىقچىلىقتا گەپ تالاشقانلار جىم بولۇپ ئويلىنىپ قېلىشتى.

ئەنۇەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا شۇ يەردىن ئايرىلىشىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى.

تۈن قاراڭغۇ بولسىمۇ تونۇش كوچىلار، ئۇيەر-بۇيەر-دە دېرىزىلەر يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

—ئۇكام!—دېدى بىرسى لۇتپۇللانىڭ ئارقىسىدىن—غۇۋا بىر دېرىزىنىڭ يىراق يورىقى ئەتراپىدا، — سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى.

لۇتپۇللا ھەرقانچە دىققەت قىلسىمۇ ئارقىسىدىن كەلگەن ناتونۇشنىڭ غۇۋا تۇرقىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، لېكىن ئاۋازىدىن بىر مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مەن قانچىلىك ياردەم قىلالايمەنكىن، سىز نېمە ئادەم؟، — دېدى لۇتپۇللا.

— سىز تاۋۇز يېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا مەنمۇ بار ئىدىم. سىزنىڭ گېپىڭىز مېنى قايىل قىلدى. مەن شۇ يەردە پارنىگى بولغان ئوت قويۇپ قاچقان شېرىپ بولىدە-مەن. بىز رېھىمباي دېگەنگە مالاي ئىدۇق. ئانام ئىككى يىل بولدى ئالەمدىن ئۆتكىلى. دادام قېرىپ قالغاچقا ھوي-لىنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى. مەن تېخى ئۆيلەنمىدىم، ئې-

تىز ئىشىنى قىلاتتىم. ئىككى ھەپتە بولدى، دادامنى رې-
ھەمباي چاي ئىچىۋاتقان چەينىكى بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈپ قويدى! ئۇ زالىمنىڭ زومىگەرلىكى شۇنچە-
لىك دەرىجىگە يەتسىمۇ ھېچكىم سورىمىدى. گەپنىڭ
قىسقىسى، ئاخىرى ئوت قويۇپ قىساس ئالدىم. بەش
كۈن بولدى، مەن كېكەش دەرۋىش قىياپىتىدە يوشۇرۇنۇپ
يۈرۈۋاتىمەن. مەن مۇشۇنداق سەرگەردان بولۇپ يۈرمەك-
چى. شۇڭا نېمىلا بولسا ياردىمىڭىزغا موھتاجمەن.

لۇتپۇللا ئۆيىگە تەكلىپ قىلسا ئۇ: ”مېنىڭ بىر كا-
ساپىتىم تېگىپ قالمىسۇن“ دەپ ئۇنىمىدى. لۇتپۇللا كې-
يىم، پۇل بەردى. شېرىپ خۇشال بولۇپ:

— بۇ دادامدىن قالغان كىتاب ئىدى، سىزگە قالسۇن،

— دېدى-دە كۆزدىن غايىب بولدى.

لۇتپۇللا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ لامپىنى يېقىپ قولىد-
كى كىتابنى، ۋاراقلاپ ئۇنىڭ شامەشرەپنىڭ شېئىرلىرى
ئىكەنلىكىنى بىلدى. مۇقاۋىسىز، بەتلىرى يىرتىلىپ
كەتكەن بۇ شېئىرلار توپلىمى تاشكەنت باسمىسى ئىدى.
كىتابنىڭ قەغىزى ھال قىزغۇچ بولۇپ، تولا ۋاراقلانغان
ھەم كونا بولغاچقا كىرلىشىپ چۆرىلىرى چاشقان غاجىلى-
ۋەتكەندەك بولۇپ كەتكەنىدى. بەزى يەرلىرىدە قىستۇ-
رۇپ يېزىلغان يېزىقلار تۇراتتى.

لۇتپۇللا باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغاندەك كىتابنى ۋاراقلى-
غانىدى، ئۇ يالغۇز شېئىرلارلا ئەمەس، شامەشرەپ ۋە
ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا يېزىلغان نەسرىي با-
يانلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدى - دە، مۇنداق بىر ۋەقەگە

كۆزى چۈشتى:

". . . دۇنيانى تەرك ئەتكەن شامەشرەپ سەپەر قىلىپ بىر يۇرتقا كەلگەندە خالايىقنىڭ، ئالامان قىلغان بىر توپە-نى كۆردى. بىلدىلەركى ئۇل يەردە بىر مەرىكە بولغاي. شامەشرەپ ئېشىكىنى يېتىلەپ بېرىپ، بىر كىشىدىن"بۇ نېمە يىغىلىشتۇ دەپ سورىغان ئەردى، "بېگىم چاكىرىنى جازالاۋاتىدۇ، چاكار بېگىمنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرگەنمىش" دېدىلەر. شامەشرەپ بەگدىن سورىدى، بەگ: "چاكار بىپەرۋالىق قىلىپ ئېتىمنىڭ توخۇ پوقى يەپ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغاندۇر. شۇنىڭ جازاسىنى بېرىپ تورۇپتىمەن" دېدى. شامەشرەپ سورىدىكىم: "جانابلىرىنىڭ ئاتىسى بارمۇ؟" بەگ: "يوق" دېدىلەر. شامەشرەپ يەنە سورىدى-لەركى: " كىم توخۇ پوقى بېرىپ ئۆلتۈرگەنىكەن" بۇ چاغدا بەگ بەشىرىسىدىن سەرگەردانلىق چىقىپ تۇرغان ئىنسانغا قاراپلا تۇرۇپ قالدىلەر. شامەشرەپ ئەرسە يول-غا راۋان بولدىلەر. بەگ ئۇچراشقان ساياقنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سوراقلىرىنى بىئىختىيار ئويلىنىپ، قىلغان ئە-شىنىڭ ناھەقلىقىنى بىلىپ چاكارلىرىنى جازالاشتىن خا-لاس قىلدىلەر. شۇھامان شامەشرەپنى خىزىر سۈپەت دەر-ۋىش بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئارقىسىدىن ئىزدەپ كەت-تىلەر. . ."

لۇتپۇللا چاغاتاي يېزىقىدىكى بۇ رىۋايەتنى تاتىلاشتۇ-رۇپ ئوقۇپ شامەشرەپكە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭ-قۇرلاشتۇرىدىغان ماتېرىيالغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن بەگنىڭ ئادالەتسىزلىكى دەل

ئۆزى ياشاۋاتقان ھازىرقى كۈنلەردە بولۇۋاتقانلىقى كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ تۇرقىدا ھېلىقى شېرىپ ئىسمىلىك قاچقۇنىنىڭ خىرە قىياپىتى كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. كۆپ ھاللاردا لۇتپۇللانىڭ مۇنداق ئويلىنىشلىرى بىرەر ئىزدە-نىشكە ئېلىپ باراتتى:

خەلقىم ئۇزاق يىللار جەبرۇ-زۇلۇملار چېكىپ كەلدى،
زۇلۇم دەستىدە كۆز يېشى دەرىيادەك ئېقىپ كەلدى.
ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئىزلەپ قانچە رەت قوزغالدى،
يېتەلمەي مەقسەتكە، شۇم قارا تاغلار بېسىپ كەلدى.
ئەمدىچۇ؟ ئازاد ئەركىنلىك ئۇچۇن كەلدى كەڭ پۇرسەت،
ھەممە كۆرسەتكەچكە بۇ يولدا چىدام ۋە غەيرەت،
ياغدۇردى ئىستىبداتچىلارغا لەنەت ھەم نەپرەت،
شۇڭا بىز كۈتكەن سائادەت كەڭ قۇچاق ئېچىپ كەلدى.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

لۇتپۇللا ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندا ئۈستەل ئۈستى-دە شېئىر يېزىلغان قەغەزلەر قالايمىقان تۇراتتى، بەزىلى-رى پۇرلەپ تاشلانغانىدى. ئۇلارنى يانچۇقىغا سالدى-دە، مەكتەپكە ماڭدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا بىخەۋەر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. كېتىۋېتىپ: "توختا، بەزىدە تاماقنى گې-زىتخانا ئاشخانىسىدىن يەيدىغانىدى" دەپ يولنى ئۆزگەرت-تى. ئۇ، توغرا قىلغانىدى. ئەنۋەر ناسىرىنى ئاشخانىدا ئۇچراتقان لۇتپۇللا بىرلىكتە تاماقلىنىپ بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى. لۇتپۇللا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئەنۋەر ناسىرى-

دىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنى سۆزلىدى-دە، كېچىچە يازغان شېئىرىنى كۆرسەتتى.

ئەنۋەر ناسىرى شېئىرنى ئۈستەلگە قويۇپ ئوقۇغاچ ھەرتەرەپلىمە ئويلاندى. سول قولىنى چېكىسىگە تىرەپ، ئوڭ قولىدا قەلەمنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— شېئىردىكى ئالغا سۈرگەن پىكرىڭ روشەنلىككە ئىگە، قىزىقتۇراتقىنىم شېئىرى شەكلىدە بىر يېڭىلىق بار-دەك. — دېدى ئەنۋەرناسىرى.

— مەسىلەن قانداق؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— مەسىلەن، بىرىنچى كۇپلېت قاپىيىسى ئا. ئا. ئا. ئا. بىلەن، قالغان كۇپلېتلار ب. ب. ئا. بىلەن چۈشكەن. — دېگەندى. لۇتپۇللا ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇ-رۇپ، خۇددى ھازىرلا كۆرگەندەك سىنچىلاپ قاراپ ئور-نىدا ئولتۇردى. ئەنۋەر ناسىرى سۆزىنى داۋام قىلدى:

—قىسقىسى، شېئىرىڭغا پىكرىم يوق، ئەمدى ماۋ-زۇسىنى "كۆرەش سېپى" دېگىنىڭدىن "كۆرەش سېپىدىن شەپە" دېگىنىڭ مۇۋاپىقمىكىن. شۇنىڭدا غالىب قەدەم بىلەن باشلانغان كۆرەشنىڭ ياڭراق سادالىرىنى ئەكس ئەت-تۇرگەن شەپىدىن دېرەك بېرەتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستازلاردىن پىكىر ئالىمەن-دە! بىز ياشلار ئالدىراقسان بولىمىزكەن، — دېدى لۇتپۇللا. بۇلار يېنىككىنە كۈلۈشتى. لۇتپۇللا يېڭى گېزىتلەرنى، ئەنۋەر ناسىرى شامەشرەپنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاشتى.

— قىزىق ئىش، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى، — كلاسسىكلارنىڭ كىتابلىرى مۇشۇنداق كەم، يىرتىق بو-

لىدىغاندەك ئۇچرايدىغۇ ماڭا.
— كىشىلەر تالىشىپ ئوقۇيدۇ-دە. — دېدى لۇتپۇل-لا، ئارقىدىن، — شامەشرەپ ئۇيغۇردۇ؟، — دەپ سورى-دى.
— ئۇنىڭ مىللىتى ھەققىدە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈرك-مەن دېگۈچىلەر بار. ئەمما قەشقەر، ئىلىدا كۆپ تۇرغان-لىقى، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئافغانىستانلاردىمۇ بولغانلىقى مەلۇم.
— مەشرەپ ئىسمى ئەمەسمۇ؟.
— ئۇ تەخەللۇس، ئىسمى رەھىم بابا، يۇرتى نامەن-گەن ئىكەن. — دەپ تەرپىلىدى ئەنۋەر ناسىرى، — بۇ ئۇزى تەركى دۇنيا كىشى ھەمدە شېئىر شەكىللىرىمۇ خىلمۇخىل، مەسىلەن، مانا:

ئەزەلدىن تائەبەت كۆڭلۈم قۇتۇلماس ئىشق بالاسىدىن،
يۈرەكلەر رەخنەلەر بولدى بۇ كۆڭلۈم ماجىراسىدىن.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن يىغلاپ يەنە مەئشەركۈنى چىقسام،
كۆيەرلەر مۇئمىن ۋە كافىر بۇ مەشرەپ نىداسىدىن.

دەپ ئۇن ئىككى بوغۇملۇق غەزەلنى يازغان بولسا، بۇ يەردە مۇنداق دەپ يازغان:

چۇشتى سەۋدايى مۇھەببەت باشىمە،

ئارئبتىپ مەردۇم كىلۇرلەر قاشىمە.
مەن مۇھەببەت كويىدا قان يىغلىدىم،
يەتتە ئىقلىم غەرق بولدى ياشىمە.

— هوي، بۇ غېرىبىنىڭ ناخشىسىغۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا.

— ناخشىلىرىمىزنىڭ تېكىستلىرى ئېهتىياج ئۇچۇن هەر يەردىن ئېلىنىدۇ-دە، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى كىتابنى لۇتپۇللاغا قايتۇرۇۋېتىپ، — خېتىنى ئوقۇپ تىلىنى چۈشىنىدىغانسەن؟

— ئوقۇشۇمدا گەپ يوق، تىلى تەسىرەك ئىكەن، — دېدى لۇتپۇللا.

— بۇ كونا ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئىكەن، ساڭا تەس ئەمەس، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

21

چايلار ئاللىقاچان ئىچىلىپ بولغان بولسىمۇ مېلىكەمنىڭ شىرەنىڭ يېنىدىن قوپقىسى كەلمەي ئىگەك تۈتۈپ تېخىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

كوچا تەرەپتىن بىرسىنىڭ گوڭۇلدىغان ئاۋازى بىلەن بىرسى كىلىپ سالاملاشقاندىلا مېلىكەم:

— ۋوي، نادىر ئىكەنسىزغۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئۇنىڭغىچە نادىرمۇ كىلىپ سۇپىدا ئولتۇردى.

— ھېزىم ئاخۇن ئاكام يوق ئىكەن.دە، — دېدى .دە
جاۋاب كۈتمەيلا، — تۇنۇگۈن شەھەردىن كەچ چىققانىدىم، لۇتپۇللانىڭ كىتابىمىكىن، ئامانىتىنى ئالغاچ كېلىۋىدىم. ئامان.سالامەت تۇرۇپتۇ، چېچىنى پاخپايتىپ بىر ئاغىنىسى بىلەن دەڭگە كەپتىكەن، سالام ئېيتتى، — دېدى.

— سالامەت بولغاي، سىزگە رەھمەت نادىر، دېگەن بىلەن ھەردائىم سالام يەتكۈزۈپ تۇرىسىز، — دېدى مېلىكەم.

— خوشىنىدارچىلىق دېگەن شۇ، — دېدى نادىر.

— بۇگۈن چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قاپتىكەن، — دەپ ئانىلىق مېھرى بىلەن سۆزلىدى مېلىكەم، — قولىدا بىر باغلام تاغ جۇسىيى ئۆزى ئاپتاپتا قارىيىپ كېتىپتۇ، "بالا.تاش"قا چىققانىدوق، بۇ جۇسەينى پۆرە ئېتىپ بەرسەڭ دېگۈدەك، سىنىزە، شۇ تاققا چىقىدىغىنىڭنى قويغىنا، دومىلاپ كەتمىگەندىمۇ يىلانلىرى يامان دېسەم، ئوھوي ئاپا، يىلان ئۇچرىسا خۇشال بولۇپ كېتىمىز دېگىنە، ئۇنىڭ چىشىنى كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى بىلەن يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ ئوينايمىز، دېمەمدۇ، ئويغانسام يۈرەكلىرىم پۇلاڭلاپلا كېتىپتۇ.

— چۈشىڭىزدە كۆرگىنىڭىزگە ئۇڭىڭىزدا ئەنسىزلىك قىلغىنىڭىزنىمىسى مېلىكە ھەدە؟ ئىلقىلىق باللارنىڭ بالا تاشقا چىقىشى، دەرياغا چۈمۈلۈشى، يارغا يارمىشىپ سانىڭ باللىرىنى ئېلىشى، سىز دېگەن يىلاننى تۇتۇشى قىزىقارلىق ئويۇن دەڭە!

— ئۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ راست، ئىلگىرىلىرى "بالا-تاش"قا چىقما، خەتەرلىك، دېسەم، نېمە دېگىنىڭ بۇ، تېخى سېنى تاغقا ئېلىپ چىققۇم بار، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرسەڭ قالتىس كۆڭۈللۈك بولىدۇ، دەيتتى.

— ھازىر رەسمىي يىگىت بولۇپ كەتتىغۇ ئۇ، قايسى كۈنى دەڭگە كىرىپ "نادىركا سەن تەلەيلىكمۇ-مەنمۇ" دەيدۇ، مەنزە، ھوي "توققۇزۇڭ تەل، مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك يۈرگەن سەن تەلەيلىك بولماي، مەن ھارۋىكەش تەلەيلىك بولاتتىممۇ؟" دېۋىدىم، قاقاقلاپ كۈلۈپ، سېنى ئۇچراپ قالار دېمىگەنتىم، مەن تەلەيلىك ئىكەنمەن، دەپ سىلەرنى سورىدى، ئاندىن بىرنەرسەم بار ئىدى ئېلىپ كېتەلەمسەن؟ دېدى، مەنزە، كىراسىنى بەرسەڭ نېمىلا بولسا ئېلىپ كېتىۋېرىمەن، دەپ چېقىشسام، بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇ يۈكنى ھارۋاڭغا سالمايسەن، ئېتىڭغا ئارتمايسەن، ئۆزەڭ كۆتۈرىسەن، دەيدۇ. ئاندىكىن مەن، ھوي، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ بىر ئۆمۈر ھارۋىكەشلىك قىلدىمۇ ئۆزەم يۈك كۆتۈرمىدىم دېۋىدىم، مانا ئەمىسە، دەپ ئاشۇ كىتابنى بەردى قاراڭ، — دېدى نادىر ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قايتتى. دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققان مىلىكەم خۇشلىشىپ ئارقىسىغا يېنىشقا تەمشەلگەندە نادىر:

ئاپپاق[1] ھەدە، لۇتپۇللا سىز چۈشىڭىزدە كۆرگەندەك قارىيىپ كەتمىدى جۇمۇڭ، — دېدى. مىلىكەم پىخىلداپ كۈلگىنىچە يەنە بايىقى شىرەگە كېلىپ كىتاب ئىچىدىن

---

① ئادەتتە مىلىكەمنى كىشىلەر ھۆرمەتلەپ شۇنداق ئاتىشاتتى.

لۈتپۇللانىڭ ئاق قەغەزگە يۆگەپ قويغان پۈتۈن گەۋدىلىك
رەسىمنى ئېلىپ قاراپ كەتتى. رەسىم كىتاب ۋاراقىچە-
لىك چوڭ ئىدى. لۈتپۇللانىڭ پۈتۈن گەۋدىسى گۈزەللىك
چەمبەر ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇن-
دۇقتا يۆلىنىپ، سول قول جەينىكىنى مودىلىق دۈگىلەك
ئۈستەلگە تىرەپ، ئوڭ قولىدا ئورۇندۇقنىڭ قىرىنى تۇ-
تۇپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يېقىن-
دىتىپ ئېڭىكىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا، ئەسلىدىكى
دۈگىلەك يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەكلا بولۇپ، شوخ،
ئۆتكۈر كۆزى خالدەك تۇراتتى. ئاق كانۋا كۆڭلەك، يىپەك
ئەشمە، چوچىلىق بەلۋاغ، ئاق كەلىمبىكە شىم، ئاق پاي-
پاق، كەرەچىنۋاي سەندەل لۈتپۇللانى دەريا ئۈستىدە ئۈ-
چۈپ يۈرىدىغان قىزىل پۈتلۈق، ئاق قاناتلىق بېلىق ئال-
غۇچقا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئانا ئىللىق مېھرى بىلەن خىياللار كائىناتىغا ئۆچتى.
سەن 1922-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى دۇنياغا كۆز ئاچقى-
نىڭدا، سەن دەسسىگەن زېمىن خۇددى سېنىڭ مۇشۇ
سۈمباتىڭدەك كىرسىز ئاق قارغا قاپلانغانىدى ئەمەسمۇ!
سېنىڭ تۇنجى رىسقىڭ ھەممە بالىلاردەك مېنىڭ ئاق سۈ-
تۈمدىن ئېغىزلانغان ئەمەسمىدى. يۈرەك پارەم لۈتپۇللا،
دېمەك سېنىڭ قەلبىڭمۇ سۈتتەك ئاق. . . سېنىڭ ”ئىڭە!
ئىڭە“ دېگەن يىغاڭچۇ؟ ياق، ئۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن يىغا
ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقىمىزنىڭ تەنتەنىسى ئەمەسمى-
دى! چۈنكى سەن بەش قىزدىن كېيىنكى تۇنجى ئوغلىمىز
ئىدىڭ-دە! . . قارىغىنا سېنى، بىزنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن

دېگەندەك ئاق كىيىملەر بىلەن سۇرەتكە چۈشۈپ ئەۋەتىپ-
سەن، سېنىڭ يىراقتا تۇرغىنىڭ بىزنى ئۇنتۇلدۇرمايدۇ،
بەلكى بىز پات-پات ئەسلەپ گېپىڭنى قىلىمىز...

شۇ چاغدا داداڭنىڭ خۇشاللىقىچۇ، ئۇ ساڭا نېمە
ئىسىم قويۇش توغرىسىدا ئويلىغان ئىسىملاردىن بىرنى
قانداق تاللىغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە! شەرئەت قائىدە-
سى بويىچە مويىسىپىتلاردىن بىرنەچچىنى جەم قىلىپ ئە-
سىم ۋە ئىسىملار مەنىسىنى مۇتالىئە قىلغىنىچۇ. ئەنە شۇ
چاغدا داداڭ:

— مېنىڭچە لۇتپۇللا ئىسمىنى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋا-
پىق كۆرىمەنكىم، "لۇتپى" — مەرھەمەتلىك، شاپائەت-
لىك، ئىلتىپاتلىق، پاكلىق دېگەن مەنىدە بولۇپ، "للا"،
خالىس، ئادالەت، توغرا دېمەكلىكتۇر. "يۇسۇپ-زۇلەي-
خا" قىسسەسىدە:

ئەۋۋەلى نامەئەردى، نامى ئىلاھ،
لۇتپى ئېرور بارچەگە پۇشتى پاناھ.

دېگەن مىسرالار يېزىلغان دېگەندى.

— سورۇن ئەھلى:
— شۇنداق-شۇنداق، لۇتپى دېگەن زات ئۇلۇغ شائىر
ئەمەسمىدى تەقسىر، — دېيىشىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈش-
كەندە يەنە داداڭ:

— ئۇ زات، مىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئۇستازى بولغان،
دەپ ئىزاھلىغان.

— پەرزەنتلىرى — لۇتپۇللا بولغاي، ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرى ئىزىدىن شائىر بولغاي ئامىن، دەپ دۇئا قىلغانىدى. داداڭ خۇشاللىقىدا:

دېگىنىڭلاردەك بولغاي، — دېگەندە، ھەممىسى:

— ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، — دېيىشكەنىدى.

ئايالار مېنى قۇتلۇقلاپ-تەبرىكلەشكەنىدى، شۇ چاغدا مەن سېنى غايىبتىن بىرسى كېلىپلا ئېلىپ كېتىدىغاندەك باغرىمغا مەھكەم باسقانىدىم. . . مېلىكە بېشىدىكى ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا كۆزىنى ئېرتىپ، رەسىمدىكى لۇتپۇللاغا كۆز سالاتتى. رەسىمدىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى، ئەمما ئانىنىڭ قۇلىقىغا ئوغلىنىڭ "لۇتۇن"ۋاقتىدىكى ئاۋازلىرى قوڭغۇراقتەك ئاڭلىناتتى.

— ئاپا، دادام ئەتىگەندە نەگە باردۇ؟

— مەسچىتكە.

— نېمە قىلىدۇ؟

— ناماز ئوقۇيدۇ.

— سەن نېمىشقا مەسچىتكە بارمايسەن ؟

— ئۆيدە ئوقۇيمەن.

— دادام نېمىشقا ئۆيدە ئوقۇمايدۇ؟

— ئۇ جامائەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

— ئوخشىمايدىغان نامازمۇ؟

— سوراۋەرمە، يامان بولىدۇ.

— يامان دېگەن نېمە؟

— چوڭ بولغاندا بىلىسەن.

— قاچان چوڭ بولىمەن؟

— مەكتەپكە بارغاندا، خەت يازغاندا.
— دادام ئوقۇتتۇۋاتامدىغۇ؟
— بۇ دېگەن ساۋات چىقىرىش.
— مەكتەپتە ئوقۇش قانداق بولىدۇ؟
— قەلەم، دەپتەر، كىتابلىرىڭ بولىدۇ.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
”كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس دېگەندەك، ئەندى ئۇلار بالىلىق خاتىرەڭ بولۇپ قالدى، ھازىر ئوقۇدۇڭ، چوڭ بولدۇڭ، مېھماندەك كېلىپ-كېتىدىغان بولدۇڭ...“ مېلىكەمنىڭ خىياللىرىنى تويدىن قايتقان ھېزىم ئاخۇننىڭ كىرىپ كېلىشى ئۈزۈپ قويدى.
ھوي ئانىسى، بۇ ئەتىگەنلىك داستىخانمۇ، چۈشلۈكمۇ؟ — دېدى ھېزىم ئاخۇن چىقىشىپ.
— ئەتىگەنلىك داستىخان، ”مېھمان“ بار يېنىمدا، — دېدى مېلىكەم ئاۋازىنى سوزۇپ.
ھېزىم ئاخۇن پەرىجىسىنى ئۇيگە يېشىپ قويۇپ چىقىپ، ئوغلى لۇتپۇللانىڭ شىرە ئۈستىدىكى رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن چۈشىنىپ:
— بۇ ”مېھمان“ قاچان كەلدى، — دېدى.
— ئەتىگەن، نادىر ئالغاچ چىقىپتۇ، — دېدى مېلىكەم — شۇنىڭغا قاراپ، غايىۋانە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم. يەنە مۇنۇ كىتابى بارئىكەن. نېمە كىتابلىقىنى بىلمىدىم، سىلەرگە ئەۋەتتىمىكىن دېسەم ئورۇسچە ئىكەن.
— ئۆزى چىققاندا ئوقۇماقچىغۇ، — دېدى ئاندىن لۇتپۇللانىڭ سۈرىتىگە يەنە بىر قاراپ، — ئوچۇق چۈشۈپ-

تۇ تامغا ئېسىپ قويى، — دېدى.

— ياق، تامدىن بىرسى ئەكېتىدۇ، كىرلىشىدۇ، سات-
دۇقتىن تىنچ يەر يوق، — دېدى مېلىكەم.

ھېزىم ئاخۇن سۇپىدا ئولتۇرۇپلا شىرەگە قويغان
سىر كايدىكى چايدىن سۇمۇرۇپ قويۇپ؛

— نېمىلەرنى مۇڭدىشىپ كەتكەنسىلەر؟ ، — دېدى.

— لۇتۇننىڭ تۇغۇلغىنىدىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇ-
غۇچىلىك ئارىلىقى، — دېدى مېلىكەم.

— ھى ھى ھى، ئۇزاقدىن چۇشۇپسىلەر، ئەمسە گې-
پىڭلار تۇگۇمەپتۇ-دە؟

— گەپلەرغۇ تۇگەر بولغىيتى، ئوقۇش تۇگىمەيۋاتى-
دىغۇ!

— بۇ گەپچە ئوقۇشلا تۇگىسە "بالا ئادەم①" قىلماق-
چىكەنسەن-دە؟

— بىللە بولساق دېمەكچىمەنغۇ.

— ھەي ئانىسى، ئانىسى. ھېلىمۇ ئايرىلىپ كەتكى-
نى يوق. ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيمۇ ھەدىسىنىڭ ئۆيى. كې-
لىپ-كېتىپ يۈرىدۇ. بىز بىرىپ تۇرۇۋاتىمىز، مۇنداق
رەسىملىرى يەنە كېلىدۇ، ئەتىگەندىن بېرى مۇڭدىشىپ-
سەن.

— ئوغۇ شۇنداق، نەلا بولسا، ئامان بولسۇن. —
دېدى مېلىكەم.

— ھەببەللى، بۇگېپىڭ بەلەن بولدى. —دەپ تەسەللى

---

① كىچىك تۇرۇپلا ئۆيلەش مەنىسىدە.

قىلدى ھېزىم ئاخۇن.
ھېزىم ئاخۇن بىر پىيالە چاينى ئىچىپ بولۇپ سارايغا كىرىپ كەتتى. ئۇ، ئادەتتە مۇنداق چاغلاردا تۆت قاتلاقلىق كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كىچىك شىرەگە قويغان كىتابنى ئوقۇيتتى. ھازىر مىلىكەم بىلەن قىسقا قىلىشقان لۇتپۇللا توغرىسىدىكى پاراڭلار تەسىر قىلدىمۇ ياكى لۇتپۇللانىڭ رەسىمى سەۋەبچى بولدىمۇ، ئىختىيارسىزلا لۇتپۇللا توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. ئۇ، مىلىكەمدەك رەسىمنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشىنى تەپسىلى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىدى، بەلكى لۇتپۇللانىڭ جىسمانى قامىتى، تولۇپ كېلىۋاتقان ئەقلىي تەكۆزلىقى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىشقا ۋاقىت يەتكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈردى: "... لۇتپۇللا ئەلۋەتتە مېنىڭ ئوغلۇم، لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ شېئىرىي تالانتى، ئەجرى بىلەن ئەلگە تونۇلدى. بۇنىڭ بىلەن مەن پەخىرلىنىمەن. بۇنىڭ بىلەن ئاتىلىق بورچۇم ئاخىرلاشتىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، قايسى تەرەپلەردىن يار-يۆلەك بولۇشۇم كېرەك؟" ھېزىم ئاخۇننىڭ لۇتپۇللا توغرىسىدا ئويلاپ كېلىپ، ئاخىرىسىدا ئۆزىگە قويغان بۇ سوئالىدىن ئۆزى گاڭگىراپ قالدى. ئۇ لۇتپۇللانىڭ تۇرمۇش جەھەتتىن ھېچقانداق خىجالەتچىلىكى يوقلىقىنى قەيت قىلدى. پەقەتلا ئوغلى لۇتپۇللانىڭ ئارزۇ-تىلىكى بويىچە بىلىم ئېلىشلا كېرەكلىكىنى بىلەتتى. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن مەكتەپلا چىقالايتتى. ھازىر تەربىيىلىنىۋاتقان رۇس گىمنازىيىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن لۇتپۇللا "بولدى" قىلارمۇ؟، يەنە ئوقۇشنى تەلەپ قىلسا،

چۇ؟. . . تۇۋا، نېمانچە ئۆزەمگە ئۆزەم قولدىن كەلمەيدىغان ئىشلار توغرىسىدا سوئال قويۇپ تۇيۇققا قاپسايمەن؟ مەن ئاتىلىق بۇرچۇم بىلەن ئەدەب-ئەخلاقلىق تەربىيىلىدىم، ساۋادىنى چىقىرىپ، مەكتەپكە بەردىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنى خەلققە تەقدىم قىلدىم. ”بالا بىر ئادەمدىن توغۇلىدۇ، مىڭ ئادەمدىن تەربىيە ئالىدۇ“ ئەمەسمۇ! ئوقۇش تەلىپىنى ھۆكۈمەت ھەل قىلىدۇ-دە. . .

ئۇ بىردىنلا يېنىكلىگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى لۇتپۇللانىڭ سىماسى گەۋدىلەندى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەن تەمكىنلىك بىلەن سۆھبەتلەر قىلاتتى، ئۇنىڭ سەۋرسىزلىك بىلەن: ”. . . قانچىلىك بولغاندا چوڭ بولغان بولىمەن؟“، ”ئەقىل دېگەن قەيەردىن كېلىدۇ“، ”سېنىڭ كىتابتىن ئوقۇغىنىڭنى ھەممە ئادەم بىلەمدۇ؟“، دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ ئۆتكەنلىكلىرىنى ئەسلەپ؛ ”ئەمدى ھەممىنى چۈشەنگۈدەك بولدۇڭ. . .“دەپ كۈلۈمسىرىدى.

## 22

يەكشەنبە چۈشتىن ئىلگىرى لۇتپۇللا ئىككى ئۇقۇتقۇچىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپ قويماقچى ئىكەنلىكىنى ھەدىسىگە ئېيتقانىدى ئۇ:

— سەن دائىم خەقنىڭ ئۆيىگە مېھمانغىلا بارماي، مۇنداق مېھمانمۇ چاقىرغىن، ئۇ، مۇئەللىملىرىڭگە نېمە تاماق تەييارلاي؟ — دېدى.

— ياق، ئۈنچىلىك ھەشەمەتلىك ئولتۇرۇش ئەمەس. پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز. — دېدى لۇتپۇللا. — ئۇلار كەلگەندە مەسلىھەتلىشەرمىز.

رۇسلار قائىدىسى بويىچە دەل ۋاقتىدا ئاناتولى سىبىدەپانوۋىچ بىلەن كالاچىيېف يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆيگە باشلاندى. ئاستى-ئۈستى تاختايلىق، تامدا گىلەم، ئوتتۇرىدا چوڭ ئۈستەل، ئەينەك دېرىزىلىك مېھمانخانىدا ئولتۇرغان بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئەتراپقا سەپسېلىشتى. ئۈستەل ئۈستىدە تاتلىق-تۈرۈملار بىلەن بىللە پىرەنىك، ۋارىنە، بەلىش، توغاچلار تىزىقلىق ئىدى.

— تۈرمۇشىڭلاردىمۇ ئۇيغۇر، تاتار، رۇس قائىدىلىرى ئارىلاش ئىكەن-دە؟، — دېدى ئاناتولى.

— ئۆزىمىزمۇ ئارىلىشىپ ئولتۇرىمىزغۇ!، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ لۇتپۇللا.

شۇندىن باشلاپ پاراڭلار ھەر تەرەپلىمە ئۆچ تارتىپ قىزىپ كەتتى.

— مۇتەللىپ، — دېدى كالاچىيېف بىر تۈرلۈك خۇش كەيپىياتتا، — ئۆتكەنكى دېكلاماتسىيەڭ مەكتەپ سىرتىدىمۇ خېلى تەسىر قوزغاپتۇ.

— رۇسچە ئوقۇغۇنۇم ئۈچۈنمۇ؟

— رۇسچە ئوقۇمىغان بولساڭ ئەلۋەتتە ئۇلار بىلمەيتتى، — دېدى كالاچىيېف — گەپ شېئىرنىڭ كۈچىدە، شۇنداقمۇ ئاناتولى؟

— قەدىرلىك نەرسىنىڭ ھەرقاچان خېرىدارى بىللە بولىدۇ، — دېدى ئاناتولى.

لۇتپۇللا بۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ ئەدەبىياتقا خاس ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە سوئاللار سورىغىنى كەلدى. بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يىراقتىن سۆز ئاچتى.

— ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ خىلمۇ خىل ئىكەنلىكىنى ئەمدىلەتىن بىلىۋاتىمەن. ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە خېلى جەريانلار كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن تاتار، رۇس شائىرلىرىنىڭ بەزى شېئىر شەكىللىرىنى ھەم ئۆگىنىۋاتىمەن.

ھەر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچىلىكىنىڭ بولۇشى تەبىئىي، بىلمەكچى بولغىنىم، قېلىپلىشىپ كەتكەن قائىدىدىن سىرت شەكىلدە شېئىر يېزىلسا تەۋەللىكى ئېتىراپ قىلىنامدۇ؟، — دېدى مۇتەللىپ.

— سەن ئېھتىمال ئۇيغۇر مىللىتىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولساڭ كېرەك،—دېدى ئاناتولى، — ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ قەدىمىي مىللەت ھەم بۇ مىللەتنىڭ پسىخولوگىيە، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار. ئۇنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىيات. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كونكرېت جاۋابنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات پېشۋالىرىدىن ئېلىش كېرەك.

مېنىڭچە، ئەدەبىيات ھەممە مىللەتكە ئورتاق ئىدىئولوگىيىلىك تۇرمۇش. لېكىن ھەر مىللەت ئۆز شارائىتى، ئېھتىياجىغا يارىشا گۈللىنىدۇ. يۇقىرىدا سەن تىلغا ئالغان ھادى تاقتاش، ماياكوۋسكىلارمۇ ئەسلىدىكى ئۆز مىللىتىنىڭ قېلىپلاشقان قائىدىسىدىن ئۆزگىچە يول تۇتتى. شائىرغا نىسبەتەن پىكىر ئەركىنلىكى ۋە دېكلاماتسىيە

سىيە ئاھاڭدارلىقى رىغبەتلىك رول ئوينىدى. ئەمما مۇن-
داق ئەھۋال بەزىلەرگە غەيرىي بىلىنىشى مۇمكىن. غەيرىي
بىلىنگەنىكەن، ئۇ يېڭىلىقتۇر. يېڭىلىق بولغانىكەن، ئۇ
ئىجادىيەتتۇر، — ئاناتولى ستېپانوۋىچ سىر كايدىكى چاي-
نى بىرنەچچە سۇمۇرۇۋېلىپ سۆزىنى، داۋام قىلدى. —
رومىن روللان: "ھاياتنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى —
ئىجادىيەتتە. . ." دەپ بىكار ئېيتمىغان. بۇ يەردە گەپ
ئەدەبىيات ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تولس-
تويى: "يۈرەك قېنىنى يېزىقچىلىققا بېغىشلىغان يازغۇچى-
لار ھەر قېتىم قەلەمنى سىياغا چىلىغاندا ئۆزىنىڭ ئىس-
سىق قېنىنى قالدۇرىدۇ" دېگەن ئەمەسمۇ!

خۇش، ئەمدى سوئالىڭغا دەيدىغىنىم: ئەگەر شېئى-
رىيەتتە ئۆزگىچە شەكىل ئىزدىگەن بولساڭ، خۇشاللىق
بىلەن قوللايمەن. يېقىندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك ئۇ،
بىر مەزگىل غەيرىي بىلىنىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ زىيىنى
يوق. گەپ ئۆزەڭنىڭ ئىزچىل ئىزدىنىشىڭدە، كېيىن
ئاستا-ئاستا شېئىرىي ئىجادىيىتىڭ مىللى تۇس ئېلىپ ئۇي-
غۇر شېئىرىيەتچىلىكىگە تۆھپە بولغۇسىدۇر.

ئاناتولى "سېنىڭچە قانداق" دېگەندەك كالاچىيېفقا قا-
رىۋىدى ئۇ:

— ستېپانوۋىچ ئاناتولى مەزمۇنلۇق پىكىر قىلدى.
يەنى شېئىرىيەت ئۇسلۇبى بىلەن خاسلىقى ھەققىدە پەلسە-
پىۋى قارىشىنى تەكىتلىدى. مەن تامامەن قوشۇلىمەن. —
ئۇ لۇتپۇللاغا تىكىلىپ قاراپ، — مۇتەللىپ سەن ئۇيغۇر
كلاسسىك ھەم ھازىرقى زامان شېئىرىيەتچىلىكى ھەققىدە

داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقان ئوخشايسەن، ماكسىم گوركىي ”ئەدەبىياتچى ھەممە نەرسىنى، مۇمكىن قەدەر كۆپرەك نەرسىنى بىلىشى كېرەك“ دېگەنىدى. مەن سېنى رۇسچە ياز دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەڭ مۇھىمى ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىڭنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈشۈڭ لازىم.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى لۇتپۇللا، — يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئەدەبىياتنىڭ ھەممە مىللەتكە ئورتاقلىقى، مېنىڭ رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇۋاتقانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر-بىرىڭىزلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش.

— مەيلى پوئېزىيە، مەيلى پروزا بولسۇن، ئۇ، قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ ھەۋەس ئۇچۇن قىلىدىغان مەشغۇلاتى ئەمەس. بۇ ھەقتە كلاسسىكلىرىمىز نۇرغۇن تەلىملەرنى ۋ ئىزاھلارنى قالدۇردى. . . شېئىرغا كەلسەك، ئۇ، شائىرنىڭ قەلب ساداسى. ئۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، تىلىكى، تىلى ئارقىلىق ئىخچام، ئاھاڭدار، رىتىملىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ھەقىقىي ئەدىبلەرگە قارىتىلغاندۇر. مەسىلەن، ناۋايى، يۇسۇپخاس ھاجىپ، دانتى، پوشكىن. . . قاتارلىقلار. — ئاناتولى سەل توختاپ ئاخىرىدا، — رۇس ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە باشقا مەشھۇر ئەدىبلەر ھەققىدە دەرسلەردە ئۆتۈلگىنى ئۇچۇن بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا بىرسىنىڭ ئىشىكنى چېكىپ، لۇتپۇللانى چاقىرىشى گەپلەرنى بۆلۈۋەتتى. ئۇستەلگە ئارقا-ئارقىسىدىن لەگمەن كەلتۈرۈلدى.

— سىلەرنىڭ يېيىشىڭلارغا ئەپلىك بولسۇن دەپ خېمىرىنى ئۈزۈپ تاشلىتىپ قىلدۇردۇم، — دېدى لۇتپۇللا قوشۇقلارنى قويۇۋېتىپ.

— بىزنى چوكا تۇتالمايدۇ، دەپسەن-دە، — دېدى كاللاچىيېف چاقچاق قىلىپ، — ھازىر ئۈگىنىپ كەتتۇق. بۇنىڭمۇ پىشۇرۇلۇشى لەڭمەنگە ئوخشاشتۇ؟

— ئوخشاش يەنىلا لەڭمەن، — دېدى لۇتپۇللا.

— تاماقنى يېگەچ بۇ، لەڭمەن ھەققىدە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. كېرىملىدە قۇرۇلتاي ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە جىىسەكچىلەر زالدا كەپتەرنىڭ مايىقىدەك كۆك بىر نەرسىنىڭ تۆرغانلىقىنى بايقاپتۇ. دەرھال لاباراتورىيىدە تەكشۈرتكەندە كەم-كۈتىسىز زەھەر بولۇپ چىققاندىن كېيىن، نازارەتنى كۆچەيتىپتۇ. بىر چاغدا بادام دوپپىلىق بىر ۋەكىل دەل شۇ يەرگە ھېلىقى نەرسىنى تاشلاپ ماڭغاندا ئۇنىڭدىن شۈبھىلەنمىسىمۇ، ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرگىنىدە ۋەكىل:

— توغرا دەيسىلەر، بۇ ھەقىقەتەن زەھەرلىك نەرسە، ئەگەر ئۇنىڭدىن تېرىقچىلىك بىر دانىسىنى يىلان ياكى پاقىنىڭ دۈمبىسىگە تەككۈزسە شۇئان ئۆلىدۇ. ئەمما مەن خۇددى تاماكىدەك چېكىمەن. يەنى كالپۇك ئاستىغا مانا مۇنداق قويىمەن. بۇنى، ناسۋال دەيدۇ، دېگەندە، رازۋېد-كىچىلار بۇ ئادەمگە قىزىقىپ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى سو-راپتۇ. شۇنىڭدا ”لەڭمەن“ دېگەن تاماقنىڭ ئىسمى غەيرىي بىلىنىپ ئۇنىڭغا ياستىپ كۆرسە، ئۇنىڭ خېمىرى يۈز گىرادۇس قايناۋاتقان، ئېلىپلا سوغۇق سۇغا سېلىنغىنىنى

كۆرۈپ:

— ھە، پالتا، پىچاقتەك تۆمۈر ئەسۋابلىرىنىڭ ياسىلىپ، ئاخىرىسىدا سۇغا چىلانغاندا گاڭگا ئايلانغىنىدەك، تاماقنى ھەزىم قىلغان ئاشقازىنىڭغىمۇ زەھەر كار قىلمايدىكەن-دە، — دەپ قايىل بوپتىكەن.

سوررۇندىكىلەر بۇ ئىشتىھا ھېكايىسىغا كۈلۈشۈپ خېلى تەرىپلەشتى. تاماق قاچىلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ ئۇسسۇلۇق چاي تارتىلدى.

ئاناتولى خۇددى ھازىرلا ئۆيگە كىرگەندەك تامدىكى چوڭايتىلىپ سىزىلغان ماي بوياق رەسىمگە قاراپ:

— بۇ، ئەسلى ۋاسىپتوفنىڭ "ئالېنوشكا" دېگەن داڭلىق رەسىمى، ئەينى سىزىپسەن، — دېدى.

رەسىمدە بۇك ئورمانىنىڭ بىر چېتىدىكى بۇلاق بېشىدا زوڭزىيىپ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغان يالغۇز قىزنىڭ خىيالغا چۆككەنلىكى، ئۇنىڭ خىيالىغا دەخلى قىلغۇسى كەلمىگەندەك، تىپتىنچ بۇلاق سۈيى قىزنىڭ ئەكسىنى غۇۋا كۆرسىتىپ تۇراتتى. يالىڭاياق، كونا كىيىملىك بۇ قىز غۇربەت تۇرمۇشىدا بولسىمۇ، سەبىي چېھرىدىن بىرخىل ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا قىزغا لىكەن يوپۇرماقلىرى سىرداش، قېيىن دەرەخلىرى پاسىبان بولغاندەك تۇراتتى...

— بۇ بىر تىپتىنچ بۇلۇڭ بولسىمۇ، يەنىلا تىنچسىز دۇنيانىڭ بىر تەركىبى قىسمى، — دېدى لۇتپۇللا، — شۇڭلاشقىمۇ ھەر قېتىم قارىغىنىمدا ماڭا تەسەۋۋۇر ئاتا قىلىدۇ.

— مۇتەللىپ، بۇ تەسىراتىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرە-
سەن؟
— بۇنىڭ روسىيە تۇرمۇشىدىن سىزىلغانلىقىغا قارى-
ماي، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايا مەن تىلغا ئالغان مۇ-
شۇ يەردىكى خوتۇن-قىزلارغا ئورتاقلىقى بار دەپ بىلى-
مەن.
لۇتپۇللانىڭ تەھلىلىگە ئوقۇتقۇچىلىرى قايىل بولغان-
لىقىنى بىلدۈرۈشتى.
— ئەمدى شېئىرلىرىڭىزدىن ئاڭلىساق قانداق؟، —
دېدى كالاچىيېف ھەم لۇتپۇللانىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشىگە
قارىماي ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. بۇ لۇتپۇللانىڭ
ئوتلۇق ئىلھاملىرىنىڭ چاچراپ تۇرغان مىسرالىرى ھەر-
دائىم تەييار ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى.
— ماقۇل.

بىز كونا دۇنيا بىلەن كۆرۈشۈۋاتىمىز،
ھەر بىر ئىشتا.
ھەر قەدەمدە،
چىپىش ياساپ،
بىر-بىرىمىزنى سۈرىشىۋاتىمىز.
ئەنە ئالدىمىزدا،
ئوتلۇق ۋولقان،
كۆيدۈرۈپ ئەسكىنى،
قىلىپ كۆكۈم تالقان،
قاراڭلار ئەتراپقا.

رەڭمۇ رەڭ، چېپچىرايلىق،
يېڭىشتىن گۈللەر ئېچىلغان.
قاراڭغۇ، قاڭسىق بۇلۇڭلارغا،
خۇشبۇيى چېچىلغان.
مانا!
كونا دۇنيا بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز،
خۇراپات بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز.
شۇڭلاشقا
ئۆلكىمىزدە ئىستىقبال چېچەكلىرى،
بىز بۇلبۇل بولۇپ سايراۋاتىمىز.

تالانتلىق شائىر لۇتپۇللانىڭ، جاراڭلاپ تۇرغان مىسرالىرى، بەدىئىي ماھارىتى ئۇ بىر دۇنيا بولسا، شوخ، جەلپكار ئىنتوناتسىيىسى، ھەرىكەتلىرى يەنە بىر دۇنيا ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن زوق ئېلىپ ئاڭلاۋاتقان ئالدىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ رايىنى قايتۇرغاندەك، نېمىندۇ ئويلانغان لۇتپۇللا:

— مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇسام بولار؟، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟، — دېدى ھەر ئىككى ئوقۇتقۇچى تەڭلا، — بىز سېنى ئوقۇتۇپ كۆرمەكچى ئەمەس، بەلكى لەززەتلەنمەكچى!

لۇتپۇللا يەنە شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ھاياتقا ئىشقى-شوقىمىز بىلەن قاراۋاتىمىز،
خەلق خىزمىتىگە ياراۋاتىمىز.

ئەسكىلىكلەر ئورنىغا يېڭىلىقلار،
كۆرۈۋاتىسىلەر، قاراۋاتىمىز.
ئىستىبداتچىل چىرىك نىيەتلەرنى،
تار-مار ئەتتۇق.
يەنە ئەتمەكچىمىز.
ئەنە!
جاھانگىر ياپونلارنى،
قانلىق مەيداندا دىر-دىر تىترەتتۇق.
بەلنى باغلاپ،
چاغنى چاغلاپ،
ئىش مەيدانىغا ئىرغىدۇق.
ئىشلەيمىز،
يېڭى ھايات مېۋىسىدىن چىشلەيمىز.
ئۆمۈر بويى نۇر چاچار،
بىز كۈتتۈۋاتقان مەڭگۇ ئازادلىق،
مەزلۇملارغا بەخت ئىشىكىنى كەڭ ئاچار.
ئۇنىڭ بىلەن بىز
خۇراپاتنىڭ توپىسىنى كۆككە سورۇيمىز.
بىزنى كۈتمەكتە
پارلاق ئىستىقبال.
خوش، خوش... كونا دۇنيا،
سېنىڭ بىلەن كۆرىشىۋاتىمىز!

شېئىر تۈگىشى بىلەن لۇتپۇللا:
— ئاڭلىغىنىڭلارغا رەھمەت!، — دەپ ئولتۇردى.

— بۇ شېئىرنىڭ ئارقىلىق سىنى تەبرىكلەيمىز! — دېدى ھەر ئىككى ئوقۇتقۇچىسى قول ئېلىشىپ.

لۇتپۇللا ئوقۇتقۇچىلىرىنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىق-قاندا كۆڭ نامازدىگەر بولۇپ قالغانىدى.

ئوقۇتقۇچىلار مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قايتتى. ئۇلار بۇ تالانتلىق بالا شائىرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئۈمىدلىك پا-راڭلارنى قىلىشتى.

23

چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوتتۇرا ياشتىن سەل ھالقىغان بىرسى ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان ھالدا:

— ئەنۋەر ناسىرى قايسىڭلار؟ — دەپلا بۇلۇمگە كىرىپ كەلدى.

— مەن، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى بۇ غەلىتە قىياپەت-لىك ئادەمگە.

— ئوردىدىن كېلىشىم. سىزنى مۇشۇ كىشىنى ئىز-لەپ بىللە كەلسۇن دېدى، — دەپ لۇتپۇللانىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر قەغەزنى بەردى.

— بۇ بالا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. — دېدى ئەنۋەر ناسى-رى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىللە بارىسىزدە!.

بۇلار كوچىغا چىققاندا ئىككى ئات قوشۇلغان كالاس-كا تۇراتتى. ئۇلار ئولتۇردى-دە، تۇۋەنلەپ مېڭىپ كەت-تى.

— ئوردىغا نېمىگە چاقىرتىپتۇ، — دېدى خاتىرجەم-
سىزلەنگەن ئەنۋەر ناسىرى. چاقىرىپ كەلگۈچى گويا
بىرسى گەپ سورىمىغاندەكلا جىم ئولتۇرۇۋەردى. ئەمدى
راستىنلا خاتىرجەمسىزلەندى ئەنۋەر ناسىرى.

— غوجادادىمىز نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنى خىيالىڭدا
مېنى بىلىدۇ دەۋاتساڭ كېرەك-ھە؟. گېپىڭگە قارىغاندا
ئوردىغا بارمىغان نېمە ئوخشايسەن! ،— دېدى ئۇ، شۇ-
نىڭ بىلەن كالاسكا ئىچى جىملىقىقا چۆمدى.

گىمنازىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كالاسكا توختىدى.
ئوردىدىن كەلگەن كىشى بىلەن ئەنۋەر ناسىرى مۇدىرىيەت
ئىشخانىسىغا يولۇققاندىن كېيىن، بىردەمدىلا لۇتپۇللانى
تېپىپ قوشۇپ قويدى. ئوردىدىن كەلگەن كىشى لۇتپۇللا-
نىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ چىقىپ، مەنسىتمىگەن
ھالدا:

— سەنمىدىڭ؟ ، — دەپلا قويدى.

بۇلار كالاسكىغا جەم بولۇپ، ئوردىغا قاراپ يول
ئالدى.

— ئەنۋەر ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا، — بىزنى نېمىگە
چاقىرتىپتۇ؟

چاقىرغىلى كەلگەن ئادەم ئۆزى بىلمەيدىكەن، مەن
قانداق بىلەي،—دېدى ئەنۋەرناسىرى كۆزى بىلەن شەرەت
قىلىپ.

كالاسكا يېنىك تەۋرىنىپ ئىلگىرىلەيتتى. لۇتپۇللا
چاقىرىپ كەلگەن ئادەمگە پات-پات قاراپ قوياتتى، ئۇ،
ئالدىدىكى ھارۋا ھەيدىگۈچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولسى-

ـمۇ قۇلىقىغا يېتىدىغان شاپ بۇرۇتى يېرىم كۆرۈنۈپ،
يېشىدىكى تەلپىكىگە ماسلاشقانىدى. ئۈستىدە قىزىل
چەكمەن پەرىجە، بېلىدە كۈمۈشتەك قەلەي پىستان قېقىل-
غان تېرە بەلۋاغ بار، قارا شىم، تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ
تۇرغان قىزىل ئۆتۈك كىيگەن بۇ ئادەم مۇنداقچە ئېيتقاندا
بىر سۈرلۈك ئىدى.

— ئىلگىرى ئوردىغا بارغانمىدىڭلا؟ ،— بۇ ئادەم ئار-
قىسىغىمۇ قارىماي بىردىنلا ئېغىز ئاچتى.

— بىز گە نەدە ئۇنداق پۇرسەت دەيسىز ئاكا، — دېدى
ئەنۋەر ناسىرى سوئالنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى-
نى بىلىپ.

— دېگىنىڭ توغرا، ھەممىلا ئادەمگە ئۇنداق پۇرسەت
بولۇۋەرمەيدۇ، غوجادادىمىزنىڭ ئىشى بولمىسا، ھېچ-
كىمنى بارغۇزمايدۇ، پەقەت مەسلىھەت سورايدىغان، مەن-
سەپكە تەيىنلەنگەن ئادەملەرلا كىرىپ-چىقىدۇ، — دېدى
ئۇ.

— ئۇنداقتا بىزنىڭ ھەر ئىككىمىزگىلا شەرتىمىز
توشمايدىكەن،— دېدى ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا ئۆز-
لىرىچە. بۇ ھال ئوردىدىن كەلگۈچىنىڭ خورىكىنى تېخ-
ىمۇ ئۆستۈرۈپ قويغاندەك بولدى، ”بۇلارنى غوجادادىمىز
چاقىرغان بىلەن چاغلىق نېمىلەر ئىكەن، مېنىڭچىلىكمۇ
بىلمەيدىكەن“ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چاقىرىل-
غۇچىلارنىڭ ئۆزئارا قىلغان پاراڭلىرىغا جاۋاب بەرگۈسى
كېلىپ:

— ئوردىغا بارغاندا بىلىسىلەر، — دېدى.

شەھەر ئىچى مەھەللىسىنىڭ ئەگرى-توقاي تار كو-چىلىرىدىن ماڭغان كالاسكا سىرلانمىغان چوڭ بىر دەرۋازا ئالدىدا توختىدى.

دەرۋازىدىن بىر كىشى چىقىپ ئىچكىرىنى ئىشارەت قىلدى. ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىكى قوش ئىشىك بىلەن بىر ئازادە خانىغا كىردى. ئاندىن يەنە بىر سىرلانغان قوش ئىشىكنى قىيا ئېچىپ:

— مېھمانلار كەلدى تەقسىر، — دېدى. ئۇ ئىچىد-دىن ئىجازەت بېرىلگەندە ئۇ كىشى دالاندا قېلىپ، كەل-گۈچىلەرنى كىرىشكە ئىملىدى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار، يۇقىرى ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ھاكىمبەگ غوجا. يېنىدىكى سا-قاللىق ئادەم ھەم تەكرارلاپ سۆز قوشتى. ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا ئۇيگە ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان يېكەنداز-لارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئالقانلىرىنى ياپىغا-نىدى، ساقاللىق تەقۋادار سۇپەت ئادەم:

— ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر، — دەپ دۇئا قىلىپ بەر-دى. شۇنىڭ بىلەن قىسقا ئەھۋال سوراشتى.

— قايسىڭلار ھېلىقى قوشاقچى؟.

— غوجادادىمىز بەلكىم لۇتپۇللانى دەۋاتىدىغۇ دەي-مەن، مانا بۇ يىگىت، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

— ئېتىڭمۇ تەس ئىكەن، كىمنىڭ بالىسى سەن؟ — سورىدى ھاكىمبەگ غوجا.

— مەن ئىلقىلىق ھېزىم ئاخۇننىڭ بالىسى، بۇ يەردە

تۇغقانلارنىڭ ئۇيىدە تۇرۇپ ئوقۇيمەن. مۇشۇ مەھەللىدە توختاخۇن زەرگا دېگەن چوڭ دادام بار. — دېدى لۇتپۇللا.

— مۇنداق دېگىن، توختاخۇن مېنىڭ قوشنام بولىدۇ.

— دېدى غوجام.

— يالاڭباش كىرىپ كەلگىنىڭدىن ئورۇسىمكىن دېپ ئويلىدىم، بىز خەقتىن ئىكەنسەنىدە، — دېدى ساقاللىق ئادەم.

— ئورۇس مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، — دەپ ئىزاھات بەردى ئەنۋەر ناسىرى.

— ناھايىتى ياخشى، ئوقۇغان دېگەن ئۇلۇق ئىش، شۇنداقتۇ مۇپتى ئاخونۇم؟، — دېدى غوجام.

— تەقسىر، مەدرىستىن يۇقىرى ئەمەستۇ؟. — دېدى يالغاندىن كۈلگەن مۇپتى ئاخۇنۇم. — ھېلىتىنلا يالاڭباش يۇرۇشنى ئۆگىنىپتۇ. . .

— ھوي مۇپتى ئاخونۇم، ئەمىسە، سىلىدەك سەللە يۆگىۋالسا بولاتتىمۇ؟ ھى ھى ھى، بەزى يوغان سەللە يۆگىگەنلەردىن مۇشۇنداق پاخما باشلار تېخى ئوقۇمۇشلۇق، ”زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق“ دېگەن ئەمەسمۇ، كونىلار، مۇنداق باللارنىڭ بېشىغا قارىماي قىلغان ئىشىغا قاراش كېرەك.

بۇ سۆزلەر قورۇنۇپ ئولتۇرغان ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللاغا قەپەزدىن چىققان تورغايدەك ئازادىلىك بېغىشلىدى.

— ھە، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلىلى. سېنى چاقىرتقىنىم ئۇيەر-بۇيەردىكى سورۇنلاردا گېپىڭ بولۇپ

قالىدۇ. گېزىتلەرگىمۇ قوشاقلىرىڭ چىقىپ تۇرۇپتۇدەك.
ئۆزەڭ تېخى ئوقوغۇچى ئىكەنسەن. سېنىڭ ياپون جاھان-
گىرلىكىنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئاياق-ئاستى قىلغىنىغا قارشى
خەلققە مەدەت بېرىدىغان قوشاقلىرىڭ ئەل قاتارى مېنىمۇ
خۇشال قىلدى. نېمىشقا دېسەڭ، مەن ئىلىدىكى شۇ ئىش-
قا مەسئۇل ئەمەسمۇ!
— تىلغا ئالغانلىرىغا رەھمەت تەقسىر، — دېدى لۇت-
پۇللا.
— بەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەدەنىيەت توغرى-
سىدا ھەم يېزىپسەن، — دەپ داۋام قىلدى ھاكىمبەگ
غوجا، — تەقسىر بۇلاردىن سىلىنىڭ خەۋەرلىرىمۇ باردۇ؟
— دېدى مۇپتى ئاخۇنۇمغا بۇرۇلۇپ قارىغان غوجام.
— ھە، مەن. . .
— مۇنداق ئەمەسمۇ، ئەمدى بىلدىڭىزغۇ دەيمەن ھى
ھى ھى. — غوجام ئەنۋەر ناسىرىگە يۈزلىنىپ، — سەن
كىم بولىسەن؟— دېدى.
گېزىتخانىدا ئىشلەيمەن تەقسىر.
— ئەنۋەر ناسىرى دېگەن شائىرىمىز، — دېدى لۇت-
پۇللا تولۇقلاپ.
— شائىر؟
— ھەئە، شائىر دېگىنىمىز قوشاق، بېيىتلاردىن يۇ-
قىرى سۆپەت، — دەپ چۈشەندۈردى لۇتپۇللا.
— ھە، ئۇمۇ ناخشىچى، دۇتارچى، قوشاقچى دېگەن-
دەك شائىرچى دېسە بولىدىغان ئۆز تىلىمىز دېسەڭچۇ.
چولوقايدا تىيىپ زات، جاغىستايدا نەزەر غوجا دېگەن

قوشاقچىلارمۇ بار تونۇشىدىغانسىلەر؟

— تونۇيمىز.

— سىنىڭ ئوقۇشۇڭ قاچان تۈگەيدۇ؟

— بۇ يىل.

— سەنمۇ گېزىتخانىدا ئىشلەمسەن؟

— يوقسۇ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارىمەن.

ھۇششەرە، بۇ ئارزۇيۇڭ بولىدۇ. ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە ئۆگەنسەڭ، مەندەك تۇگچى ئارىلاشتۇرماي، بىۋاستە سۆزلىشىۋېرىسەن. مېنىڭ دەيدىغىنىم تۈگىدى ئوغلۇم، نېمە تەلىپىڭ بار؟ ، — دېدى ھاكىمبەگ غوجا.

— مەن ئوقۇغۇچىنىڭ نېمە تەلىپىم بولاتتى تەقسىر، ئورۇس مەكتىپى بىلەن ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە شارائىتلىرى ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈنسە دەيمەن.

— سىنىڭچۇ بالام؟

— گېزىتىمىز خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتىدۇ، ماشىنا، قەغەزلەر كەم. — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

— تىلەكلىرىڭلارنى ھاكىملارغا، دوتەيگە يەتكۈزىمەن.

— دېدى ھاكىمبەگ غوجا خۇش چىراي ئىپادىسى بىلەن.

— ئەمىسە ئىجازەت بەرسىلە، بىز قايتىلى سىلىنىڭمۇ ئىشلىرى باردۇ، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى ھاكىمبەگ غوجا ئولتۇرغان ئورنىدىلا ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئەمدى ئۇلار كالاسكىدا ئولتۇرۇشنى رەت قىلىپ ئارىلىق يېقىن دەپ پىيادە قايتتى. دەرۋازىدىن چىقىپلا ئۇدۇل تار كوچىغا كىرگەندە، لۇتپۇللا تەسىراتىنى سۆزلەش-

كە باشلىدى.

ھېلىقى شاپ بۆرۆت ”ئوردا“ دېسە كۆز ئالدىمغا رىۋايەتلەردىكى ئوردا كەلگەندى، سەپسالغانسىز، ئادەتتىكى ئۆي، تاملاردا ئويۇق، تۈگلۈك، نېمىدېگەن ئاددى-ساددا، تېخى ئىشىك باقارلىرىچۇ، بەلكىم بىز كىرگەن ئۆي ئوردا ئەمەستۇ-ھە؟

— بۆرۆن ئەلاخان سۇلتانلىقىدىن تارتىپ ئوردا خادىملىرى تۇرغان ئاشۇ مەھەللىنى شۇنداق ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان گەپ. ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئۆيىنى دېسەك ئۇ ئۆزىگە لايىق قەدىمكى قائىدىسىدىكى خانا. بۇ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ھۆكۈمەت ئىشىدىكى چوڭ ئادىمىمىز-دە. — ساددا ئادەم ئىكەن، لېكىن كۆڭۈل بۆلىدىغان تەرەپلىرى كەڭ بولسا كېرەك، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەققىدە ئۆز تىلى بىلەن بەرگەن باھاسىنى قاراڭ-ھە، ھېلىقى تەلەپلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماس؟

— ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ، لېكىن بايىقىدەك مۇتەئەسسىپلەرنىڭ تۇسالغۇسىغا ئۇچرىمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن ئۆيگە قايتقان لۇتپۇللا ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن چايخانىدا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان نۇرجان:

— چۈشلۈك تاماققا كەلمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— سىرتتىن تاماق يېدىم، ئۇنى قويغىنا، كىمنىڭ قېشىغا باردىڭ، دېگىنە، — دېدى لۇتپۇللا ناتونۇش كىشىگە قاراپ قويۇپ، — قىزىق ئىشلار بولدى.

— ئۇنداق بولسا سۆزلەۋەر بۇ سەھرادىن كىرگەن بوۋايمۇ ئاڭلىسۇن.
— تونۇغقىنىمىزمۇ؟
— تونۇغقىنىمىزدەك ئادەم.
— ھاكىمبەگ غوجامنى كۆردۇم.
— ئىلگىرى كۆرمىگەنمىدىڭ؟ — دېدى نۇرجان.
— يىراقتىن كۆرگەن، بۇ قېتىم چاقىرىپتىكەن ئۆيدە ئەنۋەر ئاكام ئىككىمىز پاراڭلاشتۇق. يېنىدا بىر مۆيتىسى بىللە ئىكەن، بەك مۇتەئەسسىپتەك بىلىندى. لېكىن غو-جام ساددا كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن. ئۇ چوڭ دادامنى تونۇيدىكەن.
— بىر مەھەللىدە ئەمەسمۇ، — دېدى نۇرجان، — ئۇنداق بولسا، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەن، ئور-دىغا بىر پەسەن-دە.
— ھاكىمبەگ غوجام بىر نەزەر تەككەن پادىشاھ-دەپ گەپكە ئارىلاشتى بوۋاي، — بۇ ئوغلۇم دېگەندەك ئۇ كىشىنىڭ نام-شەرىپىنى بىلىدىغانلار تولا. يۈز تۇرانە كۆ-رۈشكەنلەر ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قارىياغاچ مازارغا باراۋەت قىلىپ چىققىنىنى ئاڭ-لاپ ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن نۇرغۇن ئادەم ئۆزلىرىچە بارغانىدى. مەنمۇ شۇ قاتاردا كۆرگەنىدىم. ئۆزى ۋىجە-كىرەك، ئاق سېرىق ئادەم بولۇپ، بېشىغا شىلەپە، ئۇس-تىگە پەرىجە كىيىۋالغانىكەن. بىر چاغدا تورپانيۈزى، كىپەكيۈزى، ھەرەمباغدىن كەلگەن ھاپىزلار زىكرى سو-قۇپ، تەلقىن ئېيتىشتى. شۇلار قايتقىچە ھەر خىل ئويۇن-

ىلار — چېلىشچىلار، ئۈسسۈلچىلار قىزىتقانىدى. . .
كېيىن ئاڭلىساق شۇ يەردە ئەرز تۇتقانلارنىڭ ئەرزلىرىگە
مۆھرىسىنى بېسىپ شاڭيۇ، مىڭ بەگلىرىگە چۇشۇرۇپ
بەرگەنىكەن. بۇلارغۇ بىر كونا پاراڭ، — دېدى بوۋاي
ئاخىرىدا.
— لۇتپۇللاغا كونا پاراڭ ئەمەس، چۆچەك، قوشاقلار
بولسا تېخىمۇ ياخشى دېسىلە.
— ئۇنىڭغىمۇ مەندە يېتىپ ئاشقۇدەك پاراڭلار بار.
بىز دېھقان ئادەم دېگەن ئاشلىقنى ئېلىپ بولۇپ قالغان
ۋاقىتنى پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزىمىز — دېدى بوۋاي. —
دېھقان بولغاندا گادايلىرىنىڭ بىرسى مەن، تىرىكچىلىكىم
غايىب يامغۇرغا ئۇمىد باغلاپ ئاپتاپ قويۇق چۇشىدىغان
پۇشقاق يەرگە بىنام تېرىش بىلەن بولىدۇ. لېكىن سىلەرگە
شۇنىڭ ئۇندىن ساتتىم، يېگەندە بىلىسىلەر، لەڭمىنى
تازا ئوخشايدۇ، ھورنېنى تىترەپ تۇرىدۇ.
— ئاپتاپ قويۇق چۇشىدىغان پۇشقاق يېرىڭىز نېمە-
سى، شۇنچە كەڭ دالىدا؟، — سورىدى لۇتپۇللا.
— دېگىنىڭ توغرا. مەن ھېچكىم ياراتماي تاشلىۋەت-
كەن يانتۇ، قىرقىلارغا تېرىقچىلىق قىلىمەن.
مەن ئەقلىمگە كەلسەم دادام مالاي ئىكەن. مەنمۇ
مالاي بولغاندا دادام ئالەمدىن ئۆتتى. كونىلارنىڭ: "بار-
نىڭ مايىقى تېگىدۇ، يوقنىڭ تايىقى" دېگەنىدەك كۈن ئۆت-
كۈزدۈم. باينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ نېمە
قىلىدىغىنىنى بىلەلمەيتتىم. شۇلارنىڭ بىرسىگە تېگىل-
گەن سېلىق ئۆچۈنمۇ خوجايىن مېنىڭ چېرىكلىككە بې-

رىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنۇمىدىم. شۇ باھانە بىلەن مېنى
ھەيدىۋەتتى. ھەق تەلەپ قىلسام ھېلىقى يېگەن-ئىچكەن-
لىرىمنى ھېسابلاپ ئىشتىن بوشاتتى. گاداي ئۇچۇن بىر
پەردە ئىشلىيەلمەسلىكىمۇ ئېغىر تارتقۇلۇق ئىكەن...
ئاشخانىسىدىكىلەردىن ئازراق نان ئېلىپ، ناننى سۇغا چى-
لاپ يەۋاتسام، مەندىنمۇ بىچارە بىرسى سۇنىڭ بويىدا
ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەچ قولۇمدىكى نانغا قاراپ قويدى.
مەن ئۇنىڭغا نان بەرسەم، ماڭا رەھمەت ئېيتىپ ناننى
ئالدى-دە يېرىمىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان ئىتىغا بېرىپ، يېرى-
مىنى ئۆزى يېدى، ئەجەبلەندىم.

— يولۇچى ئىكەنسىز-دە، — دېدىم.

— يولۇچى؟، — دېدى ئۇ ماڭىمۇ قارىماي، —
يولۇچى دېگەننىڭ مەنزىلى بولىدۇ، مەن سەرگەردان، مۇ-
نۇ "تۆت كۆز" ئىتىم ھەمراھ.

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ تەققى-تۇرقىغا
سەپسالسام قولىدا كىچىككىنە بىر تۇگۈنچەك، بىر تال
تايىقى، ئاشۇ "تۆت كۆز" ئىتىدىن باشقا ھېچنەرسىسى
يوق ئىدى. ئەمما تۇرمۇشىدا بىر سەرگۈزەشت بار ئىدى.

لېكىن مېنىڭ قولۇمدىن بايىقى بەرگەندىن باشقا نان
بېرىشكىمۇ قورbim يەتمەيتتى. پەقەت "خوش" دەپلا مې-
ڭىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

— بەلكىم سەن "چاشقان ئۆزى پاتمىغان تۆشۈككە
غەلۋىر سۆرەپتۇ" دېگەندەك ئىت ئەگەشتۇرىۋالغىنى نىمە-
سىدۇ، دەپ ئويلىغانسەن. — دېدى سۆز باشلاپ ئۇ،
مۇنۇ تۇرقۇم بىلەن بىراۋنىڭ ئۆيىگە بېرىشقىمۇ پېتىنال-

مايمەن، شۇڭلاشقا دالىدا يېتىپ-قوپۇپ يۈرىمەن. ئىت ماڭا ھەمراھ يەنە سەن "قايسى بىر دۇنيارىڭنى ئوغرى ئالار" دەرسەن. ئۇنىڭدىن غېمىم يوق. مەن سەرگەردان بولسامىمۇ ئادەم. ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن بۇ كۆزلەرگە قالغىنىمغا ئىككى ئايدەك بولدى. ئۇكا ئالدىراۋاتمىغانسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق، — دېدىم.

— "كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتىدۇ، كىيىمنىڭ كىرىنى يۇسا" دەيدىكەن كونىلار، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، — گەپنى قىسقارتىپ دېسەم، يول-يولدىن قوشۇلۇپ ئالتە شەھەردىن تۆت ئوغۇل بالا ئىش ئىزدەپ ئېلىغا چىققاندۇق. ھەممىمىزنىڭ خىيالىدا "ئېلىنىڭ بىر ئېرىقىدا ئالتۇن، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقىدىكەن" دېگەن ئىشەنچ بار ئىدى. "كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس" دېگەندەك ئىلىغىمۇ كەلدۇق. ئۇنداق ئېرىقىمۇ ئۇچرىمىدى، بىزدەك تىرىكچىلىك بىلەن چىقىپ ئىشسىز يۈرگەن يېتىمچى-يوقسۇللارمۇ تولىكەن. ھۈنىرى بارلار ھۈنىرى يوقلاردىن ياخشى ئىكەن. لېكىن تىرىك ئادەم بولغاندىن كېيىن بىر ئاماللار بىلەن ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن بولدۇق. بەزىلەر تەلۋىلىك قىلىپ يامولغىمۇ كىرىپ كەتتى. . . يازدىغۇ كۈن شۇنداق ئۆتتى، قىشتىچۇ؟ قىشتا خاڭغا يىغىلىدىكەن. مەنمۇ خاڭدا ئىشلىدىم. ئەمما ئادەمنىڭ ئەتىۋارى يوقكەن. ئۇنىڭغا نېمە ئامال.

ئاستا-ئاستا بىلدۇقكى، ئالتۇن ئاققان ئېرىق ئەمەلدارلارنىڭ، كۈمۈش ئاققان ئېرىق بايلارنىڭ، قاغجىراپ

تۇرغان ئېرىق گادايلارنىڭ ئىكەن، مۇنداق ئېرىقلار بىز-نىڭ يۇرتىمىزمۇ بار ئەمەسمىدى.

يازغا چىققاندا خاك تاقالدى. يېتىمچى مەدىكارلار ئۇۋۇسىدىن چىققان ئۇمچۇكلەردەك تاراپ كەتتۇق. بىر ئىش تېپىلىپ قالار.

مەندىن ئىلگىرى خاڭدا ئىشلىگەنلەر بار ئىكەن. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بىز بىلەن ئوخشاش ئۇتۇپتۇ. مەيلى كونىسى، مەيلى يېڭىسى بولسۇن مۇنداق قوشاقلارنى تەك ئېيتىدىكەن:

قەشقەردىن چىققان باللار،
تەگدىن تولىسى خاڭدا.
كەچ كۆزدە كېتەي دىسە،
بىردىن چاپىنى داڭدا.

زوخاڭدىن چۇشۇپ بېرىپ،
ھاڭنى چاپقان ئوخشايمىز،
بەرگىنى سۇنۇق يارماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمىز.

مۇنداق قوشاقلار تولا. بىز مانا شۇ قوشاقلار بىلەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تەسەللى بېرىپ تۇردۇق. تېنىم ساقلا بولسا سودىگەرلەرنىڭ ئىشىكىنى ھەيدەپ بولسىمۇ كىن-دىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمغا كەتكىنىم دۇرۇس ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ خىياللارغا

چۈكتۇم. ھەر ئىككىمىز جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. سۆنىڭ شىلدىرلاپ ئاقىشىدىن باشقا سادا يوق ئىدى. مەن ئۆز كەچمىشلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەشنى خالىمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭمۇ دەردى ئاز ئەمەس ئىدى.

بۇرۇنقىلار "كۆپ ياشىغاندىن ئەقىل سورىغىچە كۆپنى كۆرگەندىن سورا" دەپتىكەن. بۇ كىشىدىن مەسلىھەت سورايچۇ.

— ئاكا، مەنمۇ بۈگۈن ئىشتىن قوغلاندىم. سىزچە نېمە قىلسام بولار؟ — دېدىم.

— ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭدىن، يۇرتۇڭدىن ئايرىلما. — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ سورىماپتىمەن. ئاۋۇلى خۇدا، ئاندىن شۇ مۇساپىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھېلىقى بىنام تىرىكچىلىكى بىلەن كېلىۋاتىمەن، ئۆيىمىز ئەتراپىدىكى يەرلەرگە دەرەخ تىككەندىم، چوڭ بولغانلىرىنى ساتتىم ھەم ئىشلەتتىم، بەش بالام بار. — دېدى بوۋاي.

—يىلىڭىز نېمە؟ — سورىدى نۇرجان.

— ئات.

— ھوي، يېشىمىز ئانچە پەرقلەنمەيدىكەنغۇ، — دېدى نۇرجان.

مېنىڭ قېرىپ كەتكىنىم يەنىلا شۇ تۇرمۇش غۇربەتچىلىكىنىڭ ئالامىتى. — دېدى.

لۇتپۇللانىڭ خىيالى تېخىچىلا بوۋاينىڭ سۆزلىگەنلىرىدە ئىدى. گەپنىڭ ئاخىرىسى ھازىرقى يامان ئەمەس تۇرمۇش ھالىتىدە توختىدى.

— بالىلىرىڭىز ئوقۇدىمۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

ھەي، مەن دادىسى ئوقۇمىغان تۇرسام بالىلار نەدە ئوقۇسۇن؟ بىزنىڭ مەھەللىدە ئوقۇغانلار يوق. مەسچىت-نىڭ بىر سولتەك ئىمامى ئانچە-مۇنچە خەت بىلىدۇ. ئەل-لىك بىشىمۇ قارا تۇرۇك.

لېكىن ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئوقۇمىغان بىلەن ناخشا ئېيتىشقا، قوشاق قېتىشقا ئامراق ئېنىزدا، يولدا، ئۆيدە قىسقىسى، ھەممىلا يەردە ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ناخشىدىن خالىي ئەمەس، ئەمما بىز خەقنىڭ قانچىلىك ناخشىسى بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— مەھەللەڭلەر چوڭمۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— خېلى چوڭ، قىرىقتەك تۈتۈن بار.

ئانچە چوڭ مەھەللە ئەمەسكەن.

— بىراق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار تولا ئۆتكەن-كەن. شۇڭلاشقا قولاق موللىسى ئاز ئەمەس.

— قوشاق توغرىسىدا گەپ ئارىلاپ كەتتۇق، ئۇ، قانداق قوشاقلار؟

— ئۇلارنىڭ قانداق قوشاقلىقىنى دەپ بېرەلمەيمەن. بەزىلىرىنى ناخشىمىزدا، بەزىلىرىنى ئۆزئارا كۆڭۈل ئې-چىش تېرىقىسىدە ئېيتىشىمىز. ئۇنداق بولسا، قايسىسى ئېسىمغا كەلسە شۇنى دەپ كۆرەيمۇ؟

گايىلار باغ-ۋاران قىپتۇ،
يار بويىدىكى ھاڭغا.
ئەللىك بېشىلىق تېگىپتۇ،

ھارۇنكەش دوگان پاگغا.

ئوزۇلا يەي ئوزۇلا،
قويدىن تولا قوزىلا.
دوگان ئۆرۈلۈپ كەتسە،
ماموت كىلىپ بوزىلا.

غانجوغامغا باغلايمەن،
بىلى بوغۇم قاپاقنى.
شويلا بىلەن ئۆلتۈرسە،
يۇنۇس دىگەن چاپاقنى.

چورۇقنى چاققان قىلغان،
كىگىز پىتەك ئەمەسمۇ؟
خەلپە پىرىدىن تانغان،
يۇنۇس كۆتەك ئەمەسمۇ؟

مىرابلار مىنەر تايغا،
سۇنى ياقىلار بايغا.
كەمبەغەللەر سۇ دىسە،
بىشىنى تىقار لايغا.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم،
تولدۇرۇپتۇ سىڭنى.
ئاق ئۇششاق بىلەن كۆمەچ،

كەمبەغەلنىڭ يېگىنى.

ھوشۇر باقى، مەغپىرقازى، نۇرى ساغلىق،
پۇقرالارنىڭ يۈرەك-باغرىنى قىلدى داغلىق.
قازى بولغان بۇ ئادەملەر شۇنداق بولسا،
ئاخىرەتتە راھەت تاپار يېرى چاغلىق.

ۋا دەرىخا بۇلاردىن كۆپ ئەلەم يەتتى،
ئازابىدىن يۈرەكلەرگە دەزلەر كەتتى.
بۇ پاندا مەنسەپ دېگەن شۇ قاتارلىق،
ئاخىرىدا بۇلارنىمۇ تاشلاپ كەتتى.

بوۋاي توختاپ قالدى. لېكىن ئۇ يەنە ئويلىنىۋېلىپ بىردىنلا:
— ھى ھى، نورۇز قوشىقى ئېسىمغا كېلىپ قالدى ياخشى، بۇنىمۇ يېزىۋال-ھە!، — دېدى.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەرنىڭ يۈزىگە،
ئابۇ رەھمەت ياغقۇسى.
ھەر ئوغۇل خىزمەت قىلىپ،
ئۇستازىنى قىلسا رازى.
ئىككى ئالەمدە بۇ پەرزەنت،
ھەق رىزاسى تاپقۇسى.

نورۇز كەلدى جاھانغا،
بىرىپ ئېيتقىن ئاتاڭغا.
ئاتاڭ بەرسۇن بىر تەڭگە،
ئاپىرىپ بەرگىن موللاڭغا.

لۇتپۇللا بارغانسىرى كىرىشىپ بىر چەتتىن ئاڭلاپ خاتىرىلەپ، سوراپ ئاخىرى بوۋاينىڭ بىلىدىغانلىرىنى ئېيتقۇزدى ۋە خۇشال بولۇپ كۆپ رەھمەت ئېيتتى. پا-راڭچى بوۋاي تېخى "زېرىكتۇرۇپ قويمىغاندىمەن" دەپ ھۆزۈر ئېيتتى.

پاراڭلار ھەريەر-ھەريەردىن تەكرارلىنىپ ۋاقىت بىر يەرگە يەتتى. بوۋاي بىلەن نۇرجان ئاتلارغا چۆپ بېرىشكە چىقىپ كەتتى. لۇتپۇللا بۈگۈنكى ئەھمىيەتلىك كۈندىن رازى بولۇپ ياتقىغا چىقىپ لامپىنى ياقتى.

24

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. لۇتپۇللا بىر ئاغىنى-سى بىلەن ئەنۋەر ناسىرىنىڭ بۆلۈمىگە كىرگەندە بىر نەچچە كىشى ئولتۇراتتى. بۆلۈمنى تاماكىنىڭ ئىسلىرى قاپلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئولتۇرغىنىغا خېلى بولغان بولسا كېرەك.

— كەل، كەل، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى ئوچۇق چە-راي بىلەن، — قۇلىقىڭمۇ قىزىدىغۇ دەيمەن؟

— قۇلىقىم ھەر قاچان قىزىقىقۇ، — دېدى لۇتپۇللا

ئەتراپدىكىلەرگە سالام بېرىپ، — بۇگۈن ئوقۇتقۇچىلار-
نىڭ يىغىنى ئىكەن، بىز بىكار.
— ئۆزەڭمۇ بۇ ياقلارغا ئۆتمىگىلى خېلى بولۇپ
قالدى، بۇ يىگىت كىم؟ — سورىدى ئەنۋەر ناسىرى.
— ساۋاقدىشىم مىرخەلىل، — دېدى لۇتپۇللا ئەتراپ-
تىكىلەرگە يەنە بىر قاراپ، — هوي، قاسىمكامۇ بار
ئىكەنغۇ، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟
— خىيالىڭدا گېزىتخانىغا مەنلا كېلىمەن دەيدىكەن-
سەن-دە! ، — دېدى قاسىم قىسمىتى. بۇ گەپ ھەممىنى
ئەجەبلەندۈردى. لۇتپۇللامۇ ھەيران بولدى-يۇ، بىراق چاند-
ۇرماي:
— قاسىمكا، بۇ ئۆزىڭىزگە ياراشمايدىغانلا چاقچاق-
قۇ؟ . — دېدى.
— چاقچاق! مەن چاقچاق قىلغۇدەك سەن كىم ئى-
دىڭ؟ تۆت تال شېئىر يېزىپ قويۇپ مېنىڭ شېئىرلىرىم-
دىن ئىللەت تاپقۇدەك بولدۇڭمۇ؟ مەن قاسىم قىسمىتى
بولۇپ شېئىرلار يازغاندا سەن نېمە قىلاتتىڭ؟ ، — دېدى
ئۇ قىزىرىپ. ئەتراپتىكىلەر "هاي-هاي" دېيىشتى.
— مۇنداق دەڭە، ئۇنداقتا ئىككىمىز تالىشىدىغان
گېزىتخانىدا ئۇچراشقىنىمىز ياخشى بوپتۇ. شېئىرلىرى-
ڭىزدىن ئىللەتنى مەن ئىزدەپ تاپمىدىم، ئۇ ئىللەتلەرنى
سىز شېئىرلىرىڭىز بىلەن بىللە چىقىرىۋاتىسىز. بۇنى
كىم بولسىمۇ بىلەلەيدۇ. مۇنۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدىمۇ
شائىرلار بار، سىزنىڭ شېئىرىڭىزدىكى ئىللەتلەر ئۇلاردا
كۆرۈنمەيدۇ.

— ئىبىتە، قىنى، نېمە ئىللەت ئىكەن ئۇ؟ ھاكاۋۇرلە-
قىڭنى قارا سىنىڭ! مەنچۇ، مەن. . .
— قىنىڭىزنى مۇنداق قىزىتىسىڭىز گېپىمىزنىڭ ئا-
خىرى جېدەلگە بارىدۇ. سىزنىڭ مېنى تەھدىت بىلەن
ئەمەس ئىلمىي چۈشەندۈرۈش بىلەن قايىل قىلىشىڭىزنى
تەلەپ قىلىمەن قاسىمكا.
— ئىلمىي؟ ھوي، رۇس مەكتەپتە ئوقۇغىنىڭ بىلەن
ئىلمىي مۇقامىڭغا يەتكەن بولۇپسەن-دە؟! ئۇ مېنىڭ شې-
ئىرلىرىمدىكى ئەرەبچە، پارسچە ئىشلەتكەن تىللىرىم
ئالدىدا قانچىلىك نېمىتى؟ مەن فوزولى، ھۆۋەيدا، بىلالى
يولىدا شېئىر يازىدىغان شائىر!
— مەن تالىشىدىغان ئىللەتكە ئەمدى كەلدىڭىز قا-
سىمكا، سىز پىشقەدەم شائىر، بۇ نۇقتىدىن سىزنى ھۆر-
مەت قىلىمەن. ئەمما شېئىرلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزمۇ، ئو-
قۇرمەنلەرمۇ چۈشەنمەيدىغان غەيرىي تىللارنى ئىشلەتكەن-
لىكىڭىز مۇۋاپىق بولماپتۇ.
— كارامىتىڭ ئاشكارە بولدى، مەن چۈشەنمىدىم دې-
گىن. دېدىمغۇ، سەن تېخى تونۇگۇنكى بىر نېمە!
ئەتراپتىكىلەر غۇلغۇلا قىلىشقىلى تۇردى.
— بولدى قىلىڭلار، بىر-بىرىڭلارغا يول قويۇڭلار.
— شۇنداق بولسۇن، ئاخىرى چىقمايدىغان تالاشنى
قىلىشۋەرمەيلى.
— رۇخسەت قىلساڭلار، — دېدى لۇتپۇللا ئەتراپتى-
كىلەرگە مۇراجىئەت قىلغاندەك، — ئولتۇرغانلارنىڭ
ھەممىسى تىل بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كىشىلەر

بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار چۈشەنمىسە نېمە پايدا؟
لۇتپۇللا يېنىدىن بىر خاتىرىنى ئالدى-دە، قىسمىتى شېئىرلىرىدىكى ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارنى قاتارى ئو- قۇپ بىر-بىرلەپ يېشىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى-دە تالاشىنىڭ بۇنچىلىك قىستاڭچىلىققا كېلىپ قالىدىغىنىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

— دەيدىغىنىڭ شۇمۇ، بۇ بىر بالىلارچە ھەيران قې- لىش. ئۇ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تىل پاساھىتى، ئۇستازلار تەلىمى — دېدى تەرلەپ كەتسىمۇ تەن بەرمە- گەن قاسىم قىسمىتى، — سەن يېشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان تىل جەۋھەرلىرى شۇ شېئىر بىلەن بىللە يېشىلە- دۇ. سەن نوغايچە، رۇسچە ئوقۇغان تۇرساڭ ئۇلارنى قانداق چۈشىنەتتىڭ! ھېھ!

— بۇ گەپلىرىڭىز خېلىلا سەمىمىي بولدى قاسىمكا، — دېدى لۇتپۇللا قەستەن ھاياجانلىنىپ، — مەن شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ پەرق قىلدىم، پەرق قىلغان ئىكەنمەن چۈشىنىمەن، ئەجەبا سىز شۇنچىلىك بىلگەن ئىكەنسىز ئانا تىلىڭىز بىلەن ئۇيغۇرچە يازمايسىز؟ مەسىلەن: ئانا تىلدىكى نۇرغۇن-بىسيارغا، ئاياغ-ئاستى-پايمالغا، غەم- خورلۇق-تەرەھھۇمغا، باتۇر-دىلاۋەرگە، قايغۇلۇق-مەھ- زۇنغا. . قۇربان قىلىندى؟ يەنە تەكىتلەيمەن، سىزنىڭ شائىرلىقىڭىز توغرىسىدا گېپىم يوق. پەقەت تىلىڭىزدى- كى نۇقسانلارنى تۈزىتىش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىمەن. ئۆزىمىزدە بار بىر چىرايلىق سۆزنىڭ ئورنىغا كەڭ خەلققە چۈشىنىكسىز بولغان يات سۆزلەرنى ئىشلىتىش نېمىگە

ھاجەت؟

— سەن يا قاپپىسى، يا رېتىمى چۈشمەيدىغان بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئەنئەنىۋى شېئىر ئۇسلۇبىمىزنى بۇزۇپ تۇرۇۋقلۇق ئۆزەڭنى قالتىس شائىر چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ سەنچۇ، سەن ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىگە چۈشكەن مېتە ئىكەنسەن! . — دېۋەيلىدى قاسىم قىسمەتنى لۇتپۇللاغا.

مەن يەنە تاكاللىشىپ تۇرمايمەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار ئىچىدە پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى ئاخىرى بىلىپ قالىسىز قاسىم ئاكا. — دېدى-دە، ئاغىنىسى بىلەن چىقىپ كەتتى. بۇلۇم ئىچى بىر ۋاقىتقىچىلىك جىمجىتلىققا چۆكتى.

— مەن ئۇنىڭغا تېخى تېتىيمەنغۇ، — دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى قاسىم قىسمىتى، — شائىرمىش. ئۇنىڭ شېئىر دېگەن بىرنېمىلىرى فائىلاتون، مافائىلاتونلارغا چۈشەمدىكەن؟

— قىسمىتى، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى، — باياتىن سىزگە يول قويدۇق. يەنە تەتۇرلۇك قىلىۋەرمەڭ. لۇتپۇللانىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى يېڭىلىق!

— بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن، لۇتپۇللانىڭ دېگەنلىرى ئىلمىي ھەم ئەمەلىيەت. ئۇ پەقەت تىلىڭىز ئۈستىدىلا توختالدى. راستىنى ئېيتقاندا، شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۇيغۇرچە بولمىغان سۆزلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ يېشەلمىگەندەك، مەنمۇ چۈشىنەلمەيمەن. شۇنچە ئەجىر قىلىپ ياز-

غان شېئىرلىرىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئۆنۈمى بولمىسا، ئۇ-
نىڭ نېمە ئەھمىيىتى، — دېدى جالالىدىن يەھيارى.

— مەن شائىر ئەمەس ئاداش قاسىم قىسمىتى، — دېدى زۇنۇن قادىرى، — ئەلىشىر ناۋايىنى مەندىن ياخشى بىلىسەن. ئۇ كىشى: "مەزىسىز شېئىر يېزىپ كىشىلەرنى رەنجىتكەندىن كۆرە، دالىدىن ئوتۇن تېرىپ جان باققان ياخشى" دەپتىكەن. سېنىڭغۇ ئوتۇنچىلىق قىل دېمەيمەن، ئويلىنىپ كۆر.

— ھا-ھا-ھا.

— زۇنۇن، گەپلىرىڭمۇ خىزىر بەرگەن "مەرتىۋەڭ"گە لايىق - تە، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار.

— موللا بىلال ھەممىمىزگە تونۇش. ئۇنىڭ بىر غەزىلىدە:

ماڭا ئادەت بولۇپتۇر يارنىڭ كويىدا زار بولماق،
پىراقىدا كۆيۈپ ھەم كېچە-كۈندۈز بىقارار بولماق.
كېچەلەر زار يىغلاپ، كۆزگە ئۇيقۇنى ھارام ئەتمەك،
يۆرۆپ كۆندۆز جۆنۆنلاردەك يەنە بىئىختىيار بولماق.

دەپ قەلبىنى نەق ئانا تىلىدا بايان قىلغانىكەن. بىز بۇنى چۈشەندۇق. شائىر ئالەمدىن ئۆتتى، شېئىرلىرى بىز بىلەن يەنىلا ھايات.

— بىلالى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە يازدى. زۇرۇر تېپىلغاندا پارس تىلىنى ئىشلەتتى، ئەمما ئۇنى ئۆزى مۇكەممەل بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى چۈشىنىدۇ، زوقلە-

ىندۇ، — دەپ تەرىپلىدى ئەنۋەر ناسىرى.
پاراڭلار بارغانسېرى خىلمۇخىللىققا يۈزلەندى. چاقچاق-كۈلكىلەرمۇ ئارىلىشىپ تۇردى. قاسىم قىسمەتتى بايىقى مۇنازىرىلەرگە قايىل بولدىمۇ ياكى رەنجىدىمۇ دې-مى ئىچىگە چۈشۈپ ئارقا-ئارقىدىن تاماكىسىنى چېكە-ۋەردى.
لۇتپۇللا گېزىتخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئاغىنىسى ئەخمەت موزدوزنىڭ دۇكىنىغا بېرىش ئىستىكى قوزغال-دى-دە:
— مىرخەلىل، سەن ئەخمەت موزدوزنى كۆرگەنغۇ دەيمەن؟، — دېدى.
— ئۇنىغۇ كۆرگەن، — دېدى مىرخەلىل، — ئۇ بەردىمۇ بايىقى شائىرلاردەك سەن بىلەن ئېلىشىدىغانلار يوقتۇ؟ — دەپ چېقىشتى.
— ئۇنىڭ گېزىتخانىدا يەنە كېلىپ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن خادىملار ئارىسىدا ئۇچرىغىنى ياخشى بولدى. مەن هامان بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ دەيدىغىنىمنى دەيتتىم، — دېدى لۇتپۇللا.
ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن ئەخمەت ئىشلەۋاتقان موزدوزخانىغا يېتىپ باردى. لۇتپۇللا مىرخەلىل بىلەن كىرگەندە ئەخمەت باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ تىنچلىق سورىغاندىن كېيىن:
— نېمە بولدى لۇتپۇللا، ئۇزاق يول ماڭغاندەكلا تى-نىق ئالىسەنغۇ؟، — دېدى ئەخمەت.
يول قىسقا، لېكىن گەپ ئۇزاق بولدى، — دېدى

لۇتپۇللا مىرخەلىلگە قاراپ قويۇپ، — گېزىتخانىدىن كې-
لىشىمىز.
— بىلىمەن بارىدىغان يەرلىرىڭنى، ئېشىنىساڭ بىز-
نىڭ دۇكانغا كېلىسەن.
— دائىم كېلىمەنغۇ.
— ھەتتىڭنەي، تونۇگۇن كەلگەن بولساڭ سايىمكام-
نىڭ راسا بىر پاراڭچى ئۇلپىتى بىلەن تونۇشۇپ قالات-
تىڭ-دە. سايىمكا، ئۇنىڭ ئېتى نېمىتى؟
— ئابدۇللا ھاپىز، — دېدى سايىماخۇن، — كۆرسەڭ
بىر دېھقان. مالخىينى كۆزىگە باستۇرۇپ كىيىپ يۈرى-
دىغان، ئات ئىڭەك، كۆزلىرى چوڭ، خۇش چاقچاق،
سورۇنلۇقى بار ئادەم.
— سازەندىمۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.
— ياق، لېكىن ئۇ ئادەم پەيدا بولغان يەردە ناخشا-
ساز، چاقچاق، قىسقىسى ”ھاھا“ چىلار قىيامى بەرجەست
بولىدۇ، — دېدى سايىماخۇن.
— نەلىك ئادەم؟
— خۇدىيارىيۈزىلىك.
ئىشخانىدا بولقا، پوركۆپلارنىڭ تاقۇر-تۇقۇر ئاۋازلى-
رى ئۈزۈلمەيتتى. مىرخەلىل ئەخمەتنىڭ ئالدىدىكى پۇت-
كەن ئاياقنى كۆرگىنىچە ھەممىگە تەكشى قارايتتى. لۇت-
پۇللانىڭ كاللىسىدا ئابدۇللا ھاپىز دېگەننىڭ غۇۋا سىما-
سى ئەكس ئېتەتتى.
— سايىماخۇنكام ئۇ ئادەم بىلەن خېلى تونۇش ئوخ-
شايدۇ-دە.

— ھە، تېخى دادام بىلەنمۇ تونۇشلۇقى بار، — دېدى ئەخمەت.
— ئۇ ئادەم تونۇش ئىزدىمەيدۇ. ئۇنىڭ پارىڭىغا خۇشتار كىشىلەر ئۇزلىرى ئىزدەيدۇ، — دېدى سايىماخۇن.
— خۇدايارىيوزىدە دېگىن، — تەكرارلىدى لۇتپۇللا.
ئەخمەتنىڭ باھانىسىدا لۇتپۇللا بىلەن تونۇشۇپ قالغان سايىماخۇن ئۇزى مۇزدۇزلۇقتا قانچە قىزىقسا لۇتپۇللانىڭمۇ پاراڭچى، ناخشىچى، قوشاقچىلارغا شۇنداق قىزىقىدىغىنىنى مۇلچەرلەپ:
— خۇدايار يوزىگە چىقىپ كورۇشۇپ كېلەمدۇق-يا؟ ، — دېدى.
— بولىدۇ، خادىكنى قوشۇپلا كېلىمەن، — دېدى لۇتپۇللا، — ۋاقىت بارمۇ؟
— ئۇكاموي، ئۇ بىر ئالۋاڭ ئەمەس، كۆڭۈل ئېچىش بولمامدۇ؟
— مەنمۇ بىللە بارىمەن، — دېدى ئەخمەت.
— بولىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا، سەل ئويلىنىپ، ئالدىمىزدىكى چارشەنبە مۇشۇ يەرگىلا كېلەي.
— چارشەنبەڭ ئۇگۇنلۇككىغۇ! — دېدى كۇلۇپ مىرخەلىل.
— سەنچۇ؟، — سورىدى لۇتپۇللا.
— سىلەر بېرىپ كېلىڭلار، — دېدى مىرخەلىل.
بۇلار بىردەم سايىماخۇننىڭ قىزىق پاراڭلىرى بىلەن ئولتۇردى. مىرخەلىل بۇ دۇكاننىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن

قالتىسلىقىنى، تىكىۋاتقان ۋە تىكىلىپ تەييار بولغان ئا-
ياغلاردىن كۆرۈپ قىزىقىۋاتقىنىمۇ، بىر بەتىنكە تىكتۈر-
مەكچى بولدى.

لۇتپۇللا قوشقان ئات خادىككە شۇ تۈرقىدا ئىلگىرى
قوشۇلىمىغاندەك تىپىرلاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ مې-
ڭىشقا ئالدىرايتتى. لۇتپۇللامۇ دائىم كوچىلاردا خادىك-
نىڭ ئالدىدا، يېنىچە ئولتۇرۇپ بوجىسىنى سىلكىپ ھەي-
دەيدىغان ھارۋىكەشلەرگە ئۆزىنى تەقلىت قىلىپ قامچا
ئۇرمايلا توغرا كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى. شۇ سۈرئەت
بىلەن موزدۇزخانا ئالدىغا كەلگەندە ئەخمەت دەرھال ساپە-
ماخۇننى چاقىردى-دە، ھايال قىلماي يۈرۈپ كەتتى. ئۇ-
لار تاغدىن-باغدىن گەپلىشىپ بىر چاغدا خۇديار يۈزى
مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى.

مەھەللىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە لۇتپۇللا:

— قايسى تەرەپكە ھەيدەيمەن، — دېدى.

— سول تەرەپكە تارت، ئۇنىڭ ئۆيى قۇمۇللۇق مە-
ھەللىسىدە، — دېدى سايىماخۇن.

— سايىمكا، — دېدى لۇتپۇللا ئەنسىرىگەندەك، —
ئەگەر ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنداق بولسا، قوشۇلۇپلا كېتىمىز، نېمىشقا دې-
سەڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئويۇنچىلار كېلىدۇ دېگىنە، مېنىڭ
ئەندىشەم ئۇ ئادەم قامىغاقتەك بىر يەردە تۇرمايدۇ، يوق
بولۇپ قالسىزە...

بۇ گەپ راستىنى ئېيتقاندا ھەممىيلەننى قايناۋاتقان
قازانغا سۇ قۇيغاندەك شۈك قىلىپ قويدى.

— ئۆنىڭمۇ كارى چاغلىق، — دېدى ئەخمەت، ئەتە دۇكانغا يولۇقۇشنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ قويىمىز، بىز- نىڭ كېلىپ-كەتكىنىمىز بىر سەيلە بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلار ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى-دە، دەرۋازىسى يوق ھويلىغا خادىك بىلەنلا كىرىپ كەلدى. قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ كىرىپ كەلگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئايالى ھويلىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، پېشايۋانسىز سۇپىنىڭ ئوڭ تەرى- پىدىكى بىر ئېغىزلىق سارايغا باشلىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ بولۇپ، يەنە بىر تىنچلىق سورىشىۋېتىپ:

— ئابلاكام يوق ئوخشىمامدۇ؟، — دېدى سايىما- خۇن. لۇتپۇللا بىلەن ئەخمەت بىر-بىرسىگە ئىتتىك قارى- شىۋالدى.

—ھەئە، بۈگۈن تۆتىنچى كۈنى،—دېدى ئابدۇللا ھا- پىزنىڭ ئايالى،—سىلەر خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئۇ ئادەم بەزىدە شۇنداق غايىب بولۇپ، يەنە لۈكچىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

بىرقەدەر خاتىرجەملىك ھېس قىلىشقان مېھمانلار ئۆز پاراڭلىرىنى قىلىپ ئولتۇردى. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئايىغى يېنىك ئايالى شۇ ئارىلىقتا چايلارنى تەييارلىغان- دى. داستىخان سېلىنىپ بولغاندا ھويلىدا بولۇنغان پاراڭ ئاڭلاندى. ئاخىرىسىدا ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئايالىنىڭ:

ئەگەر بىرەر ئىشەك ئېلىۋالغان بولسىلا ئايلىق يول- غا كېتىدىكەنلا-دە!، دېگىنى بىلەن تەڭ ئىككى ئەر كى-

شىنىڭ كۆلكىسى ئاڭلاندى. ئارقىدىن:

— مېھمان بار ئىكەن-دە، — دېدى بىر ئەر. — سىلىنى ئىزدىگەن ئادەم ئۆيگىمۇ كىبلەلەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئايال. ئابدۇللا ھاپىز سالام بىلەن ئۆيگە كىردى-دە، بوسۇغىدا تىك تۇرغىنىچە مۇنداق قوشاق قاتتى:

سايىماخۇن ئېلىپ كەپتۇ،
ئىككى يېڭى مېھماننى.
مەنمۇ قۇرۇق كەلمىدىم،
باشلاپ كەلدىم نىزامنى.

ھەممىسى پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بىرقۇر ئەھۋال سوراشتى ھەم ئابدۇللا ھاپىز مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ھېجىرلاردىكى چاي، قايمىقى لەيلەپ تۇرىدىغان ئىلى ئەتكەن چېيى بولماستىن، قارا ھېجىرنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرغان قاراچاي ئىدى.

لۇتپۇللا ئەل قاتارى چايغا نان تەگكۈزۈپ ئىچىۋاتقان بولسىمۇ، يېزا ئادەملىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئابدۇللا ھاپىزنىڭ تۇرمۇشىنى بىۋاستە كۆرگەنلىكى، مۇشۇنداق نامرات تۇرمۇشتا بولسىمۇ كەيپىياتىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە ھەيران قالدى.

— خوش، سايىماخۇن، بۇ يىگىتلەرنى ئەمدى تونۇشتۇرغاچ ئولتۇرغىن. — دېدى ئابدۇللا ھاپىز.

— مۇنۇ يىگىتنى دۇكاندا كۆرگەن بولغىيتىڭ، ئىسمى ئەخمەت، — دېدى سايىماخۇن، ھە، مۇنۇ يىگىت ئۈرۈمچى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ساڭا ئوخشاش قوشاقچى لۇتپۇللا.

— ھوي! ئەكە قولۇڭنى، بىر تۇتۇۋالاي، مەن شىپ-ئىرلىرىڭ بىلەن خېلىدىن بېرى تونۇش، قارا سېنى! مۇنۇ كىشى كېپەكيوزىلىك ئاتاقلىق نىزامىدۇن ھاپىز، —دېدى ئابدۇللا ھاپىز خۇشال بولۇپ، — سايىماخۇن، ساڭا رەھ-مەت.

پاراڭلار بارغانسېرى قىزىپ كەتتى، لېكىن پاراڭ ماۋزۇلىرى شېئىر، قوشاقلارغا سىلجىغانسېرى سايىما-خۇن بىلەن ئەخمەت بەزىدە نىزامىدۇن ھاپىزمۇ ئاڭلىغۇ-چى بولۇۋالدى.

— سايىماخۇن، ”موللام، پوشكالغا زولاڭ“ دېگەن-دەك، قۇرۇق چاي بىلەن پاراڭغا زورلىمىسام، سويىدىغان قويۇم يوقلىقىنى بىلىسەن، — دېدى ئابدۇللا ھاپىز ئۆزى-نىڭ گېپىگە ئۆزى كۈلۈپ.

— بىزگە پاراڭ كېرەك، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى نىزامىدۇن ھاپىز، — زورلايمەن دەپ ھەممە گەپنى سەنلا قىلما، مېھمانلاردىن-مۇ ئاڭلايلى.

— ئابدۇللا ئاكا، ئىككىڭلارنىڭ فامىلىسىمۇ ئوخ-شاپ كېتەمدۇ ياكى بىر تۇغقانمۇ؟، — سورىدى لۇتپۇل-لا.

— ياق، ئوخشاپمۇ كەتمەيدۇ، بىر تۇغقانمۇ ئەمەس، مېنىڭ دادامنىڭ ئىسمى ھاپىز، نىزامىدۇننىڭ مەرتىۋ-سى ھاپىز.

— ھە، ئەمدى ئېنىق بولدى، — دېدى لۇتپۇللا، — سىز قەيەردە ئوقۇغان؟

— شەھەردىكى مەدرىستە.

— شېئىر يېزىشنى مەدرىستە ئۆگەنگەنمۇ؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، لېكىن بۇ خېمىرتۇرۇچى ئۆزىدە بولمىسا، ئۆگىنىپ ئالىدىغان ھۆنەر ئەمەس ئىكەن دەڭە. مەن سەھرادا بولغاچقا ھەر خىل ئادەملەر ئۇچرايدۇ، بەزىلەر "قانداق قىلسام قوشاق يازالايمەن" دەپ ئەزۋەيلەپ سورايدۇ، تېخى بەزىلەر قوشاقلىرىمنى كۆچۈرۈۋالىدۇ، يەنىلا "ئاتام ئېيتقان بايىقى".

— بۇ گەپلىرىڭ بىز ھۆنەرۋەنلەرگىمۇ خوپ كېلىدۇ دېگىنە ئابلاكا، — دېدى روھلانغان سايىماخۇن، — بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز ئەندىزىلىك. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر ئۇستىدىكى ئون شاگىرت ئون خىل ھۆنەرۋەن بولۇپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ! بۇنىڭغا قارىغاندا سىلەرنىڭ ئىشىڭلار مېڭە بىلەنلا بولىدۇ-دە، شۇنداقمۇ نىزامىدۇنكا؟

— ئۇنى بىر دېمە، مېنى نىزامىدۇن ھاپىز دەيدۇ، مەن ئوقۇيدىغان تەلقىنلەرنى ئىچىمدىن چىقارمايمەن. بۇرۇنقىلارنىڭ نەزمىلىرى، — دېدى ئۇ.

لۇتپۇللا تەقەززالىق بىلەن باشقا گەپلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىنى كۈتەتتى. بۇ چاغدىكى كەيپىيات ئۇنىڭغا يول قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ:

— ئەمىسە، ئابدۇللا ھاپىز ئاكىنىڭ ئېسىگە كەلگەن شېئىر-قوشاقلىرىدىن ئاڭلاپ باقساق قانداق دەيسىلەر، — دېدى ئۇ كۆپچىلىكنى قوللاشقا ئۈندەپ. دېگەندەك ھەممە ماقۇل كۆردى.

— ئېسىمدىكى ھەممىسى بار، قايسىنى ئوقۇسام بو-

لاركىن، دېھقان بولغاندىن كېيىن شۇنىڭدىن باشلاي-
چۇ، — دېدى ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك.

دۇئا قىلاي ھەرقاچان سالامەت قىل يا ئاللا،
ھاياتلىقتا ئىشلىگەن جاسارەتلىك دېھقانلار.
ئاۋۋال باشلاپ ئەتىياز باياۋاندا ئىشلەيدۇ،
ئېتىزلارنى كۆكلەتكەن ماتا نەتلىك دېھقانلار.
ياز كۈنى كەتمەن چېپىپ، قىش كۈنى كاڭدا يېتىپ،
مېھمان كەلسە شات بولغان ھالاۋەتلىك دېھقانلار.
ئايدىڭلاردا باغ تارتىپ، ئۈستەڭ بويىدا ياتىپ،
تەشنالىقتا ئاھ ئۇرغان ئاسارەتلىك دېھقانلار.
خوتۇن-قىزلىرى چايغا، خويما ئۈستا ھەم نانغا،
راھەت بېرىدۇ جانغا شېرىن سۆزلۈك دېھقانلار.
ئۆشرە زاكات بېرىدۇ، بىر-بىرىگە كۆيىدۇ،
دۇئالىرى-تەلىپى ئىجاۋەتلىك دېھقانلار.
مىسكىن قەلەم سەن ئەمدى دېھقانلارنى ماختىدىڭ،
ماختىشىڭغا ئەرزىيدۇ شاراپەتلىك دېھقانلار.

— قالتىس يېزىلىپتۇ!
— تەخەللۇسىڭىز "قەلەم" ئوخشىمامدۇ؟ —
سورىدى لۇتپۇللا.
— ھەئە، شائىر بولغىنىڭ ئۈچۈن دەرھال بىلىۋال-
دىڭ، — دېدى ئابدۇللا ھاپىز، — ئەمدى شۇ ھەقتە
يازغىنىمنى ئوقۇپ بېرەي:

كىچە-كۈندۈز يازغىلى مەقسەتنى خۇمارى قەلەم،
قانچە يازسام شۇنچە زىبا دەردى گوفتارى قەلەم.
مەن خىيال قىلسام سېنى، سەندەك چىرايلىق بولمىغاي،
ئۈچ ھەرپتىن ئىبرەت① ئالدىم مەن گىرىپتارى قەلەم.
"قاف"-قانائەت ئەيلىسەڭ سىڭگەن توغاچىڭنى يېگىن،
بەك ئەجەب راھەت ئىكەن، دەپ يازدى ھوشيارى قەلەم.
"لام"-كەبى ئەگرى بولۇپ كىرمە يامانلىق يولىغا،
"مىم"-مۇرادىڭغا يېتەرسەن دەيدۇ گۈلزارى قەلەم.
شائىرى، ئۇشبۇ قەلەمنىڭ يولىدىن ئايرىلمىغىل،
توغرا يولغا سېنى باشلار ھەم مەدەتكارى قەلەم.

ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنگىنىچە تەسىرلىنىپ رەھمەتلەر ئېيتىشتى. لۇتپۇللا شېئىرىيەت تەلىي بويىچە تەھلىلى باھا بەردى.

— ئەمدى نىزامىدۇن ئاداش، سەنمۇ ھاپىزلىق بىلەن داڭ چىقارغان ئىدىڭغۇ، يادلىۋالغىنىڭ مېنىڭدىن تولا، ئوقۇپ بەرگىن، — دېدى ئابدۇللا ھاپىز.

— يالغۇز قانداق ھاپىزلىق قىلغىلى بولىدۇ؟

— ھاپىزلىق قىل دېمىدىم، بىرەر ھېكايەت ئوقۇساڭمۇ ھېساب، شۇنداقمۇ، — دېدى ئابدۇللا ھاپىز ئەتراپقا قاراپ. ئۇلار قوشۇلدى.

— ماقۇل، شەيخ سەئىدىدىن كەلتۈرەي:

① ئۈچ ھەرپ "قەلەم" سۆزىدىكى "ق(قاف)"، "ل(لام)"، "م(مىم)" ھەرپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىت چىشلىدى بىر دېھقاننىڭ پۇتىنى،
چىشنىڭ ئىزى بولۇپ قالدى جاراھەت.
ئۇخلىمايتتى دېھقان ئازاب دەردىدىن،
بىر قىز چېغى قىلدى ئۇنى خىجالەت.
ئاتىسىغا دېدى قىزچاق دوق قىلىپ،
بولماسمىدى سەنمۇ ئىتنى چىشلىسەڭ!
نالىسىدىن توختاپ قالدى ئاتا جىم،
كۈلۈپ كەتتى ئاخىر بولۇپ ھالى تەڭ.
دېدى: قىزىم كۈچۈممىغۇ يېتەتتى،
بىراق ئەيىب ئېتەر ئەللەر ئىشىمنى.
مەن ئادەم-دە! باشقا ئۇلۇم كەلسىمۇ،
ئىت پۇتىغا تەگكۈزمەيمەن چىشىمنى.

نىزامىدۇن ھاپىز بىر تۇرلۇك ئاھاڭغا سېلىپ، ئىدىتىلىق بايان قىلغاچقا چالا ساۋات بولۇشىغا قارىماي ھەممىدىن ئىلگىرى سايىماخۇن تەشەككۇر بىلدۈردى. ئاندىن باشقىلارمۇ بارىكاللار ئېيتىشتى.

سۆھبەتداشلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۇلتۇرۇۋاتقانلىقلىرىدىن مەمنۇن بولغان ئابدۇللا ھاپىز:

— ئەمدى سىلەرگە مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى-دە، غەزىلىنى باشلىدى:

ھەر كىشىنى خارئەيلەر ساھىبى ھەيران تەمە،
قەلبىنى گۇمران ئەيلەر تاقىتى نۇقسان تەمە.
نەپسى بەدنى سەمرىتىپ كىرسە تەمەنىڭ يولىغا،

لالما ئىنتەك زار ئەيلەر ئابىتى نىشان تەمە.
مۆمىن ئەرسەڭ بۇ تەمەنىڭ خالتىسىنى ئاسمىغىل،
تۇشمىغان ئەسلا تەمەنىڭ خالتىسى سەرسان تەمە.
ئەي قەلەم، سەن بۇ تەمەنى كۆيدۈرۈپ پاك ئەيلىگىل،
تۆۋە، دەپ تۇتقىل ياقاڭنى ساڭا دورمىزان تەمە.

شۇ تۇرقىدا ئابدۇللا ھاپىز شېئىرلىرىدىن مۇشائىرە
قىلىشۋاتقاندەك ئەمەس، تەمەخورلارنىڭ ھەرقانداق پەردە
شۇمبۇيىدەك پەيدا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بەكمۇ رەزىللى-
كى ۋە ئۇنىڭدىن خالىي بولۇش ھەققىدە ئەھلى كىتابخان-
لىق قىلىشۋاتقان مەرتىۋىلىك ئۇستازغا ئوخشايتتى.
— شائىر يىگىت، — دېدى كۆپنى كۆرگەن نىزام-
دۇن ھاپىز، — نېمە تەسىرات ئالدىڭ؟:
— تەسىراتىم ھەرقايسىڭلاردىن ئۆزگىچە ئەمەس، —
دېدى لۇتپۇللا، — ئابدۇللا ھاپىز ئاكىنىڭ شېئىرىي ئىجا-
دىيەتلىرى ھەم شېئىرىي پىكىرلىرى نېمە ئۈچۈن ئاڭلىغۇ-
چىلارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، زوق بېرىدۇ دېگەندە،
ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، ئىزدىنىشىنىڭ ئەتراپ-
لىق ئىكەنلىكىدە دەپ بىلىمەن.
بۇ كىچىك سورۇن ئىشتىراكچىسىنىڭ ئاددىي، ئىخ-
چام پىكرىگە ھەممىسى قوشۇلغانلىقلىرىنى ھەر تۈرلۈك
ئىپادىلەر بىلەن بىلدۈرۈشتى ھەم بۇ دېھقان شائىرنىڭ ئەل
ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى تىلغا ئېلىشتى.
ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئوغلى ئىشىكتىن شەرەت قىلىپ
دادىسىنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. سەلدىن كېيىن ئۇ،

كۆلكىسى بىلەن كىرىپ داستىخاننى رەتلەشكە كىرىشكە-
نىدى. نىزامىدۇن ھاپىز:
— ھەقىچان ئۆيدىكىلىرىڭ بىلەن دە-تالاش قىلدىڭغۇ
دەيمەن؟ — دېدى.
— بۇ بىر كونا «كېسەل» دېگىنە، — دېدى ئابدۇللا
ھاپىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆيگە مېھمان كەلسە ساھىبخان-
لىقىمنى ئۇنتۇپ پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىدىكەنمەن، ئۆي-
دىكىلەر تاماقنى تەييارلاپ تەقەززا بولىدىكەن، شۇ گەپ،
خۇش، قېنى مېھمانلار، سەھرا تامىقىدىن بەھۇزۇر ئېلىڭ-
لار!
مېھمان، ساھىبخان ئېچىلىپ-يېيىلىپ خوشلاشقان-
دا، گۇگۇم چۈشكەنىدى. ھارۋىغا چىققان ئۈچ كىشى
قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەچكە، بىر مۇنچە ئادەمدەك
بىلىنىپ كەتتى.
— لۇتپۇللا، دېھقان قوشاقچىمىز بولامدىكەن؟ —
دېدى سايىماخۇن.
— كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تۇرغان ئورنى بەل-
گىلىمەيدۇ، — دېدى لۇتپۇللا، — مۇنداقچە ئېيتقاندا
ئابدۇللا ھاپىز ئاكا «ئەخلەت ئىچىدىكى ئالتۇن» ئىكەن.
تۇن پەردىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھەممىنى ئۆز
ئىلكىگە ئالغىلى، ھەممە تەرەپ خىرەلەشكىلى باشلىدى.
غۇربەت تۇرمۇشتىكى خەلق شائىرى ئابدۇللا ھاپىز-
نىڭ جاپاكەش، تىرىشچان، ئىرادىلىك سىماسى ياش شا-
ئىر لۇتپۇللانىڭلا ئەمەس، چالا ساۋات، موزدۇز سايىما-
خۇن، ئەخمەتلەرنىڭمۇ كۆز ئالدىدا ئەينەكتىكىدەك

ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

## 25

لۇتپۇللا چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىدە بىر باغاقچە تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇنىڭدا: «لۇتپۇللا، ئۆيۈڭدە ساقلاپ تۇر. ئە. ناسىرى» دېگەنلا سۆز يېزىلغانىدى.

ئانچە كۆپ كېچىكمەي ئەنۋەر ناسىرى ھازىر بولدى، تاماقمۇ تەييار بولۇپ قالغاچقا لۇتپۇللانىڭ زورلىشى بىلەن ئىككىسى تاماقلىنىپ چىقىپ كەتتى.

— ئالدىن خەۋەر قىلغان بولسىڭىز بولماسمىدى، چوڭ ئادەم ئەمەسمۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئالقىلىق قارايدىغۇ، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى، — شېئىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ خاتىرجەم بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇلار ئەمىنجان باۋدۇنىنىڭ ئۆيىگە ماڭغانىدى.

— مېنىڭچە ئۇ ئادەمنى تارىخچى دەپ بەك ئۇززۇندىن گەپ ئاچمىساق بولىدىغۇ، مۇشۇ ئۆزىمىزدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تېپىكرەك ۋەقەلىرى ياخشى. نېمىشقا دېگەندە ئۇنداقلارنى كىتابتىن تاپقىلى بولمايدۇ. سىزچە قانداق، — دېدى لۇتپۇللا.

— مەن كونكرېت ماۋزۇلاردا تەپسىلىي پاراڭلىشىپ كۆرمىدىم. سورۇنلاردا كۆرۈشۈپ قالىمىز، كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىدە «ئەمىنجان تارىخ» دېيىشىدۇ. پىكرىڭ-

گە قوشۇلىمەن، ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىدىغان دائىرىسى ئەنە-
راپىدا بولار.

بۇ ئىككىسى پاراڭ بىلەن بەزى يەرلىرى كەڭ، بەزى
يەرلىرى تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئىمىنجان باۋدۇننىڭ
ئۆيى بار كوچىغا بۇرۇلغاندا ئۇنىڭ بىر ئاتلىق ئادەمنى
ئۆزىتىپ چىققانلىقىنى كۆردى. ئاتلىق ئادەم ئاخىرقى
قېتىم ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ خوشلە-
شىپ يىراقلاپ كەتتى. ئۇ، ئەنۋەرناسىرى بىلەن لۇتپۇللا-
غا قارىمۇ قارشى كېلىۋاتاتتى. يېقىن كەلگەندە بۇ ئىككى-
سى كۆز قىرلىرىدا قاراپ قويدى، ئاتلىقمۇ شۇنداق ئۆ-
تۈپ كەتتى. ئۇ، ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان سىپايە چى-
راي ئادەم ئىدى. ئاتنىڭ توپىسىدە قورغۇيدەك ئولتۇراتت-
تى. قېشى، كۆزى، بۇرۇتى بەسلەشكەندەك قارا ئىدى.
قىسقىسى، ئۇ بىر ئىللىق چىراي ئادەم ئىدى.

— سۆلەتلىك ئادەم ئىكەن-ھە!، — دېدى ئەنۋەر
ناسىرى.

— ئوقۇغان ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا.

بۇ ئىككىسى ئۇچراشقان يولۇچى ھەققىدە شۇنچە-
لىك دېيىشتى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كېلىشكەندە دەرۋازا
يېپىقلىق ئىدى. ئۇلار قائىدە بويىچە دەرۋازىنى يېنىك
قاقتى. ئانچە كېچىكمەي ھويلىدىن:

— كىرىڭلار!، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ
بىلەن ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا ھويلىغا كىرىپ كەل-
دى. پېشايۋاندا ئىمىنجان باۋدۇن قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنى
ساھىبخان ئۆيگە باشلىدى.

— بۇ يىگىت لۇتپۇللا بولامدۇ؟ — سورىدى ئىمىنجان باۋدۇن.

— شۇنداق، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى، — گېپىڭىزنى قىلىشىمىزۇ، كېلىشكە بۇگۇن بىر نېسىپ بوپتۇ.

— كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، مەنمۇ مېھمان كېلىپ تۇرمىسا يېتىمسىرىگەندەك بولۇپ قالىمەن، — دېدى ئىمىنجان باۋدۇن، — ئالدىڭلاردا جاغىستايلىق نەزەر غوجىنى ئۇزىتىپ قويدۇم. سىلەرمۇ شائىر بولغاندىن كېيىن تونارسىلەر؟

— ھەي، ھېلى قولا ئات بىلەن ئۇتۇپ كەتكەن كىشى شۇ ئىكەن-دە! ئىسمىنى ئوبدان بىلىمىز، ”ئۇيغۇر بالىسى“ تەخەللۇسىدا شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، — دېدى ئەنۋەر ناسىرى.

— ئۇچراشقىنىڭلار دەل ئۇزى، — دېدى ئىمىنجان باۋدۇن.

— سەل بالدۇر كەلگەن بولساق تۇتۇپ قالار ئىكەنمىز.

— مەن سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلارنى دېدىم. ئۇزىمۇ قىزىققانىدى. بىراق كېمە توختاپ قالىدۇ دەپ ئالدىرىدى.

لۇتپۇللا ئىككىمىز ”ئىمىنجان ئاكىنىڭ ئۇلپەتلىرى بولسا كېرەك، چىرايى ئىللىق ئىكەن“ دەپ گېپىنى قىلىشتۇق.

— ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئۇ، ھازىر ئاقارتىش مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئىمىنجان

باۋدۇن.

نەزەر غوجىنىڭ پاراڭلىرى ھەم باشقا پاراڭلاردىن كېيىن، بۇلار ئۆز گەپلىرىگە ئۆتتى.

— ئىمىنجان ئاكا، موللا بىلال ھەققىدە، ئۇنىڭ كىتابى توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە ئاڭلايمەن، شۇ توغرىلىق پاراڭ قىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئەلۋەتتە سىز بىرقەدەر پىششىق بىلىسىزغۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئەنۋەر ناسىرى.

—بۇنىڭغا مەنمۇ قىزىققىنىم ئۈچۈن ئاز-تولا خەۋىرىم بار، قولدا كۆچۈرۈلگەن كىتابلىرىنى كۆرگەنمەن. «غازات دەر مۇلكى چىن» كىتابى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلغان قاتلامىمۇ قاتلام تۈزۈملىرى، جەڭگى-جېدەللەر، جەنۇبتىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن خەلق ئەھۋالى، ئىلى خەلقىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈرۈلۈشى، چار روسىيىنىڭ ئىلىنى سورىغان گۇبېرناتورى، ئۇستەڭ ئالۋىڭى. . . قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ.

شائىر موللا بىلال نازىمى ھىجرىيە 1238-يىلى قازانچىدىكى قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بەيتۇللا مەدرىسىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىگەللىگەن ۋە شۇ بەيتۇللادا ئىشلىگەن. بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە يېتىپ-قوپۇپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»، «نوزۇگۇم»، «غەزەلىيات» دېگەن كىتابلىرى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئاشۇ ئىككىنچى قەۋىتىدە يېزىلغانىكەن. شائىرنىڭ مۇنداق كىتابلارنى يېزىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. نېمىشە-

ﻘا دېگەندە، ئۇ ئەلنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغۇچىدۇر ھەم
باشقىلاردىن بالدۇرراق ئىپادە قىلغۇچىدۇر. . . ئەنە شۇن-
داق بۈيۈك ئەمگەك مېۋىلىرىنى ياراتقان بۇ زاتنىڭ تۇرمۇ-
شى بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەل-
نىڭ موللا بىلالنى تەرپلىشى ئۇنىڭ ئەلگە تەقدىرداش
ئىكەنلىكىدە، ئۇنىڭ ئادالەت قەلىمى ھەق-ناھەقنى، ئې-
زىش-ئېزىلىشنى ئادەملەر تۇرمۇشىغا باغلاپ كۆرسەتتى:

ئاق ئۆستەڭنى چاپسۇن دەپ،
جاڭجۇندىن چۈشۈپتۇ خەت.
بۈيرۇقنى ئېلىپ كەلدى،
توڭچى بەگ دېگەن ئەخمەت.
مىڭ بەشيۈز تارانچىنى،
ئاق ئۆستەڭگە ئىشلەتتى،
ئالۋاڭنىڭ زەردابىدىن،
ئىشلەشتى ھەم يىغلاشتى.
. . . . . . . . . . .

مانا مۇنداق قوشاقلاردىن ئۆستەڭ ئالۋىڭىنىڭ قانچە-
لىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
— ھەقىقەتەن بۇ قوشاقلاردىن ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا
شۇ ئەھۋاللار چېلىقىقاندەك بولىدىكەن، — دەپ تەسىراتى-
نى ئىزھار قىلدى ئەنۋەرناسىرى.
— بۇ سۆزىڭىز يېقىشلىق بولدى. مېنى بىر قىسىملار
”ئىمىنجان تارىخ“ دېيىشىدۇ، مەن ئۇنچىلىك تارىخ بې-

زىپ تونۇلغىدەك ئەمەسمەن. راستىنى ئېيتسام تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلغان قوشاقلارنى، ناخشىلارنى، پۈتۈكلەرنى قىزىقىپ ئوقۇيمەن ۋە يېزىۋالىمەن.

— بۇ ئەجرىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ تارىخ. تارىخنى خەلق يازىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەممىسىنىڭ قولىدا دەپتىرى بار دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغ-رىسىدىكى مەيلى قانداق ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن ئەسلەپ بېرىشى، ئېغىزدىن-ئېغىزغا قالدۇرۇشىنىڭ ئۆزى تارىخ. دېمەك سىزدىن بىز، بىزدىن باشقىلار بىلىپ قالىدۇ. شۇن-داق قىلىپ ئۇ يېزىلىدۇ. — دېدى لۇتپۇللا، — ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا سەۋىرسىزلىك قىلىپ قويدۇممۇ نې-مە؟

— يوقسۇ، — دېدى ئىمىنجان، — مۇھاكىمە پىكرى-ڭىز ئىنتىلىشچانلىقىڭىزنىڭ نىشانى.

شۇنداقتۇر ئەنۋەر ناسىرى؟

— شۇنداق، شۇنداق.

— ھالبۇكى، ئىنتىلگەن كىشى بەزىدە سوراپ، بەزى-دە سورۇتۇپ يۈرۈپ بىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىرەر قوشاق ئارقىلىق بىر دەۋرنى ھېس قىلىمىز، بۇ بىزنى نېمىشقا قىزىقتۇرمىسۇن؟

ئەسلى سۆزىمىزگە قايتساق، مانا شۇنداق ئوقۇبەتلەر دۇنياسىدا قەرەلسىز بوران-چاپقۇن ئىچىدىكى ئەل بىلەن تەقدىرداش ياشىغان شائىر موللا بىلال كۆز ياشلىرى بە-لەن:

كى زەر كۆرمىگەنلەر بولۇپ كەتتى باي،

ئېشەك مىنمىگەنلەر مىنىپ يۈردى تاي. —
دەپ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىپ كەتتى... مەرھۇمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئەسىرلەر بولسىمۇ تىلەكلىرى ئەل ئىچىدە هايات.

— مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟، — سورىدى لۇتپۇللا.

— بەسى مۇشكۈل، — دېدى ئىمىنجان باۋدۇن، — ئاڭلىشىمچە چار روسىيىنىڭ ئەلچىكى بىر ئەمەلدارى موللا بىلالنىڭ ئەسەرلىرىنى سوۋېتكە ئاپىرىپ كىتاب قىلىپ باستۇرغانمىش. ئىشەنچىم كامىلكى ئەگەر شائىرنىڭ پۈتۈكلىرى مەتبەئە بىلەن ئۇچراشقانلا بولسا، كۆزلەرنىڭ بىرىدە بىز بىلەنمۇ ئۇچرىشىدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ قولىيازما كۆچۈرمىلىرىدىن كۆرگىنىم بار.

”ئاز بولسۇمۇ، ساز بولسۇن“ دېگەندەك بۇگۈنكى شېرىن-سۆھبەت ۋاقتى ئاز بولسىمۇ مەزمۇنلۇق بولغاچقا، ئەنۋەر ناسىرى بىلەن لۇتپۇللا مەمنۇنىيەت بىلەن قايتتى. ئۇيدە قالغان ئىمىنجان باۋدۇن تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان لۇتپۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا قايىل بولدى: ”... كىم بىلىدۇ، بەلكىم موللا بىلالنىڭ ئىزىنى بېسىپ قالامسەن“.



ئىمتىھان تەييارلىقىمۇ ياكى بىرەر شېئىرىي ئىجاد-
يەتلەر بىلەن بولۇۋاتامدۇ، لۇتپۇللا مەكتەپتىن باشقا يەر-

لەرگە ئانچە بارمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۈگۈن ياتىقىدا بىر كونۇپىرتلىك خەتنى كۆردى، ئۇ-نىڭدا: ”لۇتپۇللا، كەچقۇرۇندا ئۆيگە كېلىپ كەتكەي-سەن. زەينەپ غايىتسۇ“ دېگەن تەكلىپ يېزىلغانىدى.
”نېمە ئىش بولغىيتى؟“ ئۇ شۇنىڭ بىلەن تاماقنى ئالدى-راپ يېدى-دە، يۈرۈپ كەتتى.

”... كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئالدىراش بولۇپ زەينەپ ئاپپاينى ئانچە يوقلالمىدىم. ئەمما ئۇ مېنى شۇ توغرۇلۇق چاقىرتمايدۇ. ھەرھالدا بىرەر ئىشى باردۇ...“.

كېچىكمەي بۇ تونۇش ئائىلىگە يېتىپ كەلگەن لۇت-پۇللا خۇشال-خۇرام ھويلىغا كىرىش بىلەن تەڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە قاراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم غايىت ئەۋزى، سالامەتمۇ سىز زەينەپ ئاپپاي؟ — دېدى لۇتپۇللا، ھەم شۇ جۇشقۇن-لۇقى بىلەن ئۆيگە كىردى-دە، ئۆيدىكى ئۈچ مېھمان بى-لەن ئۇچرىشىپ تىنچلىق سوراشتى. ئەھۋاللىشىشلار-نىڭ ئاخىرىسى ئۇزۇلمەي تۈرۈپ غەينۇللا ئەۋزىمۇ ھازىر بولدى، تىنچلىق سورۇشۇشلار يەنە تەكرارلاندى.

مېھمانلار تاتلىق-تۈرۈملەرگە ئېغىز تېگىپ، بىرنەچ-چە پىيالە چاي ئىچىشىۋالغاندىن كېيىن، بىرسى گەپ قىلىپ، باشقىلىرى ئاڭلايدىغان سۆھبەتلەر باشلاندى.

— بۈگۈن تۇيۇقسىزلا ئۆزئارا جەم بولۇشىمىز ئوقۇ-غۇچىمىز لۇتپۇللانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچرىشىش، — دېدى زەينەپ ئاپپاي، — لۇتپۇللا بۇ يىل رۇس گىمنازىيە-نى تاماملاپ ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارىدۇ. ئۇستەل ئەترا-

پىدىكى مېھمانلارنى ساڭا تونۇشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇلارمۇ ئۇستازلىرىڭ. بىردەم كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى.

— ئوھھوي، سىزنىڭ مۇنداق ئاۋارە بولۇشىڭىزنى ئالدىن بىلگەن بولسام كەلمەس ئىكەنمەن. ئادەمنى خىجالەت قىلىپ، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئاۋارە بولغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟ مېنىڭچە ئۇستازلىرىڭ بىلەن مۇنداق دىدارلىشىش ساڭا خۇشاللىقتۇ؟ — دېدى غايىبت ئەۋزى.

—شۇنداق، رەھمەت سىلەرگە، — دېدى لۇتپۇللا.

— ۋاقىت جەھەتتىنمۇ جايىدا بوپتۇ، لۇتپۇللانىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى ئازئەمەس. ئۇزاتقۇچىلار بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى، ھازىر ئۇنداق جىدىيلىك يوق. — دېدى غەينۇللا ئەۋزى.

— ھازىر ئىمتىھان تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتامسەن؟ — سورىدى تۆردە ئولتۇرغان سالاپەتلىك زۆھرە ئاپپاي.

— ھەئە شۇنداق، — دېدى لۇتپۇللا، — ئىمتىھاندىن باشقا ماقالىمۇ يېزىپ تاپشۇرىدىكەنمىز.

— بۇ ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەس، بۇ يىل ئوقۇش تۈگىتىدىغان ئوقۇغۇچىلارغىدۇ؟ — سورىدى غەينۇللا ئەۋزى، — ئارخىپلاشتۇرىدۇ ئەمەسمۇ!

— ئەگەر لۇتپۇللانىڭ تىرىشچانلىقى تاتار مەكتىپىدىكىدەكلا بولسا، ئۇ ئىشلارغا ئىشەنچىم كامىل!، — دېدى زەينەپ ئاپپاي مەغرۇر قىياپەتتە.

— بەللى، — دېدى ئوقۇتقۇچى راۋىل، — زەينەپ

ئاپپاي، خۇددى بىز لۇتپۇللانى تونۇمايدىغاندەك گەپ قىلى-
دىگىنىز-ھە!
سورۇندىكىلەر بۇ ئورتاق كۆزقاراشقا كۆلۈشتى.
— ئاناتولى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا سىنى
سوراپ تۇرىمەن. گىمنازىيىدىكى بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار
ئاز ئەمەس. مەن ئۇلارنىڭ كىتابخانىسىدىن كىتاب ئارى-
يەت ئېلىپ ئوقۇيمەن، — دىدى غەينۇللا ئەۋزى.
— ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ كىتابخانىسى ئاۋازسىز ئو-
قۇتقۇچىلار ماكانى. — دىدى لۇتپۇللا ھوزۇرلىنىپ، —
ئۆتكەندە غەينۇللا ئەۋزى ماياكوۋسكىينىڭ شېئىرىنى تەر-
جىمە قىلىپ ”كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، رۇسچىنىمۇ
ئۆگىنىۋالسەن“ دىگەنىدى، ھازىر مەن شۇ تاغنىڭ ئۈس-
تىگە چىققان بولسامىمۇ شۇ ئىلھام ئېسىمدە تۇرىدۇ.
— كىتابقا يېقىنلىشىش ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئىپادىسى.
كىتاب مەيلى قايسى تىلدا بولمىسۇن ئىزدەنگەن ئوقۇر-
مەنگە ئۆزەڭ دىگەندەك ئاۋازسىز تىلى بىلەن ئىلىم ئاچقۇ-
چىنى تۇتقۇزىدۇ. . . — غەينۇللا ئەۋزى ئويچان كۆزلىرى-
نى ئەتراپقا تاشلاپ، — ياۋروپالىق مۇتەپەككۇر دىكارت:
”ئۆتكەن ئەسىر يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش دې-
گەنلىك — شۇ دەۋرنى ساياھەت قىلىش دىمەكتۇر“ دىگە-
نىدى. بىر چاغلاردا تىلىسىم بىلىنگەن رۇس تىل-يېزىقى
مانا ئەمدى ئېرىگەن مومدەك قولۇمدا تۇرۇپتۇ. شۇ ئارقى-
لىق رۇس ئەدەبىياتىنى، رۇس مىللىتىنى بىلىپلا قالماي،
باشقا دۆلەت مەدەنىيىتىنىمۇ بىلىش ئاساسىنى قۇردۇڭ.
شۇنىڭ بىلەن زېھنىڭ ئېچىلىدۇ. . بىز ئوقۇتقۇچىلار-

نىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز ئەنە شۇ.
ئۇستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار غەينۇللا ئەۋزىنىڭ لۇتپۇللانى كۆزدە تۇتۇپ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ ئورتاق-لىقى ئۈچۈن ئانچە كۆپ گەپ ئارىلىماي زوروز تېپىلغان پەيتلىرىدە ئەمەلىي مەسىلىلەر بىلەن سۆز قوشۇپ ئولتۇ-رۇشتى. لۇتپۇللا بولسا، ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلاشقا تىرىشتى. مۇھىم يەرلىرىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ تۇردى.
— ئۈمىدىڭىزلارنى ئاقلايمەن، — دېدى ئۇ، — مەن قەيەردە، قانچىلىك ئوقۇماي يەنىلا تاتار مەكتىپىدىن ئال-غان تەلىمىم شۇلارنىڭ موقەددىمىسى.
ئەتراپىدىكىلەر بىر-بىرلىرىگە مەمنۇنىيەتلىك قارى-شىۋالدى. ئۇنىڭ تاتار مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بول-سۇن، ماتېرىياللىرىدىن بولسۇن تاتار مىللىتىنىڭ ئىلىم -پەن، ئەدەبىيات ۋە باشقا جەھەتلىرىنى بىلىپلا قالماي ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر-لىرىنىڭ نام-شەرىپى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تونۇش، بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى؛ لۇتپۇللا بىر-بىرلەپ تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ تەپەككۇر ئېكرانىدىن مەدەنى-يەت-مائارىپ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇر زات-لاردىن مىرجانى، توقاي، تاقتاش، ناۋايى، ھەمزە ھەكىم-زادە، ئاباي، مۇختار ئەۋېزوف، نۇرئىسرائىل، ئۈمەر مۇھەممىدى. . . لەر قاتار ئۆتتى.
—ئوقۇش ئارىسىدا ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇيغۇر ئۇ-يۇشما سانايىنەپىسەگە قاتنىشىپ تۇرغىنىڭىزنى رازىيە خا-نىمدىن ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم، — دېدى پېشقەدەم ئوقۇت-

قۆچى زۆھرە ئاپپاي.

ئۇ يەرمۇ ماڭا بىر مەكتەپ بولدى، — دېدى لۇتپۇللا.

— چۈنكى ھەر ساھەدىكى ھەۋەسكارلار قاتنىشىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش بىلىمى يۇقىرى ھەم ئۇلار بىۋاستە خىلمۇ خىل ئۇچۇرلارغا ئىگە، شۇنداقتۇ، لۇتپۇللا؟ — دېدى غەينۇللا ئەۋزى.

— بەزىلىرى كەسپىي ئارتىس، بەزىلىرى رېژىسسور ئىكەن.

— مەن لۇتپۇللانىڭ باشقا ئىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق، شېئىرلارنى يېزىۋاتقىنىدىن رازى. راۋىلنىڭ بۇ باھاسىغا ئانچە رازى بولمىغان زەينەپ ئاپپاي:

— لۇتپۇللا ئەزەلدىنلا شۇنداق ئىدىغۇ، — دېدى.

— دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى راۋىل، — ھازىر يىگىت بولدى، دەرسلىرى ئېغىر، تېخى سانايىنەپەسەنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ. بىراق تىرىشچان ئادەمگە ۋاقىت يول بېرىدۇ.

— ھىم، بۇ گېپىڭ جايىدا، — دېدى زۆھرە ئاپپاي.

پاراڭلار تۈرلىنىپ، ئايلىنىپ تۇردى. شۇ ئارىلىقتا زەينەپ ئاپپاي بىر ئالبومنى ئېلىپ كېلىپ ھەممىگە كۆرسەتتى. بۇ، تاتار مەكتەپ خاتىرىسى ئىدى. ئۇنىڭدا مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بۇ ئالبومدىكى سۈرەتلەر ئۈستىدە قىزىقارلىق ئەسلىمىلەر، سېلىشتۇرمىلار بولدى.

— لۇتپۇللا، — دېدى غايىت ئەۋزى، — نېمىشقا بەزى سۈرەتكە كۈلۈپ، بەزىلىرىگە قوشۇماڭنى تۈرۈپ

چۈشتۈڭ؟، — دېدى گەپكە سېلىپ.

— ئەۋزى، مەنمۇ ئۇنى ھازىر بىلىۋاتىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ لۇتپۇللا، — بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك.

لۇتپۇللانىڭ بۇ ئىزاھاتىنى سۈرەتكە چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئەھۋال دېسىمۇ، ئۆزىنىڭ خۇلق-مىجەزى دېسىمۇ ياكى جەمئىيەتتىكى ئىنكاس دېسىمۇ بولىدىغاندەك ئىدى.

— دۇرۇس جاۋاب، — دېدى پېشقەدەم پېداگوك ھەم پسىخولوگ غەينۇللا ئەۋزى، — ئىنسان ھامان خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

— دېمەك شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۈرەتلەر مېنىڭ ئالبومىمدا ساقلىنىۋاتىدۇ، — دېدى زەينەپ ئاپپاي، — ساقلاۋاتقان يەنە بىر خاتىرەم بار، مانا بۇ دەپتەر شۇ. بۇنىڭغا لۇتپۇللانىڭ «كۆرەشچان جۇڭگو خوتۇن-قىزلىرى» دېگەن شېئىرىنى تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىپ قويغانىدىم. بۇنىڭدا بىرسى لۇتپۇللانىڭ ساداسى ئاڭلىنىدۇ، يەنە بىرسى، ھەممىڭلارغا مەلۇم ئەرك قۇربانى ئەسمە[1] ئەسلىنىدۇ.

ئۇستەل ئەتراپىدىكىلەر زەينەپ ئاپپايغا تىكىلىپ تۇردى.

— مېنىڭ تەلىپىم، — دېدى زەينەپ ئاپپاي، — راۋىل خاتىرىگە سېلىشتۇرۇپ تۇرسا، لۇتپۇللائۇيغۇرچىسىنى

---

[1] ئەسمە— تاتار قىزى بولۇپ، غۇلجىدا خوتۇن-قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەركىنلىكى توغرىسىدا سىياسىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زوروزور پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان ۋە بۇ پائالىيەتلەرگە باشلامچىلىق قىلغان. 20-يىللارنىڭ ئاخىرىدا فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۇرۇمچىدە قەتلى قىلىنغان.

دىكلاماتسىيە قىلسا قانداق؟.

سورۇن ئەھلى لايىق تاپتى. بولۇپمۇ شېئىر ئاپتور. نىڭ ئېغىزىدىن بىۋاستە ئاڭلاپ چۈشىنىش پۇرسىتى ئۇ. لارنى خوش قىلدى. بىراق ئالدىنئالا لۇتپۇللانىڭ خەۋىرى بولمىغاچقا ئۇ شېئىر يېزىلغان خاتىرە يوق ئىدى. لېكىن ئوتلۇق قەلبىدىن فونتاندەك ئۇرغۇپ چىققان بۇ شېئىرنىڭ جاراڭلىق مىسرالىرى قانداقمۇ ئۇنتۇلۇپ قالسۇن؟! شا. ئىر ھازىر بىر شېئىرلا ئوقۇمايتتى، ئۇ ئانىلارنىڭ، خو. تۇن-قىزلارنىڭ تەڭسىزلىك دۇنياسىدا تارتقان ئازاب-ئو. قۇبەتلىرىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى، ھۆرلۈك ساداسىنى ئا. لەمگە ئاڭلىتىدىغان خىتابنامىسىنى ئوقۇيدۇ، ئۇ شۇنچە. لىك جاراڭلىق، باتۇرانە ئېيتالايدۇ، چۈنكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەلىيەتلەرنى ئەنە شۇ يېرىم دۇنيالىق ئۇلۇق قوشۇننىڭ ھەققانىيەتلىك قان-ياشلىرى بىلەن يې. زىپ چىققان-دە! مانا ھازىر تالانتلىق شائىرىمىز لۇتپۇللا تېخى ئانىسىنىڭ سۈتى بۇرنىدىن تېمىپ تۇرغاندا يازغان شېئىرنى قەددىنى رۇسلاپ ئوقۇدى:

"ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا" دەپتىكەن بىر ساددا،
تىترەك، قارا يىللارنىڭ بىر "دانىشمىنى" (!؟)
بىز ئەمدى ئارقىغا،
تاشلىدۇق بىز يىراققا،
"چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا"
دېگەن چىگىش ئۆتمۈشنى.
ئەقلىڭ بىلەن تەڭشەپ ئۆتمۈش يىللىرىنىڭ.

دەل كۆكسىگە كۆرەش خەنجىرىنى ئۇرساڭ؛
مىڭ بىر بالالار بىلەن چاپلاشتۇرغان سىرلىرى،
ئېچىلىدۇ روشەن بولۇپ، قىلنى قىرىق يارساڭ.
ھەممىمىزلا كۆرەشچان بىز، يىللىرىمىزمۇ كۆرەش
يىللىرى،
كۆرەشنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئۆگەندى،
بىزدە ئەر-خوتۇن قىز.
ئۆتمۈشنىڭ تار يوللىرى قالدى ئارقىدا،
ماڭىمىز ئېچىلدى،
داغدام يول-ئىز.

سورۇن ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇغاندەك چاۋاكلار چېلىپ، ئارقىدىنلا يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى.

تولۇق تەرجىمە قىلىنىپتۇ، — دېدى راۋىل — بۇ مىليونلىغان ئەسىملەرنىڭ تىلىكى.

— ئۇستازلارغا رەھمەت، — دېدى لۇتپۇللا.

— بۇ شېئىرنى تاتارچىغا تەرجىمە قىلغىنىڭ ياخشى بوپتۇ زەينەپ، نېمىشقا بالدۇر دېمىگەن بولغىيتتىڭ؟ — دېدى زۆھرە ئاپپاي.

ئاپتورنىڭ پىكرىنى ئالمىغانىدىم، — دېدى زەينەپ ئاپپاي، — ئەمدى كۆچۈرۈۋالساڭلارمۇ ئۈلگۈرىسىلەر.

شۇندىن كېيىن سورۇندىكىلەر لۇتپۇللاغا خاتىرە بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تاتارچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە ھەر خىل كىتابلارمۇ بار ئىدى، ھەم ياخ-

شى تىلەكلەر ئېيتىپ، بۇ ئاخىرقى ئۇچرىشىش ئەمەسلى-كىنى ئەسكەرتتى.

لۇتپۇللا ئۇستازلارنىڭ ئۆزىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆل-گىنىگە تەشەككۈر بىلدۈردى، ھەمدە ئۇستازلىرىنىڭ تە-لىپى بويىچە «جۇڭگو» دېگەن شېئىرىدىن ئارىيە ئوقۇدى.

جۇڭگو...
جۇڭگو! ئانا يۇرتىمىز سەندۇ.
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئوماق قوينۇڭدا،
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوڭ بولغان.
ئىخ! شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار.
ئۇنى بىز قىلىمىز ئادا،
بۇ يولدا جېنىمىز پىدا.

— بۇ مېنىڭ بىر خاتىرەم بولۇپ قالسۇن، — دېدى لۇتپۇللا. كۆپچىلىكنىڭ ھاياجىنى بېسىلىش بىلەن تەڭ غەينۇللا ئەۋزى:

— خاتىرەڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولدى. شائىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىتى شېئىردۇر. «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىڭ بىزگىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلەتتى. جۇڭ-گو دېمەك ۋەتەن دېمەك. ۋەتەن دېمەك ئاتا-ئانا، قوۋمى-

قېرىنداش، يۇرت دېمەكتۇر، سەن شۇ يۇرتتا يىلتىز تارتقان قارىغاي!

ئۇلتۇرۇش ئاخىرلىشىپ ھەركىم ياخشى تىلەكلەر بىلەن قايتىشتى.

لۇتپۇللا ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىپ باراتتى. بۈنگدىكى سەۋەب — ئۇستازلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىرادىسىنى ئىزھار قىلغانلىقى ئىدى.

## 27

ئىككى كۈن ئىلگىرى رۇس گىمنازىيىدە كانىكۇل بولغانىدى. بۈگۈن يۇقىرى سىنىپنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئايرىم يىغىن ئېچىپ شاھادەتنامە ھەم خاتىرە بۇيۇملار تارقاتماقچى بولدى. بۇ كىچىك ئەمما ئەھمىيەتلىك يىغىن سىنىپتا ئېچىلدى.

دوسكىنىڭ ئالدىغا ئىككى ئۈستەل قاتار قويۇلۇپ ئۈستىگە پەرەڭ پىلاكات داستىخاندەك سېلىپ قويۇلغانىدى. سىنىپ ئىچىدە مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ يېنىدىكى چېركاۋنىڭ پوپى، بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ۋەكىلى ھەم ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىمى ئولتۇرۇشتى.

يىغىننى ئاناتولى ستېپانوۋىچ باشقۇردى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇزدەك بولسىمۇ، سىرتتىن قاتناشقانلار خېلى كۆپ بولۇپ، يىغىن ئورنى ھەيۋەتلىك تۈس ئالغانىدى. بولۇپمۇ دوسكىنىڭ ئۈستىگە چاپلانغان ”خوش، ھۆرمەتلىك ساۋاقداشلار!“ دېگەن چوڭ ھۆسن

خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى.

— بۇ گۈنكى يىغىن مەكتىپىمىزدە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىدىغان مەكتەپ تارىخىدىكى تۇنجى يىغىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەكتىپىمىز ئۈچۈن ۋە ھەممىمىز ئۈچۈن زور خۇشاللىق... ئوقۇپ چىققۇچىلار جەمئىيەتتە ئېھتىياجلىق ئىشلارنى ئۈستىگە ئالىدۇ، بەزىلىرى ئوقۇش مۇساپىسىنى يەنە داۋام قىلىشى مۇمكىن.

مۇدىرنىڭ ئارقىسىدىن ئاقارتىش ئۇيۇشما خادىمى، پوپ، ئاتا-ئانىلار ۋەكىلى، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى نۆۋەت بىلەن سۆزگە چىقتى.

ئىلمىي مۇدىر شاھادەتنامە تارقاتتى، تەقدىرنامە ئالغان سەككىز ئوقۇغۇچى مۇنبەرگە چىققاندا چاۋاكلار رىتىملىك چېلىنىپ تۇردى. سىرتتا بولسا گۈركىرەپ بوران چىقىۋاتاتتى.

يىغىن تۈگىدى. ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سىنىپتا قالدى.

— بۈگۈن مەكتەپ بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز، — دېدى لۇتپۇللا، — مەكتەپ بىزگە بىلىم بەردى. بىز نېمە بېرىمىز؟

— مۇتەللىپ، سېنىڭ نېمە تەكلىپىڭ بار؟

— مەن تەكلىپىمنى دېمىگەن.

— مەندىن بىر تەكلىپ: بىر تۈپ قارىغاي تىكسەك قانداق؟

— بىر ھەيكەل ياسىساق؟

— دوسكا ياساتساقچۇ؟

— ئىسىم-فامىلىمىز يېزىلغان بايراقچۇ؟

ئاخىرى، بايراق تەقدىم قىلىشنى لايىق كۆردى. ئەمدى ئۇنىڭ رەڭگى توغرىلىق تالاشتى. "يېشىل" دېگۈچىلەر باھارنىڭ سىمۋولى دېيىشتى. "ئاق" دېگۈچىلەر پاكلىق دېيىشتى. "قىزىل" دېگۈچىلەر يۈرەك قېنى دېيىشتى... ئاخىرى ئاق رەڭ تاللاندى.

شۇنداق قىلىپ ئىككى مېتىر ئاق تاۋار ئېلىپ چۆرىسىگە چوچىلىق چىلتەك تۇتقۇزۇپ، ھەممىسى ئىسىم-فامىلىسىنى يېزىپ، ئەتىسى تەقدىم قىلىش، بۇ چاغدا خاتىرە رەسىمگە چۈشۈش قارار قىلىندى.

لۇتپۇللا ئۆيگە بارغاندا ئۇنىڭ كۆركەم چاچلىرىنىڭ بۇدرىلىرى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— خۇشاللىق كۈنلىرىدا قېرىشقاندەك مۇنۇ بوران خويمۇ توختىمىدى-ھە! — دېدى ھەدىسى.

— شۇنى دېمەمسەن. ئېسىڭدىدۇر، مەن مەكتەپكە كىرگەندە شۇنداق بوران چىققانىدى، پۈتتۈر گەندىمۇ چىقتى، ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ، — دېدى چاقچاق بىلەن لۇتپۇللا.

بۈگۈن بۇ ئۆيدە پاراڭلارنىڭ تولىسى لۇتپۇللانىڭ ئوقۇش جەريانى توغرىسىدا بولدى. ئاخىرى نىلقىغا چىقىش گېپى بولغاندا، نۇرجان لۇتپۇللانى ئاچىقىپ قويماقچى بولدى.

لۇتپۇللا ياتىقىدىكى كىتابلىرىنى رەتلىمەك بولدى. بەزى ئارىيەت ئالغان، بەرگەن كىتابلارنى يىغىشتۇرماقچى

بولۇپ ساۋاقدىشى رىتانىڭ قايتۇرغان كىتابىنى ۋاراقلاۋې-
تىپ كىتاب ئىچىدىكى بىر ماۋزۇنىڭ ئەتراپىغا رىتانىڭ:
"شائىرنىڭ شېئىرنى ئۆزىدەك ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس!
نېمىشقىدۇ مەن ئوقۇيمەن-ھە؟ ئىخ، ئۇنى كىم چۈشىنى-
دۇ؟...“ — دېگەن يېزىقنى ئىختىيارسىز ئوقۇغان لۇت-
پۇللا ئويلىنىپ قالدى؛ "... بۇ، ئاجايىپ مىجەزلىك
قىزدە، بىلمەيمەن، ئۇ ماڭا شۇنداق كۆرۈنەمدۇ، خىيال-
چان ھېس قىلىمەن. گەپ-سۆزلىرى گويا چاچما شېئىر.
.. بۇ يېزىقىڭنى مەن ئۆزەمگە قاراتىنىڭ دېيەلمەيمەن.
بەلكىم شېئىرغا بولغان مۇھەببىتىڭ!؟، سۆيگۈڭ، ھۆر-
مىتىڭ.. لۇتپۇللا شۇندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىنى،
پائالىيەتلىرىنى، سەيلە-ساياھەتلىرىنى، ناخشا-چاقچاقلى-
رىنى.. شۇ ئىلاشقىمۇ بۇ مەنىلىك چاغلارنىڭ بىلىنمەي
ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئەسلىدى...
"... ئاھ، ساۋاقداشلىرىم! نېمە ئۈچۈن قىزلارنىڭ
يەنە كېلىپ ئوغۇللاردەك كۆپ، ئارىلاشمىغان قىزلارنىڭ
تەسىرى مەندە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ؟ راستىنلا ئۇلار
سىرلىق دۇنيامىدۇ؟...
لۇتپۇللا بولۇپمۇ قىزلاردىن ئالغان، قىزلارغا بەرگەن
كىتابلار ۋاراقلىرىنى يەنە قاراشتۇردى.
ئەنە شۇ چاغدا تاتار ساۋاقدىشى سەپىدەنىڭ خاتىرە
دەپتىرىگە: "ئەگەر شائىر قەلبلەرنىڭ ئازابلانغانلىقىنى
بىلەلىگىنىدە، يەنىلا شېئىرى بىلەن رەھىمسىزلىك قىلار-
مۇ؟“ دەپ يېزىپ قويغىنىنى ئېسىگە كەلدى-دە، قاھ-قاھ-
لاپ كۈلگىنىچە:

— ھەئە يازىدۇ، دېمەك ئۇ ئىلھام-دە، — دەپ پىچىر-
لىدى لۇتپۇللا.
تامدىكى سائەت ئون بىرگە قوڭغۇراق چالدى. ئەگەر
لۇتپۇللانىڭ رايى بويىچە بولغاندا، ھازىرلا تاڭ ئېتىشى
كېرەك ئىدى.

## ئۈچىنچى قىسىم

# ئۆۋىسىدىن ئۇچقان قۇش

”قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئېروركىم، تاپاي مەن.“
(قۇتادغۇبىلىك)

28

ئەنە-مانا دېگۈچە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. لۇت-پۇللانىڭ بۇ قېتىمقى ئىلقا سەپىرى ئىلگىرىكى سەپەرلە-رىگە ئوخشىمايتتى. بۇ ھال ئالدى بىلەن لۇتپۇللانىڭ روھىي ھالىتىدە روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. . . شۇنىڭ ئۇ-چۇنمۇ ئادەتتىكىدەك دەڭدىن ھارۋا ئىزدىمەي نۇرجان ئا-كىسىنىڭ خادىكى بىلەن چىقىدىغان بولدى. نۇرجانمۇ بۇ قېتىم بۇرۇنقى چاغلاردا ئىلقىغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان بورا بىلەن ياسالغان سايىۋەننى خادىككە بېكىتتى. ئۇ، يامغۇردا پىنھان، ئاپتاپتا سايە بولاتتى.

ئەتىگەنلىك چاينى ئادەتتىكىدىن بالدۇر ئىچكەن يو-

لۇچىلار تەق بولدى-دە سەپەرگە ئاتلاندى.

شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئىككى تەرىپى ئىتتىز-ئې-رىق، مەھەللىلەر ئارىلاپ كەتكەن يولغا چىققاندىن كې-يىن، ھەممىدىن بەك خۇشال بولغان تۇرغۇت — نۇرجاننىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى كۆزىگە كۆرۈنگەننىلا "ئۇ نېمە"، "بۇ نېمە" دەپ بىردەم نۇرجاندىن، بىردەم لۇتپۇللادىن سورىغىلى تۇردى. دەسلىپىدە بۇ ئانچە بىلىن-مىگەندەك تۇراتتى، جاۋاب بەرگۇچىلەرنى بارغانسېرى زېرىكتۇردى. لېكىن تۇرغۇت زېرىكمەيتتى.

—لۇتۇن ئاكا، بوۋاملارنىڭ قېشىغا قاچان بارىمىز؟

— ئەمدى نېمە دەيدىغانسەن؟ ئەتە كەچتە!

— يىراقما؟

— ھەئە.

— لۇتۇن ئاكا، ناخشا ئېيتقىنا.

— داداڭدىن سورىغىنا.

— ئۇ ھارۋا ھەيدەۋاتىسا.

ھەي تۇرغۇت، ناخشا دېگەننىچۇ ئەسلى ھارۋىكەش ئېيتىدىغان نەرسە.

— دادام بىلمەيدۇ.

— داداڭ نېمىنى بىلىدۇ؟

— گەزمال سېتىشنى بىلىدۇ.

— ھاھا، نۇرجان ئاكا، بۇ سېنىڭدىن ئاشامدۇ-نېمە؟ -كىم بىلىدۇ،

— تۇرغۇت، چوڭ بولغاندا نېمە ساتىسەن؟

— خوراز، مەمپەزى، پەشمەت.

— ئەمدىغۇ بايقىغانسەن نۇرجان ئاكا، يەنىلا سودا.
سېتىقنىڭ ھەۋىسى.

— ھېچنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، "ئالا ئىنەكنىڭ بال.
سى چالا قۇيرۇق" دېگەندەك مېنى دورىسا سودىگەر بول.
دۇ شۇ.

ھارۋىدا ئادەم ئاز، ياشلىرى پەرقلىق بولسىمۇ ئۈچ
يولۇچىنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى، بىل.
گىنى، ئەقىل-ئىدرىكى ئوخشىمىغاچقا قىزىقىشلىرىمۇ
ئوخشىمايتتى، بۇ قېتىمقى سەپەردە ئەتراپتىكى ئېتىز-ئې.
رىق، مەھەللە، دەل-دەرەخلەرگە لۇتپۇللا ئانچە قىزىق.
مايتتى. ئۇ، ھەر يىلى تەتىل مەزگىللىرىدە ئىلقىغا بې.
رىپ-كېلىپ يۈرۈپ سوراپ بىلىۋالغانىدى. ئارىلاپ چى.
قىدىغان نۇرجانغا بىر قەدەر يېڭىلىق بىلىنگىنى بىلەن
لۇتپۇللادىن سوراشقا ئانچە قىزىقمايتتى، بەلكىم ئۇنىمۇ
ئۆزىدەك چاغلايتتى. مۇشۇ نوقتىدا نۇرجان بىلەن لۇتپۇل.
لانىڭ قىزىقىشى ناھايىتى پەرقلىق ئىدى. تۇرغۇتنىڭ
باللىرىغا خاس تۇراقسىز، چەكسىز قىزىقىشلىرى ئۆزى
بىلەن چەكلىنەتتى. مانا ھازىر مەمەيۈزى مەھەللىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى يولدا كېتىۋېتىپ بىر توپ باللارنىڭ
كۆۋرۈك بېشىدا ئويناۋاتقىنىنى كۆرگەن تۇرغۇت يىرتىق
كىيىم كىيگەن، ھەتتا يالىڭاچ يۈرگەن ئۆزىدەك ۋە ئۆزى.
دىن چوڭ باللارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چۈ.
چەكتەك ئېچىلىپ قالدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن:

— لۇتۇن ئاكا، ئاۋۇ باللارنىڭ كىيىملىرى نېمىشقا
ئەسكى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى، — دېدى لۇتپۇللا.

— سەن ئۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟ — سورىدى تۇر-غۇت.

— قايسى ئادەمنى؟ — ياندۇرۇپ سورىدى لۇتپۇللا.

— ئۇزەڭ ئېيتقان كەمبەغەل دېگەن ئادەمنىچۇ؟

— كەمبەغەل دېگەنچۇ قارا، ئادەمنىڭ ئىسمى ئە-مەس. پۇلى يوقلار دېگەن سۆز. پۇل بولمىغاندىن كېيىن گەزمال ئېلىپ كىيىم كىيەلمەيدۇ.

— دادامنىڭ دۇكىنىدا گەزمال بار!

— ئىلقىدىن قايتىپ كەلگەندە، دۇكاندىن ئېلىپ ئە-چىقىپ بەر، جۇمۇ.

تۇرغۇت خاتىرجەم بولغاندەك بىردەمدىلا باشقا نەر-سىلەرگە قىزىقىپ كەتتى. سەلدىن كېيىن ھەممىدىن زې-رىكتىمۇ ياكى ھاردىمۇ ئۇخلاپ قالدى.

نۇرجان بىلەن لۇتپۇللا ئەمدى ئۆز پاراڭلىرىغا چۆ-شۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

مانا، ئالدىدا ئانچە قويۇق بولمىغان بىر مەھەللىنىڭ چېتىگە ئۇلاشتى. بۇ ئونيارىيوزىنىڭ يولغا يېقىن تەرىپىدى-كى مەھەللە ئىدى. نۇرجان ئەنە شۇ يەردە ئاتنى چالدۇ-رۇپ مېڭىشنى ئويلىغانىدى. مەھەللە ئىچىگە ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا خادىكىنىڭ ئالدى چاقى ئۇرۇلۇپ كەت-تى-دە، ئوق يەرگە تىرىلىپ خادىك قاتتىق سىلكىنىدى ھەم شۇئان توختىدى. نۇرجان دەرھال ئاتنى چىقىرىپ قارا ياغاچقا باغلاپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا ئەتراپتىكى ئۆيلەر-دىن بىرنەچچە كىشى كېلىپ يولۇچىغا ياردەملەشتى. ئا-

خىرى چاقنى يەڭگۈشلىمەي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىش-تى. چاقنى رېمونت قىلىشقا بولمايتتى. گۈگۈسۈنلەر چۈۋۈلۈپ كەتكەنىدى. چاقنى پەقەت شەھەرگە كىرىپ ئالماشتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ نۇرجان خادىك بىلەن لۇتپۇللا بىلەن ئوغلىنى يول بويىدىكى بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىغا ئەكى-رىپ قويۇپ، شۇ قورۇدىن بىر ئېگەر تېپىپ چاق ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىق شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

تازىمۇ ئەپلەشكەن يېرى، لۇتپۇللا خادىك ساقلاپ قالغان ئائىلە مېھماندوست، پاراڭچى، كۆپنى كۆرگەن راشىدىن دېگەن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىم ئوغلىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇلار نۇرجان مېڭىشتىن ئىلگىرى ھەر جەھەتتىن ئۇنى خاتىرجەم قىلغانىدى.

لۇتپۇللا ئالدى بىلەن بوۋاينىڭ ئوغلى ھېدىلىيوزىدە مۇئەللىملىك قىلىدىغان يۇنۇس بىلەن تونۇشتى. يۇنۇس موللامىلاردىن تەلىم ئالغان، ئاستا-ئاستا كونىچە-يېڭىچە كىتابلارنى ئوقىيالايدىغان بولغان، كەچ كۇرسلاردا مۇئەل-لىم بولۇپ ئەمدىلىكتە ھېدىلىيوزى مەسچىتى يېنىدىكى مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلىدىغان تىرىشچان، ئىلىم-پەنگە قىزىقىدىغان يىگىت بولۇپ، لۇتپۇللادىن خېلىلا چوڭ ئى-دى. ئۇنىڭ بىلىم قابىلىيىتى شۇنچىلىك بولسىمۇ يېزىدا ئىمام-مەزىندىن ئەللىك بېشى-شاگىرلارغىچە ئۇنى بىلىم-لىك دەپ ھۆرمەت قىلاتتى، ئۆزىمۇ بەش نامازنى تاشلى-مايتتى.

بۈگۈن لۇتپۇللانى كۆرگىنىگە بەك خۇشال بولدى.

— شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇغانىدىم، پارىڭىزنى كۆپ قىلىشاتتۇق. خۇدايا تۇۋا، بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولۇپتۇ. سىزنى مۇنچىلىك كىچىكتۇ دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. خۇدا ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن ئۇكام. — ئۇ لۇتپۇللا بىلەن كونا تونۇشلاردەكلا پاراڭلىشىپ كەتتى.

— مۇئەللىملىك قىلغىنىڭىز ياخشىكەن، — دېدى لۇتپۇللا.

— سەھرا مۇئەللىمى دەڭا، شەھەردىكى مۇئەللىملەردىن ئاسمان-زېمىن پەرىق تۇرىمەن. — دېدى ئۇ.

لۇتپۇللا بۇ بېزا مۇئەللىمگە مەنىۋى تىلەكداشلىق بىلەن ئىخلاس قىلدى. مەيلى ئۇ قانچىلىك سەۋىيىگە ئىگە بولسۇن، ساۋاتسىزلىق قاپلىغان قاراڭغۇ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى بىر چىراغ ئىدى.

يۇنۇس گەپ قىلىشىپ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك:

— دادام بىلەن مۇڭدىشىپ كىرەيلىچۇ، — دېدى.

بۇ ئىككىسى ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى باغقا چىقتى. بۇ يەردە تۈت شاپ ئۈزۈم، ئىككى تۈپ ئۆرۈك، ئۈچ-تۆت تۈپ ياۋا ئالما بار ئىدى. مۇشۇ مەھەللىنىڭ شارائىتىدا بۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن "باغ" ھېسابلىناتتى.

ئۈزۈم بارىڭى تېگىدە بىر بۇگلۇك بار ئىدى. ئۈستىدە بىر پارچە كىگىز، بىر سامان تەكىيە بىلەن بىر قوي تېرىسى تۇراتتى. راشىدىن بوۋاي شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تاسما بىلەن ئات جابدۇقىنى يۆمەپ تىكىۋاتاتتى. قەددى-

قامىتى ۋىجىك كەلگەن راشىدىن بوۋاينىڭ بېشىدا ياماق چۈشكەن شىلەپە، ئۈچىسىدا كۆڭلەك، شىم بولۇپ، پۇتى يالاڭ ئاياق ئىدى. ئۇلار خادىكنى ئەكىر گەندە بىرەر قۇر كۆرۈشكىنى ئۈچۈن تەكەللۇپسىزلا پاراڭلاشتى.

مېھمان بالىنى زېرىكتۈرۈپ قويمىغانسەن؟، — دېدى ئوغلى يۇنۇسقا.

— ياق، — دېدى يۇنۇس، — بۇ يىگىت شائىر لوتپۇللا ئىكەن.

— ھىم، — دېدى راشىدىن، — چىرايىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ئولتۇر بالام، ئۆزۈملەر تېخى يېگۈدەك بولمىدى، ئالمىلارنىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ.

راشىدىن بوۋاي قىلىۋاتقان ئىشنى توختاتماي پاراڭلىشىۋەردى.

— نىلقىلىق بولساڭ، بۇ مەھەللىلەرنى ئۆتەر يولۇڭدا كۆرۈپ تۇردۇڭ، ھەممىسىلا بىز خەق. تولاراقى قاچاق.

— قاچاق دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— روسىيىدىن كەلگەنلەرنى قاچاق دەيدۇ. بىزمۇ قاچاق. دېمىسىمۇ قېچىپ كەلگەنمىز-دە! — دېدى راشىدىن بوۋاي ئارىلاپ لۇتپۇللاغا قاراپ قويۇپ، — ھازىرغۇ ياخشى بولۇپ كەتتۇق. بۇرۇنلاردا يەرلىكلەر بىلەن قىز ئېلىشىپ، قىز بېرىشمەيدىغان. بولمىسا، ھەممىمىزنىڭلا تېگى بىر خەق...

يىراقتىن گەپ قىلسام، نەچچە ئاتىنىڭ ئالدىدا پادىشاھ نىكولاي زامانىدا ئورۇسلار ئېلىنى سوراپتىكەن. كېيىنزە ھۆكۈمىتىمىز ئېلىنى قايتۇرۇۋالغاندا، قول ئاس-

تىدىكى قۇلدەك ياۋاش پۇقرالارنى كۆچۈرۈپ، يەتتە سۇ دالىسىغا چىچىۋەتكەنىكەن. شۇ چاغدا خەلق كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى قوشاقلارغا قوشۇپ، ناخشىلىرىدا قالدۇ-رۇپ كەتكەنىكەن.

ئۇنى خەقلەر "كۆچ-كۆچ قوشىقى" دەپ ھېلىغىچە ئېيتىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— سىز بىلەمسىز؟ . — سورىدى لۇتپۇللا.

— پاراڭ بولدى-دە! سىلەر ياشلاردىن رەنجىگىلى بولمايدۇ. ئىلىدا ياشاۋاتقان بىز خەقنىڭ چوڭلىرى بىلمە-سە، قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك "ھەققە كۆز يۇمغان" بول-مامدۇ؟ ئەمدى سەن مۇنۇ قوشاقنا قۇلاق سال:

كۆچ-كۆچ دېسە قۇرقىمامدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.
ئىلىدىن چىققانلارغا،
"كۆچمەن" دېگەن نام تەگدى.
ئىستىقنا سايماخۇن،
يول ئۈستىدە جان بەردى!
. . . . . . . . . . . .

كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنچۇ، قۇلاق سال:

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.

كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
كۆن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.
يار كەتتىنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش.
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
نىكولاي دېگەن باغرى تاش!
. . . . . . . . . . .
"بۇلۇڭغەننى بۇرە يەر، قالغىنىنى ئوغرى" دېگەن-
دەك، كۆچمەي قالغانلارنىڭ ھالى نېمە بولدى؟

لەكمىڭ كۆچمەن ئادەملەر،
قىلچىغا قاراپ ماڭدى.
كۆچمەي قالغان ئادەملەر،
مانجۇغا قاراپ قالدى.
مانجۇ دېگەن پالاكەتنىڭ،
ساچىدا جالاسى بار.
نىكولاي ئەسكەرلىرىنىڭ،
ھەر ياڭزا ھىيلەسى بار.

شۇنداق قىلىپ كۆچۈپ بارغانلارغا ئورۇسلار ئەرشە-
ئەلانىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگىنى يوق. ئۇلارنى سۇ-
سىز، تېرىلغۇسىز داللارغا تاشلىغانىكەن. لېكىن تىرىك
جانلار ئۆلمەسلىكنىڭ كويىنى قىلىپ، ئىككى قولىغا
تايىنىپ بوز يەر ئېچىپ، ئۇستەڭ چېپىپ، ھەممىلە بىنا
قىلىپ ياشاپ ئۆتكەنىكەن. . راشىدىن بوۋاي قولىدىكى

ئۈستى-ئۈستىگە ياماق چۈشۈپ كەتكەن بۆغسىنى ئۆ-
رۈپ-چۆرۈپ تىكىشى سۆكۈلۈپ كەتكەن بىر يېرىنى تاپ-
تى-دە، تاسما يىپنى بوينى لاكاسلاپ تۇرغان بەكىسى
بىلەن سىلىقداپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى
داۋام قىلدى، — ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەم
ئاڭلىغانلىرىمنى دېسەم، سېنىڭچىلىك چاغلىرىم بولسا
كېرەك، نىكولاي پادىشاھى ئاغدۇرۇلۇپ بولشېۋىكلار ھۆ-
كۈمىتى قۇرۇلدى. بايلارنى كولاك قىلىپ سىبىرغا ھەيدى-
دى. باتراق-گادايلار يايرىشىپ كەتتى. پات-پاتلا سابراي-
نى[1] دەپ، يېڭى-يېڭى ئوبدان خەۋەرلەرنى دەيدىغان بول-
دى. مەن ئورۇسچىنى بىلگەچكە ھەم ئايىغىم يېنىك بول-
غاچقا، مەھەللىدىكى يوغۇر-يېتىملارغا ئارىلىشىپ يۈر-
دۈم. مەنلا ئەمەس سىبىرغا ھەيدەلمىگەنلەرنىڭ ھەممى-
سىلا خۇشال ئىدى.

ئىككىنچى يىلى باھاردا بىر شۇم خەۋەر تارقالدى.
بۇ راست بولغان ئىش ئىكەن. ئورۇسلارنىڭ مۇرايېف
ئىسىملىك بىر سولداتى "سابراينى" دەپ ئادەم يىغىپ
پىلىموتلار بىلەن تارانچىلارنى ئوققا تۇتۇپتۇ. بىگۇناھ
خەلقنىڭ تۆكۈلگەن قېنىدا باش كىيىملىرى لەيلەپ ئېقىپ-
تۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەھەللە، ئۆيلەرنى ئارىلاپ يۈ-
رۈپ قىرغىن قىلىپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟، — سورىدى تاقەتسىزلەنگەن لۇت-
پۇللا.

---

① سابراينى—رۇسچە.

— ھەي بالام! — دېدى راشىدىن بوۋاي ئىشتىن قولىنى توختىتىپ، بېشىدىكى شىلەپىنى پۇكلەپ تىزىغا باستۇرغىنىچە، — ئۇنىڭ سەۋەبىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ھەممىسى جان قايغۇسىدا يۈرسە! ئەمدى سەن شۇ چاغدىكى مۇنۇ قوشاقلارغا قۇلاق سال:

مۇرايىف چىقىپ كەلدى،
پىلىموتنى ئۇينىتىپ.
تارانچىلارنى قىرىۋەتتى،
بالىلىرىنى قاخشىتىپ.

پالتىۋاي[①]غا ئوق ياغدى.
كىيكۋاي[②]غا چوغ ياغدى.
بىچارە تارانچىلار
بىر سائەتتە يوقالدى.

مۇرايىفلار چىققاندا،
ئىزۋۇشكىلار[③]قېتىلدى.
ساۋۇت دېگەن ئاخۇنۇم،
پارىۋال[④]دا ئېتىلدى.

مۇرايىفنىڭ ھارۋىسى،

---

① يەر-يۇرت نامىلىرى
②
③ تۆت چاقلىق ھارۋا.
④ يەر ئاستى ئۆيى.

ئولجىغا توشۇپ كەتتى.
ئامان قالغان تارانچىلار،
غۇلجىغا قېچىپ كەتتى.

مانا بۇ 1918-يىلدىكى ئاتۇ[1] بىلەن "بىرىنچى قاچ-قاچ" دېيىلىدۇ. بىز ئەنە شۇ چاغدا چېلەكتىن قېچىپ كەلگەن. ئەمدى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تارانچىلارنى قىرغانلىقىنى بولشېۋىكلارنىڭ يوغانلىرى بىلمىسە باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما كېيىن "ستالىن ئاتقۇزۇپتىكەن، لېنىن توختىتىۋاپتۇ" دېگەن گەپلەرمۇ چىققان. بۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

ئەمدى "ئىككىنچى قاچ-قاچ" دەيمىز. بۇ، 1932-يىللىرى كولخوزنىڭ ئاچارچىلىقى تۇپەيلىدىن يەنە پانالىق ئىزدەپ كەلگەنلەر...

يۇقىرىقىدەك قېچىپ-مۈكۈپ، كۆچۈپ-قونۇپ يۈرۈش بىز خەقنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان بولسىمۇ ئەمدى تۈگىگەندۇ؟

گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام بولشېۋىك دېگەننى ياخشى كۆرمەيمەن. قىزىق يېرى، مەن ياخشى كۆرمىگەن شۇ نامنىڭ ماڭا لەقەم بولۇپ، "راشىدىن بولشېۋىك" ئاتىلىپ قالغانلىقىنى دېمەمسىلەر، بۇ مېنىڭ بەلكىم پات-پات سىدەلەردەكلەرگە سۆزلەپ بەرگەنلىكىمدىن مەسخىرە قىلىپ قويۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭمۇ زىيىنى يوقتۇ.

[1] قىرغىنچىلىق

لۇتپۇللا ”راشىدىن بولشىۋىك“ نىڭ ۋاستىلىق ئاڭ-
لىغىنى ۋە بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلە-
رىنىڭ ئىچىگە بەئەينى ئاشۇ بوۋايدەكلا كىرىپ كەتكەن-
دى. ئۇ، ئىلگىرىمۇ بوۋاي بايان قىلغان ۋەقەلەرنى ئاڭلى-
غان بولسىمۇ، ھازىرقىدەك قوشاق بايانلىرى بىلەن تەپسى-
لىي ئاڭلىمىغانىدى. شۇڭلاشقا بوۋاينىڭ ئاخىرقى گېپى
سوئالدەك توختىغان يېرىدە خاتىرە يېزىۋاتقىنىنى باھانە
قىلىپ چاندۇرمىدى-دە:
— زىيانلىق ئەمەس، بۇمۇ بىلىپ قويۇشقا تېگىشلىك
بىر تارىخ، — دېدى.
— ”راشىدىن بولشىۋىك“ نىڭ پارىڭى تۈگىمىگەن-
دى، بىراق تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقى بۇلارنى ئۆيگە
كىرىشكە مەجبۇرلىدى.
چوڭلارغا ئايرىم قويۇلغان داستىخانغا بىر لىگەن مان-
تا كەلتۈرۈلدى.
— ئوغلۇم، بۈگۈن سەھەرلىقنىڭ كاۋا مانتىسى بە-
لەن كۈتىدىغان بولدۇق سىزنى، — دېدى راشىدىن بوۋاي.
— ئەجەب چوڭ مانتىكەنا! — دېدى لۇتپۇللا چىنى-
سىدىكى چىگىردەك سېلىپ ئېتىلگەن مانتىنى كۆرسى-
تىپ.
— جىمبىلىمىزغا لايىق بولىدۇ دېگىنە. جىمبىلنى
ئۆزىمىز تېپىلغىدا قازانغا لايىق توقۇۋالىمىز، — دېدى
يۇنۇس مۇئەللىم. خادىكنىڭ چاقىدەك جىمبىلنى كۆرسى-
تىپ.
تاماقتىن كېيىن قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا مەھەللىدار-

چىلىق، توي-تۆكۈن، باي-گادايلىق، ئالۋاڭ-سېلىق، ئوغ-رى-يالغان. . . توغرىسىدا پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى.

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن نۇرجان شەھەردىن چاق ئېلىپ چىقىپ، ئالغاچ كەلگەن بازارلىقنى راشىدىن بوۋاي ئائىلىسىگە بېرىپ، رەھمەت ئېيتىپ ئىلىغا ماڭدى.

29

1939-يىلى ئىدى. ئاۋغۇست كۈنلىرىنىڭ يامغۇرسىز ھاۋاسى تولىمۇ ئىللىق بولاتتى. قاش دەرياسىنى بويلاپ، يانپاشلاپ ياتقان ئابرال تېغى بۇ ئايلاردا ئۆزىنىڭ كۆيۈك قارا رەڭگىنى ئىرغاي، چاكاندا، ئارچا، قارازىرىق ھەم تېۋىلغىلار بىلەن كۆلرەڭ يېشىل كۆرسىتەتتى.

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان لۇتپۇللا ئۆينىڭ ئالدىدى-كى قىرغاقتا چىقىپ ئاشۇ ئابرالنىڭ ساي-سالالىرىغا رەسساملىق كۆزىدە نەزەر تاشلىغانىدى، تاڭ شەپقىدە شۇ قەدەر گۈزەللىشىپ كەتكەن كەڭ دالاغا تولىمۇ زوقى كەل-دى. "بالا تاش" يەنىلا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى ھال-قىزىل رەڭ ئالغانىدى. ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا دەريا بويىدىكى "قازانتاش" نىڭ يۇقىرىسىدىكى مىس كانىنىڭ قاچاندىدۇر قېزىلغان ئۆڭكۈر ئېغىزلىرى ھاڭقىرقاي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لۇتپۇللانىڭ كىچىك ۋاق-تىدا تېخى شۇ يەرلەرگە بارغاندا غەلىتە شەكىللىك رەڭ-لىك تاش پارچىلىرىنى خاسىيەتلىك تاش دەپ باللار بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشقانلىرى تونۇگۈنكىدەكلا ئېسىدە تۇ-

راتتى. ھېلىلا قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت
بىلەن ئېقىۋاتقان تەلۋە قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلۇق سادا-
سى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

ئۇ بۇرۇلۇپ ئۆيگە قايتقاندا نىلقىنىڭ شىمالىدىكى
ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ چوققىلىرى ئاق لىچەك
كىيگەن تەبىئەت ئانىسىدەك ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلاندى.
چوققىلارنىڭ ئاستىدا بولسا، قارا-كۆك بەلۋاغ بولۇپ قې-
لىن ئورمان سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۆت تەرىپى تاغلار بىلەن
قاپلانغان نىلقا دىيارى ئۇنىڭغا باشقىچىلا يېقىملىق كۆ-
رۈندى. بەلكىم يۇرت مېھرى دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.

لۇتپۇللا ھويلىسىغا كىرگەندە، قاتارلىشىپ سىپرا-
توردا سۈت تارتىۋاتقان ئاياللارغا باش ئىشارىسى بىلەن
سالام بېرىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. سۈت تارتىۋاتقان-
لار ئۆزلىرىچە پىچىرلىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئىل-
گىرىلىرى كانىكولدا كەلگەن لۇتپۇللانىڭ سىپراتورنىڭ
چاقىنى ئايلاندۇرۇپ ياردەملىشىپ كېتىدىغانلىقلىرىنى،
قىزىق پاراڭلىرىنى، ئەمدى بولسا، چوڭلا يىگىت بولۇپ
قالغانلىقلىرىنى سۆزلەشكەندەك قىلاتتى.

— نەلەرنى ئايلىنىپ كەلدىڭ بالام؟، — دېدى مېلى-
كەم.

— يۇقىرىدىن تاغلارنى، تۆۋەندىن سازلىقنى، —
دېدى لۇتپۇللا.

— بىردەمدىلا ئايلاپ ئۈلگۈردۈڭمۇ؟ — كۈلۈپ
تۇرۇپ سورىدى مېلىكەم.

— كۆڭۈل كۆزى شۇنداق چاپسان بولىدۇ-دە — دېدى

لۇتپۇللا.

تاماق جوزىسىدا كۆندىكىدەك خام قايماق، پىششىق قايماق، ھەسەل بىلەن سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلغان مەلھەم، يۇمشاق نان بارئىدى.

مەسچىتتىن قايتىپ ماللىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھېزىم ئاخۇن ئۆستىدىكى ئۈززۈن پەرىجىسىنى يېشىۋېتىپ، تاماق جوزىسىنىڭ يېنىدا بەدەشقان قۇرۇپ توقاچنى ئۈستىخان ساپلىق بەكىسى بىلەن نېپىز توغرىدى.

— دادامنىڭ مۇشۇنداق توغرىغان نېنىدا قايماق، مەلھەمنى مۇنداق يېيىشكە بەك ئەپلىك-تە! — دېدى لۇتپۇللا ئەركىلىگەندەك. بۇنىڭغا سىڭلىسى رەيھاننىڭ سەل تارلىقى كەلدىمۇ ياكى شۇنداق بىر سۆز تاپالمىدىمۇ:

— قېرىغان دادام توغراپ بەرگەن ناندا يېيەلمىسەڭمۇ بولماس! — دېدى.

— ئاپلا، — دېدى لۇتپۇللا، — ئۆزەڭگە تېگىمدىغان گەپنى قىلدىڭ-دە. ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ نان بىلەن قايماق يېيىشنى بىلمەي چېچىپ-تۆكۈپ تۇرغىنىڭنى نېمىشقا كۆرمەيدىغانسەن؟

— مەن، — ئۇ جوزا ئۈستىگە قاراپ راست تۆكۈپ-چاچقىنىنى كۆردى-دە، — مەن دېگەن كىچىك، — دېدى رەيھان، — سەن دېگەن مەندىن چوڭ!

— ۋۇي، شۇنداق بولسا مەنمۇ كىچىكلەرنىڭ بىرسى، — دېدى لۇتپۇللا ناننى قايماققا مىلەپ تۇرۇپ، — ئالدىمدا نەچچە ھەدىلىرىم بارغۇ.

شىرە ئەتراپىدا يېنىككىنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— نۇرجان، — دېدى مىلىكەم، — لۇتۇن سىلەرنىڭ ئۆيدىمۇ ئۆزىنى كىچىك دەمدۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيدە، — دېدى نۇرجان يېنىدىكى ئوغلى تۇرغۇتنى كۆرسىتىپ، — بۇلاردىن سەللە پەرقلىق.

نۇرجاننىڭ بۇ گېپىگە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈستىدىكى بۇ كۆڭۈللۈك پاراڭلار ھەممىگە ئورناق ئىشتىھا كەيپىياتىنى بېغىشلىدى. مىلىكەم بىلەن رەيھاننىڭ رايى بويىچە بولسا، كەچ كىرگىچە داستىخان يىغىلمىسا. تۇرلۇك تائاملار تەييارلاپ مۇشۇنداق مۇڭدىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، لۇتپۇللانىڭ مۇشۇنداق ئارىسالدى ۋاقىتنى مارىلاپ تۇرغاندەك ئەل-ئاغىنىلىرى پەيدا بولدى-دە، ئۇنى چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى.

نىلقىلىقلارنىڭ ئادىتىدە ياش باللار ھېيت-بايرام يېقى ئەزىز مېھمانلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا مەسلىھەتلىشىپ تۇرمايلا تەڭ-تۇشلىرى بىلەن توقايغا ياكى دەريا بويىغا چۈشەتتى.

مانا ھازىر شۇنداق بولدى. لۇتپۇللا بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن كوچىدىن يانداپ ئۆتۈپلا سازلىقتا، سازلىقتىن سادىق ھاجىنىڭ قورۇقىنى ياقىلاپ قاش دەرياسىنىڭ بويىغا قىزىق پاراڭلار بىلەن كېلىپ قېلىشقىنىنى بىلمەي قالدى. بۇلار تۇۋەنلەپ ئادەتتە ئۇستا سۈزگۈچىلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان ساھىلغا كەلگەندە، كونا بازارلىق باللار بىلەن ئورۇس مەھەللىسىدىكى بىر نەچچە بالا سۇغا چۈمۈلۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. ئەمدى بولسا دۇربىلجىنلىكلەر قوشۇلۇپ بىر توپ بالا بولدى. بۇلارنىڭ ئا-

رىسىدا تونۇشىدىغان، تونۇشمايدىغانلىرىمۇ بار ئىدى.
بەزىلىرى قارماق تاشلىدى. چۆمۈلۈش باشلانغاندا گەپتىن
گەپ چىقىپ بىرقانچىسى دەل مۇشۇ يەردىن ئۇ قاتقا
ئۆتمەكچى بولدى. بۇ، ئىلقىلىقلار ئۈچۈن يېگىلىق بول-
مىسىمۇ، بۈگۈن ئېمىشقىدۇ قىزىقىش پەيدا قىلىپ ئىك-
كى مەھەللىدىكى بەش بالا بايىقى قورام تاشلار تۆۋىنىدىن
سۇغا شۇڭغۇدى. دەريانىڭ يېرىمىغا يەتكەندە ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ ئۈچ بالا چېكىندى. ئىككىسى داۋاملىق
ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ بىرسى لۇتپۇللا، يەنە بىرسى كونا
بازارلىق بالا ئىدى. ئۇلار ئۇقاتقا ئۆتكەندىن كېيىن قۇمغا
ئېغىناپ بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن قوللىرىنى ئېمىلەر-
گىدۇ شەرەتلىشىپ، بېرىقى تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن يۇقى-
رىلاپ، ھېلىقى قىساق تەرەپتىن سۇغا چۈشتى. ئىككە-
سىنىڭ سۇغا سەكرىگەن ئورنى، ۋاقتى بىر بولسىمۇ
ئارىلىقلىرى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى.
— ئاغىنىلەر، — دېدى بۇ تەرەپتە قاراپ تۇرغانلار
ئارىسىدىكى دۆربىلجىنلىكلەرگە ناتونۇش رۇس يىگىتى،
— قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن لۇتپۇللا سۇدىن چىققان
ھامانلا شېئىر سورايلى.
لۇتپۇللانى بىلىدىغانلار ئۈچۈن بۇ تەكلىپنىڭ قىزى-
قارلىقى يوق ئىدى. لېكىن ھېلىقى يىگىتنىڭ مەقسىتىنى
ئۇلار چۈشەنمەيتتى.
— ئېمە شېئىر؟ — دېدى بىرسى.
— ئۇنى شائىر ئۆزى تاپىدۇ، — دېدى رۇس يىگىت.
ئۇلار ئۆزلىرى بۇنىمۇ تەرجىمە قىلىپ كۆرەيلى دېيىشىپ

تۆرغاندا، لۆتپۇللا بىلەن ھېلىقى كونا بازارلىق يىقىنلاپ قالغانىدى. ھېلىقى رۇس يىگىت ۋارقىراپ:

— مۆتەللىپ! بىر يېڭى شېئىر بىلەن سۆزدىن چىق! — دېدى. ھەممەيلەن چاۋاك بىلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوللىدى. لۆتپۇللا تىزىدىن يۇقىرى سۇ ئىچىدە تۇرۇپ:

Ох, как хороша горная река.

Столбом водопад стоя волна.

Как ямогу быть в покое, всторонe?

А видь и моя такая доля.

دەپ قىرغاققا چىقتى.

مالادېس، پوئېت[1]! — دېدى ھېلىقى يىگىت لۆتپۇللانىڭ قولىنى تۇتۇپ. ئۇ بىر تۈرلۈك ھاياجان بىلەن:

Каждая строка твоя, как молня.

Сын уйгурина, поэт Муталлип.

Будьже маяком во мраке, мгле,

Словно как твой дед Юсупхасаджип.

دەپ جاۋابەن بىر كۇبلېت شېئىر ئوقۇپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ لۆتپۇللادىن چوڭراق بولۇپ، ئىلىقىدىكى رۇس پوسۆلكىسى (كىچىك رايونى) مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئادەتتە مىشا دەپ ئاتىلىدىغان شائىر مىخائىل ياگو-

[1] مالادېس، پوئېت! — ياراپسەن، شائىر!

رېۋىچ ئىدى. ئۇ لۇتپۇللانى ئاڭلىغان بولسىمۇ كۆرمىگە-
نىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ لۇتپۇللانى مەيلى سىناپ باققان
بولسۇن، مەيلى ھەۋىسى كەلگەن بولسۇن بەك قايىل بول-
دى. ھاياجانلىنىپ پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى. رۇسچە
بىلىدىغانلار ئارىلىرىغا سۆز قوشۇپ كۈلۈشكەن بولسا،
رۇسچە بىلمەيدىغانلار ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تۇرۇشات-
تى، ئارىلىقتىن بىرسى:
— نېمە پاراڭلار بولدى، ئۇ نېمە سورىدى سەندىن،
سەن نېمىدېدىڭ؟ — دېدى.
مىخائىل مەندىن دەرھال بىر يېڭى شېئىر ئوقۇپ
بېرىشىمنى تەكلىپ قىلغاندا مەن:

شاۋقۇنلار بىلەن ئاقىدۇ دەريا،
سەكرىشەر ئىكەن دولقۇنلار تىنماي.
نىچۇك چىداي مەن سىرتىدا تۇرۇپ،
شۇ دولقۇنلارنىڭ ئۆركىشى بولماي.

دېگەن بىر كوپلېت شېئىرنى تۈزۈپ ئوقۇۋىدىم، مىخا-
ئىل:

ھەربىر سۆز تىزماڭ گوياكى چاقماق،
ئۇيغۇر ئوغلانى شائىر مۇتەللىپ.
قارا تۈنلەرگە بولغىن شام چىراغ،
ئۆتكەندەك بوۋاڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
دەپ جاۋابەن شېئىر ئوقۇدى، — دېدى.

— ھە، مۇنداق ئېيتىششلار بوپتۇ-دە!
— خېلى گومپىسى بار ئورۇسكەن-ھە؟
— ئۇمۇ، رۇسلارنىڭ شائىرى. ئۇنىڭ دادىسىمۇ كونا ئوقۇتقۇچى ئىكەن ئەمەسمۇ.
— توختاڭلارا، — دېدى ئارىدىن بىرسى، — لۇتپۇللانىڭ بوۋىسى مۇتەللىپ تۇرسا، ئۇ، يۇسۇپ دەپ يۈرىدۇ، شۇما شائىرلىقى؟
ئەتراپتىكىلەر ئۆزئارا كۈلۈشتى. يەنە بىردەم تۇرسا، مىخائىلنى شۇنىڭ بىلەن كەمسىتىدىغاندەك قىلاتتى. لۇت-پۇللا:
— ئۇ توغرا ئېيتىدۇ! — دېدى ئىزاھلاپ، مۇتەللىپ مېنىڭلا بوۋام. يۇسۇپ خاس ھاجىپ دېگەن ھەممىمىز-نىڭ بوۋىسى. ئۇ قەشقەردە ئۆتكەن شائىر.
ئارىنى جىملىق باستى. تەبىئىي ئوچراشقان بۇ يىگىت-لەر ئىچىدە ھەرخىل سەۋىيىلىكلەر بار ئىدى، بىراق ھەم-مىسىلا يۇسۇپ خاس ھاجىپ دېگەندىن خەۋىرى يوق ئى-دى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە بىر-سى:
— بىز ئەمدى ئاڭلاۋاتقان تۇرساق، ئورۇس نەدىن بىلىدۇ؟، — دەپ سورىدى.
— ھەيران قېلىشقا ھەقلىق سىلەر، — دېدى لۇتپۇللا ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلەرگە قاراپ، — مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن نادانلىق پەردىسىگە يۆگىلىپ قالغانلىقىمىز ئوقۇشماس-لىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ دېگەن

شائىرنىڭ بىزدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يازغان «قۇتاد-
غۇبىلىك» كىتابى ئەرەب، پارس، ئىنگلىز، رۇس...
تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭلاشقا مىختائىلنىڭ بى-
لىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس...

بەڭۋاش دەريا چايقاپ چىقىرىۋەتكەن قىرغاقتىكى ئاپ-
ئاق قۇملار سۇغا چۆمۈلگەنلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىپ كۈنگە
قاقلىنىدىغان مەيدانى ئىدى. ھازىر ئۇلار خىلمۇ خىل
پاراڭلار بىلەن دەريا دولقۇنلىرىنى تاماشا قىلاتتى. قارماق
سالغانلارنىڭ قارمىقىغا كالا باش بېلىق، ئاسمانكا بېلىق
چىقىپ قالغاندا، ھەممىگە كۆز-كۆز قىلىپ كۆرسەتسە،
ئىت بېلىق چىقىپ قالغاندا تېرىكىپ بېلىقنى قۇمغا تاش-
لاپ قويۇشاتتى. سۇغىمۇ، قۇمغىمۇ، بېلىققىمۇ قانغان
باللار كۆۋرۈك تەرەپكە مېڭىشتى.

ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ دەريا قىرغىقىدىكى ئون
غۇلاچتەك ئېگىز قىلىپ ياسالغان پەشتاققا چىقىپ ئەتراپقا
ھەۋەس بىلەن قاراشتى. پەشتاق تاختاي تېمىغا ھەر خىل
يېزىقلار خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچ يېرىدە لۇتپۇللا-
نىڭ شېئىر ئارقىلىق يازغان خاتىرىلىرى بار ئىدى. بۇ
قېتىم ئۇ يەنە يازدى. باشقىلارمۇ يازدى. ئىلگىرى ۋە
ھازىر يېزىلغان خاتىرىلەرنى ئوقۇشتى. بەزىلەر ئىسمى-
نى، بەزىلەر قىزىق سۆز، قوشاقلارنى يازغانىدى.

پەشتاقتا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، چۈشتى-دە، شى-
ۋاقلىقلارنى دەسسىگىنىچە ھەممىسى ئابرالنىڭ تۇۋەنكى
تارماق ئېگىزلىكى "قىزىل تومشۇق"قا قاراپ يارماشتى.
بۇ، "بالا تاش" ياكى "تۇگە بوينى" مەنزىللىرىنىڭ تۇنجى

نۇقتىسى ئىدى.

مانا ھازىر ئۇلار بوگوڭكى سەيلىنىڭ ئاخىرقى پەللە-سى — "قىزىل تۇمشۇق" تا ئىلقا مەھەللىسىگە قارىشىپ ئۆز كوچىلىرى، مەھەللىلىرى، ئۆيلىرىگە كۆز تاشلاش-تى. ھەممىدىن ئېنىق كۆرۈنگەنلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈ-مەت، قىزلار مەكتىپى، دوختۇرخانا، چىغلىق مەھەللە كوچىسى ئىدى. ئېنىق بولمىسىمۇ تۇرك مەھەللىسى، ئورۇس مەھەللىسى ۋە سېپىل خارابىسى بىلىنىپ تۇرات-تى. قىسقىسى، ئىلقا دىيارى ئەنە شۇ بىرىكمىلەردىن تەركىپ تاپقانىدى.

بالىلار قوزغالغان ھەۋەسلىرىدىن ئۆز مەھەللە، ئۆي-لىرىنى مۆلچەرلىشىپ قارىغىنىچە پاراڭلارغا چۆشكەن-دى. بەزىلىرى بىر-بىرىسى بىلەن بەس قىلىشىپ تۇۋەنگە تاش ئېتىشاتتى...

لۇتپۇللا سەلدىن كېيىن ئېرىقى بىر قىيا تاشنىڭ ئۈس-تىگە چىققىنىچە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، تىزىنىڭ ئۈستى-گە ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇتقان ھالدا يىراق-يە-راقلارغا قاراپ يېگانە ئولتۇراتتى. شۇ كۆنلەردە ئۇنىڭ غەيرىي قىلىقلىرى ئارىلاپ شۇنداق شەكىللىنەتتى. ئارى-لىشىپ يۈرگەنلەر بولسا، تېخى ھېچنەرسە ھېس قىلال-مىغانىدى.

## 30

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن غۇلام مۇئەللىم يېڭى بازارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كوچا بىلەن ئالدىراپ دۈربىلجىن مەھەللىسىگە ماڭدى. "يەنە چىقىپ كەتمىگەن بولسا بولاتتى-ھە؟" دېگەن خىياللار بىلەن بۇك-باراقسانلىق دۈربىلجىن كوچىسىغا بۇرۇلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم غۇلام مۇئەللىم، — دېدى ئەمدىلا كوچىغا چىققان لۇتپۇللا ئۇچراپ.

— مانا بۇ ئىككىنچى قېتىم ئىزدىشىم ئۇكام، — دېدى غۇلام مۇئەللىم، — سىنىڭ كەلگىنىڭنى ئاڭلىغىنىمغا نەچچە كۈن بولدى.

تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، لۇتپۇللا خېلى زورلىسىمۇ غۇلام مۇئەللىم ئۆيگە كىرمەيلا كوچىدا پاراڭلاشتى. غۇلام مۇئەللىم لۇتپۇللانى سانايىنەپىسە تەرەپكە بېرىشقا تەكلىپ قىلغانىدى، لۇتپۇللامۇ بۈگۈن يولۇقماقچى ئىكەنلىكىنى دېگەندە، ھەر ئىككىسى خۇش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىرلىكتە كۇلۇپ تەرەپكە يول ئالدى. يول بويى تونۇش-بىلىشلەر ئۇچراپ بىرمۇنچە كىشى بولدى. لۇتپۇللا شەھەرنىڭ، ئەتراپىدىكىلەر نىلقىنىڭ گېپىنى قىلىپ كۇلۇبقا يېتىپ كېلىشتى. كۇلۇبنىڭ يان ئىشىكىدىن كىرگەندە سانايىنەپىسەنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرنەچچىسى خېلى بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن لۇتپۇللا بىر ئۆيۈن

تەييارلىقى قىلىنىۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

— ئۆزەڭ بىلىسەن، نىلقىلىقلار ئۆيۈن قويساڭ زې-رىكمەيدۇ، قويمىساڭ رەنجىيدۇ، — دېدى غۇلام مۇئەل-لىم چۈشەندۈرۈپ، — ھازىر ئۆيلىشىۋاتقىنىمىز «ئىككى بايغا بىر مالاي»، «ئارشىن مال ئالان»، يەنە ناخشا-مۇزى-كىلارمۇ بار، — دېدى.

— سىلەرمۇ ئەمدى كۆلۈبتا ئۆيۈن قويغۇدەك تەجرى-بىگە ئىگە بولۇپ قالدىڭلار، — دېدى لۇتپۇللا.

— سىېنىڭ ئالايىتەن ياردىمىڭگە موھتاجمىز، — دېدى ناسىرجان. بۇ "ئالايىتەن ياردەم" دېگەن گەپكە تازا چۈشىنەلمىگەن لۇتپۇللاغا غۇلام مۇئەللىم كەڭرەك ئىزا-ھات بەردى.

— ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرىسەن، سەھنىمىز بەك يالى-ڭاچ. شۇنىڭغا بىر دېكوراتسىيە سىزدۇرۇشنى ئويلاش-قان. مۇشۇ ئېھتىياجىمىز ساڭا قاراشلىق ئىدى. ناسىر-جاننىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇ گەپ.

لۇتپۇللا گەپ قىلمايلا سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇ-رۇپ تاماشىبىنلارغا ئۇدۇل تامنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلى-كىنى كۆز مۆلچەر قىلدى. لېكىن نېمە سىزىش توغرى-سىدا بىرەر نەرسىنى ئويلىمىدى.

— نىلقا شارائىتىدا سەھنىنى خېلى زىننەتلەپسىلەر، شۇنداقتىمۇ ئۇ چىرايلىق ياسانغان يالاڭ ئاياغ بالىدەك تۇرۇپتۇ، — دېدى لۇتپۇللا، — نېمە پىلان قىلىۋاتىسى-لەر؟

— ساڭا چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈمۈچنى

تۈتىدىغان ئۇستاسەن، بامەسلىھەت پىكىرلەشمەيمىزمۇ،
— دېدى غۇلام مۇئەللىم.

شۇنىڭ بىلەن گەپ باشلاندى، ھەر خىل تەكلىپلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاخىرى قويىنى قاسساپ سويسۇن
دېگەندەك لۇتپۇللانىڭ بېرىلگەن تەلەپلەر بويىچە لايىھە
سىزىشىنى تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدا ئومۇملاشتۇرۇلغان
تەلەپ: تەبىئەت مەنزىرىسى ئىلقا شارائىتىغىمۇ ئۇيغۇن،
دېيىلدى. . .

* * * * *

كۇلۇبقا دېكوراتسىيە سىزىش باشلانغىلى بىر نەچچە
كۈن بولدى. بەزىدە بىر كۈن، بەزىدە يېرىم كۈن داۋاملى-
شاتتى. دېكوراتسىيىنىڭ سىزىلىش جەريانى لۇتپۇللا ئۇ-
چۇن بىر كۆڭۈللۈك پائالىيەت بولدى. ھەپتىدىن كېيىن
دېكوراتسىيىمۇ پۈتتى.

بۈگۈن تەكلىپ بويىچە ناھىيىدىكى جاڭ ھاكىم باش-
لىق بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئەمەت ئىمام، تۇرسۇن
شاڭيۇ، لى خۇيجاڭ، ئوسمان مۇئەللىم، ئېركىن بەگلەر
دېكوراتسىيىنى كۆرۈشتى.

دېكوراتسىيە كۆركەم سىزىلغانىدى. بۇلۇتلارغا تاقى-
شىپ تۇرغان قارلىق چوققا، تاغ باغرىدا قارىغايلار،
يايلاق ئېدىرلار، جىرادىن چىققان شارقىراتمىلىق سۇ،
قىرغاقلاردا رەڭگا رەڭ گۈللەر چۈشۈرۈلگەن بۇ دېكورات-
سىيە ناھايىتى جانلىق سىزىلغانىدى. گەرچە دېكوراتسى-

يىدە ياپلاپ يۈرگەن ماللار، تىكىلگەن ئاق ئۆيلەر، مې-
ڭىپ يۈرگەن ئادەملەر ياكى تاغ جانىۋارلىرى سىزىلمىغان بولسىمۇ، ھامان شۇ تەبىئەتنىڭ قوينىدا باردەكلا سېزىلات-
تى. شۇنداقتىمۇ بەزىلەر:

نېمىشقا چارۋا ياكى ئادەملەر سىزىلمىدى؟ — دېيىشتى.

— سىزمىغىنىمنىڭ سەۋەبى، — دەپ چۈشەندۈردى لۇتپۇللا، — بۇ، دېكوراتسىيە. شۇنداق ئىكەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئويۇنغا ماسلىشىشى كېرەك. بىرلا مەزمۇنغا مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلسە، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قىممىتى قالمايدۇ، — دېدى.

كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەر يەنە سەھنىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئاسما قىلىپ سىزىلغان يەتتىدىن ئون تۆت سۇۋا-
دانغا قىزىقىپ قاراشتى.

ئۇ خۇددى تېرەكلىك كوچىغىلا ئوخشىغانىدى.

كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەر دېكوراتسىيەلەرنىڭ بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، ئۇنىڭ نىلقا سانايىنەپسەگە قوشۇلغان قىممەتلىك بىر مەدەنىي مۇلۈك بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنى ئوبدان ئاسراش كېرەك-
لىكىنى تەكىتلەشتى.

* * * * *

ئەتىگەندىلا ئالتۇن تاۋاقتەك پارقىراپ نۇرىنى چاچقان قۇياش چۈشكە يېقىن مۇكۇشمەك ئويىنغاندەك ئالا بۇلۇت-

ـلار ئارىسىدا قالدى. ئارقا-ئارقىدىن مەيدىسىنى ئابرالغا ياققان كۆلرەڭ بۇلۇتلار كۆپىيىپ بىردەم ئۆتمەك، بىردەم ئاستا يامغۇر ياغدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ لۇتپۇللا ئۆيـ ـدىن چىقماي كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى.

كەچقۇرۇندا ئاغىنىسى ئەۋەزبېك ئەۋەتكەن بىر بالا بىر پارچە تەكلىپ خەتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. خەتـ ـتە لۇتپۇللانىڭ بىر كېلىپ كېتىشى ئۆتۈنۈلگەنىدى.

لۇتپۇللا بېرىشقا تەييارلاندى. يامغۇر توختىغان بولـ ـسىمۇ بۇلۇتلار يەنىلا لەيلەپ سۈس شامال چىقىپ تۇرـ ـغاچقا، ھاۋا سوغ ئىدى.

كۈتۈپ تۇرغان ئەۋەزبېك لۇتپۇللانىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى ھەم دەرھال ئۆيىگە باشـ ـلىدى، ئۆيگە كىرگىنى يەنە قازاقچە شىرداق سېلىنغان بوـ ـلۇپ، ئۈستىدە كۆرپىمۇ بار ئىدى. لۇتپۇللا چاقىرىلىق بىلەن ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ ئۆيدە ئولتۇرغان ئىككى مېھـ ـمان بىلەن قول ئېلىشتى-دە، قاتارى تۆرگە ئولتۇردى.

مېھمانلارنىڭ بىرى چوڭراقى تۆت يانچۇقلۇق چىلان رەڭ چاپان كىيگەن بولۇپ، كۆزلىرى دۈگىلەك، ئاق يۈزـ ـلۈك، بېشىدا شىلەپىسى بار كىشى ئىدى. يەنە بىرسى قازاقچە كەشتىلىك دوپپا كىيگەن، قايرىما ياقىلىق تۇـ ـجۇركا، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، پاناق بۇرۇن، بۇغداي ئۆڭلۈك گۆپسا كىشى ئىدى. ياش قۇرامىمۇ بىزنىڭكى ھەمراھىدىن پەرقلەنمەيدىغاندەك ئىدى.

— سەن كەلگىچە بەك تەقەززا بولدۇم. ھەرنېمە بولـ ـسىمۇ ئۆيدە ئىكەنسەن، — دېدى ئەۋەزبېك ساھىبخانىلىق

ئەقىدىسىنى بىلدۈرۈپ، — مۇنچىۋالا تەقەززا بولغىنىم، بۈگۈن تاڭجارىق شائىر ئاكىمىزنى قانداق شامال ئېلىپ كەلدىكى، سىېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن دېدىم.

— يەنە بىر قول ئېلىشىۋېتەيلى شائىر تاڭجارىق جول- دى ئاكىمىز بىلەن، — دېدى لۇتپۇللا ئەۋەزبېكنىڭ سۆ- زىنى بۆلۈپ. ئەۋەزبېك سۆزىنى داۋام قىلدى:

يېنىدىكى ئاكىمىز نىلقىلىق مۇئەللىم مولداغالى، بۇ ئاغىنەم سىلەرگە ئىسمى تونۇش شائىر لۇتپۇللا، — دەپ لۇتپۇللانى ئۇلارغىمۇ تونۇشتۇردى.

— سىېنىڭ بىلەن دىدارلاشقىنىم ئۇچۇن بەك خۇشال- مەن، — دېدى تاڭجارىق، — سىېنى ماڭا ئۇچراشتۇرغان ئەۋەزبېككە رەھمەت ئېيتىمەن.

— تەكە،[1] دېدى مولداغالى، — بىر يۇرتلۇق تۇرۇپ مېنىڭ ئەمدى كۆرۈۋاتقىنىمنى دېمەمسىز!

— ئۇنداق بولۇشى لۇتپۇللا شەھەردە تۇردى-دە، — دەپ ئىزاھ بەردى ئەۋەزبېك. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار ئۆزئارا پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتكەندە ئىككى يىگىت بىر پاخلاننى يېتىلەپ بوسۇغىدا تۇرۇپ:

— ئۇۋمىن![2]، — دېدى. تاڭجارىق لۇتپۇللانى، لۇت- پۇللا تاڭجارىقنى ئىملىدى.

— ئىنىم لۇتپۇللا، — دېدى مولداغالى، — قانداق بولمىسۇن سەن بىر ئاتىنىڭ[3] ئوغلى، دۇئا سەندىن بول-

---

① قازاق ئادىتىدە ئىسمىنىڭ باش ھەرپىگە "كە"، "قە" قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ھۆرمەت- لەشنى بىلدۈرىدۇ.
② "ئامىن" نىڭ قازاقچە تەلەپپۇزى.
③ بىر مىللەتكە ۋەكىل دېمەكچى.

سۇن!

— دېگىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدى لۇتپۇللا، — لېكىن ئۇيغۇر قائىدىسىدە چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتمەيمىز. يەنىلا دۇئا تەكەڭدىن بولغىنى ياخشى.

ئاخىرى تاڭجارىق دۇئا قىلىشقا قول كۆتۈردى:

مال-جېنىڭ ئامان بولسۇن،
باياشات زامان بولسۇن.
ئابرويۇڭ ئارتتۇرسۇن،
يىلتىزىڭ تارتتۇرسۇن.
ئەل ئۈچۈن مېھرىڭ كۆلسۇن،
رەقىبىڭ مىڭلاپ ئۆلسۇن.
ھەر مىللەت دوستىڭ بولسۇن،
دىيارىڭ گۈلگە تولسۇن.
مېھمانلار كېلىپ تۇرسۇن،
دۇئايىمىز قوبۇل بولسۇن.
ئاللاھۇئەكبەر!

ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەرمۇ، دالاندىكىلەر دۇئادىن مەمنۇن بولدى. ئۆزئارا پىچىرلىشىپ ”غۇنان قويلۇق دۇئا بولدى-دە!“ دېيىشتى.

— تاڭجارىق ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا ھاياجان بىلەن، — قازاقنىڭ دۇئاسىنى بۈگۈن بىۋاستە ھەم تولۇق ئاڭلىدىم-دە! بۇ بىر شېئىر ئىكەن.

— ئىنىم لۇتپۇللا، ئېھتىمال سەن ئىلگىرى داخىل

بولمىغاچقا شۇنداق تەسىر قىلغاندۇ، خەلق ئىچىدە ھەيـ-
ران قالغۇدەك دۇئا بېرىدىغانلار بار.
— دۇئا ئۆزگىرىپ تۇرامدۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.
— ئەلۋەتتە. گەرچە دۇئا مالغا قارىتىلغاندەك بولسى-
مۇ، شۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالى، كەسپى، شارائىتى قاتارلىق
تەرەپلىرىگە جانلىق بىرلەشتۈرۈلىدۇ...، — دېدى تاڭ-
جارىق قىسقىچە شەرھلەپ.
— يەنە، — دېدى نۇرغالى، — تۇگە، ئات، غۇنان
قوي... قوش تاۋاق دېگەندەك دەرىجىلىك دۇئالارمۇ بار.
بۇ ئارىلىقتا دەستىخان سېلىنىپ، مايدا پىشۇرۇلغان
بوغۇرساق، سېرىق ياغ، قايماق، تاتلىق-تۈرۈملار قويۇل-
دى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان
ساماۋار داستىخاننىڭ چېتىگە قويۇلدى-دە بىر كېلىنچەك
چاي تەڭشەپ قۇيۇپ بەردى.
— خوشە مېھمانلار، داستىخىنىم ئاددى بولسىمۇ،
كۆڭلۈم ئازادە. سىلەرمۇ تارتىنماي، قىزىق سۆھبەتلەر
بىلەن ئىچىلىپ ئولتۇرۇڭلار. ئارىمىزدا ئىككى شائىر
تۇرۇپسىلەر، شائىرنىڭ تىلىنى شائىر بىلىدۇ. چىنەڭلەر-
مۇ توختاپ قالمىسۇن، — دېدى ئەۋەزبېك ساھىبخانلىق
سۈپىتى بىلەن.
— ئەۋەزبېك ئاداش، داستىخىنىڭ بەك ئەھمىيەتلىك
بولدى، — دېدى لۇتپۇللا، — مېنىڭ شەھەردىكى قازاق
ئۇيۇشمىسىدا تېمىرغەلى دېگەن بىر قىزىقچى تونۇشۇم
بار، شۇ ئارقىلىق تاڭجارىق ئاكىنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ
بولغانىدىم ھەم شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئارقىلىق شېئىرلى-

رىنى ھەم كۆرگەنىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى غايىۋانە تو-
نۇش. ھازىر بولسا يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ ئولتۇرىمىز.
— ئەسلىگىنىڭگە رەھمەت ئىنىم، ئەمدى سەن دې-
گەنلىكتىن رەسمىيەت ئۈچۈن مەن دەۋاتقىنىم يوق. مەن
سېنىڭ شېئىرلىرىڭ بىلەن خېلىدىن بېرى تونۇش. تېمىر-
غەلى راستىنىلا تالانتلىق سەنئەتچى. ھە، ئەنۋەر ناسىرى-
نىڭ سالامەتلىكى قانداق؟
— باشقا ئادەم بولسا، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاتتى.
ئەنۋەر ئاكا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ، غايىۋى
ساغلام، — دېدى لۇتپۇللا.
— دۇرۇس، — دېدى تاڭجارىق، — ئۇ ئۈمىدۋار،
روھى ساغلام ئادەم، شۇنىڭ ئۆزى ھاياتلىقنىڭ كېپىلى-
دە. كىمدۇر بىر دانا: "شېئىر دېمەك روھ دېمەكتۇر" دې-
گەنىكەن، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىسىدا، — رۇس گىمنازى-
يىسى بىلەن ئوقۇشۇڭنى تۈگىدى قىلامسەن؟ ، — دېدى.
— پەقەت رۇس گىمنازىيىسىدىكىلا، —دېدى لۇتپۇللا
كۈلۈمسىرەپ.
— رۇس گىمنازىيىسىدىكىلا، دېگىنىڭ نېمىسى، ئا-
خىرىسى بار گەپمۇ؟ — سورىدى تاڭجارىق.
— ھەئە، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن دېگىنىمغۇ، —
دېدى لۇتپۇللا.
ھەر نېمە بولسىمۇ، مەندەك چەت ئەلدە ئوقۇيمەن
دەپ ئارىسالدى بولۇپ قالمىغىن، — تاڭجارىق مەنىلىك
قاراپ قويدى لۇتپۇللاغا.
— ئۆزۈمچى دارىلمۇئەللىمىگە بارماقچى، — دېدى

لۇتپۇللا شۇئان، — تەكە، ماڭا ئوخشاش ئارىسالدى بو-
لۇپ قالمىغىن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي، — دېدى تاڭجارىق، مېنىڭ ھاياتىمدىكى مۇ-
رەككەپ سەرگۈزەشتىلەرگە سوئال قويۇپ قالدىڭ. بىز
قازاق خەلقى تاغدا كۆچۈپ-قونۇپ يۈرىمىز، ئۈيدا[1] ئات
مىنىپ ئەل ئارىلاپ يۈرىمىز. شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى
ئىلىم تەشنالىقىمدىنمۇ قازاقىستانغا ئوقۇشقا ئۈيىرىسى-
دىن[2] ئايرىلغان توسۇن ئاتتەك بارغانىدىم. ھېھ! بۇ خۇد-
دى "ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغان" دەك
بولدى. ئىستىكىم باشقا، ئەمەلىيەت باشقا بولدى...

سەرگەردان "ساياھەت" بىلەن تېشىرقىغان ئاتتەك قاي-
تىپ كەلدىم. بۇنىڭغا سىلىشتۇرغاندا ئۇرۇمچى ئالمۇتى-
دىن يىراق بولسىمۇ، ئارزۇيۇڭ ئىشقا ئاشىدۇ، چۈنكى
بۇ ئۆز دىيارىمىز-دە!

— رۇسچىنى بىلمۇالغانسىز؟، — دەپ سورىدى لۇت-
پۇللا.

— شۇنداق، ئۇ يەرلەردە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس
ئىكەن، — دېدى تاڭجارىق مەنىلىك باش لىڭشىتىپ، —
رۇسلار ھاكىم مىللەت بولغاچقىمۇ ھەممە مىللەت رۇس-
چە تىل-يېزىق قوللىنىدىكەن. مەنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە
نان تېپىپ يېگۈدەك ئۆزلەشتۈردۈم.

بۇ گەپ كۈلكىلىك بولمىسىمۇ ئەتراپتىكىلەر ئاخىر-
قى سۆزگە كۈلۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا بىلەن

---

① مەھەللىدە، قىشتا دېمەكچى.
② ئۈيىر—توپىدىن ئايرىلغان.

تاڭجارىق بەزى گەپلەرنى رۇسچە سۆزلەشتى.

— تەكە، شۇڭلارغا قارىغاندا، خېلىلا بىلىدىغان ئوخشايسىز، — دېگەن لۇتپۇللانىڭ سۆزىگە ئۇرغالى:

— كىتاب كۆرەلەيدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئېھتىمال شۇنداق سەرگوزەشتىلەر تەكەڭنىڭ يەنىمۇ يۇرتىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى كۈچەيتكەن. تېمىرغەلىنىڭ ياردىمى بىلەن تەكەڭنىڭ «ئىلى سۈپىتى» دېگەن شېئىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ يادلىۋالدىم:

پەممىچە ئىلى — زېمىن كىندىكىدەك،
گەۋدىسى خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكىدەك.
تېغى ئالتۇن، تېشى كۈمۈش، ئورمىنى مىس،
سۇلىرى ئەركەك قوينىڭ شورپىسىدەك.

مانا بۇ ماھىر رەسسامنىڭ ماي بوياق بىلەن ئىلى دىيارىنىڭ ئوبرازىنى جانلىق سىزىپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدەك ئەمەسمۇ؟! — دېدى لۇتپۇللا.

— لۇتپۇللا، — دېدى ئەۋەزبېك، — شېئىرنى تەھلىل قىلىپ چۈشىنىشىڭ بىزدىن ئارتۇق ياكى ئۆزگىچە بولدى. چۈنكى سەن ھەم رەسسام بولغاچقا، شۇ تۇرقىدا سىزىپ كۆرسەتتىڭ.

— ئۇ تەرىپىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى تاڭجارىق.

— ئەڭ ياخشىسى ئەتە كۆلۈبتىكى سىزغان دېكوراتسىيىسىنى كۆرستەي تەكە، — دېدى ئەۋەزبېك.

تاڭجارىق يانچۇقىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەچكە بېشى

بىلەن "ماقۇل" لۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ ئاخىرى:
— ھە مانا تاپتىم، مەن لۇتپۇللانىڭ "كۆرەش" شېئىرىنى يېزىۋالغانىدىم. ئۆزۈۋۈندە ئوقۇپ بېرەي دېدى:

كۆرەشنى قىزىتتۇق بىز، ئاخىرقى يېڭىش بىزنىڭدۇر،
كۆرەشكەنسېرى چىڭىش، زەپەرلىك سۈرئەت بىزنىڭدۇر.

بۇ كۆرەش ئىقبالىدىن قايناق تىلەك تاغدەكتۇر،
ئەڭ ئاداقىقى زور يېڭىش، يېڭى ھايات بىزنىڭدۇر.

ئۇ ئوقۇپ بولۇپ ئەتراپقا ئۇن-تىنسىز قارىدى. ئولتۇرغانلار جىم ئىدى. بۇ جىملىقنى لۇتپۇللانىڭ شېئىرى ئەسىر قىلىپ ئىلكىگە ئالغانىدەك ئىدى. لۇتپۇللا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىملىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن:
— ئەمدى تەكەڭنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئۆز شېئىرىنى ئاڭلىغۇم بار ئىدى. . — دېگەنىدى، ئەتراپتىكىلەر:
— جايىدا قويۇلغان تەلەپ، — دېيىشتى.
تاڭجارىق بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان پۇتلىرىنى يۆتكىگەن بولۇپ، ئېڭىكىنى كۆتۈرگىنىچە ئېگىزگە نەزەر تاشلاپ مۇنداق باشلىدى:

قولۇمغا قەلەم ئالدىم يېزىشقا ئەمدى،
ئويلاندىم تارىختىن سۆز قېزىشقا ئەمدى،
سەپسالسام تۇراقسىز زامان تۈرىگە،

باشلىدى كۈندىن-كۈنگە ئالجىشقا ئەمدى،
بىر ئوتنىڭ يالمىشىغا دۇچار بولۇپ،
ئايلانماقتا ئېزىز دىيار تۇزۇشقا ئەمدى.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

داستىخان ئۈستىدە ئوقۇلغان بۇ شېئىر ئاڭلىغۇچىلارنى جەمئىيەت ئىچىگە ئېلىپ كىرگەندەك بولدى.

— جاراڭلىسۇن مانا شۇنداق شائىر قەلبى! — دەۋەتتى لۇتپۇللا. بۇ، ئاڭلىغۇچىلارغا خۇددى ئاڭجارىق شېئىرىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدەك بىلىندى. بۇنىڭغا ھەممىسى قايىل بولدى. بولۇپمۇ ئاڭجارىق لۇتپۇللانىڭ ئىز پىكىرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقىمۇ: "لۇتپۇللا، سەن ھەقىقەتەن يېنىپ تۇرغان ئوت ئۇچقۇنى ئىكەنسەن-دە!" دېگەننى ئويلىدى.

تاماقنىڭ تەييارلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەۋەزبېك يىگىتلەرنىڭ قولىغا سۇ ئېلىشنى بۇيرىدى. ئاندىن پىيازنىڭ ھىدى بىلەن ھورى چىقىپ تۇرغان تاۋاقلار تارتىلدى. قازاق قائىدىسى بويىچە قوينىڭ بېشى سېلىنغان تاۋاق ئاڭجارىقنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئۇ رەسمىيەت بويىچە بىر كېسىم ئېغىزىغا سالدى، بىر كېسىمنى ھەمتاۋاقدىشىغا، ئاندىن بىر قۇلاقنى ساھىبخانىغا بەردى-دە، باشنى شۇ ئۆينىڭ بىر بالىسىغا تەقدىم قىلدى.

ئاندىن گۆشلەر توغرىلىپ، تاۋاقتىكى چۆپ ئۈستىگە چۇشۇشۇەردى ھەم بىر چەتتىن گۆش بىلەن چۆپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىۋەردى. تاماق ئارقىسىدىن بىرەر چىنە شورپا ئىچىلىپ ئاندىن چاي تارتىلدى. ھەر تۈرلۈك پاراڭ-

لار بولۇنۇپ تەبىئىي ھالدا جاڭ ھاكىم تىلغا ئېلىندى.

— ۋاقتىڭىز بولسا، تونۇشۇپ قويۇڭ تەكە، — دېدى ئەۋەزبېك.

— ئەل ئاغزىدا ياخشى تەرىپلىنىدىكەن، "يۈز ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغۇچە، بىرسى بىلەن تونۇشقىنىڭ ئەۋزەل"-دە، تونۇشۇپ قوياي، — دېدى تاڭجارىق.

— خەلقپەرۋەر ئادەم، — دېدى نۇرغالى، — قاراتۆپە مەھەللىسىنى ئۆز قولى بىلەن لايىھىلەپ، پىتىراپ يۈرگەن قازاقلارنى مەھەللىلەشتۈردى.

موڭغۇل، قازاقلارنىڭ بالىلىرىغا مەكتەپ ياساتتى. قىسقىسى، ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭ خېلى تەرىپى سۆزلەندى.

ئاخىرىدا تاڭجارىق لۇتپۇللاغا ئىلھامبەخش ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ قەلەم قورالى بىلەن شېئىر كانلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق قېزىپ ئىلگىرىلىشىنى، ئوقۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلىدى. لۇتپۇللامۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇندىن كېيىن ئارىلىشىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

لۇتپۇللا قايتقاندا تۈن نىسپى بولغانىدى. ئىككى يىگىت لۇتپۇللانى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدى.

## 31

نىلقا كۆلۈبىغا سىزىلغان دېكوراتسىيىنىڭ قالتىسلىقى بارغانسېرى كوچا-كويلارغىچە تارقىدى. بەزىلەر دېكوراتسىيىگە سىزىلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ راستتەكلا تۇر-

غانلىقىنى سۆزلەشسە، بەزىلەر يوق نېمىلەرنى قوشۇپ تەرىپلىشەتتى. شۇنداق قىلىپ "كىم سىزىپتۇ؟" دېگەن بېرىگە كەلگەندە لۇتپۇللانىڭ مىجەز-خۇلقىدىكى غەيرىي-لىكلەر سۆزلىنىپ يۈردى:

— كۈلۈپقا شۇنچە رەسىم سىزغۇچى بولغاندىن كې-يىن، ئەقلى-ھوشى جايىدا ئىكەنغۇ.

— تۇرۇپلا ئۆزىنى بىلمەي قالىدىكەن.

— ئەسلىدە موللا ئادەمنىڭ بالىسى بولغاندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك ئىدى، ئورۇس مەكتىپىدە ئوقۇغاننىڭ كاساپىتى شۇ!

— بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە دەرياغا، تاغلارغا، بۇلۇت-لارغا قاراپ سۆزلەپ كېتىمىش.

— سەۋدايىلىق دېگەن شۇ-دە.

—ھىم، مۇسۇلمان بالىسى تۇرۇپ، يالاڭۋاش يۈر-سە، ئەنە شۇنداق بولىدۇ!

— ئۆيلەپ قويغاندىن ياخشىسى يوق.

— ھېزىم ئاخۇن ئۆيلەيمەن دېسىلا، نەدىن بولسىمۇ لايىق چىقاتتى.

— چاقماقتەك يىگىت ئىدى-دە.

— ھەممە ۋاقىت شۇنداق ئەمەس، بەزىدە ئۆزىچىلا جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن.

— بەزىلەر يىگىتنى تۈگە كۆرسىتىدىكەن-دە. بۇرۇن-مۇ بىرنېمە يازغىنى كەلسە شۇنداق ئىدىغۇ؟

— ماڭغۇ ھېچقانداق ئەمەسقۇ.

قىسقىسى، لۇتپۇللا ھەققىدە ئەنە شۇنداق باھا بې-

رىش، تەخمىنلەش بولۇپ قالدى. بۇ گەپلەر ھېزىم ئاخۇن بىلەن مىلىكەمگىمۇ يېتىپ كەلدى. ئائىلىدە ئۇنداق ئالا. مەتلەر ھېچ كۆرۈلمەيتتى. ئەمما لۇتپۇللانىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ئۆزۈن خىياللارغا غەرق بولىدىغىنىنى ئۆزىچە پىچىرلاپ قويىدىغىنىنى بار ئىدى. ھېزىم ئاخۇن لۇتپۇللانىڭ كىچە. كىدىلا شۇنداق مىجەزى بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ. رۈپ، ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. ئانىسى مىلىكەم بىئارام بولاتتى. بۇ قېتىم كۆيئوغلى نۇرجانىنىڭ ”لۇتپۇللا خىيال. چان بولۇپ قىلىۋاتىدۇ“ دېگىنىنى ئەسلەپ تېخىمۇ خا. تىرجەمسىزلىنەتتى.

تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ چۆشەندۈرگۈچىسى يە. نىلا تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەر بولاتتى:

— سەۋدايى دېگەن قىلغان.ئەتكىنىنى بىلمەيدۇ، شۇن. داق ئىش لۇتپۇللادا بارمىكەن؟

— نىلقىدا مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرگەنلەردىن كىم كۆ. لۈبقا دېكوراتسىيە سىزالىدى، لۇتپۇللا ئاينىپ قالغان بول. سا، قانداق سىزغاندۇ؟

— شائىر دېگەنگۇ ئىلھامى كېلىپ كەتسە ئايغا قا. راپ، دەرياغا قاراپ زوقلىنىپ بىرنېمىلەرنى دەيدىغان خەق. بەلكىم لۇتپۇللانىڭ شۇنداق چاغلىرىنى كۆرگەن. لەرنىڭ تاپقان گېپىدۇر.

بارغانسېرى يېڭى گەپلەر چىقمىدى، كونا گەپلەر دىققەتنى ئانچە قوزغىمايدىغان بولدى.

— دادىسى، — دېدى بىر كۈنى مىلىكەم، — ”شامال چىقمىسىغۇ دەرەخ لىڭشىمايدۇ“. ئەمما لۇتپۇللا توغرۇ.

لۇق بۇ گەپلەر نەدىن چىقتى؟ مەن نېمىشقا چېقىلىتۇرماي-
مەن؟

— بىز ئېغىر-بېسىق بولىلى، — دېدى ھېزىم ئاخۇن، — مەن ئۇزۇن يىللىق ئىمام، لېكىن جامائەتنىڭ سوئاللى-رىغا كىتابقا قاراپ جاۋاب بېرىمەن، لۇتپۇللا تېخى بالا. ئۇ يېزىش ئۈچۈن ئويلىنىدۇ، بەلكىم شۇنداق ئەھۋالدۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنى ئىدى. ئوسمان مۇ-ئەللىم ھويلىغا كىرىپ كەلدى-دە:

— قايسىڭلار بار؟ — دەپ توۋلىدى. چايخانىدىن چىققان مېلىكەم تىنچلىق سورىدى-دە، ھېزىم ئاخۇننىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيت-تى. ئوسمان مۇئەللىم ئۇدۇللا سالام بېرىپ كىرگەندى، ھېزىم ئاخۇن خۇش چىراي ھالدا:

— ھوي مۇئەللىم، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ سىزنى؟ — دەپ قارشى ئالدى.

— دېگىنىڭىز بەرھەق ئاخۇنۇم، ئارىلىقىمىزدا بىرلا كوچا بار، كۆرۈشەلمەيمىزغۇ تاڭ. زادى شۇنداق شامال-لارنىڭ ئۇچۇرغىنىمۇ ئوبدان ئىكەن دەڭە، — دېدى ئوس-مان مۇئەللىم. بۇلار گەپلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆزرىخاھ-لىقتىن باشلىدى. ئاندىن مەھەللىدىكى توي-تۆكۈن، ئۆ-لۈم-يېتىم پاراڭلىرىنىمۇ ئارىلاشتۇردى.

لۇتپۇللا بىلەن كۆرۈشتۈم، ھازىر ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ تەييارلىقىدا ئىكەن، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

— ھەئە، بىزمۇ تۇققانلار ئارا ئاز-تولا تالاش-تارتىش قىلىپ رازىلىق بەردۇق، — دېدى ھېزىم ئاخۇن، — خۇدا

بۇيرۇسا مۇشۇ ئايدا سەپەرگە چىقىدۇ.

مېلىكەم بۇ ئايدا-يىلدا تۇيۇقسىز كېلىپ قالىدىغان ھۆرمەتلىك مۇئەللىم ئۈچۈن چاي تەييارلىدى. ھېزىم ئاخۇن بىلەن ئوسمان مۇئەللىم ئىككىسى چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى.

— بۈگۈن ياخشى كېلىپ قاپسىز ئوسمان مۇئەللىم، سىزمۇ ئاڭلىغانسىز تالا-تۈزدىكى لۇتپۇللا توغرىسىدىكى غەلىتە گەپلەرنى، — دېدى ھېزىم ئاخۇن، — شۇ توغرىسىدا سىزدىن مەسلىھەت ئالماقچى ئىدىم.

— مەنمۇ شۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشاي دەپ كەلگەنىدىم، سىزلەرنىڭمۇ خەۋىرىڭىزلار بار ئىكەن-دە؟ — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

— خەۋىرىمىزغۇ بار، لېكىن شۇنداق ئالامەتلەرنى چېلىقتۇرالمىدۇقتۇ تاڭ! — ھەيران بولدى ھېزىم ئاخۇن.

— كوچىدا بولغىنى بىلەن سەۋدايىلىق ئالامىتىدىن بىرەر ئەمەلىيەت كۆرگەن ھېچكىم يوق.

— ئەمىسە بۇ گەپ نەدىن چىقتى؟

— نەدىن چىققانلىقى مۇھىم ئەمەس، چىققانىكەن سەۋەبى بار، شۇ سەۋەب نېمە؟ — ئوسمان مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئەستايىدىللىقىنى ئىپادىلىدى. ھەر ئىككىلىسى جىددىي ئويلاندى.

— مېنىڭچە سىز لۇتپۇللا بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىپ باقسىڭىزمىكىن؟ — تەكلىپ بەردى ھېزىم ئاخۇن.

— بولىدۇ، — دېدى سەل ئويلىنىۋېلىپ ئوسمان مۇئاللىم، — لېكىن لۇتپۇللانىڭ خاراكتېرىنى بىلمەن. ئۇ

ئادەتتە كىشىلەر بىلەن سۆھبەت بولغاندا بىر سىزىق بويى-
چىلا سۆھبەتتە بولماي، ھەر تەرەپكە شاخلاپ تۇرىدۇ.
شۇڭا جاڭ ھاكىمنىمۇ ئارىلاشتۇرسام دەيمەن.
ھېزىم ئاخۇن بىلەن ئوسمان مۇئەللىم تەپسىلىي ھالدا
بولۇپمۇ لۇتپۇللا بۇ قېتىم نىلقىغا كەلگەندىن كېيىنكى
بەزى غەيرىي ئەھۋاللىرىنى سۆزلەشتى. ئاخىرىدا ئوسمان
مۇئەللىم ھازىرلا جاڭ ھاكىمنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپ قايتتى.
ئوسمان مۇئەللىم جاڭ ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
كەلگەندە ئۇنىڭ بىر ئىش بىلەن كەلگىنىنى مۆلچەرلىگەن
جاڭ ھاكىم دەرھال تىلماچ قېيۇمغا ئادەم ئەۋەتتى. تىلماچ
كەلگىچە ئىككىسى ئۆزلىرى ئۆگىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە،
رۇسچە، خەنزۇچە سۆزلەرنى تەكرارلىغاچ ئولتۇرۇپ
تۇردى. قېيۇم تىلماچ كەلگەندىن كېيىن لۇتپۇللا توغرۇ-
لۇق ھەممە ئەھۋالنى ئوسمان مۇئەللىم جاڭ ھاكىمغا ئېي-
تىپ پىكىرلەشتى. ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى لۇتپۇللانى
ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىدىغان، جاڭ ھاكىم
بىلەن قېيۇم "تۇيۇقسىزلا" ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ قېلىپ بىردەم پاراڭلىشىدىغانغا كېلىشتى...
ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئۆيى ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ
كۈنپېتىش تەرىپىدە بولۇپ چوڭ كوچىنىڭ كۈنگەي دوق-
مۇشىدىكى ئادەتتىكى ھويلا ئىدى. بۇ ھويلا ئوسمان
مۇئەللىمنىڭ نامۇ-شەرىپىگە لايىق كەلگۈدەك ھەشەمەت-
لىك ئەمەس ئىدى. نىلقا شارائىتىدا ئۆي-ئىمارەتنى قان-
داق سالىمەن دېسە قول يېتەتتى، نېمىشقىدۇ ئۇ يەردىكى

بايلار بولسۇن، مەرتىۋىلىكلەر بولسۇن ئۇنداق قىلمىغاندى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ، پۈتۈن زېھنىنى مەرتىۋەت ئۈچۈن ئاتا قىلغانىدى.

ئوسمان مۇئەللىم مەرتىۋىلىك دىنىي ئۆلىما ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ پەننىي مەكتەپتە ئوقىدى. بالىلىق-ياشلىق چاغلىرىنى ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ چارىن رايونىدا ئۆتكۈزگەن ئوسمان ئىمىرەمزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن "زارۋات" تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئالمۇتىدىكى بىر ئىنستىتۇتتا بىلىم ئاشۇردى. مۇشۇ جەريانلاردا ئۆمەر مۇھەممىدى، نۇرئىسرائىل، ئابلەي مۇھەممىدى قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن بىللە بولغانىدى.

1932-يىلى كولخوز قۇرۇلۇشىنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى تۈپەيلىدىن ئىلىغا پانالىق ئىزدەپ قاچقان يۇقىرىلار قاتارىدا ئوسمان ئىمىرەمزىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن قول ئۈزۈپ ئائىلە-يۇرتداشلىرى بىلەن مۇشۇ نىلقىغا كېلىپ توختىغانىدى. بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغان پەننىي بىلىمى قاتمۇ-قات خوراپاتلىق قاراڭغۇسى ئىچىگە غەرق بولدى. لېكىن ئەتراپىدا سانىسىزلىغان ساۋاتسىزلار، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئەمتىرەپ يۈرگەن ئۆسمۈر-ياشلار ئۇنىڭ شام چىراغدەك يورۇق چۈشۈرۈشىگە موھتاج ئىدى. ئوسمان مۇئەللىم ئىشنى ئەنە شۇ زۆرۈرىيەتتىن باشلاشنى كىچىككىمەي جەزم قىلدى. بىراق قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ چاغلاردا ياڭ، جىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقنى نادان-
لاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتى ھۆكۈم سۈرەتتى...
ئوسمان ئىمىرەمزە ئەنە شۇنداق زۇلمەت ئىچىدىن باۋۇ-
دۇن خەلپەت، مەخپىر بولۇس، ھېزىم ئاخۇن، قاسىم
خوجىجاڭ قاتارلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈ-
رۇپ ساۋات چىقىرىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىش ئالدى
بىلەن كونا بازاردىكى مەسچىتنىڭ پېشايۋىنىدىن باشلى-
نىپ، دۆربىلجىن مەھەللىسىگە كېڭەيدى. ئاندىن پۇل-
دارلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ھېلىمبايىنىڭ ئۆيى مەك-
تەپكە بېرىلىش بىلەن ساۋات چىقىرىش مەكتىپى بارلىققا
كەلدى، بۇ مەكتەپتە باللار ئوقىدى. ساۋات چىقىرىش
كەچكۈرسىمۇ تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭدا چوڭلار ئوقۇ-
دى.

ئايلار، يىللار شۇنداق ئۆتۈپ ئوسمان ئىمىرەمزىنىڭ
يۈكى ئېغىرلىدى. بىراق شۇندىن باشلاپ ئۇ مۇئەللىم-
لىك سالاھىيىتىنى تىكلىدى.

بەختكە يارىشا 1934-يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشى بول-
دى-دە، پۈتۈن ئۆلكىدە جۇملىدىن ئىلقىدىمۇ ئۆزگىچە
يېڭىلىقلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىلقىدى-
كى روشەن ئالامىتى ئەلنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاقارتىش
جەھەتتە ئىپادىلەندى. ئوسمان ئىمىرەمزە شۇ چاغدا مەي-
دانغا كەلگەن ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىدىن
پايدىلىنىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشتى. شۇنداق
قىلىپ ئىلقا مەھەللە ئىچىدە خەلق ياردىمى بىلەن تۇنجى
سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوسمان ئى-

جىرەمزە مۇدىر بولدى، ئەل ئىچىدە ”مۇئەللىم“ ئاتالدى.

ئەنە شۇنداق بىر ئۇمۇر مائارىپ-ئاقارتىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئوسمان مۇئەللىم بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قانچىلىك مۇشەققەتلەر بىلەن يېتىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى، ئۇلار-نىڭ خەلققە قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار-نىڭ، زىممىسىدە قانچىلىك بۇرچ بارلىقىنى بىلەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ لۇتپۇللانىڭ ھالىغا يېتىشنى ئۆز-ىنىڭ بۇرچى دەپ بىلدى، چۈنكى لۇتپۇللانىڭ تەقدىرى ئەلنىڭ تەقدىرى بىلەن بىللە ئىدى...

مانا ھازىر تامدىكى ”كاككۇك“ سائىتى توققۇز قېتىم ”سايرىدى“. كۆڭلىدە بۈگۈنكى ئۇچرىشىدىغانلار ئۆيىنى بىلىسمۇ، سىرتقا چىقىپ بېقىشنى ھاجەت بىلدى. ئۇ چىقىشى بىلەن تەڭ لۇتپۇللانىڭ شوخ قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. مۇتەللىپ يېتىپ كېلىپ سالام بەرگەن-دىن كېيىن:

— يالغۇزلا كەپسەنغۇ؟ — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

— يولدا ئۇچراشقانلار بىلەن بىللە كەلگەن بولسام بىر كاللەك بولاتتۇق، ئاخىرى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چى-قىرىۋىدىم ئۇلار ئايرىلىپ قالدى، — دېدى لۇتپۇللا.

— بىللە كېلىۋەرمەي.

— ياق، — دېدى لۇتپۇللا، — سىز مېنى چاقىرتقان ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە گەپ-سۆزىڭىز بارلىقى ئېنىق-تە!

ئوسمان مۇئەللىم كۈلۈپ قويدى: ”ھەممىلا ئادەمدە مېڭە بولىدۇ، گەپ شۇنى ئىشلىتىشنى بىلىشتە. ھەي، سېنىڭ جاراڭلاپ تۇرغان شېئىرلىرىڭ ئاشۇ مېڭىنىڭ

مەھسۇلىغۇ. قارا، مېنىڭ ‹يولۇقسۇن› دېگەن تەكلىپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىلغان پەرىزىڭنىڭ توغرىلىقىنى“

— نېمە ئايرىم گەپ-سۆزلىرىم بولاتتى دەيسەن، ئارىلاپ كېلىپ-كېتىپ يۈرەتتىڭ. بۇ قېتىم كەلگىنىڭدە دېكوراتسىيە سىزىپ بېرىپ، ئىلقا كۆلۈبى ئۈچۈن ئۈنتۈلغۇسىز تۆھپە قوشتۇڭ، ۋاقتىڭ يېتىشسە كۆلكىلىك ئېپىزوتلاردىن يېزىپ بەرگىن، سەن يازغان «پەشۋايېدى، ۋاي پۇتۇم» دېگەن ئېپىزوت، «ھۆرۈن بىلەن كېپىنەك» دېگەن ئېيتىشىش مەكتەپتە ئوينىلىپ، بالىلارنىڭ قىزىقىپ كۆرىدىغان ھەم ياخشى تەسىر ئالىدىغان ئويۇنى بولۇپ قالدى. — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

قەلەم قولۇمدىلا بولسا پۇرسەت تېپىپ يازىمەنغۇ. بۇ يەردە بولمىسا، ئۈرۈمچىدە يېزىپ ئەۋەتىپ بەرسەممۇ بولىدىغۇ، — دېدى ئۇ.

— ۋۇي، بۇنى سېلىق دەپ قالمىغىن.

— ياقەي، سېلىق ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەر ئىجادىيەت ھېسابلانمايدۇ، — دېدى لۇتپۇللا شۇ تۇرقىدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىدەك، — مەن ئۆگىنىش بىلەن يېزىشنى بىللە ئېلىپ بارىمەن.

پاراڭلار شۇنداق قىزىۋاتقاندا دېرىزىدىن جاڭ ھاكىمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئوسمان مۇئەللىم ئالدىغا چىقىپ. باشلاپ كىردى.

— لۇتپۇللامۇ بۇ يەردە ئىكەنغۇ؟ ياخشى، — دېدى جاڭ ھاكىم ھېچنېمە بىلمىگەندەك.

— ھەممىڭلارنىڭ نىيىتى خالىس، چاقىرىلمىغان

مېهمانلىرىم، — دېدى خۇش چىراي بىلەن ئوسمان مۇئەل-لىم.

ئۆينىڭ پەگاھ تەرىپىدە ئۈچ ئورۇندۇق تۇراتتى. ئۇ يەردە ئوسمان مۇئەللىم دەرس تەييارلىغاندا، كىتاب كۆر-گەندە ئولتۇراتتى. يۇقىرى سۇپىدا كىگىز، كۆرپە سې-لىنغانلىق ئىدى. ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بويىچە ھەممىسى كۆرپىدە ئولتۇرۇشتى.

ئوسمان مۇئەللىمنىڭ بالىسى بولمىغاچ تىلماچ قې-يۇم جوزا قويۇپ، داستىخان سېلىش، چاي ئەكىلىشلەر-گە ياردەملەشتى.

تونۇگۈنكى مەسلىھەت بويىچە پاراڭلار سانايىنەپىسە توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلدى.

— مېنىڭ بايقىشىمچە، — دېدى لۇتپۇللا، سانايىنە-پىسەنىڭ قاتناشچىلىرى ھەر ساھەدىن بولغىنى بىلەن قىز-غىنلىقى يۇقىرى ئىكەن. ئەمما قىزغىنلىق تەلەپنىڭ ھۆد-دىسىدىن بارغانسېرى چىقالىشى ناتايىن. شۇڭلاشقا مانا جاڭ ھاكىم، ئوسمان مۇئەللىم سىلەر تۇرۇپسىلەر، شە-ھەردىكى سانايىنەپىسەگە سازەندە، باشقۇرغۇچى ئەۋەتىپ تەربىيىلىسە قانداق بولار؟

ئولتۇرغانلار بىر-بىرىسگە مەنىلىك قاراشتى. ئۇلار لۇتپۇللانىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن شۇنچىلىك مېگە ئىشلەت-كىنىگە قايىل بولۇشتى، كوچا-كويلاردىكى ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ لۇتپۇللانىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى-نى ئىسپاتلىدى.

— بۇ ئەلۋەتتە ئويلىشىشقا تېگىشلىك تەكلىپ، —

دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

— شۇنداق، يالغۇز سازەندىلەر جەھەتتىن ئەمەس، ھەر جەھەتتىن ھەل قىلىنىشى زۆرۈر، — دېدى جاك ھاكىم، — دېمىسەممۇ چۈشىنىشلىككى، بۇ، مىللەتنىڭ نامايەندىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ياش ئەۋلادلارنىڭ شان-شەرىپىدۇر.

جاك ھاكىمنىڭ بۇ ئاددىي سورىقىدا، لۇتپۇللانىڭ سانائىنەپىسە توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىگە مۇنداق ئىپادە بىلدۇرۇشى ھەممىنىڭلا كۆڭلىگە ياققانىدى.

لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ ئوسمان مۇئەللىم تەرىپىدىن چاقىرىلغانلىقىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. جاك ھاكىمنىڭ كېلىپ قېلىشى تاسادىپىي بولغىنىدەك سانائىنەپىسە توغرۇلۇق قىلىنغان بۇ پاراڭلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىش بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئوسمان مۇئەللىم بىلەن جاك ھاكىمنىڭ بېرىش-كېلىشى قويۇق ئىدى. باياتىن بولۇنغان گەپ-سۆزلەرمۇ مۇشۇنداق كىشىلەر ئۇچراشقاندا تەبىئىي بولۇپ تۇراتتى. دېمەك لۇتپۇللاغا ھېچقانداق گۇمان پەيدا قىلمىدى. ئەمما جاك ھاكىم بىلەن ئوسمان مۇئەللىم لۇتپۇللانى كۆزىتىپ تۇردى. كۆزەتكەنسىرى ھېچبىر نۇقسانسىزلىق ھېس قىلىشمىدى. ئەكسىچە، بۇگۈنكى كېچىك سۆھبەت ئىشتىراكچىلىرىنى قىزىق لەتىپە، ۋەقەلىكلەر جەلپ قىلدى.

ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەر بولۇۋاتقاندا، لۇتپۇللانى بىرسى چاقىردى، لۇتپۇللا ئۆزرىخاھلىق بىلەن

قايتتى. ئەمدى بولسا پاراك لۇتپۇللا توغرىسىدا بولدى.
— ئوسمان مۇئەللىم، — دېدى جاك ھاكىم، — سىز ئەلۋەتتە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، دىمەكچىمەنكى، لۇتپۇللانى پسىخولوگىيە جەھەتتىن كۆزەتكىنىڭىزدە غەيرىي ئەھۋال سەزدىڭىزمۇ؟
— مەن سىزنىڭ شۇنداق سورايدىغىنىڭىزنى ئالدىن مۆلچەرلىگىنىم ئۈچۈن لۇتپۇللانىڭ گەپ-سۆزىگىلا ئەمەس، كەيپىياتى، ھەرىكىتىگىمۇ دىققەت قىلدىم، بەك نورمال، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.
— مەن ھەتتا نورمال ئادەملەردىن زېرەك بىلدىمكى، باشقىچە ھېچنەرسە سەزمىدىم. — دېدى جاك ھاكىم يەكۈن چىقارغاندەك.
— ئۇندا كوچىدىكى گەپلەر پىتنە-پاساتمۇ؟ — سوئال قويدى قېيۇم.
لۇتپۇللا، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم، — ئۈستىدىن پىتنە-پاسات قىلغۇدەك ئىشلارغا ئارىلاشقىنى يوق. ئۇ تېخى بىر ئوقۇغۇچى، شۇنىڭغا قارىماي يازغان شېئىرلىرى ئاۋامنىڭ قىزىقىپ ئاڭلىشىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈنگىچە مەن لۇتپۇللانىڭ غەيۇرتىنى قىلغان بىرەر ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. ئەگەر "بار" دېيىلسە، شېئىرىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ رىقابەتتى بولۇشى مۇمكىن.
— ئوسمان مۇئەللىمگە قوشۇپ دەيدىغان كۆزقارىشىم، — دېدى جاك ھاكىم، — مېنىڭ كۆزىتىشىم لۇتپۇللا دەرۋەقە جەمئىيەتكە ئارىلاشمىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەپەككۇرى جەمئىيەت ئىچىدە ئارىلاپ يۈرىدۇ. جەمئىيەت دې-

گەن مۇرەككەپ. ھەممە ۋاقىت ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك را-
ۋان ئىش بولمايدۇ. زىددىيەتلەرگە، توسالغۇلارغا دۇچ
كېلىدۇ. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، لۇتپۇللا چۈشەنمەي-
دىغان، ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرگە يولۇقىدۇ. بۇلار-
نى ئىشەنچلىك ياكى مۇكەممەل يېشىپ بېرەلەيدىغان
ھەمسۆھبىتى يوق. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق چىگىش
توسالغۇلاردىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ؟ ياق، لۇتپۇللا
ئۇنداق بىتەرەپلەردىن ئەمەس. ئەقەللىسى ئۇنى چۈشىنىپ
قويۇشى كېرەك، مانا بۇ ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە
تالانتى. بۇ ھالدا قانداق قىلىدۇ، ئۇ يەنىلا بالىلىق ئىرادى-
سى بىلەن ئۆز تەپەككۇرىغا يۆلىنىدۇ. بىراق ھەل قىلال-
مايدۇ. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شائىرانە ھېسسىياتقا بې-
رىلىدۇ، يازىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئۆزى قانائەت قىلماي-
دۇ. مىجەزىدە جىددىيلىك پەيدا بولىدۇ، تېرىكىدۇ، يال-
غۇزلۇقنى خالايدۇ... ۋەھاكازالار. مانا بۇنى مۇشۇنداق
چۈشەنمىگەنلەر نېمە دەيدۇ، تەبىئىيكى، ”سەۋدايى“ دەي-
دۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ، لۇتپۇللاغىلا خاس
يالقۇنجاپ تۇرغان تالانتنىڭ ئۆتكۈنچى ھادىسىسى.

جاڭ ھاكىمنىڭ يىپقا تىزغان مارجاندەك رەتلىك،
ئېدىتلىق مۇلاھىزىسى بىللىلا تەھلىل قىلىپ ئولتۇرغان
ئوسمان مۇئەللىمنى سۆز قوشۇشقا ئالدىراتتى.

— كوچا-كويلاردىكى گەپلەر پەقەتلا لۇتپۇللانىڭ بىر
پۈتۈن ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇ، بىر تەسادىپىيلىق.
جاڭ ھاكىم ئېيتقاندەك ئاڭسىزلارچە باھا، خۇراپاتلىقنىڭ
تەسىرى.

لۇتپۇللانىڭ تاغلارغا، دەرياغا، تەبىئەت دۇنياسىغا قاراپ ئىلھاملىنىش بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى ئىزدىنىشلىرىنى چۈشەنمىگەن. ئاتاقلىق شائىر پوشكىن ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن كېچىلىرى ئۈن-تىنسىز سىرتقا چىقىپ، كۆۋرۈكلەر ئۈستىدە، باغچىلاردا ئۆزىچە شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىدىكەن، يازىدىكەن. ئەتىسى سورىسا بىلمەيدىكەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان ھالىتىدىكى ئىشلار بولۇپ، شۇنداق ئەھۋالدا ئويغاتماسلىق، ۋاقىرىماسلىق—دوختۇرلارنىڭ تەكلىپى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا لۇتپۇللانىڭ ئۇ دەرىجىدە ئەمەس. . .

— دېمەك، لۇتپۇللانىڭ بارغانسېرى شۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇشى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر يۈك ئارتقاندەك ئىش. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ يۈك نېمە؟ — دېدى جاڭ ھاكىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىرىدا، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئەمدى ئەمەلىي، بىۋاسىتە سۆزلىشىپ سوئالى بولسا جاۋاب بېرىش، چۈشەنمىسە چۈشەندۈرۈشكە، ئاخىرىدا لۇتپۇللانى مۇشكۇلاتتىن قۇتقۇزۇشقا يار-يۆلەك بولۇشقا كېلىشتى.



ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا ئوقۇغۇچىلار بىر كۆلچەك ياساپ بىر كىچىك قولۋاق

سىلىپ قويغانىدى. بالىلار ئۇنى ھەيدەپ ئوينىشاتتى.
كانىكول بولغاچقا مەكتەپ كۆزەتچىسى قولۇاقنى چىقى-
رىپ ئۆينىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغاچقا، كۆلچەك تىنچ
بولۇپ قالغانىدى.

ئارىلاپ مەكتەپنى ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئوسمان مۇ-
ئەللىم ئەنە شۇ كۆلچەكنىڭ قىرىدا كېتىۋېتىپ، ئەمدى
ئۇ يەردە ئۆردەكلەرنىڭ باش چۆكۈرۈپ، قىرغاقتىن بىر-
نېمىلەرنى تۇمشۇقلىرى بىلەن كولاپ يەۋاتقانلىقلىرىغا
قاراپ ئۆتتى. نېرىسىدا نىلقا مەھەللىسىنى ئوتتۇرىدىن
كېسىپ ئۆتىدىغان قارا سۇنىڭ مەكتەپ يېنىدىكى قىرغاق-
لىرىدا تېرەك، سۆگەت، قېيىنلار بىلەن ھاسىل بولغان
كىچىك بوستانلىقى بار ئىدى. قارا سۇنىڭ ئەگرى-تو-
قاي، ئېگىز-پەس ئېقىنى تەبىئىي مەنزىرە ھاسىل قىلغاز
بولۇپ، ئۆزىگە لايىق شارقىراتمىلىرى بار ئىدى. بولۇپ-
مۇ چوڭ كوچىغا يېقىن تەرىپى كۆۋرۈك ئاستىغا سەكرەپ
چۈشكىنى ئۇچۇن بىر كوركىراتما چوڭقۇرلۇقىنى پەيدا
قىلىپ يەر تېگىدىن چىققاندەك سادا گۆر كىرەپ كېلەتتى.
بۇ يولغا يېقىن تەرىپىدىكى دەرەخلەر ئارىسىغا ئوقۇغۇچى-
لار ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش ئۇچۇن گەرىبىن تاختايلاردا
قوپال بولسىمۇ ئىككى-ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقلارنى يا-
ساپ قويغانىدى. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى جانلىق ئىدى.

ئوسمان مۇئەللىم بۇ يەردىكى تىنچسىز لېكىن كى-
شىگە دەخلى قىلمايدىغان ئاشۇ بىر ئورۇندۇقلارنىڭ بىر-
سىدە ئولتۇردى. ئۇ بىردە دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئۇچار
قاناتلارنىڭ ھەرىكىتىگە، ئاۋازلىرىغا دىققەت قىلاتتى،

يول يېقىن بولغاچقا، ئۆيلاق-بۆياققا ئۆتكەنلەرگىمۇ قاراپ قويالىتتى، ئارام ئالغاچ نېمىلەرنىدۇ ئويلىناتتى.

مانا ھازىر ئالدىرىغاندەك شوخ قەدەم تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان لۇتپۇللاغا ئىختىيارسىز كۆزى چۈشكەن ئوسمان مۇئەللىم:

— لۇتپۇللا يول بولسۇن! — دېدى.

— لۇتپۇللا تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوسمان مۇئەللىمنى كۆردى-دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ سالاملىشىپ:

— سىزنىڭكىگە ماڭغانىدىم، ئوبدان يەردە ئۇچراشتۇق، — دېدى.

— ئۆيگە يۈر ئەمىسە، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

— مۇشۇ يەر راسا ئوبدان ئىكەن، — دېدى لۇتپۇللا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، — بىردەم پاراڭلىشىلى. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا نېمە دېسەم بولار، خىيالچان بولۇپ قالدىم. قىزىق يېرى بۇ خىياللار بەزىدە ئېنىق، بەزىدە غۇۋا، بەزىدە شەكىللىك، بەزىدە شەكىلسىز...

— ئوسمان مۇئەللىم لۇتپۇللانىڭ سۆزىدىن ھېچنەرسىنى ئۇقالمىدىمۇ ياكى لۇتپۇللا ئۇقتۇرالمايۋاتامدۇ، ئۇ. زىچە ئويلىنىپ قالدى: "... ‹ئاجايىپ خىياللارنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدىم›، دېگىنى نېمىسى؟ ئۇ ھەرقاچان كاللىسىغا كەلگەننى ھەشقىپىچەكتەك سۆرەپ يۈرمەيدىغان ئىدىغۇ؟..." ئوسمان مۇئەللىم جاڭ ھاكىم بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە: "... لۇتپۇللانىڭ كۆڭلىدە يېشەلمەيۋاتقان چىگىشلەر بار" دېگىنىنى خىيالىغا كەلتۈردى.

لۇتپۇللا گېپىنى داۋاملاشتۇراتتى.

— بەزىلەر مېنىڭ شېئىرلىرىمدا: "ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خاھىش بار" دەيمىش، سىزچە قانداق؟— دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئوسمان مۇئەللىم، — ئەگەر شۇنداق تەسىراتقا ئېرىشكەن بولسا، ئۇ، شېئىرىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. ھەممىگە ئايان ئىبارىلەرنى تىزىپلا قويسا شېئىر بولمايدۇ، سەن مۇشۇ نۇقتىدا پىكىر قوزغىدىڭ. «كۆرۈشۈۋاتىمىز» دېگەن شېئىرىڭىزدىكى: "بىز كونا دۇنيا بىلەن كۆرۈشۈۋاتىمىز،"، "بىز بۇلبۇل بولۇپ سايراۋاتىمىز،"، "جاھانگىر-ياپونلارنى،"، "قانلىق مەيداندا دىردىر تىترەتتۇق." دېگەن مىسرالاردىكى ئىبارىلەر بولۇۋاتقان ۋە بولماقچى بولغان ئىشلار بولسىمۇ چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدىغان قەلبلەر ھۆكۈمى. دېمەك، شائىردا ئاشۇنداق ۋاقىتتىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر بولغاندىلا كىشىلىك جەمئىيەتتە ئويغىتىش رولىنى ئوينىيالايدۇ!

ئۆتكەندە بىر گەپ بولۇپ قېلىپ بىرسى سىزنىڭ «ئىشلە دېھقان ئاكا» دېگەن شېئىرىڭىزدىن: "كەڭ تاشا ئېتىز ساپ ئەمگەكنىڭ بىغى، ۋاق يېتىپ قالدى، قوشناڭدىن قالماي ئىشلە" دېگەننى نەقىل كەلتۈرۈپ: "ئۇ دېھقان بولسۇنمۇ، ئېتىزنىڭ ئەمگەك مەيدانى ئىكەنلىكىنى، ۋاق يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەسمۇ؟" دېدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈردۈم. ئۇلارغا كايىشقىمۇ بولمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئەدەبىيات باللارغا سۆزلەۋاتقان دەرس ئەمەس، ئۇ ھامان سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى چۈشىنىلىدۇ. ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ بولۇشى

نورمال ئىش، ئۇ ئۇچمەنلىك ئەمەس.

— مۇئەللىم، — دېدى لۇتپۇللا، — ناھايىتى ياخشى شەرھلىدىڭىز، لېكىن ئاخىرىسىدا مېنىڭ كۆڭلۈمگە قاراپ، ئۇچمەنلىك ئەمەس، دېدىڭىز، ماڭا يوزتورانە"شېئىري خىتابنامەڭ بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيسەن" دېگەنلەر ئۇچرىغانىدى، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— مەن يۇقىرىدا شېئىرلىرىڭنى چۈشىنەلمىگەنلەرنى كۆزدە تۇتقانىدىم، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم، — ئەمدى مۇنۇ دېگىنىڭ باشقىچە. شۇنى كېيىپ ئېيتايكى، بەزىلەر "شېئىرى خىتابنامەڭ بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيسەن" دېگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى. ياخشىلىقى قەيەردە؟ بىرىنچى، ئۇلار مۇتەئەسسىپلەر، خوراپاتلار، چىرىك ئەمەلدارلار، ئىككىنچى، شېئىرىڭ جەمئىيەتنى، كەڭ ئاۋامنى كۆزدە تۇتقانلىقى سەھەر چولپىنىدەك روشەن چېلىقىدانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭغا ئۇلار قانداق چىدىسۇن؟

لۇتپۇللا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ ئويلانغىنىچە كىچىك دائىرىدە مېڭىپ تۇردى.

— چۈشەنچىلىرىڭىزگە قايىلمەن، — دېدى لۇتپۇللا ئورنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئىلگىرى بەزىلەر مېنى "خىيالپەرەس" دېگەندە خۇددى بوگۇنكىدەك مەرۇپ ئاكىنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇڭدىشاي دېسەم ئايۇپ مەگسۇرى ئاكىمۇ بار ئىكەن، ئۇلارمۇ سىزدەك تەھلىل قىلىپ تەسەللى بەرگەنىدى.

— چۈنكى ئۇلار ئىلغار پىكىرلىك، جەمئىيەتكە تو-
نۇلغان زىيالىيلار-دە! ، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم.

— شۇنداق، — دېدى لۇتپۇللا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — خىيال دېگەن ئىشقا ئاشمايدىغان مەۋھۇم نەمە. سېنىڭ تەسەۋۋۇر، غايىلىرىڭ تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسى، ھەتتا دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ بولغان، دېگەنىدى. بۇ گېپىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دېدى لۇتپۇللا يېرىم بۇرۇلۇپ، — ھازىر "خائىن" دەپ تونۇلۇۋاتقىدەكمىش، بۇ قانداق؟

ئوسمان مۇئەللىم قانداق ئولتۇرغان بولسا، شۇنداق تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ھەم ئېھتىيات قىلدى، ھەم خاتىرجەم بولدى. شۇنداقتىمۇ خېلى ئويلاندى. ئېھتىيات قىلغىنى بۇ گەپنى كەلسە-كەلمەس دەۋەرگىلى بولمايتتى. خاتىرجەم بولغىنى لۇتپۇللا سۆزسىز تونجى قېتىم ئىغىز ئېچىپ سوراۋاتقىنى ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا توغرا چۈشەنچە بېرىلمىسە، سىياسىي خاراكتېرى بار "خائىن" مەسىلىسىدە تويۇق يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. . . ئەمدى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

— بۇ، مىش-مىش گەپ ئەمەس، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم ئاھاڭ، ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش قىلماي ئادەتتىكىدەكلا، — مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، خائىن بولغانىكەن ئەلۋەتتە تونۇشقا تېگىشلىك.

— مۇئەللىم، — دېدى لۇتپۇللا سەل جىددىي كەيپىياتتا، — مەن لۇغەت مەنىسىنى سورىمىدىم. تونۇلغانلار ئىچىدە مەدەنىي مائارىپ قۇرۇلۇشلىرىمىزدا تۆھپە قوش-

قان كونكرېت ئادەملەر بار ئىكەنغۇ؟

ئوسمان مۇئەللىم بايىقى ئوسۇلنىڭ كارغا كەلمەي-دىغانلىقىنى تۇيدى. ئەمدى تەپسىلىي جاۋاب بېرىپ ھۇد-دىسىدىن چىقالمايدىغان قىستاڭچىلىققا قالدى. تۇتۇلغان-لارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئوسمان مۇئەللىم بىلەتتى. ئەمما نېمىشقا "خائىن" بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. مۇنداق-چە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ "خائىن" بولۇپ قالغانلىقىنى بە-لىشكە ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئۆزىمۇ قىزىقاتتى، ھازىر-چۇ؟ بايىقى ئىككى خىل ھېس بويىچە بۇ سىياسىي خاراك-تېرى بار ئەمما تىلغا ئېلىنىپ قالغان مەسىلىدە كۆپنى كۆرگەن ئوسمان مۇئەللىم سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى تو-توپ كېلەتتى، تەلپۈنۈپ تۇرغان لۇتپۇللانى بۇنىڭدىن قان-داق چەتلەشتۇرۇش كېرەك؟

— دېگەنلىرىڭ توغرا، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم يەنىلا ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆزەڭگە مەلۇم، مەن ماتا-رىپچى. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مۇنداقچە ئېيتقاندا، سېنىڭدىن ئارتۇق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمەن. سىياسىي ئىشلارنى بىلىپ قويغان ياخشى، مېنىڭچە سەنمۇ بەك ئىچكىرىلەپ كەتمىسەڭ قانداق؟

— كەتتۇق! — دېدى لۇتپۇللا مىجەزى بويىچە ئورنى-دىن تۇرۇپ، ئوسمان مۇئەللىمگە مىننەتدارلىق بىلدۇر-گىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

قاش قارىيىپ قالغان بۇ ۋاقىت ئوسمان مۇئەللىم ئۇ-چۇن زۇلمەت كېچىدەك، شۇ زۇلمەت كېچە لۇتپۇللانى يۇتتۇەتكەندەك بىلىندى. ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىدىن

قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە تۈرلۈك خىياللارغا كەتتى...
ئۇ ئۈستىگە ئېغىر بىر يۈك ئارتىۋالغاندەك ئاستا قەدەملەر
بىلەن كۆلنى ياقىلاپ قايتتى. سۇنىڭ شارقىرىشى قۇلىقى-
دىن كەتمىدى.

## 33

لۇتپۇللانىڭ ئۆلكىلىك سىغەنگە ئوقۇشقا مېڭىش
ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى يۇرتداشلىرىنىڭ قاتارى ئۇزىتىش
چېيى قىزىپ كەتتى.
بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ئېساتاينىڭ ساھىبخانلىقىدا بول-
ماقچى. مۇنداق ئولتۇرۇشلارنى بىر كۈن ئىلگىرى خە-
ۋەر قىلىپ قوياتتى. شۇڭا ئېساتاي ئەتىگەندىلا لۇتپۇللاغا
ئاۋۋال خەۋەر قىلدى. ئولتۇرۇش ئورنى توغرىسىدا بولا
مەسلىھەتلىشىپ ئېساتاينىڭ ئۆيى ئالدىدىكى كۆكۆلمەي-
دان سازلىقتىكى قېيىنلار ئارىسىدا، تۈگمەننىڭ يۇقىرى-
سىدىكى تەكچىدەك يەرنى لايىق تېپىشتى. ئېساتاينىڭ
ئۆيىنىڭ ئۇ يەرگە يېقىنلىقى بەكمۇ قولايلىق ئىدى.
بەلگىلەنگەن ۋاقىت مۇقىملاشقاندا كەلگۈچىلەر سەي-
لىگە ماڭغاندەك بۇ يەرگە جەم بولدى. ئۇلار بىرنەچچە
مىللەت يىگىتلىرى بولسىمۇ، ھەر ۋاقىت بىللە يۈرىدى-
غانلار بولغاچقا، خۇشال-خۇرام ھالدا سورۇندىن ئورۇن
ئېلىشتى.
ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان داستىخانغا تاۋۇدا پىشۇرۇلغان
نان، مايدا پىشۇرۇلغان بوغۇرساق، قۇرت-ئېرىمچىك،

سېرىق ياغلار قويۇلدى. قىمىز بىلەن بىللە چوڭ-چوڭ پىشۇرۇلغان تاۋا كاۋىپى كەلتۈرۈلدى.

سازلىقنىڭ نەم ھاۋاسى گۈل-گىياھ، قىمىز، كاۋاب-نىڭ مەززىلىك ھىدلىرى بىلەن دىماقنا ئۇرۇلغاندا ئول-تۇرغانلارنىڭ ئىشتىھالىرى ئېچىلىپ، بۇ دالا ئولتۇرۇ-شىنىڭ كەيپىياتى قىزىپ باراتتى.

— ئاغىنىلەر! ، — دېدى ئىبساتاي، — مەن تاتار چى-لىش قازاق بولغىنىم ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەكنىمۇ شالغۇت-لاشتۇردۇم. يازنىڭ زىننىتى دالا. شۇڭلاشقا بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم. تارتىنماي يەپ-ئىچىڭلار!

— ئىبساتاي، — دېدى بىرسى، — يېمەك-ئىچمىكىڭدە قازاق، تاتارچىلا ئەمەس، ئۇيغۇرچىسىمۇ بار ئىكەن. بۇ كاۋاپقا نېمە دەيسەن؟

— ئۇنداق زىغىرلاپ كەتسەڭ ئورۇسچىسىمۇ بار، چاي ساماۋاردا قاينىدى-دە! — دېدى ئىبساتاي.

كۆپچىلىك پاراقلىشىپ كۈلۈشتى. شۇنىڭ بىلەن پا-راڭلارمۇ بىر-بىرىگە يۆگىشىپ داۋام قىلىنىۋەردى.

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ئارىدىن بىر-سى، — لۇتپۇللانى ئورۇمچىگە ئۆزىتىش ئولتۇرۇشىمىز بولغاندىن تارتىپ يۈرەك سۆزلىرىمىز تەكرارلىنىپ كېلى-ۋاتىدۇ، ئۇنىڭ زىيىنى يوق، بىر ئويۇن چىقارساق، ئۇ-نىڭ خاتىرىسى كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تەسلىشەتتۇق. مە-سىلەن، بىرچىنە قىمىزنى ئىچىپلا، دەم ئالماي ”مەن!“ دەيدىغان ئويۇن.

ئارىنى غۇلغۇلا قاپلىدى. بەزىلەر ”بۇنىڭ نېمە قىزىق-

چىلىقى باردۇ؟“ دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ نېمە تەس يېرى بار!“ دېيىشتى.

— ئۇنىڭ نېمە ھېكمىتى بار، ئەكەل، مەن ئىچە-مەن! — دېدى بىرسى. ئەتراپتىكىلەر ”ھە-ھۇ“ بىلەن ئۇنىڭغا بىر سىر كايە قىمىز قۇيۇپ بەردى. ئاندىن ئە-چىپ ”مەن“ دېيەلىسە ”مۇكاپىتى“، دېيەلمىسە ”جازا“سى بارلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ھېلىقى يىگىت ھەممىنىڭ دىققىتى-نى ئۆزىگە قارىتىپ ئالدىرىغىنىچە چوڭ-چوڭ يۇتۇملاپ ئىچىپ بولدى-دە، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ”مەن“گە كەلتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، يۇمالماي قېقىلىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر كۈلكىگە غەرق بولدى. بىرنەچچىسى چىق-قان بىلەن يەنىلا كۈلكىگە قالدى. شۇ ئارىلىقتا ئىبساتاي قېيىندىن ياسالغان قوش كۆزلۈك چۆچەكنى ئەكەلدۈردى. ئۇنىڭ ئىككىلا كۆزىگە قىمىز تولدۇرۇلۇپ، مەيلى كىم بولسۇن تۆكمەي ئىچىش تەلەپ قىلىندى. ئاخىرىدا ئىبسا تاي:

— ئەگەر ئىلگىرى ئىچىپ باققانلار بولسا، ھازىر ئوتتۇرىغا چىقماڭلار، — دەپ ئەسكەرتتى.

قىزىقچىلىق ئېھتىمالى كۆرۈنۈپلا تۇرغان بۇ ئويۇنغا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇنىڭمۇ ”مۇكاپات“، ”جازاسى“ بار ئىدى: — مۇكاپىتى، شۇ قىمىزنى تەلەپكە لايىق ئىچكىنى بولدى، ”جازا“سىنى كۆپچىلىك دېسۇن.

— دەپ قوشۇپ قويدى ئىبساتاي.

— ”مۇكاپىتى“ قىمىز بولغاندىن كېيىن ”جازا“مۇ قى-مىز بولسۇن، — دېيىشتى كۆپچىلىك، — دەم ئالماي

ئۇدا ئۈچ چىنە قىمىز ئىچىدۇ!

ھەممە لايىق كۆردى. ئورنىدىن ئۆرە تۇرغان ئاقسىمىز قىزىقچى بىرسى قىمىز تولدۇرۇلغان چۆچەكنى قولىغا ئاۋايلاپ ئېلىپ:

— لۇتپۇللا، ماڭا قارا، — دېدى چۆچەكتىكى قوش كۆزدە لىپمۇ-لىپ تۇرغان قىمىزغا قاراپ، — "جازالانسامۇ" سېنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ يېرىنى ئۇنتۇماھە!؟

— ئۇنتۇمايمەن، — دېدى لۇتپۇللامۇ چاقچاق بىلەن، — ئۆزەڭمۇ "مۇكاپات" تىن كۆرە "جازا" غا قىزىقىۋاتىسەنغۇ!

كۆپچىلىك قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار قولىغا چۆچەك ئالغاننىڭ "يۇگەن" لەقىمىنى بىلەتتى. كۈلكىدىن كېيىن ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى كۆزىدىن ئىچىشكە باشلىغاندى، سول تەرەپتىكى كۆزدىن قىمىز تۆكۈلۈشكە باشلىدى. كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يېڭىلدى. ئەمدى ھېچكىم بۇ بەسلىشىش ئويۇنىغا چىقمىدى. كۆپچىلىك ئېساتايىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىپ بېقىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بىر تېمىمۇ تۆكمىدى. ئاندىن ئېساتاي:

— بۇنىڭ باشقىچە سىرى يوق، چۆچەكتىكى ئىككى كۆزنىڭ مانا تېگىدە تۇتىشىدىغان ئۆتۈشمە تۆشۈكى بار. مەندەك ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ تېگىدىكى كۆزدىن ئىچىۋەرسە، ھەرگىز تۆكۈلمەيدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

ئاندىن چۆچەكنى سورۇن ئەھلى قوللىرىغا ئېلىپ كۆرۈپ

بېقىشتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇستىبېشى ئۇنىغا مىلەنگەن تۇگ-مەنچى ۋاسە تاغا سالام قىلىپ كەلدى-دە:

— ئىبساتاي، سېنىڭ تەكلىپىڭ بىلەن مەن كەلدىم، — دېدى ئۇيغۇرچە بىلەن قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆز-لەپ. — سىلەرنىڭ ھەممە ناخشا، كۈلكەڭلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم.

ئىبساتاي ۋاسە تاغىغا قىمىز قۇيدى. ئۇ ھۇزۇرلىنىپ ئىچتى، كاۋاپمۇ يېدى. سورۇندىكىلەر قىمىزغا قىزىپ قالغانىدى. ۋاسە تاغىمۇ بىرەر رومكا ھاراق ئىچكەندەك قىزىدى.

— ھە ۋاسە تاغا، — دېدى ئارىدىن بىرسى، — قىزىق پاراڭ قىلىپ بەرمەمسەن؟

— ياشلار تۇرغان يەردە قېرىنىڭ ئاغزىدىن قىزىق پاراڭ ئەمەس، مۇزلاپ قالغان پاراڭ چىقىدۇ، — دېدى ۋاسە تاغا، — يېقىندا تۇگمىنىمگە بىر ئۇيغۇر ئاغىنەم كېلىپ ئۇن تارتتى، ئۇ ماڭا: ” مەن ئۇرۇستىن چىققان بىر ئەخمەقنى كۆردۈم، ئۇ قولىدا مىلتىق تۇرۇپ، بۇلاق-تىكى ئۆردەككە تاش ئاتتى، ئۆردەك ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندە ئارقىسىدىن مىلتىق ئاتتى. ”ھەي ئۇرۇس، بۇ نېمە قىلغىنىڭ دېسەم، بۇلاقتا ئوقنى زايە قىلماي، دەپ تاش ئاتسام تەگمىدى. ئارقىسىدىن ئاتسام ئوق يەتمىدى“ دەيدۇ. سەن دېگىنە ۋاسە، بۇ ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ، — دېدى. مەن:

— توغرا، ئاتقان تاش بىلەن ئوق تېگىشەرسە، خودا-

يىم بەرگەن قاناتىنىڭ نېمە پايدىسى، ئۇنداق ئەخمەق سىد-
نىڭ ئۇيغۇرۇڭدىمۇ بار، يېپتا توقۇغان خورجۇنۇڭغا قو-
لۇپ سالىدىغانلىرىڭ يالغان ئەمەستۇر، دېدىم.
ۋاسە تاغىنىڭ لەتىپىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار بىر
كۈلۈشۈۋالدى-دە، ئۇنى يەنە گەپكە سالدى.
— ۋاسە تاغا، — دېدى ئىبساتاي، — سەن قازاق
ئىچىگە كۆپ ئارىلاشقانغۇ، قازاق تۇرمۇشىدىن كەلتۇر-
گىنە قېنى!
— توغرا، بىرنى كەلتۇرەي، — دېدى ۋاسە تاغا،
— قازاق بىلەن سۆزلەشسەڭ "بىز
كۆپچىلىككە قاراپ، — قازاق بىلەن سۆزلەشسەڭ "بىز
تىلغا باي" دەيدۇ. راست باي، يايلاقتا كېتىۋاتسام بىر
ئۆينىڭ ئالدىدىكى چۆپلۈكتە بىرنەچچە ئادەم قىمىز ئە-
چىپ ئولتۇرۇپتۇ، تونۇشلىرىم مېنى كۆرۈپ چاقىردى،
مەنمۇ قىمىز ئىچىپ پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر-
سى: "ۋاسە، مەنمۇ بىيە (بايتال) باغلىدىم، بىزنىڭكىگە
قىمىز ئىچكىلى بارمىدىڭغۇ؟" دېدى، ئۇ گەپ تۈگىگەن-
دىن كېيىن مەن چاقچاق بىلەن:
— سىلەر قازاقلار ئۆزەڭلەرنى سۆزگە باي دەيسىلەر،
بىراق خاتا سۆزلەرنى پەرق قىلالمايسىلەر، — دېسەم،
بىرنەچچىسى قايناپ كەتتى. مەن:
— قىمىز قەيەردىن كېلىدۇ؟ — دېدىم. ئۇلار:
— كۆرمىدىڭمۇ، بىيە باغلىغىنىمىزنى، — دېدى.
— ياخشى قاراڭلار، ھازىر بىيە باغلاقلىق تۇرامدۇ،
قولۇنمۇ؟ — دېۋىدىم، ھەممىسى جىم بولۇپ كەتتى.
ئەمەلىيەتتە بىيە بوش يۈرىدۇ، قۇلۇنلار باغلاقلىق تۇرىدۇ،

راستمۇ ئېساتاي؟ — دېدى ۋاسە تاغا.
سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ تۇرمۇشنى بىل-
گەچكە يەنە كۈلۈشتى. ئېيساتاي يېنىپ-يېنىپ كۈلدى.
بۇ ئۇنىڭ قايىللىقى ئىدى.
شۇ ئارىلىقتا ۋاسە تاغا ئۆيدىن كونىراپ كەتكەن
«ئادناراتكا» گارمونىنى ئالدۇرۇپ بىر يۇرۇش ناخشا ئېي-
تىپ ھەممىنى رازى قىلدى. سورۇندىكى رۇس يىگىتلە-
رى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ خەلق ناخشىلىرىنى ياڭراتتى. ئا-
خىرىدا كۆپچىلىك ۋاسە تاغىنىڭ ياشلارغا ھەمنەپەس بول-
غىنىغا رەھمەت ئېيتتى.
لۇتپۇللا مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئاخىرى ھەممەيلەن
خۇشال-خۇرام ھالدا مەھەللىگە يول ئالدى.
سازلىق ئاسمىنىدا بولسا بېلىق ئالغۇچ بىلەن بۆك
ئالغۇچلار چىرىلدىشىپ بۇگۈنكى سورۇننىڭ نەغمە-ناۋ-
مەرىكىسىنى داۋاملاشتۇرغاندەك قانات قېقىشتى.

34

جاڭ ھاكىم نېرى ئويلاپ-بېرى ئويلاپ لۇتپۇللا بىلەن
كەڭ-كۇشادە پاراڭلىشىشقا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى مۇۋاپىق
كۆردى. ئۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئاددىي لېكىن ئازادە ئۆيدە
ئولتۇراتتى. ئۆيى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئىچ-
كىرىكى بۆلۈكىدە خىلۋەترەك ئىدى.
بىراق مىللىي رايوندا رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقان جاڭ ھاكىم مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ دىنىي

ئېتىقادى تۇپەيلىدىن غەيرىي دىندىكىلەر ئائىلىسىدە تاماق يېمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كىچىك بولسىمۇ لۇتپۇللا-نىڭ تاماق مەسىلىسى ھەققىدە خېلى باش قاتۇرۇردى. "ئەگەر ئاشپەز چاقىرتسامچۇ؟ ياق، بىرىنچىدىن بەك ھەشەمەتلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، يەنىلا مۇشۇ ئۆي؟ . . ." بۇ توغرۇلۇق تىلماچ قېيۇم بىلەن مەسلىھەت قىلدى.

— ئىنچىكە ئويلىشىپسىز جاڭ ھاكىم، — دېدى قېيۇم تىلماچ، — ئاز-تولا مېۋە-چېۋە ھەم تاتلىق-تۈرۈم تىزىلسا، مەن ئالدىن شېرىبا ئۈستامغا تاماق بۇيرۇتۇپ قويسام بولمىدىمۇ؟

ئەتىگەندىن بېرى كۈنپېتىشتىن چىققان شامالنىڭ ئا-خىرىسى بورانغا ئايلانغانىدى. بوراننىڭ كوچىنى ئۆرۈلۈ-ۋاتقان دەرەخ، سەنتۈرلۈپ يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپلا بىل-گىلى بولاتتى. لۇتپۇللا ۋېژىلداپ ئۆرۈلگەن بورانغا قار-شى بەزىدە سەنتۈرلۈپ، بەزىدە بوراننىڭ كۆكسىنى يې-رىپ كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بېرى بوش توپىلار توزۇپ بولغاچقا ھاۋا سوزۇلگەنىدى. ئاۋرال ئۈستىدە تومانغا ئوخشاش بۇلۇتلار تەرتىپسىز دولقۇنلىناتتى. لۇتپۇللا تام ياقىلاپ مېڭىشنى ياقتۇرمىدى: "تام ياقىلاپ ماڭساڭمۇ شۇ بوران بار. ئەڭ ياخشىسى ئۆيدىن چىقما، چىققان ئىكەنسەن بوران سېنى ئۇرسۇن، ئۇ ھەركۈنلا چىقاتتى-مۇ؟ . . ." دېگەن خىياللار بىلەن ناھىيلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. دەرۋازىنىڭ ئال-دىدا قېيۇم تىلماچ ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئىككىسى بىر-

لىكتە جاڭ ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە تىپتىنچ ئۆي ئىسسىق بىلىندى.

— كېلىڭ لۇتپۇللا، كېلىڭ، — دەپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى جاڭ ھاكىم، — قېرىشقاندەك بوراننى قاراڭ-ھە! ئاۋارە بولمىغانسىز؟

— ھېچقىسى يوق جاڭ ھاكىم جانابلىرى، — دېدى ئۆز نۆۋىتىدە لۇتپۇللا، — بۇمۇ بىر مەشىق دەڭە، يەنە كېلىپ قارشىسىغا ماڭدىم دېمەمسىز.

ھەر ئىككى تەرەپ ئىللىق ئۇچراشقانلىقىدىن مەم-نۇن بولۇپ خۇش چىراي ئولتۇرۇشتى.

لۇتپۇللا سۆزلەر ئارىسىدا ئۆيگە نەزەر تاشلىدى. ئۆينىڭ جاھازلىنىشلىرى ئاددىي ئىدى، ئاستىغا تۆت بۇر-جەكلىك خىش بېسىلغانىدى، ئۆيدە ئىككى ئىشكاپ، ئىككى شىرە، بىرنەچچە ئورۇندۇق بار ئىدى. ئىشىكتىن كىرگەن ئوڭ تەرەپتە يولۋاس پۇتلۇق دۈگىلەك ئورۇندۇ ئۈستىدە بىر تورلۇك غەيرىي گۈل، تامدا بىرنەچچە ھۆسن خەتلىك لەۋھە ئېسىقلىق ئىدى.

بىردەمدىلا ئۈستەلگە چاي كەلتۈرۈلدى. بۇ كىچىك تەخسە ئۈستىدىكى ئاغزى يېپىقلىق سىركايە بىلەن دەم-لەنگەن كۆك چاي ئىدى.

تۇنجى قېتىم بۇ خەنزۇ قائىدىسىدىكى چاينى كۆرۈپ تۇرغان لۇتپۇللا قانداق ئىچىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا قېيۇم تىلماچ قاپقىقىنى ئالمايلا چاي شامىسىنى سىركايىنىڭ گىرۋىكىگە سۈرۈپ قويۇپ ئىچىۋېرىدىغىنىنى كۆرسەت-تى. ئۇلار شۇھالدا ئۈستەل ئەتراپىدا ئورۇن ئېلىشتى.

سەلدىن كېيىن لۇتپۇللا يۇگەكتىكى نەرسىنى ئۇستەل ئۈستىگە ئېلىپ كېلىپ:

— بۇ مۇشۇ قېتىمقى يىلقىدىكى كۆزلىرىم ئارىسىدا ياسىغان خاتىرەم، بۇنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن، — دەپ گەنزىمىن بىلەن ياسالغان قۇشنىڭ يېرىم ھەيكىلىنى جاڭ ھاكىمغا بەردى.

باياتىن"لۇتپۇللا بىلەن گەپنى نەدىن باشلىسام بولار؟ " دېگەن ئوي بىلەن بەنت بولۇپ تۇرغان جاڭ ھاكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن مۇنۇ سەنئەت خاتىرىسىنىڭ تەقدىم قىلىنغىنىدىن بەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ ھاكىم يېنىكلىك ھېس قىلدى.

— نېمىش قىلىپ يۈرگەنسىز؟ — جاڭ ھاكىم ئېغى-زىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ گەپنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى دەر-ھال سېزىپ، — ھەيكەلتاراشلىقنى بىلىدىكەنسىز-دە! — دەپ ئۆزگەرتتى.

— شۇنداق، بۇ ئىككىنچى قېتىم ياسىغان قۇش ھەي-كىلى، — دېدى لۇتپۇللا، — بىرىنچى قېتىمقىسىنى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا تەقدىم قىلغانىدىم، بۇ بىر ئاددىي خاتى-رە.

— ياق، — دېدى جاڭ ھاكىم، — بۇنى ئاددىي خاتىرە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ سىزنىڭ بىرىنچى قول ئىجادىي سەن-ئىتىڭىز، رەھمەت سىزگە.

لۇتپۇللا ئۆزى رەسسام تۇرسا، — دېدى قېيوم ساددى-لارچە.

— رەسساملىق دېگەن ئومۇمىي ئاتالغۇ. ھەيكەلتا-



—جاڭ ھاكىم، بۇ قۇش ھەيكىلى سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن.

—رەھمەت لۇتپۇللا، بۇنى سىمۋولىڭىز دەپ بىلىمەن.



راشلىق دېگەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخسۇس بىر تۇر. — دېدى جاڭ ھاكىم لۇتپۇللاغا بۇرۇلۇپ، — بۇ قېتىم ۋاقتى. ڭىزنى بوش ئۆتكۈزمەپسىز-دە؟

— نەدىكىنى، ئوينىپ يۈرۈۋەردىم، — دېدى لۇتپۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن مۇھىم نەرسىلەر توغرىسىدا ئەمگەكمۇ قىلىپ تۇردۇم. بىراق نېمىشقىدۇ گەپنىڭ راستىنى دېسەم بەزى ئىشلارغا ئەقلىم يەتمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ؟...

— ھۇي، بۇنېمە دېگىنىڭىز؟ ئادەم چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ زېھنىمۇ ئۆتكۈرلەشمەمدۇ؟، — دېدى جاڭ ھا. كىم، — قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئەقلىنىڭ ھەممىلا نەر. سىگە يېتىشى ناتايىن. بۇنىڭدا بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا بولمىغان نەرسىلەر بولسا، سۆزسىز چەكلىمىگە ئۇچراي. دىغىنى تەبئى. سىز ئۇنداق بولمىغانسىز؟

ئەمدى بولسا بۇ كىچىك سورۇننى چوڭ جىمجىتلىق قاپلىدى. قارىماققا بۇھال سۆھبەت كەيپىياتىغا تەسىر يەت. كۈزگەندەكمۇ بىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇجىملىق ئىچىدە جىددىي ئويلىنىشلار بولۇۋاتاتتى...

— جاڭ ھاكىم، — دېدى لۇتپۇللا يەنىمۇ كەڭ. كۇشادە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش نىيىتىدە، — قاش دەرياسىنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىسىز. ئۇ كىچىلىك ھەم رەھىمسىز. لېكىن بالىلار دائىم چۆمۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلە. رى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتىدۇ، بەزىلىرى يېرىم يولدىن قايتىدۇ، يەنە بەزىلىرى چەتتىلا ئوينايدۇ. مېنىڭچە دەريا. دىن ئۆتكەنلەرنى "باتۇر"، ئۆتەلمىگەنلەرنى "قورقۇنچاق"

دېيىشكە بولامدۇ؟ ياق! ئۆتەلىگەنلەر سۇ ئۈزۈش قانۇنى-
يىتى ۋە تېخنىكىسىنى ئىگەللىگەنلەر. ئۆتەلمىگەنلەر-
چۇ؟ ئۇلار ھامان چارە تېپىپ ئۆتىدۇ، مەيلى قولۋاق بى-
لەن، مەيلى كۆۋرۈك بىلەن بولسۇن ئاخىرى ئۆتىدۇ.
گەپ نىشاننىڭ ئېنىق، ئىرادىسىنىڭ مەھكەم بولۇشىدا.
دېمەكچىمەنكى، بۇ چاغدىمۇ قاش دەرياسى ياۋاشلىغان
ھېسابلانمايدۇ. كىشىلەر پەقەت ئورتاق پايدىلىنىشقىلا
ئىگە بولىدۇ خالاس.

جاڭ ھاكىم لۇتپۇللانىڭ تەھلىلىي سېلىشتۇرمىلىرىغا
زەڭ قويۇپ، مىساللىرىنىڭ مەنىلىك ئىكەنلىكىگە قىزىق-
تى. بۇ، ئۇزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ماۋزۇلىرىغا يېقىن
ئىدى.

— پىكىرلىرىڭىز راۋان، بىر-بىرىگە زىت سېلىش-
تۇرمىلار مەنتىقىلىق ئىزاھلاندى، — دېدى جاڭ ھاكىم،
— لېكىن بۇ يەنىلا مىسال، ئەگەر ئەمەلىي تۇرمۇشنىكى
ئىختىلاپلار مۇشۇنداق ھەل قىلىنغىنىدا ھەرگىزمۇ، ھە،
ھەرگىزمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر بولمىغان بولاتتى.

— ھەببەللى!، — دەۋەتتى لۇتپۇللا، بۇ دېمەكچى
بولغۇنۇم توسالغۇلار ئىختىيارىمىزدىن تاشقىرى بولۇپلا
قالماي ئۇ بىزگە تەسىر قىلىۋاتقانلىقىدا. مەن ئۇنى سەز-
گەن ئىكەنمەن، نېچۈك ئويلانماي تۇرالايمەن؟ ھەتتا مې-
نىڭ ئارزۇلىرىم بارغانسېرى چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرىغان-
دەك قىلىدۇ. بۇنىغۇ ھېچكىم شۇنداق دېمىدى، ئەمەلى-
يەت شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. . . مۇشۇنداق ھال مېنى كىشى-
لەرگە "سەۋدايى" قىلىپ كۆرسىتىۋاتامدۇ؟!

ئۇ بىردە قايناپ، بىردە تەمكىن ھالدا سۆزلەيتتى،
سۆزلىگەنسېرى ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلاتتى، چۈنكى ئۇ
ھەقىقىي سۆھبەتدىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى چۈ-
شەنگەندى.

— مەن شۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا يەنىلا ئۆزەمگە
ئۆزەم پىكىرداش بولدۇم. بولمىسا كىمدىن مەسلىھەت
ئېلىش كېرەك؟ ئادەم جىددىيلىشىپ كەتكەندە ئۆزىگە
ئۆزى سوئال قويىدىغان، ئۆزىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئۆزى
قانائەت قىلمايدىغان بۆلۈپ قالسا كېرەك، مەن دەل شۇن-
داق بولدۇم. شېئىرلارنى يېزىپ يىرتىپ تاشلىدىم، دەريا
دولقۇنلىرىغا، بۇلاق سۇلىرىغا، ئابرال چوققىلىرىغا تەل-
مۈرۈپ قارىدىم، قىسقىسى، تەبىئەتنىڭ گۈزەل، قابىل،
قۇرقۇمسىز ئاتىلىدىغان مۆجىزىلىرى ماڭا يار-يۆلەك بول-
مىدى. چۈنكى ئۇلار تىلسىز ئىدى. ئەكسىچە مېنىڭ
ھېسسىياتلىرىمنى قوزغاپ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، قىزى-
قىش سەيلىگاھلىرىمنى ئۆلغايتتى...

لۇتپۇللا يېڭىلاپ قويۇلغان سىر كايدىكى چاينى ئار-
قا-ئارقىدىن لەززەتلىنىپ ئىچەتتى. ئۆيدىكى شارائىت ئۇ-
نىڭغا چەكلىمىسىز ئىدى.

— بۇ ھالەتلەر دەرۋەقە ئىختىيارىمنىڭ سىرتىدا،
شۇنداقلا بەزىلەر مۆلچەرلىگەن ”سەۋدايىلىق“—ئەخمىقانە
ئۇسۇل مېنىڭ تاللىغان يولۇممۇ ئەمەس ۋە ھېچكىممۇ
ئۇنداق بىر نېمىنى مەجبۇر قىلمىغان. چۈنكى دۇنيا كەڭ-
رى، يوللار تولا. ھەممە ئۆزيولىدا مېڭىۋاتسا، مەن نې-
مىشقا تويۇق يول ئىزدەيمەن؟ قېنى جاك ھاكىم، سىز

يۇرتىنىڭ سەركىسى. بىرنېمە دەڭە! مەن چامىم يەتمەيۋات-
ﯯان "ئىشلار" توغرىسىدا ھال ئېيتتىم، خاتا ﯯىلدىممۇ يا؟
باياتىن بېرى لۇتپۇللانىڭ بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭ-
لاپ تۇرغان جاڭ ھاكىم ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن تۇسال-
غۇلارنى گەرچە ئۇچۇق دېمىسىمۇ، ئۇزى ياشاپ تۇرغان
كىشىلىك دۇنيادا مەۋجۇت تەڭسىزلىكلەرگە سېلىشتۇ-
رۇپ ئۇلتۇرغانىدى. جاڭ ھاكىم بىلەن لۇتپۇللانى بىر-
بىرسىگە يېقىنلاشتۇرغان رىشتىمۇ ئەنە شۇ كۇزﯯاراشنىڭ
ئورتاﯯلىقى ئىدى. جاڭ ھاكىمنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ
مەسئۇلىيەت شۇتەڭسىزلىكلەرنى تۇگىتىش يولىدىكى
ئىزدىنىش ئىدى. ئەپسۇسكى مۇنداق ئەلگە ﯯەلبداش
"سەركەردىلەر" دىن دوتەي يامۇلىدا، ئۇلكىلىك ھۇكۇ-
مەتتە ﯯانچىسى باردۇ؟ نىلقا ھامان ۋىلايەت ياكى ئۇلكە
ئەمەس-تە!... دېمەك، جاڭ ھاكىم شۇ نۇﯯتىدا ئويلىناتت-
تى.
جاڭ ھاكىم يەنئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن كادىرلارنىڭ
بىرسى بولۇپ، يىراق يۇنۇلىشى ئېنىق ئىدى. ئەمدى
بولسا نىلقىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەقدىرى ئۇستىدە باش
ﯯاتۇراتتى. نىلقا چەت تاغلىق رايون، خەلق نامرات، تۇر-
مۇش جاپالىق، خۇراپاتلىق ئېغىر يۇرت. نامراتلار ئاھالى-
نىڭ مۇتلەق كۇپ ﯯىسمىنى تەشكىل ﯯىلىدۇ. بايلار يەنى
سېمىزلەر ئازسانىنى تەشكىل ﯯىلىدۇ، بىراق ئىمتىيازى
كەڭرى. ئورۇﯯلار كۇپ، بىراق ﯯۇرۇق ﯯول. ئەگەر "ئو-
رۇق"، "سېمىز" تەڭشەلسىچۇ؟ ياق، بۇ يەنئەن ئەمەس.
"... ئادەم ئاملى بىرىنچى"، بۇ، ئەلۋەتتە پەلسە-

پۈۋى ھۆكۈم. تەبىئەتنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ ئادەم ئۆزگەر-
تىدۇ. بۈنىڭغا شەرت-شارائىت، ئاڭ كېرەك...» جاڭ
ھاكىم بارغانسېرى ئىلقا خەلقى ئىچىدە خەلقپەرۋەرلىكى
بىلەن تونۇلماقتا ئىدى. ئۇ كېچىلەرنى جاپالىق ئىزدىنىش-
لىرى بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغان بولدى. مۇنداق
چاغلاردا ئۆزىنىڭ بالىلىق ھاياتى، ئائىلە تۇرمۇشى كۆز
ئالدىغا كېلەتتى:

— دادا، قارىغىنا، بىزگە بەخت قۇشى قوندى، مانا
بېلىق ئالغۇچ! — دېگەنىدى ئۇ دادىسى جاڭ جىباڭ
«چۈككەك①»كە.

— ھە... ي ئوغلۇم دېيى، — دېگەنىدى ئوغلىنىڭ
رايى بويىچە دادىسى جاڭ، — بىر ئۆمۈرقىلىپ كېلىۋاتقان
تىرىكچىلىكىمىز مۇشۇ بېلىقچىلىق ئىدى. شۇندىن بې-
رى بېلىق ئالغۇچلار دائىملا بىللە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، پاك
تىلىكىڭ ئىجاۋەت بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

جاڭ جىباڭنىڭ دادىسى جاڭ يۈسەنمۇ جېجياڭلىق
نامراتلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئوغلىغا مۇندىن باشقا مى-
راس قالدۇرالمىغانىدى. ئەمدى بولسا تەبىئىي ئاپەت-كې-
سەللىك، ئۇرۇش ۋەھىمىلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ، ئە-
مەلدار، بايلار دۇنيا كويىدا، يوقسۇللار ھاياتلىق كويىدا
تىرىشاتتى.

شۇ كۈنلەردە قايسىدۇ بىر جەڭدىن مەغلۇپ بولغان
گومىنداڭ چېرىكلىرى تېرىقتەك چېچىلىپ ھەريەردە پۇق-

① سۇ ئۈزۈشكە بەك ئۇستا بولغانلىقتىن شۇ لەقەم قويۇلغانىدى.

راغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى. مانا شۇلارنىڭ بىر بۆلىكى بېلىقچىلار كەنتىگە كىرىپ تالان-تاراج قىلىپ يۈرۈپ، جاڭ جىباڭ "جۆككەك"نىڭ بېلىقچىلىقتا ئۆزگىچە ماھارىتى بارلىقىنى ئاڭلاپ:

"بىز دۆلەت ئارمىيىسى. سىلەرنىڭ بىزنى بېقىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار!" دەپ كىشىلەرنى قاقشىتىپ بالىلارنى يېتىم قىلغانىدى. بۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ سېلىقى چالا ساۋات جاڭ دېيىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى. تۇرمۇش سەرگەردانلىققا، ئاچارچىلىققا يۈزلەندى. جاڭ دېيى ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ يەنئەنگە يېتىپ كېلىپ، ھايات قالغاندى. ئۆز ۋاقتىدا بۇنى بالا ۋاقتىدىكى كۆرگەن چۈشىدىكى بەخت قۇشىنىڭ ھەقىقي قونغانلىقى دەپ بىلەتتى. دېمەسىمۇ ئۇيەردە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتقا، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

جاڭ دېيى ئاخبارات-تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. جاڭ دېيى 1936-يىلى يەنئەندىن ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كادىرلار بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. 1937 -يىلى نىلقا ناھىيىسى قۇرۇلغاندا تۇنجى ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى.

— لۇتپۇللا، — دېدى جاڭ ھاكىم، — سىز ھال ئېيتىمىدىڭىز، خاتامۇ سۆزلىمىدىڭىز. پەقەت ئەمەلىيەتنى بىشارەتلىك ئەكس ئەتتۈردىڭىز... ئۆتمۈشتە ئەل باشقۇرغان بەزى ئامبال-ئەمەلدارلار ھاكىمىيەت ئىچىدە يەنىلا مەۋجۇت. ئۇلار گەرچە چىچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ كاللىسى يەنىلا زۇلمەت جاھالىتىدە تۇرماقتا. ئەم-

ـدى ئاشۇ كاللىدىكى ئادەملەرنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى ھەم ئۆزگىرىشى ئۈچۈن بىر ئۆتكۈنچى ۋاقىت كېرەك. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىلارنى تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولدى دېگىلى بولمايدۇ.

— چۈشەندۇرۇشلىرىڭىزگە قايىلمەن جاڭ ھاكىم، — دېدى لۇتپۇللا تىكىلىپ قارىغىنىچە، — بىراق مېنىڭ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» نامىلىق شېئىرىمدىـكى:

يوقسۇل، مىسكىنلەر ئەمدى تارتمىسا مۇشەققەت،
"ئاھ. . . نەيلەي قىسىلدىمغۇ" دېمىسە پەقەت.
ئازادلىقتىن شۇلارغا ياغسا مېھىر-شەپقەت،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

دېگەن تىلەكلىرىم ھاۋادا لەيلەپلا يۈرەرمۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى جاڭ ھاكىم، — چۈنكى سىز ئۇ شېئىرنى رېئال تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسىدىن يازدىڭىز، دېمەك، ئۇ كەڭ پۇقرانىڭ تىلىكىدۇر، ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇ ئىشقا ئاشىدىغان تىلەك. دەۋرنىڭ چاقى ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

گەپلەر تۇگەپ قالغاندەك قىلاتتى. سۆزلەۋاتقان جاڭ ھاكىم ساھىبخانلىق سۇپىتى بىلەن كەيپىياتنى سۇسلاشـتۇرماسلىق ئۈچۈن:

— مۇنۇ ئالىملاردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار، لۇتپۇللا، بۇنىڭ نىلقا ئالمىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— قاسىمكام باغۇەننىڭ يۇرتىمىزغا تۇنجى ئۆزلەشتۈرگەن ئاپۇرتىنى[1] بىلمىسەم ئۆزەم يېگەن تاماقنىڭ تەمىنى باشقىلاردىن سورىغاندەك بولۇپ قالارمەن، — دېدى لوتپۇللا.

— بۇ، — دېدى جاك ھاكىم تەكشى قىزارغان ئاپۇرتىنى قولىدا تۇتقىنىچە، نىلقا باغۇەنچىلىكىدە ئىجادىيەت ئىكەن، قارىغاندا يېڭى باغ ئوخشايدىغۇ؟

— ھەئە، — دېدى قېيۇم تىلماچ، — ئىككى يىلدىن ئاشتى، پەقەت قورت چۈشمىگەن.

ئاساسىي سۆھبەتنىڭ ئارىسىدىكى بۇ قىستۇرما ئالما تەرىپى بىر ئاز داۋام قىلدى-دە، گەپ يەنە ئۆز ماۋزۇسىغا كۆچتى.

— سىزنىڭ باياتىن دېگەن سۆزلىرىڭىزدە: "شېئىرلار يېزىپ يىرتىۋەتتىم"، "چۈشەنمەي قالدىم"، "ئەمەلىيەتتىن يىراق ئىبارە" دېگەن رەنجىش تەلەپپۇزىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ھەتتا چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. چۈشىنىشكە بولىدۇ— دېگىنىم سىز تىلغا ئالمىغان لېكىن ئېلىشقا بولىدىغان ئادالەتسىزلىكلەر مەۋجۇت! چوڭ-چوڭ ئىشلار ئەمەلدارلاردا كۆرۈلۈۋاتىدۇ يۇ، پۇقرالاردا كىچىككىنە ئىللەت (ئەگەر ئىللەت دېيىلسە) بولسا كېچۈرۈلمەيدىغۇ، دېمەكچىسىز. بۇنى خەنزۇلارنىڭ تەمسىلى بىلەن ئېيتقاندا: "پادىشاھ ئوت قويۇۋەتسە يوللۇقمۇ، پۇقرا سەرەڭگە چاقالمامدۇ" دېگەن بىلەن ئوخشاش. سىز ئالدى

---

[1] ئالمىنىڭ بىر تۈرى

بىلەن ئەلگە بىر ئوقۇغۇچى — شائىرلىقىڭىز بىلەن تونۇ-لۇۋاتىسىز. تېخى جەمئىيەتكە چىقىپ بىرەر مۇئەسسەدە ئىش بېجىرگۈچى بولمىدىڭىز. ئۇنداق بولسا، چامىڭىز-دىن ئارتۇق يۈكنى مەجبۇرى كۆتۈرمەڭ، مەن سىزنى غا-يىۋىلىكتىن چەكلىمەكچى ئەمەس، ئۇيغۇرلاردا: "كۆرۈن-گەن تاغ يىراق ئەمەس" دېگەن تەمسىل بار ئىكەن، سىزگە ئەنە شۇ تاغ ئايان بولدى. دېمەك ئۇ ئاخىرى يېقىنلىشى-دۇ. يېگانە چىقماق سەپەرگە.

— چىگىشلەر شەكىللەندى، جاڭ ھاكىم بۇ دېمەك راۋانلىقتىن بېشارەت. — دېدى لۇتپۇللا.

— بۇنى، بىر باشلىنىش دېسىڭىز بولىدۇ، — دېدى جاڭ ھاكىم لۇتپۇللانىڭ مۈلچىرىگە يەنە شاخ سۈرتۈپ، — نېمىشقا دېگەندە، ئىنقىلاب شارائىتقا ماسلىشىپ ئې-لىپ بېرىلىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ بىر ئۇزۇن سەپەر ئىكەن-دە! — لۇتپۇللا سۆزگە سۆز كەلگەندە قايىللىق ئىپادە بىلدۈرگىنى بىلەن كاللىدىكى ئىختىلاپلىق تۈگۈچلەرنىڭ يەنىلا مەۋ-جۇتلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. گەرچە بۈگۈن جاڭ ھاكىم بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ نەزەرىيىۋى جەھەتتىن سالمىقى بار زىددىيەتلەر ھەل قىلىنغاندەك بولسىمۇ، ئۇ-زۇل-كېسىل دېگىلى بولمايتتى. ئەمما ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق بىر ۋەكىلى — ئىلقا ناھىيىسىنىڭ رەھبىرى جاڭ ھاكىمنىڭ لۇتپۇللا ئىلغا ئالغان ئارزۇ-تىلەكلەرنىڭ ئېتى-راپ قىلىنغانلىقىنى، پەقەت مەلۇم تۇسالغۇلارنىڭ سەۋە-بىدىن تولىمۇ يىراقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ھامان ھەل بول-

ماي، خەلق راينى رازى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىلمي تەھلىل قىلغىنىدىن مەمنۇن بولدى.

جاك ھاكىم بولسا لۇتپۇللانىڭ كالللىسىدىكى تونۇ. نۇشلارنىڭ بىردىنلا ھەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا گۇمانلىق قارىغىنى بىلەن بەزىلەرنىڭ لۇتپۇللانى "سەۋدايى بولۇپ قاپتۇ" دېگەنلىرىنىڭ پەقەتلا چۈشەنمەسلىكىدىن چىققانلىقىنى، ئوسمان مۇئەللىم بىلەن بۇھەقتە مۇلچەرلىگىنىنىڭ توغرىلىقىنى بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىپتقاندا لۇتپۇللانىڭ ئۆزى كۆرگىنى بىلەن ئۆزى ئاڭلىغىنى، ئۆزى قويغان سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرەلمىگىنى تۈپەيلىدىن غۇۋا بىر چىگىش تۇسالغۇ ئىچىدە قالغانلىقىنى ئومۇمي جەھەتتىن ئالغاندا، نورمال ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

مانا ھازىر لۇتپۇللا ئىككىنچى بىر ئەھۋالنىڭ تەكتىگە يەتمەك ئۈچۈن سوئال قويماقچى بولدى. ئۆتكەندە ئۇ ئوسمان مۇئەللىم بىلەن بۇھەقتە پاراڭلاشقاندا: "ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرى" بىلەن ئانچە تونۇشلۇقۇم يوق، دەپلا يالتاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ تېگىدە، جاك ھاكىمدىن سورا، دېگەندەك مەنە بارلىقىنى ھېس قىلغانىدى. مانا ھازىر ئۇ جاك ھاكىمنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— جاك ھاكىم! — دېدى لۇتپۇللا بىر تۇرلۇك كەسكىن ھەم ئېھتىياتلىق بىلەن، — "خائىن" دەپ تۇتۇلغانلارنىڭ قىلمىشى توغرىسىدا بىلگۈم كېلىدۇ!

جاك ھاكىم لۇتپۇللانىڭ توغرىدىن-توغرا "خائىن"لار توغرىسىدا "بىلگۈم كېلىدۇ" دېگەن سوئالىدىن نەدىندۇ

بىر كىچىك بالا بولسىمۇ، رەگەتكە بىلەن ئۆزىگە تاش ئاتقاندەك تېنى شۈركىنىپ كەتتى. بۈگۈنكى سۆھبەتلەردە خېلى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، مۇنداق مۇرەككەپ، ئەڭ مۇھىمى ھازىر جاۋاب چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدىغان سوئالنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. بۇ-نىڭغا جاڭ ھاكىم قانداق قىلار؟ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى سىياسىتى ئەمەسمۇ؟

بىراق، لۇتپۇللا ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى سى-ياسەتلىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلغىنى يوق. جاڭ ھاكىممۇ مەخسۇس سىياسىي تەلىم ئالغان، ئەمەلىي خىزمەتتە پىشقان رەھبىري كادىر بولغاچقا، "يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىدى-غان" مەيداندىن ھالقىپ كەتمەيتتى؛ كوچا-كويلاردىن يې-تىپ كەلگەن گەپ-سۆزلەرگە قارا-قويۇقلا ئىشىنىپ قال-مايتتى. شۇڭا ئۇ، لۇتپۇللاغا مەلۇم دائىرە ئىچىدە چۈ-شەندۈرۈپ كېتەلىشىگە ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ "ئوتقا چىدامىلىق قىزىل خىش" ئىدى.

— بۇ ئىشلارنى سىزمۇ ئاڭلىغان ئىكەنسىز-دە، — دېدى جاڭ ھاكىم لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، — بىزنىڭ ناھىيىدە ئۇنداق تۇتۇلغانلار بولمىسىمۇ، غۇلجى-دىكى ئەھۋالدىن خەۋىرىم بار. لېكىن كىملەر ئىكەنلىكى-نى بىلمەيمەن، سىزگە مەلۇم، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي-شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋې-لىپلا قالماي، قولىنى ھەرتەرەپكە سۇنماقتا! بۇنىڭغا قار-شى تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەجبۇرى-

يىتى، "خائىن" دەپ تۇتۇلغانلار مانا شۇ ھەرىكەتنىڭ مەم-لىكەت ئىچىدىكى تۇسالغۇلىرى، يەنى ساتقۇنلار ئىكەن.

لۇتپۇللا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، تېگىر قاپ تۇرۇپ قالدى. ئەگەر ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ۋەتەنپەرۋەر-لىك ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىنغانىكەن، كىم بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر تۇتۇلۇپ، جازالىنىشى كېرەكلىكىنى لۇتپۇللا بىلەتتى، ھەتتا بۇ ھەقتە ئاللىقاچان شېئىرلىرىدا كەسكىن ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ كونك-رېت ئادەملەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۇنى بىرتىلىسىم ئىچىگە سۈرەپ كىرگەندەك بولاتتى. ئۇ دەل مۇشۇ مەسى-لە توغرىسىدا بىلىشكە تەقەززا ئىدى.

— "خائىن" دەپ تۇتۇلغانلارنىڭ باشقا يۇرتلاردا بار-يوقلىقىنى بىلمەيمەن، — دېدى لۇتپۇللا، — غۇلجىدىكى تۇردى ئاخۇنباي، تېيىپ ھاجى قاتارلىقلار ياپونغا قارشى ھەرىكەتتە "پۇل ۋە مىلتىق-كۈچ"[①] چىقارغان، ئىسلاھات-قا، مەدەنىي-مائارىپقا ياردەم قىلغانلار ھەم يېتەكچىلىك قىلغانلار ئەمەسمىدى! ياكى شۇنداق ئادەملەر. . .

— لۇتپۇللا! — دېدى جاڭ ھاكىم مۇشتىكىگە گىلېز-سىنى سالغان ھالدا توختاپ تۇرۇپ، — يۇقىرى ئورۇننىڭ سىياسىتى بىزنىڭ بىلىشىمىزدىن تاشقىرى مۇستەقىللىق-قا ئىگە. سىز تىلغا ئالغان ئادەملەر ماڭا ناتونۇش، ئۇلار-نىڭ "ئىللەتلىرى" نى مېنىڭ پەقەت "خائىن" دېمەكتىن باشقا ئىلاجىم يوق. بۇنىڭدىن ھالقىپ سىزگە قانداق چۈ-

---

① ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات شوئارى ئەنە شۇنداق قويۇلغان.

شەنچە بېرەلىشىم مۇمكىن؟ كىچىك شائىر، سۆھبىتى-
مىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قويايـ-
كى، مېنى توغرا چۈشىنىڭ. ئەمدى داۋاملاشتۇرۇپ دەيـ-
دىغىنىم، ئەقلى تەپەككۇرىڭىزغا سوغۇق سۇ چاچقىنىم
ئەمەس، سىياسىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە ياكى ھادى-
سىلەرگە قىزىققىنىڭىز ياخشى ئىش، ئەمما، تەكتىگە
يېتىش ئۈچۈن زورۇقماڭ! سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى قول-
لىشىم ھەم مەسلىھەت بېرىشىم تويۇق يولغا چۈشۈپ
قېلىشىڭىزدىن ساقلاپ قېلىش، تەكتىگە يېتىشكە زورۇق-
ماڭ دېگىنىم ئۇ پەقەت سىياسەت بەلگۈلىگۈچىلەرنىڭلا
ئىختىيارىدىكى ئىمتىياز. ھالبۇكى بۇ سىز بىلەن مېنىڭ
ئېرىشىشىم مۇمكىن بولمايدىغان شارائىت. ئەگەر بۇنىڭ-
غا ئورۇنسىز سەل قارالسا، ئەجدادلار ئېيتقان: ”بېگىڭ-
گە يەتكۈچە، بېلىڭ ئۈشتۈلار“ دېگەن پىشكەللىكتىن
خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئەڭ بولمىغاندا تەپەككۇرىمىز-
نىڭ راۋانلىقى، كەيپىياتىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر
يەتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. ئېنىقراق ئېيتقاندا، سىزنىڭ
جىددىيلىشىپ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىڭىزدا نورمالسىزلىق-
لار پەيدا بولۇپ، كىشىلەرگە غەيرىي تۇيۇلۇپ قېلىشى-
ڭىز مۇقەررەر، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ ئېتىراپ قىلدىڭىز،
يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدە شۇنچىلىك سۆزلەشسەك.
لېكىن بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىردىشىشلار-
نىڭ تۈگىگەنلىكى ئەمەس. سىزچە قانداق؟
—سۆزلىرىڭىزگە قايىلمەن. سىزنىڭ ھەربىر سۆزى-
ڭىزنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىم ئۇ-

چۈنمۇ چۈشەنچەم خېلى ئايدىڭ بولدى. ئۇنى تەكرارلى-
مايمەن، — لۇتپۇللا ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

تامدىكى كىلەڭسىز سائەت تۆت قېتىم قوڭغۇراق
ئۇردى. جاڭ ھاكىم قېيۇم تىلماچقا بىرنېمىلەرنى پىچىر-
لىدى. قېيۇم تىلماچ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ "ھېلى كېلى-
مەن" دېدى-دە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەمدى بولسا، جاڭ
ھاكىم بىلەن لۇتپۇللا سۆزلىشەلمەيتتى. لۇتپۇللا كىتابلار
جازىسى يېنىغا بېرىپ كۆزىگە غەيرىي كۆرۈنگەن كىتاب-
لارنى ئوقۇيالمىسىمۇ ۋاراقلاپ كۆرگۈسى كەلدى. ئۇ
بىر كىتابنى ئېلىپ ئىچىگە سىزىلغان ئاجايىپ-غارايىپ
سۈرەتلەرگە قاراپ ۋاراقلىدى.

قېيۇم تىلماچ ئانچە كېچىكمەيلا يېنىپ كەلدى. ئۇ
داستىخانغا يۆگەلگەن نەرسىلەرنى شىرە ئۈستىگە قويغاند-
ى، لۇتپۇللا:

— پاھ، بۇ گۆشلەرنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ —
دەپ سورىدى.

— ئاشپەز شىرباكامدىن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخى-
رىسىدا، — خەنزۇچە بىلمەي تۇرۇپ شۇنچەكاتتا كىتابنى
ئېلىۋاپسەنغۇ؟

— ھە، سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم، — دېدى
لۇتپۇللا، — بۇ بىر چۆچەك ئوخشىمامدۇ؟

— نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، كىتابنىڭ ئىسمى «ئۈچ
پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ئىكەن — دېدى قېيۇم تىل-
ماچ.

— نېمە توغرۇلۇق ئىكەن؟ — سورىدى لۇتپۇللا تې-

خىچىلا كىتابنى ۋاراقلاپ.

— ئوقۇمىدىم تېخى، — دېدى قېيۇم جاڭ ھاكىمغا بىر نېمىلەرنى دەپ.

— قەدىمى پادىشاھلىقتىكى ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. مۇرەككەپ ھەم مەشھۇر كىتاب، — دېدى جاڭ ھاكىم قىسقىچە ئىزاھلاپ.

— رەسىملىرىگە قاراپ رىۋايەتمىكىن دەپتىمەن، — دېدى لۇتپۇللا.

نوقۇل رىۋايەت دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى جاڭ ھاكىم، — بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار، ئوردا باشقۇرۇشىدىكى ھىيلە-مىكىرلەر... بايان قىلىنىدۇ، مۇنۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» شاھانە تۇرمۇش، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپالار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئەسەر.

— بۇ گەپچە قەدىمىي كىتابلارغا كۆپرەك قىزىقىدىغان ئوخشايسىز-ھە؟ — دەپ سورىدى لۇتپۇللا.

— بۇ مېنىڭ ئەدەبىياتچى ئىكەنلىكىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ، — دېدى جاڭ ھاكىم، — قەدىمىي ۋاقەلەرنى ئوقۇش-ئاڭلاش كىشىنىڭ زېھنىگە بىر تۈرلۈك ئىزدىنىش مەجبۇرىيىتىنى تەقدىم قىلىدىكەن. بۇ قائىدىنى سىزمۇ بىلىسىز. ئەمدى جازىدىكى كىتابلارغا كەلسەك، ھەر خىل-ھەرياڭزا. خېتىنى تونۇمىسىڭىزمۇ كۆرسىتىپ قوياي، مۇنۇ كىتاب مەشھۇر تارىخچى، ئالىم جيەن بوزەننىڭ يېقىندا نەشر قىلدۇرغان كىتابى، جيەن بوزەن دېسەم خەنزۇمىكىن دەپ قالماڭ، ئۇ خۇنەنلىك ئۇيغۇر.

— ئۇيغۇر؟ — تەكرارلىدى لۇتپۇللا.

— ھەئە، خوتەنگە يەرلىكلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر، — دەپ تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلدى جاڭ ھاكىم، — يازما مەنبەلەردە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى شەرھلىشىچە، 1373-يىللىرى مىڭ سۇلالىسى خانى جۇ يۈەنجاڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن « جەنۇبلۇق ۋەھشىلەر»نىڭ مىڭ سۇلالىسىگە سالغان پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىشقا قوزغىلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى ئاباس دېگەن كىشى بولغانىكەن. ئاباسنىڭ يېتەكچىلىكىدە 16 يىل باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، جېڭجۇ، تۇڭگۇ، يۈننەن قاتارلىق جايلارنى تىنچىتقانلىقى ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ئۇنىڭغا «ۋەھشىلەرنى بېسىقتۇرغۇچى گېنېرال»، «چېگرىنى تىنچىتقۇچى گېنېرال»، دېگەن ئۇنۋاننى تەقدىم قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن «جيەن» (ئوقيانىڭ ئوق ئۇچى) خېتىنى فامىلە قىلىپ يېزىپ ھەدىيە قىلغانىكەن (خەنزۇلارنىڭ فامىلە قائىدىسى بويىچە)، شۇنىڭدىن باشلاپ «ئاباس»تىكى «ئا» «جيەن»گە ئۆزگىرىپ، «جيەن باس» دەپ ئاتالغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەنزۇچە خەت ئاھاڭى بويىچە «جيەن بوزەن» بولۇپ قېلىۋەرگەنىكەن. ھازىر خوتەندە جيەن فامىلىلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللە بار. ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقى خەنزۇچە بولغان بىلەن ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقادى ساقلىنىپ قالغان.

لۇتپۇللا دەرھاللا جاڭ ھاكىمنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ، خۇددى بىر نەرسە كۆرەلەيدىغاندەك ئاختۇرۇپ قاراشقا باشلىدى ۋە:

— بىرلا كىتابمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ قولۇمغا چۈشكىنى مۇشۇ «تارىخي پەلسەپە ئوقۇشلۇقى» — دېدى جاڭ ھاكىم، — لېكىن بۇنداق ئەتىۋارلىق كىتابلارنى تېپىش ئاسان ئەمەس.

سۆھبەتنىڭ ئاخىرى تۈرلۈك كىتابلار، مەشھۇر قەلەمكەشلەر ئۈستىگە كۆچۈپ خېلى داۋام قىلدى.

جاڭ ھاكىم لۇتپۇللا بىلەن قېيۇم تىلماچنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىققاندا تۈن قاراڭغۇسى ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. ئەتىگەندىن بېرى توختىماي ھۆر كىرىگەن بوراندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. پەقەت سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قەيەرنى دەسسىسە شۇيەردىن مىچىلدىغان پاتقاق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. تۈن قاراڭغۇسىدىكى مېڭىش شۇنداق ئەپسىز بولسىمۇ، ئەھمىيەتلىك پاراڭلاردىن كۆڭلى يورىغان لۇتپۇللا بىلەن قېيۇم تىلماچ قاراڭغۇلۇقنىمۇ ئۇنتۇپ راۋان قەدەم تاشلىشاتتى. ئۇلار جاڭ ھاكىمنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان گەپلەرنى تەكرارلاشنى ئورۇنسىز كۆردىمۇ ياكى جاڭ ھاكىمنىڭ ئارىلىقلاردا ئەسكەرتىپ: ”بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردىلا قالسۇن“ دېگىنى ئۈچۈنمۇ ئېغىز ئېچىشمىدى. لېكىن بىرسى بىلەن بىللە ماڭغاندا بەش قەدەمنى جىم ئۆتكۈزمەيدىغان قېيۇم ”كاسكا“ نە-نەلەرنىڭ كۈلكىلىك گەپلىرىنى قىلىپ لۇتپۇللانى كۈلدۈرۈپ ماڭدى.

جاڭ ھاكىم مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۈستەلگە كەلدى-دە، تاماكىسىنى چەككەن ھالدا چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. كۈندىكىدەك خاتىرىسىمۇ يازمىدى. توگۇلگەن

مۇشتۇمى بىلەن ئىگىكىنى تىرەپ ئۇستەلگە يېرىم يۆلە-
گىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئارىلاپ ئاغزى-
دىن "لۇتپۇللا" دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. دېمەك ئۇنىڭ يېگا-
نە ئەمما ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە پىكىرلىرى لۇتپۇللا ئۇس-
تىدە ئىكەنلىكى روشەن ئىدى.

"... لۇتپۇللانىڭ دەخلىسىز ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن
ھەرقانداق ئەركسۆيەر ئادەملەر كۆڭۈل بۆلىدۇ. چۈنكى
ئۇنىڭ زېھنى، ئىرادىسى، غايىسى ھەرگىز ئون ئالتە-ئون
يەتتە ياشلىق بالىلارنىڭ قىزىقىشى ئەمەس، بەلكى بىر
مۆجىزە! ئەنە شۇنداق بىرتالانت ئىگىسىنىڭ مېڭىسىنى
ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى ئوخشىمىغان تەڭسىزلىك
چىرمىۋالغان. بۇيەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولى-
دۇكى، ئۇنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى تولىمۇ ئېنىق. ئۇ ئۆ-
زىنىڭ مۇھەببىتى تەۋەسىدىكى مەنىۋى قوشۇنىنىڭ كۈچى
ئاجىز بولسىمۇ ئەسىر بولۇشنى خالىمىغان، بۇ زىددىيەت-
لەر دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان ئىرادە، مېنى لۇتپۇللاغا
باغلىغان كۆزقاراش رىشتىسى شۇ ئەمەسمۇ؟!..

لۇتپۇللانىڭ ئىلھامبەخش ئوي-خىياللىرى، سوئاللى-
رى مېنىڭدىن ئارتۇق دېسەم ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان
بولمايمەن. چۈنكى ئۇ دۇنيادا تۇنجى يېڭىلانغان جەمئى-
يەت — سوۋېت سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ كىتاب-
دەرسلىكلىرىنى ئوقۇدى، تەلىم ئالدى. ھە، شۇنىڭ ئۆ-
چۈن ئۇنىڭدىكى ئالغا ئىنتىلىش ئىدىيىسى پەيدىنپەي شە-
كىللەنگەن. تىنىمسىزلانغان، ئاخىرىسىدا تۇرلۇك-تۈر-
لۈك سوئاللار ئارىسىدا قالغان. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن

سوئال سورىمىسۇن؟ قاراڭ، ئۆتكەندە مەن ياۋ سىلىك
بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە بەزى مەسىلىلەرنى سورىسام:
”ھەي. . .“ دەپلا قويغان ئەمەسمىدى. مەنمۇ لۇتپۇللا ئال-
دىدا شۇنداق بولۇپ قالغىنىم شەرت-شارائىت مەسىلە-
سى. . .“

جاڭ ھاكىم يېرىم كۈن ھەمسۆھبەتتە بولغان لۇتپۇللا
بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى ھەم ئۆزىنىڭ تەھلىلىي مۆلچەر-
لىرىنى ئويلىنىپ كەتتى. جاڭ ھاكىم دېرىزە تۈۋىگە بې-
رىپ سىرتقا قارىدى. تۈن قاراڭغۇسى قارا سىيادەك تۇرات-
تى. قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى يەر تېگىدىن چىققاندەك
ئاڭلانسا، شەڭگەن يامۇلىنىڭ قورۇقى ئىچىدىكى شۇم
قارغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى تۈن قاراڭغۇسىدا ۋەھىمىلىك
ئاڭلىناتتى. بۇ كۆڭۈلسىز تەسىراتلاردىن بىزار بولغان
جاڭ ھاكىمنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ھالدا لۇتپۇللا تەقدىم
قىلغان خاتىرە — قۇش ھەيكىلىگە چۈشتى: قۇشنىڭ
بېشىنى زېمىنگە سۇنۇپ، قانىتىنى يېيىش ئۈچۈن ئەمدىلا
كۆكرىكىدىن ئايرىپ، قاتلانغان ئۆگىسىنى كۆككە قارى-
تىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان ئاجايىپ جۇشقۇن ھالىتى
ئۇنىڭغا بىر تۈرلۈك روھ بېغىشلىدى.

. . . تالانتىڭغا قايىلمەن بالا شائىر. بۇ قۇش ھەيكىلى
سېنىڭ سىمۋولۇڭ. سەن ئەرك دۇنياسىغا پەرۋاز قىلىش
ئالدىدا تۇرىسەن. كۆزلىرىڭ جاھالەت ئىچىدە ئادالەت
بىخلىرىنى كۆرۈۋاتىدۇ! . . . سېنىڭ ئۈرۈمچىگە قىلىدى-
غان سەپىرىڭ كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىشىڭ، ئىستىق-
باللىڭنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغۇسى. . .

ھېزىم ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇنۇگۇندىن بېرى بىر ئال-
دىراشلىق قىزىپ كەتتى. ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىد-
لىرى يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ھەممىسى
لۇتپۇللانى ئۇرۇمچىگە ئۇزىتىش كويىدا ئىدى.

لۇتپۇللانىڭ ئانىسى مېلىكەم:

"چوڭ مەرىكە قىلىپ، يۇرتقا داستىخان سالىمەن"

دېسە، ئاتىسى ھېزىم ئاخۇن:

"ئۇ تەرەپلىرىنى دېسەڭ، ھەرئىككىلىمىزلا تۇرنىڭ
ئۇستىدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنچىلىك ھەشەمەتنى
قويۇپ بىر نەچچە مويسىپىتلارنىلا چاقىرىپ قويساق بو-
لار" دەيتتى. لۇتپۇللا بولسا "ياشلارغا داستىخان سال-
مەن" دېدى. ئاخىرى مىللىي ئەنئەنۋى قائىدە بويىچە
چوڭلارنىڭ ئىشنى جۇمە كۇنى چۇشتىن كېيىنگە بېكىت-
تى. جۇمە نامىزى دۆربىلجىندىكى چوڭ (ھېزىم ئاخۇن
مەسچىتى) مەسچىتتە ئوقۇلاتتى. بۇنىڭغا كۆۋرۈك مە-
ھەللىسى، كونا بازار، توڭگان مەھەللىسىدىكى جامائەت-
لەردىن كېلەتتى. تەكلىپ قىلىنغان مۆتىۋەرلەر جۇمەدىن
يېنىپلا كېلىشتى. ئۇلار چوڭ ساراي ھەم دالاندا ئولتۇ-
رۇشتى. ئاۋۋال يىتقا ئايەت ئوقۇلدى، ئاندىن تاماق تارتىل-
دى. تاماقتىن كېيىن ھېزىم ئاخۇن ئىككى ئۆيىنىڭ بوسۇ-
غىسىدا تۇرۇپ، ئوغلى لۇتپۇللانىڭ يىراق شەھەر ئۇرۇم-
چىگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقى ئۇچۇن ئاق يول تىلەپ دۇئا

بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى.

سورۇن ئەھلى ھاياجان بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈشتى. كونا بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھەممىنى خەپشۇك قىلىپ، ھېزىم ئاخۇننىڭ يېنىدا قولىنى قوشتۇرۇپ تۇرغان لۇتپۇللاغا:

— ئوغلىمىز لۇتپۇللا، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىستىكىدە ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلىنىپسەن، ئاتاڭ ھېزىم ئاخۇنمۇ ياش چېغىدا چەت ئەلدە ئىلىم ئالغان. بۈگۈنكى كۈندە بولسا شۇ بىلىمىنىڭ خاسىيىتىدىن ئۆزى مەسچىت ياسىتىپ، ئىمامەتچىلىكنى قىلىۋاتىدۇ. سەنمۇ ئەلگە نەپ بېرىدىغان ئەزىمەتتىن بولۇپ چىققايسەن. غەپلەتتىن بىدار بولۇپ، مەتلۇپ-ئۈمىدلىرىڭ سەرۋىدەك ئۆسكەي، يۇرتىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ، ئەختەرى مەسئۇد (سائادەت يۇلتۇزى) بولغايسەن. توغرا بالا-قازادىن، قۇرۇق سۆز-قۇرۇق تۆھمەتتىن خالىي، تېنىڭ ساغلام بولغاي، ئامىن! — دېدى.

— ئاللاھۇئەكبەر! — قول كۆتۈرۈشتى كۆپچىلىك.

— ئوسمان مۇئەللىمنىڭمۇ بىرەر تىلىكى بولسا ئاڭلاپ قاللى، — دېدى بىرسى.

— يۇقىرىدا ئىمام كۆپكە ۋاكالىتەن دۇئا بەردى، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — لۇتپۇللا مۇشۇ ئائىلىدە، مۇشۇ يۇرتتا بالاغەتكە يەتتىڭ. ئەمدى بولسا ئوقۇش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىگە كېتىۋاتىسەن. ئوقۇشنى تاماملىغاندا بەلكىم غۇلجىغا كېلەرسەن، بەلكىم باشقا يۇرتقا كېتەرسەن. مېنىڭچە ھەممە يۇرت

سەن ئۇچۇن ئوخشاش. چۇنكى ئۇ يەرلەردىمۇ ئەل بار.
سەن ئەلنى كۈيلەيدىغان بۇلبۇل، ئۇۋىسىدىن ئۇچقان
قۇش! — دېدى.

— بەرھەق! — دېيىشتى كۆپچىلىك. ئاندىن ھېزىم
ئاخۇن كۆپچىلىككە رەھمەتلەر ئېيتتى. لۇتپۇللامۇ دەر-
ھال بىر كۇبلېت شېئىر ئوقۇدى:

كىلەرمەن يېڭى قۇۋۋەت توپلاپ يۇرەككە،
ئۆلكەمنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىدا ئىشلەش ئۇچۇن.
بىلدۈرۈپ ئاندىن ئالغان ساۋاقلارنى خەلقىمگە،
ئالىي بالداق مېۋىسىنى پاتراق چىشلەش ئۇچۇن.

— باركاللا! باركاللا! — مۇتىۋەرلەر يەنىمۇ ياخشى
تىلەكلەر بايان قىلىشقىنىچە تارقاشتى.

بۇ ئائىلىدىكى ئالدىراشلىقلار شۇنىڭ بىلەن توختاپ
قالمىدى. تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. كەچكى ياشلار-
نىڭ ئولتۇرۇشى ئۇچۇن تاماقلار تەييارلىقى خۇددى لۇت-
پۇللانىڭ تويى بولۇۋاتقاندەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن ھوي-
لىنى قاپلىدى. لۇتپۇللانىڭ ئانىسى مېلىكەم خۇشاللىقى-
دىنمۇ ياكى كۆڭلى يېرىم بولدىمۇ: "لۇتپۇللانىڭ تويىنى
شۇنداق بىر قىلىۋالغان بولسام-ھە!..." دېگەننى كۆڭ-
لىدىن كەچۇردى-دە، بۇ ئارماننى لۇتپۇللانىڭ ئاغىنىلىرى-
نىڭ بىرسىگە دېگەنىدى، ئۇ:
— مېلىكە ئاپا! مۇشۇنىڭ ئۆزى سىز ئارمان قىلغان

لۇتپۇللانىڭ توي ھارپىسى! — دېدى.
مېلىكەم ئىنتايىن كەم ئىشپادىلىنىدىغان كۆلكىسى بە-
لەن:
— ئىلاھىم دېگىنىڭدەك بولغاي! — دېدى.
كەچقۇرۇندا ئارقا-ئارقىدىن ياشلار كېلىشكە باشلى-
دى. ئارىلاپ يېشى چوڭراق بىرنەچچىسىمۇ قەدەم تەش-
رىپ قىلدى. بۇلار سانايىنەپىسەنىڭ سازچى-ناخشىچى-
لىرى ئىدى.
ئولتۇرۇش ئىشتىراكچىلىرى ياشلار بولغىنى بىلەن
نەغمە-ناۋا مەشرەپ قائىدىسى بويىچە بولدى. بۇ ھەممى-
گىلا ياقىقاندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە غۇلامنىڭ ئۆزىدىن ئۇ-
زۇن ئىلى تەمبۇرى، ناسىرجاننىڭ نەقىشلىك قەشقەر دۇ-
تارى چىش بىلەن كالپۇكتەك ھىملىشىپ لىم پەدىگە چې-
لىنغاندا، ئېلەكبەرنىڭ ئۆزى كېرىئۇلغان كېلەڭسىز دېپى
رىتىملىق تەڭكەش قىلىندى. ئاڭلىغۇچىلارمۇ شوك بولۇ-
شۇپ ھەركىم ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە سازدىن ھۇزۇر-
لاندى. . . داپنىڭ قاتتىق ئەك ئاخىرقى ئۇرۇلۇشى بىلەن
چىپ توختىغان ساز ھەممىنىڭ دىققىتىنى بۇلدى. كۆپ-
چىلىك شۇئان ”يەتتە ئۆزگىرىش“ لىك ناخشىنى دولقۇن-
لىتىپ باشلىۋەتتى. ئومۇملىشىپ كەتكەن بۇ ناخشىلارنى
مۇقەددىم-ئاخىر بىلىدىغانلار، ئۆگىنىۋاتقانلارمۇ قوشۇ-
لۇپ زوق-شوق بىلەن ئېيتاتتى. تاتار، قازاق، رۇس يىگىت-
لىرى ناخشا ئېيتقۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ھەم تەرتىپلىك
ئۆزگىرىشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشاتتى. قىسقىسى، سو-
رۇن ئەھلى كەلگ ۋادىدا ئېقىۋاتقان بىر ئەزىم دەريانىڭ

بەزىدە سەكرەتمىلەردىن چۈشۈۋاتقىنىدەك، بەزىدە يىغلى-
لىپ قايىنام ھاسىل قىلغىنىدەك، بەزىدە يېيىلىپ تىپ-
تىنچ، سايائىغۇر ئاققىنىدەك مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈشەتتى. ناخشا-سازلار ئۆز قائىدىسى بىلەن ئا-
خىرلىشىپ، ئائىلىغۇچىلارنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىش-
تى.

ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە سورۇندىكى قى-
زىقچىلار بىرپەس لەتىپە سۆزلەپ، قىزىقارلىق ئويۇن
كۆرسىتىپ سورۇن ئەھلىنى راسا كۈلدۈردى. ئاخىرىدا
لۇتپۇللانىڭ بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش-
تى. لۇتپۇللا ئوتتۇرا ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇپ، «كۆ-
رەش دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆرەش دولقۇنلىرى قايناق، غۇلاچ تاشلاپ ئويىنايمىز،
كۆرەش بىلەن دىلدىكى مەقسەتلەرنى ئورۇنلايمىز.
جۇڭگو ئازادلىقى شەكسىز گەۋدىلەندى كۆرەشتە،
تېخى دۇنيا يوقسۇللىرىنىڭ تويلىرىنى ئويىنايمىز.
يېڭى تۇرمۇش ساھەسىدە ئېغىر يىللار شۇنچە كۆپ،
شوڭلاشقىمىز بۇ كۆرەشكە ھېلىتىنلا تويمايمىز.
يولىمىزدا پۈتلاش قالدۇق-ئەسكىلىكلەرگە ھۇجۇم.
چاۋا-چاتقال، لۈجىلارنى ھېچ قالدۇرماي ئۆرتەيمىز.
جىنك تارىخ كۆرسەتتى بىزگە كەلگۈسى ھەم ئۆتمۈشنى،
ئالدىنقىسى تەزىم قىلدى، زادى يەتمەي قويمايمىز.

شېئىر بارغانسىرى يۇقىرى ئاۋازدا دولقۇنلىنىپ سا-

راي، دالاندىكى ھەتتا ھويلىدىكىلەرنى ئادەم يوقتەك جىم-جىمىقتا چۆمدۈردى. ئۇلار شائىرنىڭ تاغ سۇلىرىدەك شىپىرىي دولقۇنلىرىدىن لەززەت ئېلىشاتتى. ھويلىدىكى خوتۇن-قىزلار ئارىسىدا ئاڭلاۋاتقان مېلىكەم تۇنجى قېتىم ئوغلى لۇتپۇللانىڭ شېئىرىنى سورۇن ئۈستىدە ئاڭلاۋاتقىنى ئۈچۈنمۇ ياكى بۇ ئاخىرقى ئاڭلىشى بولۇپ قېلىۋاتقىنى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەيتتى.

سورۇندىكىلەرگە بۈگۈن لۇتپۇللا چوپچوڭ ئادەمدەك، باتۇر باشلامچىنىڭ قانداقتۇر يېغىلىشتا نوتۇق سۆزلەۋاتقىنىدەك كۆرۈنەتتى.

شائىرنىڭ شېئىرى يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن داۋاملاشتى:

ئۆتۈپ بىردىن قانلىق داغلار، كۆرۈنمەكتە يېڭى باغلار،
چېلىش بىلەن ئالغا يۈگۈرۈش يوللىرىدىن يانمايمىز.
ئەمگەك سۆيەر ئىنسانلار بۇ كۆرەش تەرەپدارى،
شۇڭا كۆرەش ناخشىسىنى بىز دائىما توۋلايمىز.
بەخت ياكى بەختسىزلىك ئەمەس ھېچقاچان پېشانىدە،
تىرىشچانلىقتا باغلىق شۇڭا "ئالغا" نى بويلايمىز.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئۆتۈپ بىردىن قانلىق داغلار، كۆرۈنمەكتەيېڭى باغلار،
كۆرەش دولقۇنلىرى بىلەن ھۆرلۈك تۇغىنى قادايمىز!

سورۇن ئەھلى قارسىلىغان چاۋاكلىرى بىلەن تەشەككۈر بىلدۈردى، قەلبداشلار ئىلھامبەخش رىغبەتلىرىنى

شائىرغا تەقدىم قىلدى.

بەزىلەر بۇ گۇزەللىنى خۇشلىنىشىدىغاندەك ياخشى تىلەكلە- رى بىلەن سىغىنىش گەپلىرىنى ئىزھار قىلدى. لۇتپۇللا- مۇ ئۇز نۇۋىتىدە ھەممىسىنىڭ ئۇززۇلمەس رىشتى يۇرىكە- گە چىتىقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

تەرەپ-تەرەپكە ماڭغان بۇرادەرلەر ئاتا-بوۋىسىدىن قال- غان ئادەتلىرى بويىچە قۇلاقنى تۇتۇپ ئېگىز-پەس ناخشى- لار بىلەن ئۆيلىرىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. بەگۋاش قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى بۇ ناخشىلارنىڭ پائۇزىدەك ياڭراپ تۇراتتى.

36

مەمۇرچىلىققا تولغان ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئوچۇق بىر كۈنى. قۇياشنىڭ بۇلۇتلار ئارىلىرىدىن شۇڭغۇپ چې- چىلغان قىزغۇچ نۇرلىرى تاغ چوققىلىرىغا ئەمدىلەتىن چۈشكەن چاغ.

لۇتپۇللا ئادەتلەنگەن تەن ھەرىكىتىنى قىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىققتى-دە، ئۇززۇنغا يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغاندەك، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى تىك كوچا بى- لەن چىغلىق مەھەللىگە يول ئالدى. ئىلقىدا ئەتىگەنلىكى مۇنداق كوچىلاردا يۇگۇرۇپ يۇرىدىغانلار بولمىسىمۇ، كۇرگۇچىلەر ئانچىمۇ ھەيران قالمىدى. لۇتپۇللانىڭ ئۇستىدە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كىيىمى بار ئىدى. ئاپرېل بايرىمىدىكى يۇگۇرگۇچى، سەكرىگۇچىلەرنىڭ ئوچىسى-

ـدا شۇنداق كىيىملەرنى كۆرگەن ئىلغىلىقلارنىڭ لۇتپۇللا-
نى تونۇغانلىرى "ئۇرۇس مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئەمەسمۇ"
دېيىشسە، تونۇمىغانلىرى: "ئۆگىنىۋېتىپتۇ-دە!" دېيىش-
تى، شۇنداق قىلىپ ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇللا قېيۇم تىل-
ماچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توختىدى. ئۇنىڭغا بۈگۈن كەچتە
جاڭ ھاكىمغا يولۇقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى جېك-
لەپ قويۇپ يەنە يۈگۈرگىنىچە قايتتى.

ئەتىگەندە چىقىپ بىر كۆڭۈلۈك سەيرىنى ئاخىرلاش-
تۇرغان قوياش ئەمدى يەنە تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ھالسىز
نۇرلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، لۇتپۇللا جاڭ ھاكىمنىڭ
ئۆيىگە يول ئالدى. يول بويى ئۇنىڭدىن نىمە يېڭىلىقلار
ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلىنىپ باراتتى. يەنە بىر جەھەتتىن
سالاھىيىتى زور پەرقلىنىدىغان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە يەنە كې-
لىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئىچىدىكى ئۆي-
گە بېرىشنى تولىمۇ ئەپسىز كۆرەتتى. مۇشۇ تەھلىل
ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قەدىمى
توختاپ قالدى. لېكىن بۇنىڭدىن خەۋىرى بولغان قېيۇم
تىلماچ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاچقا يىراقتىنلا چاقىرىپ
ئېلىپ بىللە كىرىپ كەتتى.

—كېلىڭ، قارشى ئالىمەن سىزنى لۇتپۇللا!، —
دېدى جاڭ ھاكىم ئوچۇق چىرايى بىلەن، —
بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە سىزنى ئىزدىمەكچى ئىدىم، سىز
چاقىغان چىقتىڭىزدە!

— مەن دېگەن ياش-تە، — دېدى لۇتپۇللا كۈلۈپ
تۇرۇپ، بىر پۈتۈم ئۆزەڭگىدە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز،

يەنە بىر پۈتۈمنى ئۆزەڭگىگە ئېلىپ چىقىشقا مۇشۇنداق چاققانلىق بولمىسا، سەپەرگە ئۈلگۈرەلمەيمەن-دە!

ئۈچەيلەن كۈلۈشكىنىچە شىرە ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى.

— تەييارلىقلار قانداق؟ — سورىدى جاك ھاكىم گەپنىڭ بېشىدىلا.

— نېمە تەييارلىق دەيسىز، — دېدى لۇتپۇللا، — بىرلا چامادانىنى كۆتۈرسەم بولدىغۇ. ئەڭ مۇھىمى ئاپام قايىل بولدى. تەييارلىقنىڭ تەس يېرى شۇ ئىدى.

— ھەي، ئانىدە! ئانىلىق مېھرىنىڭ قىيمايۋاتقانلىقىغۇ، — جاك ھاكىم بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — دادىڭىزدا ئۇنداق مېھرىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، بىراق بىلىملىك ئادەم باشقىچە.

— ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، — دېدى لۇتپۇللا يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ، — مېنىڭ مېڭىش ۋاقتىم قىستاپ قالدى. سىز بىلەن ئاز ئۇچراشقىنىم بىلەن ئەھمىيەتلىك سىرداشتۇق. سىز ماڭا سىنىپتا دەرس ئۆتمىگەن بولسىڭىزمۇ، سىنىپ سىرتىدىكى ئۇستازلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدىڭىز. ئۇيغۇرلاردا: ”كۆپ ياشىغاندىن ئەقىل سورىغىچە، كۆپنى كۆرگەندىن سورا“ دېگەن ماقال بار. سىز يىراق يۇرتتىن كەلدىڭىز ھەم نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردىڭىز... مەنمۇ باشقا يۇرتقا ئاتلانماقچى، شۇڭا ئۆزئارا پىكىرلەشكىنىمىزنى ئەۋزەل بىلدىم.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. مېنىڭچە پىكىرلىرىمىزدە ئورتاقلىق بار. بۇ بىزنىڭ تىلىمىز باشقا بولسى-

مۇ، دىلىمىزنىڭ بىرلىكىنى نامايان قىلدى، — جاڭ ھا-
كىم گېلىزىسىنى ئۇتاشتۇرۇپ يېنىك-يېنىك ئىككى تارت-
تى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز يەنىمۇ ئەتراپلىق،
چوڭقۇر تەلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ئۆزلۈمچىگە كېتىۋاتى-
سىز، بۇ ئىلگىرى سەرەتگە بىلەن كېچىدە يورۇق چۇ-
شۇرۇپ ماڭغاندىن، پەنەر كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك پەرقلىق
ئىش. ئۆلكىلىك سىفەن شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە يۇقى-
رى سەۋىيىلىك مەكتەپلەرنىڭ بىرى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ
يەردىكى ئۇستازلارمۇ سەرخىل. دېمەك، بىلىم تەشنالىقى-
دا قولنى نەگە سۇنسىڭىز يېتىدىغان شارائىت بار.

— جاڭ ھاكىم، —دېدى لۇتپۇللا،— ئۆتكەندە سىز
سىفەندىكى تونۇش ئوقۇتقۇچىڭىزنىڭ گېپىنى قىلغان ئى-
دىڭىزغۇ؟

— شۇنداق، مانا بۇ خەتنىڭ كونۋېرتىدە يېزىلغان
"لى" ئەپەندى شۇ، بۇنى سىز كونۋېرتنىڭ بىر يېرىگە
ئۈيغۇرچە يېزىپ قويۇڭ.

— بۇ كىشى مەكتەپ مۇدىرى ئەمەستۇ؟

— يوقسۇ، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى. مەكتەپ مۇدىرى
شېڭ دۇبەننىڭ ئىنىسىمىش،— دېدى جاڭ ھاكىم.

— بۇ گەپچە، مەكتىپىمىز كاتتا كىشىلەرنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا ئىكەن-دە— دېدى لۇتپۇللا قىزىقىپ.

— ئۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا شۇنداق،— دېدى جاڭ ھا-
كىم، — مېنىڭچە ئېيتقاندا كاتتىسى "لى" ئەپەندى. نې-
مىشقا دېگەندە، يازغان شېئىرلىرىڭىزغا مۇزىكا ئىشلەپ
بېرىدۇ— دە!

— ئەدەبىياتچىمۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— ياق، — دېدى جاك ھاكىم، — ئەمما ئۇ ئارقىلىق يەنئەندىن كەلگەن شائىر چېن تەنچيۇ بىلەن تونۇشۇپ كېتەلەيسىز. لى ئەپەندى ئۇزى "ئايروپىلان"[1] مۇتەخەسسىسى.

— ئوھوي! ئەمىسە ھۆرمەتلىك ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ كېتىدىكەنمەن-دە، — دېدى لۇتپۇللا ھاياجانلىنىپ، — ئۇلار بىلەن قانداقمۇ سۆزلىشەرمەن؟

— نېمىدېگىنىڭ بۇ؟ — دېدى قېيۇم تىلماچ، — چوڭ شەھەردە قالتىس تىلماچلار بار دېگىنە!

— بۇنىڭدا گەپ يوق، — دېدى جاك ھاكىم، — لېكىن ھەرگىز قېيۇم تىلماچ بولالمايدۇ-دە. ئەڭ ياخشىسى لۇتپۇللا تىل ئۆگىنىشى كېرەك!

— بۇ ئىرادەمگە باغلىق، — دېدى لۇتپۇللا.

— ئەگەر ھاجىتىڭىز ئىرادىڭىزدىن ئۈستۈن كەلسە قانداق قىلار ئىدىڭىز؟ — سورىدى جاك ھاكىم.

— باشقا يول ئىزدىمەيمەن، — دېدى لۇتپۇللا قەتئىيلىك بىلەن، — ھاجىتىم ئىرادەمگە بويسۇنىدۇ. چۈنكى، ئۆتكەندە ئوسمان مۇئەللىم ھەم سىز بىلەن بەزى مەپكۇرەۋى ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆزلىشىپ دىلىم خېلى يورۇپ قالدى. بۇ ھال، مېنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىمنى ئاجىزلاتمىدى، ئەكسىچە خېلى كۆپ يېڭى شېئىرلارنى يېزىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، بۇ ئەمەلىيەت ئەمەسمۇ؟

---

① شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۈرۈمچىدە ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرغانىدى. لى ئەپەندى شۇ يەردە ئىشلىگەنىدى.

— پىكىرلىرىڭىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن قايىلمەنكى، دې-
ئال تۇرمۇشتىن ئۆزىڭىز ھېس قىلدىڭىز. ئۆزىڭىز ھېس
قىلغان ئىكەنسىز، ئۆزىڭىز يول تاللىدىڭىز. بۇ ئىختىرا-
چىنىڭ بەنى ئادالەت بولىدىكى ئىختىراچىنىڭ تاللىغان
يولى. بىز ياڭرىتىۋاتقان «پىدائىيلارمارشى»[1]نىڭ ئېرىنىڭ
قانلىق كۈرەشلەر ئىچىدىكى ئەمگىكى ئەمەسمۇ! شۇنى
ھۆكۈم قىلالايمىز كى، بۇ مەڭگۈ ياڭرايدۇ. ئېمىشقا دې-
گەندە، بۇ شېئىردا 450 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبى
نامايان قىلىنغان-دە!، — جاڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ ھاياجانلە-
نىپ كەتكىنىنى ھېس قىلىپ گەپنى يۆتكىدى، — گەپ
ئارىلاپ سىزنىڭ سۆزىڭىز بۆلىنىپ قالدى. داۋام قىلىڭ،
ئىلاجى بولسا، بىرەر ئىجادىي شېئىرلىرىڭىزنى ئاڭلىساق
تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.
ئارىنى چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدىكى جىملىق بىلەن
قاپلانغان جىددىيلىك ئىگەللىدى. جاڭ ھاكىم گېلىزسىنى
مۇشتەككە سېلىش بىلەن، لۇتپۇللا ئاللىقانداق خاتىرە
يېزىش بىلەن، قېيۇم تىلماچ خام خەتلەرنى مەشىق قىلىش
بىلەن بەنت ئىدى.
— ئۇنداق بولسا، مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپلا ئېلان
قىلىدىغان شېئىرلىرىمنىڭ بىرسىنى ئوقۇپ بېرەي، —
دېدى لۇتپۇللا، بۇ بىر خاتىرە بولۇپ قالار.
— لۇتپۇللا، — دېدى جاڭ ھاكىم، — مەنمۇ دەل مۇ-
شۇنداق بىر دىل خاتىرىڭىزنى تەلەپ قىلماقچى ئىدىم.

---

[1] ھازىرقى دۆلەت گىمنى.

— ئالدىرىماي ئۇقۇ، — دېدى قېيوم تىلماچ، — ئەڭ ياخ-شىسى بۇرۇنقىدەك ئاۋۋال خاتىرىلىۋالاي.

قېيۇم تىلماچ رەسمىي تەرجىمە قىلىشتىن ئىلگىرى بەزى خەتلەرنىڭ شۇنداق مەنە بېرىدىغان-بەر-مەيدىغانلىقلىرىنى سوراپ يېزىشقا كىرىشتى. شېئىرد-يەتتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، قاپىيىلىرىنى كەلتۈرۈش تەس ئىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن يېزىق تەرجىمىسىنى مەس-لىھەتلىشىپ بىرلىككە كەلتۈردى. مەنە جەھەتتىن سې-لىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن لۇتپۇللاغا ئەگىشىپ تەرجىمە قىلىپ بەردى:

بىز باشتىلا كۆرەشنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغان،
شۇڭلاشقىمۇ كۆرەشنىڭ سازىنى جاراڭلىتىپ چالغان،
ئازادلىق، ئەركىنلىك دەپ ھەممە بىردەك تەڭ قوزغالغان،
ھەئە، . . . تۈنۈگۈن جۇڭگو ”ئەپيونكەش“ نامىنى ئالغان،
شۇنداق، ئۇ قانچە ۋاقىت مۇگدەپ تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان.
بۈگۈن ئۇ داغلىرىنى يۇيۇپ، بىرمۇ-بىر تازىلاپ،
تۇكۇرۇپ ئۆتمۈشكە، كەلگۈسىگە بېلىنى باغلاپ،
ئىككى يۈزلۈك ساتقۇنلارنىڭ زەربە بىلەن گېلىــىنى داغلاپ،
ئۇ غىنجەكنى ئازادلىق مۇقامىغا تەڭكەش قىلىپ سازلاپ،
ئېغىر يىللاردىن يانماي، ئالغا قاراپ ئاتلار سالغان.

ئازادلىق ئۇچۇن چوغدەك ياندى بىزنىڭ ئوتلۇق تىلەكلەر،
قانلىق فرونتتا قىلىچ ئويىنىتىپ تالمىغان بىلەكلەر،

ئالدىغان ھوسۇل ئۇچۇن مەيلى تۆكۈلسۇن ئەمگەكلەر،
لېكىن ھەرچامدامدا ئورۇنلانماقتا ئالىي تىلەكلەر،
بۇ يولدا ئاكوپلاردا قۇربان بېرىپ چالدۇق بارابان.

كۆرەشكە دەپ تاشلىغان ھەر بىر قەدەم شۇنچە ئۇتۇقلۇق،
بىرلەپ ئۆلسەك بۇ يولدا، چېچەكلەپ مىلىيونلاپ
ئۇندۇق،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇشچۇن سېمونتتىن چىڭ ئۇللار
قۇردۇق،
چىڭ بولسۇن دەپ، قان بىلەن سۇغەكلەردىن خىشلار
قويدۇق،
چېلىشىمىز بىز قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر-جاھان.

سول قولىنى ئېڭىكىگە تىرەپ ئولتۇرغان جاك ھاكى
قەلەمنى قولىغا تۇتقىنىچە، تەرجىمە قىلىنغان شېئىردىكى
خەتلەرنى تۇجۇپلەپ، ئۆزگەرتەتتى. پەقەت قەغەز بىلەن
قەلەمنىڭ شىتىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قانا-
ئەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن پىچىرلاپ ئوقۇدى.
— شېئىرىڭىزغا مەزمۇن جەھەتتىن شۇنچىلىك قا-
يىلمەنكى، قىزىلگۈلگە سىمۋول قىلىنغىنىدا ھاياتلىقنىڭ
كاپالىتى قىزىل قانغا تەگلەشتۈرۈلگەن، — دېدى جاك ھا-
كىم ھاياجانلىنىپ، — ئىشەنچىم كامىلكى، تۆگۈلۈپ ياتـ-
قان ئەجدىھادەك ئۇرۇمچى سېپىلىنىڭ قارا دەرۋازىسىدىن
كىرىش بىلەن تەڭ ياڭرايدىغان تۇنجى ناخشىڭىز دەل مۇ-
شۇ شېئىردىن باشلانغۇسى، — دېدى.

لۆتپۇللا بىرنېمە دېمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇرۇمـ
چىگە ئاپىرىپ ئېلان قىلىدىغان بۇ شېئىر توغرىسىدا جاڭ
ھاكىم ھەر تەرەپلىمە تەھلىلىي پىكىر قىلىدۇ، دېگەن سان
بار ئىدى. بىراق جاڭ ھاكىم قايسى سۆزگە قايسى خەت
كېلىدىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ، تەھرىرلەپ، شېئىرنىڭ
ئارتۇق-كەم تەرەپلىرى توغرىسىدا بىرنېمە دېمەستىن،
ئۆز تەسىراتىنىلا قىسقىچە بايان قىلدى. بۇ ھەرگىز شېـ
ئىردا نۇقسانلارنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. شۇنـ
داقلا شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەرنى مەدھىيلەشنى
لايىق كۆرمىگەنلىكى ئىدى. چۈنكى ئۇ لۆتپۇللانىڭ ئەخـ
لاقىي خاراكتېرىدە ماختاشتىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلەتـ
تى. شۇڭا گەپلەر باشقا تەرەپلەرگە يۆتكەلگەن بولسىمۇ،
مەزمۇندىن يىراقلاپ كەتمىدى. بەزىدە كۈلۈشۈپ، بەزىدە
ئەپسۇسلۇق بىلدۈرۈشۈپ پاراڭ قىلىشتى.

لۆتپۇللا يانچۇق سائىتىنى ئاستا ئېلىپ قاراپ قويـ
دى-دە:

— مەنىلىك مۇڭداشتۇق، بەلكىم بۇ ئاخىرقى ئۇچرىـ
شىش بولۇپ قالار، قايتىپ كېتەي، بەلكىم ئۆيدە بىرلـ
رى ساقلاپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى.

— دۇرۇس، — دېدى جاڭ ھاكىم، — سىز سەپەر ئۇسـ
تىدە تۇرۇپسىز. مۇنۇ خەتنى لى ئەپەندىنىڭ ئۆز قولىغا
بېرەرسىز. سىزنىڭ لى ئەپەندى ئارقىلىق ئۇچرىشىپ،
تونۇشۇپ، ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىڭىزنىڭ رىشتى دەل
مۇشۇ خەتتىن باشلىنىدۇ! ئەمدى مۇنۇ «تۆگە» ماركىلىق
قەلەم بىلەن مۇنۇ ئۆزەم ھۆسن خەت بىلەن يازغان تەمىسـ

لىم سىزگە خاتىرە بولسۇن! — دېدى.

لۇتپۇللا ھاياجان ئىلكىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا ئالدى. كونۋېرتنىڭ بىر بۇرجىكىگە جاڭ ھاكىم تەقدىم قىلغان قەلەم بىلەن ئۇيغۇرچە "لى ئەپەندى" دەپ يېزىپ بولۇپ، قېيۇم تىلماچتىن:

— مەنىسى نېمە ئىكەن بۇ يېزىقنىڭ؟ — دەپ سورىغاندى، قېيۇم:

— "ئوق يەتمەيدىغان نىشاننى قارىغا ئالما، چۈنكى ئوقۇڭ دەم ئېلىپ ئۇچىدىغان قۇش ئەمەس"،— دەپ بولۇپ،— بۇخەنزۇچە قاپىيىلىك سۆز، ئۆزەڭ شېئىرلاشتۇرۇپ ئالارسەن،— دېگەننى قوشۇپ قويدى.

لۇتپۇللا خاتىرىسىگە يېزىۋالغان سۆزنى شۇئان خۇددى شېئىردەك ئۇنلۇك ئوقۇدى-دە، قەغەزنى نوكەش قىلىپ ئاستا قوينىغا سالدى. ئاندىن جاڭ ھاكىم بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ خوشلاشتى. ھويلىغا چىققاندا جاڭ ھاكىم:

— تۇن قاراڭغۇ، پۇتلىشىپ كەتمەڭ! — دەپ مەنلىك چېقىشتى.

— ھېچقىسى يوق،— دېدى لۇتپۇللامۇ دەرھال جاۋابەن چاقچاق قىلىپ،— ھەممىدىن يامىنى كۈندۈزى پۇتلىشىپ كېتىش دەڭا!

— ھاھاھا.

بۇ گۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى تۇن قاراڭغۇسىدا كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن ئاخىرلاشتى.

جاڭ ھاكىم لۇتپۇللانىڭ شېئىرى تەرجىمە قىلىنغان

قەغەزنى خېلى ئۆزۈنغىچە ئالدىغا قويۇپ، تۇرغۇن نەر-
سىلەرنى ئويلاندى: . . . بەرھەق، شېئىرلىرىڭدىكى غايە-
لار سۆز ئويۇنى ئەمەس، تەپەككۇرۇڭدىكى رېئال تۇر-
مۇش ئىنكاس قىلغان پەلسەپىۋى يەكۇن. . . لۇتپۇللا، مەن
سېنىڭ پەقەت بىرنەچچىلا شېئىرىڭ بىلەن تونۇش. ئەمما
ئۇ ماڭا ئالەمچە تەسىرات قالدۇردى. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ،
كونىلار ئېيتقان "بىر تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى
كۆرگىلى بولىدۇ" دېگەننىڭ نەق ئۆزى! . . . شائىر،
سېنىڭ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتقان شېئىرلىرىڭدىن تۆكۈ-
لۈپ تۇرغان ئۇرۇقلار زېمىن ئانىنىڭ كۆكسىدە بىخ ئۇ-
رۇپ، كامالەتكە يېتىپ، يەر-جاھاننى قاپلايدىغان قىزىل
گۈل بولىدۇ! . . . ھوي، توختا! نېمىشقا بايا شۇ شېئى-
رىڭنى «قىزىل گۈلگە پۈركەنگۈچە يەر جاھان» دېگەن
ئاخىرقى مىسرايىڭنى ماۋزۇ قىلىپ مەسلىھەت بەرمە-
گەندىمەن! . . . ئۇ بىر تولۇق مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۆ-
لۈمسىرەپ باشقا ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

37

ناماز بامداتتىن قايتقان ھېزىم ئاخۇن ھويلىسىغا يىغى-
لىپ كۆلكە- چاقچاقلار بىلەن لۇتپۇللانى ئورۇۋالغان يە-
گىتلەرگە قاراپ ئۆزىچە: "ياشلىق-ياشلىق! چۇشەپ قوي-
سىمۇ چاپچىپ تۇرغان تايچاقلارنىڭ ئۆزى-دە! . . . بۇلار-
غا بۇنچە ئەتىگەندە نېمە بار؟ ياق، ئۇلار لۇتپۇللادىن
ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان گەپ، مەيلى" دېگەنلەرنى خى-

يالىدىن ئۆتكۈزدى. ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى. تې-
خى ئاياللارمۇ كېلىشىپ، بەئەينى بىر توي بولىۋاتقان
ھويلىغا ئوخشاپ كەتتى. ھويلىغا بىرنەچچەيلەن بىر خا-
دىكقا نەرسە-كېرەكلەرنى بېسىۋاتاتتى. كوچىدا بولسا،
تاش داۋانغىچە ئۇزىتىپ بارىدىغان يۇرتداشلار ئۈچۈن
ئىككى ئات قوشۇلغان بېرىچكا ھەم بىرنەچچە ئاتلىق
يىگىتلەر تەييار تۇراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى لۇتپۇل-
لانى ئۇرۇمچىگە ئۇزىتىش ئۈچۈن ئىدى. تاڭ سەھەردە
باشلانغان بۇ ئالدىراشلىق ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتى بىلەن
ئاخىرلاشتى. ھويلىدىكى خادىك كوچىغا چىقتى. ئۇنىڭ-
دا لۇتپۇللانىڭ ئانىسى مېلىكەم كۆڭلى قىيمىغان ھالدا
ئولتۇراتتى. ئۇ غۇلجا شەھىرىگىچە بىللە بارماقچى بول-
دى. لۇتپۇللا تاش داۋانغىچە ئۇزىتىپ بارماقچى بولغان
بېرىچكىدىكى يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە ئولتۇردى.

خوشلىشىشقا كەلگەن چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار-
نىڭ ھەممىسى ھارۋا ئەترابىغا چەمبەر شەكلىدە يىغىلىپ
تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى.

— ھە، لۇتپۇللا! — دېدى مۇتىۋەرلەردىن بىرسى، —
ئىلگىرى سودىگەرلەر بىلەن ھارۋىكەشلەر ئۇرۇمچىگە
بارىدىغان، ئەمدى يۇرتىمىزدىن ئوقۇشقا بارىدىغان سەن
چىقتىڭ. بۇ ھەممىمىزنىڭ خۇشاللىقى! ئاڭلىشىمىزچە
ئۇرۇمچى دېگەن داۋان ئاتلاپ، چۆللەر كېزىپ بارىدىغان
ئايلىق يول ئىكەن. ئاق يوللۇق بولغىن بالام!

ئەترابتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى قول ئېلىشىپ، بەزىلە-
رى قۇچاقلىشىپ، يەنە بەزىلىرى يىراقتىن قول ئىشارىسى

بىلەن خوشلاشتى، بەزى ئاياللار ھېجىرلىرىغا تولدۇرغان قايماقلارنى، بەزىلىرى توقاچلارنى يوللۇق قىلىپ، ئاجايىپ بىر قاينام-تاشقىنلىق پەيدا قىلدى.

— كۆپچىلىك دىققەت! — دېدى مۇھەممەت مۇئەللىم قوللىرىنى پولاڭلىتىپ،— ھەممىمىز لۇتپۇللانى ئۇزىتىشقا جەم بولدۇق، ھەركىم ياخشى تىلەكلىرىنى بايان قىلدى. بىز بىرنەچچەيلەن بىر يوللۇق تەييارلىدۇق، ئۇنىمە دېسەڭلار، "مازارغا چالما ئاتقاندەك" بولسىمۇ بىر قوشاق ئوقۇپ بەرمەكچىمەن.

— ئوھوي، قالتىس بوپتۇ، شائىرنى قوشاق بىلەن ئۇزىتىش "گۈلى گۈلىگە، خىلى خىلىغا" كەلگەندەك ئىش-تە! — دېدى بىرسى. كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ دىققىتىنى مۇھەممەت مۇئەللىمگە بۆلدى. مۇئەللىم قوشىقىنى ئوقۇدى:

يۇرتداش لۇتپۇللا، سەپەرگە چىقتىڭ،
ۋەكىلى كۆپىنىڭ بىلىم ئېلىشقا.
ھەممىمىز ئۇچۇن ئاق يوللۇق بولغىن،
ئاتلاندىڭ بۈگۈن كۆۋرۈك سېلىشقا.

توقاي، ئابرالغا سەيلىگە چىقساق،
باشلامچى ئىدىڭ ئەركىن ئويناشقا.
سەن ئۇچۇن دەريا بىر ئېرىق ئىدى،
ئۆزەتتىڭ ماھىرغۇلاچ تاشلاشقا.

— بەللى، بەللى!
— يارايسەن مۇھەممەت!
— خەپشۇك، ئاخىرىسىنى ئاڭلايلى!

شوخلاردىن ئىدىڭ ئارىمىزدىكى،
لېكىن بارمايتتىڭ جېدەل-سوقۇشقا.
ئەلگە ئەدەبلىك، ئۆتكۈر سۆزلىرىڭ
ئوخشايتتى گويا مۇنچاق تىزىقققا.

سېنى سېغىنساق قارايمىز ھامان،
ئابرال تاجىسى شۇ "بالاتاش"قا.
ھەرچاغ پۇرسەتنى بىزمۇ ئۆتكۈزمەي،
بەلنى باغلىدۇق يۇرتنى قۇرۇشقا!

— بارىكاللا، ھەممىمىزنىڭ تىلىكى يېزىلىپتۇ!
— نامىسىز قوشاقچىلىرىمىزمۇ يېتىلىپ قاپتۇ-ھە خالايىق!
— يۇرتنىڭ ئېتىكى كەڭ ئەمەسمۇ!
— قانداقلا بولمىسۇن شائىرنىڭ يۇرتى-دە.
— ئەمدى لۇتپۇللانىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلايلى!

شائىر لۇتپۇللا ئاللىبۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان «خوش!» دېگەن شېئىرنى ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلاندى. كۆپچىلىك ئېنىق ئاڭلاش ئۈچۈن ئالغا سۈرۈلۈپ سورۇن دائىرىسىنى كىچىكلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لۇتپۇللا بېرىچكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئەترا-

پىدىكىلەرگە نەزەر تاشلىغانىدى، نىمىشقىدۇر كۆ-
تۈلمىگەن بىر ئەندىكىش ئۇنى چىرماپ ئالدى. گويا پە-
قەت بۈگۈنلا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ شېئىر ئوقۇ-
ۋاتقاندەك ۋە ياكى قانداقتۇر بىر غايىۋانە كۈچ ئۇنى ئۆز
ئەركىدىن مەھرۇم قىلىپ ئاۋازىنى بوغۇپ قويغاندەك بو-
لۇپ قالدى. لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ئىنتىزارلىققا تولغان
نۇرانە چېھرىلىرى تەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئالدىدى-
كى ئابرالغا يۆتكىدى، ئەنە "بالاتاش" يېگانە قەددىنى مەغ-
رۇر تۇتۇپ تىك تۇراتتى. لۇتپۇللا ئىللىق مېھرىنى ھەم-
مىگە تەكشى تاشلاپ، ئىككى قولىنى كەڭ بوشلۇققا
يېيىپ، ئۆز شېئىرىنى ئىدىتلىق، دولقۇنسىمان ئاھاڭ
بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

ئۈسكەن يېرىم مېنى كەتتى دەپ زادى زارلانما!
ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، مەن بارىدىغان شەھەرنى.
يېڭى ھايات نۇرلىرى، ئەرك غۇنچىلىرى
ئېچىلىپ دولقۇنلاپ قايىنىغان شەھەرنى.

كۆرسەڭ ئىدىڭ شەھىرىم، ئاندا مەكتەپ، ئالىي
جايلارنى،
ئاندا زېرەك، چېۋەر، تەكشى ئۆسۈۋاتقان كۈچلەرنى،
ئاندا كۈرەش، ئاندا قايناش، شەرۋەتلىك باغلار،
ئاندا پىشىپ، ئاندا مەي بولۇپ كېلىۋاتقان يېمىشلەرنى.

مانا بۈگۈن مەنمۇ شۇ دولقۇننىڭ كەڭ قوينىغا.
قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۆزەمنى ئاتىمەن.



—مەن كەتتىم ئاشۇ شەھەرگە، يۇرتداشلىرىم خوش!



شۇ شەھەردە ئۇزۇق ئىلىپ دىلىمغا،
تاۋلىنىپ يۈرەككە يېڭى كۈچلەرنى تاپىمەن.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
كېلەرمەن يېڭى قۇۋۋەت توپلاپ يۈرەككە،
ئۆلكەمنىڭ ھەر-بىر بۇلۇڭىدا ئىشلەش ئۈچۈن.
بىلدۈرۈپ ئاندىن ئالغان ساۋاقلارنى خەلقىمگە،
ئالىي بالداق مېۋىسىنى پاتراق چىشلەش ئۈچۈن.

مەن كەتسەم، مېنىڭ ئورنۇمغا مىگلىغان ياشلار بار،
بىزدە ھازىر، شەھىرىم، ئورنۇڭ قالماس ھەرگىز بوش.
سەنمۇ زادى چىقمايسەن ئېسىمدىن ئەسلا-ئەسلا،
مەن كەتتىم ئۇ شەھەرگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىم،
خوش!

شېئىر ئوقۇلۇپ بولدى. خۇددى يەنە شېئىر ئوقۇل-
دىغاندەك ھېچكىمنىڭ دىققىتى بۇزۇلمىدى. پەقەت خا-
دىك ئۈستىدە ئولتۇرغان لۈتپۇللانىڭ ئانىسى مىلىكەم ئۆ-
زىنى باسالماي يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاياللار تە-
سەللى بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن ئۆزلىرىمۇ مىشىلدى-
شىپ يىغلىشاتتى. ياشلار لۈتپۇللانىڭ شېئىرىدىكى مەند-
ىلىك ئىبارىلەر، ئۇلۇغۋار تىلەكلەردىن ھاياجانلانسا، يا-
شانغانلار قول ياغلىقلىرى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ
بىر-بىرسىگە پىچىرلىشاتتى.
— رىۋايەتلەردىكى رۇستەمنى داستان دېگەن پەھلىۋان-
نى "تاغنى كۆتۈرەتتى" دەپ تەرىپلىشىدىكەن، بۇ بالد-

نىڭ تىلىكى تاغلاردىنمۇ خالىس ئىكەن.

— ئەل ئوغلانى-دە!

— كامال تاپقاي، كامال تاپقاي، ئاخۇنۇمنىڭ بۇ ئوغلى ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردى.

— هوي، مۇنۇ سەپەر ئالدىدىكى خۇشال-خۇراملىق لۇتپۇللا يېنىپ كەلمەيدىغاندەك يىغىنغا ئايلانغىلى تۇردىغۇ؟

— ياق، بۇمۇ بىر كۆڭۈل.

— ھېزىم ئاخۇنۇم،— دېدى ئاقساقاللاردىن بىرى— قېنى ئاتلىق مېھىرلىرى بىلەن لۇتپۇللانىڭ ئالىي تىلەكلىرىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشى، سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن دۇئا بەرسىلە!

— شۇنداق بولسۇن.

— مېنىڭچە لۇتپۇللا بۈگۈندىن باشلاپ ئاۋامنىڭ پەرزەنتى! ”دۇئا بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر“ دەپتىكەن ئەجدادلىرىمىز، خوش، قېنى دۇئا كۆپچىلىكتىن بولغاي،— دېدى ھېزىم ئاخۇن.

ھەممە تەڭ ياخشى تىلەكلىرى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى. لۇتپۇللانىڭ ئاتىسى ھېزىم ئاخۇن ھەرقانچە غەيرەت قىلىپ ئۆزىنى تەمكىن تۇتقان بولسىمۇ، دۇئادا يۈزىنى سىيپىغاندا بارماقلىرىنىڭ كۆز يېشىغا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرالمىدى...

شۇنىڭ بىلەن تەڭ خادىك، بىرىچكا، ئاتلىقلار گۇلدۇرلىشىپ يۈرۈپ كېتىشتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئالدىدا جاڭ ھاكىم، ئوسمان مۇئەللىملەر قول

پۈلاڭلىتىپ، ئۇلار تاكى كونا بازاردىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۈزۈتۈپ قېلىشتى.

ئىلقىنىڭ سۇيىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ گۈزەل ياقىسى-نى بويلاپ ماڭغان ئۇزاتقۇچىلار ئۆيلىرىنىڭ بارىچە ناخ-شا باشلىدى.

ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن،
دوستلىرىمىز ئامان بولسۇن.
دوستلىرىمىزغا قەست قىلغان،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

سەپەر خاتىرىسى مەزمۇنىدا ئېيتىلغاتقان بۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ ساداسى توقاي ئارىلاپ ئېقىۋاتقان قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن نە-نەلەرگە كەتتى. دەريا ساھىلىنىڭ ھۆسن-جامالى بولغان توقايدىكى دەل-دەرەخ-لەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چاۋاك چېلىشىپ، گۈل-گىياھلار ئىغاڭلىشىپ لۇتپۇللا بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، سۇ ئاستىدىكى بېلىقلار بېلىق ئالغۇچلارنىڭ تەھدىدىنى پىسەن قىلماي: "بىزنىمۇ ئۇنتۇما!" دېگەندەك سەكرى-شىپ قوياتتى.

يىگىتلەرنىڭ ناخشا-چاقچاقلىرى تاش داۋان ئېغىزى-دىكى ئېرەنلىككە كەلگەندە بىردىنلا توختىدى.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى خادىككە ئالماشقان لۇتپۇللا، — مۇشۇ يەردە ئايرىلىمىز، ئەمما قەلبىمىز بىل-لە!

— بىزنىڭ رايىمىز بويىچە بولسا تاش داۋاندىن ئۆت-
كۈزۈۋەتسەك ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۆزىتىپ كەلگەن-
لەر.
— ياخشى كۆڭۈللۈكلەرگە مىڭ رەھمەت! — دېدى
لۈتپۇللا، — بىراق ئالدىمدا ھەرخىل داۋانلار يەنە بار.
— خوش ئەمىسە!
— خوش!
خادىك ئىرامىدۆن سېپىنى ئارىلاپ ئەگرى-بۈگرى
سوزۇلۇپ ياتقان كاتاڭ يوللار بىلەن يۈرۈپ، ئۆزىتىپ
كەلگەنلەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. ئىرامىدۆن سېپى-
دىن ئوقتەك ئېقىپ چىقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈنىڭ دەرياغا
قوشۇلغان قايناملىرى ئۈستىدە قىلىچتەك كۈمۈش قاناتلى-
رىنى يايغان بېلىق ئالغۇچلار، تاغ باغرىدىكى غار تاشلار
ئارىسىدا قارا قارلىغاچلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ۋىچىر-
لىشاتتى. تاش داۋانغا ئۆرلىگەنسېرى "بالاتاش" ئېنىق
كۆزگە چېلىقىپ، خوشلاشقاندەك كۆرۈنەتتى.

* * * * *

ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەممە ئادەم ئولتۇرۇشقا مۇمكىن-
چىلىك بولىۋەرمەيدىغان "كوككا" ئۈستىدە ناتونۇش سە-
پەرداشلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان لۈتپۇللا ھاياجانلىق خى-
ياللىرى بىلەن بەنت بولغاچقا، كەڭساي بوستانلىقىغا كې-
رىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى. تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇشقا
مۇيەسسەر بولغان بۇ قاتناش ۋاستىسىنىڭ تېز سۈرئىتى
شائىرنىڭ غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
مۇنۇ شېئىرىنى ئەسلەتتى:

ھەر بىر يەردە زاۋۇت-فابرىكا ۋارقىراپ تۇرسا،
تۆمۈر يولدا ئوت ھارۋىلار جارقىراپ تۇرسا،
ھاۋا قۇشلىرى ئۈستىمىزدە غارقىراپ تۇرسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ماشىنا بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا، بەزەن ئېگىزگە، بەزەن پەسكە گۈركىرەپ ماڭاتتى. تاغ مەنزىرىسى ئاجايىپ-غارايىپ بولسىمۇ، لۇتپۇللا ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىدى، يەنىلا ھارۋىكەشلەرسالغان بىلىنەر-بىلىنمەس يولنىڭ ماشىنا مېڭىشقا ئەسقاتقانلىقىغا قايىل بولاتتى.

— تەلكە! — دېيىشتى يولۇچىلار ئەتراپقا قارىشىپ.

ئىلگىرى تەرىپلىرىنى ئاڭلىغان تەلكىنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق تىك ھەم ئەگمە داۋىنىدىن ماشىنا قوڭغۇزدەك يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا ماتورىنىڭ ئۆزگىرىشچان ئەنسىز ساداسى تاش كامارلىرىدىكى ئۇچار قاناتلارنى ئۈركۈتۈپ، ھاۋا بوشلۇقىغا چىقىراتتى.

لۇتپۇللا گەرچە ماشىنىدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئىلى ھارۋىكەشلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار مۇشۇ يوللارنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، شىڭشىڭشالارغىچە قاتناپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى زۆرۈر ئالماشتۇرۇشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئەلنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنداق سەپەرنىڭ ئەلەملىك مۇشەققەتلىرى تۈپەيلىدىن قوشقان قوشاق، ئېيتقان ناخشىلىرى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى.

تەلكىنىڭ داۋانىدا،
تۇرۇق ئاتنى باش قىلدۇق.
تارتامدۇ-تارتمامدۇ دەپ،
قارا كۆزنى ياش قىلدۇق.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

لۇتپۇللا داۋان ئۈستىگە چىققاندا، بارغانسېرى پەستە قېلىۋاتقان ئىلى ۋادىسىغا كۆز تاشلىدى. پايانسىز ئىلى ۋادىسىنىڭ مۇنبەت زېمىنى يېيىلىپ ياتاتتى. ئىلى دەريا-سى بولسا سۈتتەك ئاقىرىپ تۇراتتى. . .

مانا ئەمدى داۋاندىن ھالقىغان ماشىنا ئۇچقاندەك كەڭ دالىغا شۇڭغىدى. سول قول تەرەپتە ئاسماننىڭ بىر پارچە-سىدەك ئەل ئېغىزلىرىدا ئەپسانىۋى تەرىپلىنىدىغان تەبى-ئەتنىڭ مۆجىزىسى — سايرام كۆلى بار ئىدى. ماشىنا تەۋرىنىپ تۇرغان بۇ كۆز يەتكۈسىز كۆلنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى لېۋىنى ياقىلاپ ئىلگىرىلىمەكتە. سايرام ئې-گىزلىكىنىڭ يۇمشاق شامىلىدا سۇ يۈزىدىكى پارچە-پارچە دولقۇنلار بىر-بىرسىنى ئىتتىرىپ يايى شەكلىدىكى قىر-غاققا ئۇرۇلاتتى. بۇ چاغدا سانسىزلىغان مەرۋايىتلاردەك ئاق بۇژغۇن دانىچىلىرى چېچىلىپ كېتەتتى. جۈپلىرى بىلەن توپلىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇلار ئۇزۇن بويۇنلى-رىنى سوزۇپ ماشىنىغا، ماشىنىدىكىلەرگە قاراپ قالات-تى.

ماشىنا ئېگىز تاغ، كەڭ يايلاقلارنى ئارقىسىدا قالدۇ-رۇپ ئىلگىرىلەيتتى. ئەمدى بولسا، توپ-توپى بىلەن بى-مالال ئوتلىشىپ يۈرگەن جەرەنلەر يولۇقاتتى. ئۇلار يوغان

قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئۆز تىللىرىدا بىرنېمىلەرنى
سۆزلەشكەندەك قارىشاتتى. دالىغا ماسلاشقان مۇستەھكەم
لېكىن چاققان ئاياغلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ سەكرەپ
قوياتتى. تېخى بەزىلىرى قورققانلىقىنىمۇ ياكى چېۋەرلە-
كىنى نامايان قىلىش ئۈچۈنمۇ ماشىنا بىلەن بەسلىشىپ
يۈگۈرۈشۈپ قوياتتى.

لۇتپۇللا ئەتراپقا تويماي قارايتتى. ماشىنا بولسا گور-
زىنتال سىزىقتا ئۇتاشقان بىپايان تۈزلەڭلىك ئىچىگە كى-
رىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنە شۇ چاغدا كىملەرنىڭدۇ ئېيتقان:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،<br>
ئىلىنىڭ تاغى.<br>
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،<br>
ئايرىلىش داغى.

دېگەن ناخشىسى ئىختىيارسىز ئېسىگە كەلدى. لې-
كىن ئېيتىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى تاللىغان
تەقەززالىقنىڭ ئىزدەنگۈچىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئاسمان بوشلۇقىدىكى پارچە-پارچە بۇلۇتلارنى كۆزگە
كۆرۈنمەيدىغان شامال كۈنچىقىش تەرەپكە سىلجىتاتتى.

شۇ تاپتا تىيانشان تاغلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا قانداق-
تۇر بىر قۇش قاناتلىرىنى يايغىنىچە كائىناتتا پەرۋاز قىلات-
تى، بۇ ئۇۋىسىدىن ئۇچقان قۇش ئىدى.

1994-يىل 12-ئاي.
ئىلقا-غۇلجا.

مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : ياسىن مۇھەممەت

# شاۋقۇن

(رومان)

مۆمىن مۇھەممەدى

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: (010)64228007
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1998-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 14.00 يۈەن